


ئۇشبۇ كىتاب ئېلكىتاب تورى تەرىپىدىن تارقىتىلدى

---

ئەزىز ئوقۇرمەن، ئۇشبۇ كىتاب ئېلكىتاب تورى ئوقۇرمەنلىرى
تەرىپىدىن سكانىرلىنىپ تارقىتىلدى.

ئېلكىتاب تورى ئادرېسى:
www.elkitab.org

ئېلكىتاب

ئېلكىتاب تورى ئادرېسى:
www.elkitap.org

جالالددىن بەھرام



# ئەقىللىق قىز

شىنجاڭ پەن-تېخنىكا نەشرىياتى








جالالىددىن بەھرام
ئەقىللىق قىز
(رومان)
شىنجاڭ يەن-تېخنىكا نەشرىياتى

**图书在版编目(CIP)数据**

聪明的女孩：维吾尔文/加拉力丁·拜合拉木著.
—乌鲁木齐：新疆科学技术出版社，2011.6
ISBN 978-7-5466-0951-5
I.①聪… Ⅱ.①加… Ⅲ.①维吾尔族—民间故事—作品集—中国—维吾尔语(中国少数民族语言)Ⅳ.①I277.3

中国版本图书馆CIP数据核字(2011)第129874号

پىلانلىغۇچىلار: ئادىل مۇھەممەت
ئېزىز ئاتاۋۇللا سارتېكىن
مەسئۇل مۇھەررىرى: رىزۋانگۈل قادىر
تەكلىپلىك كوررېكتورى: ئابدۇرېھىم ئابلىمىت
مەسئۇل كوررېكتورى: گۈلنار روزى
مۇقاۋىسىنى لايىھەلىگۈچى: خەمىدە سەئىدئالىم

**ئەقىللىق قىز**

(رومان)

*　　*　　*

شىنجاڭ پەن - تېخنىكا نەشرىياتى نەشر قىلىپ تارقاتتى
(ئۈرۈمچى شەھىرى يەنئەن يولى № 255 پوچتا نومۇرى: 830049)
شىنجاڭ شىنخۇا كىتابخانىسىدا سېتىلىدۇ
شىنجاڭ شىنخۇا باسما زاۋۇتىدا بېسىلدى
فورماتى: 1230mm × 880mm 1/32 باسما تاۋىقى: 11
2011 - يىلى 7 - ئاي 1 - نەشرى
2011 - يىلى 7 - ئاي 1 - بېسىلىشى
ISBN 978 - 7 - 5466 - 0951 - 5
باھاسى: 40 يۈەن

# نەشرىياتتىن

يازغۇچى ھەم رەسسام جالالىددىن بەھرام 1942 ـ يىلى 8 ـ ئاينىڭ 16 ـ كۈنى غۇلجا شەھىرىدە ھۈنەرۋەن (تىككۈچى) ئائىلىسىدە دۇنياغا كەلگەن. جالالىددىننىڭ ئاتىسى بەھرام ئۇستا ھۈنەرۋەن بولۇپلا قالماي، بەلكى ئىلى ناخشىلىرىنى ھەقدادىغا يەتكۈزۈپ ئېيتىدىغان خەلق ناخشىچىسى ئىدى. ئۇ مەرىپەتپەرۋەر ئادەم بولۇپ، خۇش پېئىللىق ۋە چاقچاقچىلىقى بىلەن ئالاھىدە كۆزگە تاشلىنىپ تۇراتتى. بەھرام ئوغلى جالالىددىنغا خەلق چۆچەكلىرى ۋە داستانلىرىنى چوڭقۇر ھېسسىيات بىلەن سۆزلەپ بېرەتتى. شۇنداقلا ئۇنىڭغا ھەر خىل رەسىملەرنى كۆرسىتىپ، رەسساملىقنىڭ سېھرىي كۈچىنى تەرىپلەيتتى. شۇڭا، جالالىددىن بەھرام: «مېنىڭ يۇمران قەلبىمگە ئەدەبىيات ـ سەنئەت ئۇرۇقلىرىنى چېچىپ، رەسساملىق ھەم ئەدەبىيات بىخلىرىنى يېتىشتۈرگەن ئاتامنى ھەر دائىم مەمنۇنىيەت بىلەن ئەسلەيمەن ...» دەيدۇ.

جالالىددىن بەھرام 1950 ـ يىلىدىن 1954 ـ يىلىغىچە غۇلجا شەھىرىدىكى «روشەن» باشلانغۇچ مەكتىپىدە، 1954 ـ يىلىدىن 1957 ـ يىلىغىچە «ئىلى ئوتتۇرا مەكتىپى» دە ئوقۇيدۇ. ئۇ ئىلى ئوتتۇرا مەكتىپىدە «رەسىم كۇرۇژۇكى»، «ئەدەبىيات كۇرۇژۇكى» قاتارلىقلارغا قاتنىشىپ، مەكتەپنىڭ تەشۋىقات تاختىلىرىدا تۇنجى قېتىم بالىلىق ھېسسىياتى بىلەن يازغان شېئىرلىرىنى ئېلان قىلىدۇ.

جالالىددىن بەھرام 1957 ـ يىلى ئۇرۇمچىگە ئوقۇشقا كېلىپ

1958 ـ يىلىغىچە شىنجاڭ مىللەتلەر ئىنستىتۇتىنىڭ رەسىم سىنىپىدا ئوقۇدى. 1958 ـ يىلى سەنئەت ئىنستىتۇتى قۇرۇلغاندىن كېيىن، ئۇ 1958 ـ يىلىدىن 1961 ـ يىلىغىچە شىنجاڭ سەنئەت ئىنستىتۇتىنىڭ رەسىم كەسپى سىنىپىدا ئوقۇدى.

جالالىددىن بەھرام خىزمەتكە قاتناشقاندىن كېيىن، 1961 ـ يىلىدىن 1976 ـ يىلىغىچە خوتەن ناھىيەسىنىڭ سەيشەنبە بازار ئوتتۇرا مەكتىپىدە ئوقۇتقۇچى بولۇپ ئىشلىدى. 1967 ـ يىلىدىن 1981 ـ يىلىغىچە خوتەن ناھىيەلىك مەدەنىيەت يۇرتىدا خىزمەت قىلدى. 1981 ـ يىلىدىن باشلاپ شىنجاڭ خەلق نەشرىياتىنىڭ گۈزەل سەنئەت بۆلۈمىدە مۇدىر مۇھەررىرلىك خىزمىتىنى ئۆتىدى.

جالالىددىن بەھرامنىڭ ئەدەبىي ئىجادىيەت پائالىيىتى 1963ـ يىلى باشلانغان. ئۇ دەسلەپتە كىچىك تىپتىكى سەھنە ئەسەرلىرى يازغان. لېكىن 1966 ـ يىلى «مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى» باشلىنىش بىلەنلا ئۇنىڭ بۇ ئەسەرلىرى ۋە بىر نەچچە يىل ئەمگەك سىڭدۈرۈپ يازغان «ئۇنتۇلغان قەلب»، «كۆتمىگەن تەقدىر»، «ئۆمۈر خاتىرىلىرى» قاتارلىق پوۋېستلىرى ھەممىدە ساقلاپ كەلگەن ئەتىۋارلىق كىتابلىرى بۇلاپ كېتىلىپ كۆيدۈرۈلگەن ۋە خىزمەتتىن توختىتىلىپ، بۇ ناھىيەدىكى «ئەلنامە»، «يېڭىئېرىق سۇ ئامبىرى»، «قوشكۆل» لەردە ئىشلەشكە بۇيرۇلغان.

دەرد ـ ئەلەم، ئازاب ـ ئوقۇبەتكە تولغان ئۈچ قېتىملىق سۈرگۈننى باشتىن كەچۈرگەن جالالىددىن بەھرام «تۆت كىشىلىك گۇرۇھ» ئاغدۇرۇلغاندىن كېيىن، 1978 ـ يىلى «نەشتەر» تەخەللۇسى بىلەن «خوتەن گېزىتى»دە «كوچىدا»، «ئانىنىڭ ئامراقلىقى»، «يولدا» ناملىق ساتىرىك ھېكايە،

ئوچېرىكلىرىنى ئېلان قىلدى. ئۇنىڭ بۇ ھېكايە، ئوچېرىكلىرى كەڭ جامائەتچىلىكنىڭ ئالقىشىغا ئېرىشىپ، گېزىت يۈزىدە ئوبزور، ماقالىلەر ئېلان قىلىندى.

جالالىددىن بەھرام 1979 ـ يىلى «يېڭى قاشتېشى» ۋە «تارىم» ژۇرنىلىدا ئېلان قىلغان «بۇلبۇل بوستانىنى تاپتى» ناملىق ھېكايىسى بىلەن كەڭ جامائەتچىلىككە تونۇلدى. شۇنىڭدىن ئېتىبارەن ھەرقايسى نەشرىياتلاردا «ناتىۋانلار»، «كۆمۈرچى بالا»، «ئامەت ۋە ئاپەت»، «ھايات قىسمىتى»، «تەكلىماكان ئوغلى» قاتارلىق رومانلىرى نەشر قىلىندى ۋە نەشرگە سۇنۇلدى. بۇ رومانلار ئېلان قىلىنىش بىلەن كەڭ ئوقۇرمەنلەر ئارىسىدا ئوقۇش دولقۇنى قوزغىۋەتتى. ئۇنىڭدىن باشقا «بۇلبۇل بوستانىنى تاپتى»، «ئايگۈزەل»، «قامغاق»، «قەبرە بېشىدىكى چۈش»، «قاچقۇن»، «ئۆتنە ئالەم»، «دانۇر تاغا» قاتارلىق 10 ھېكايە ۋە پوۋېست توپلاملىرى نەشر قىلىنىپ كەڭ ئاممىنىڭ قىزغىن ئالقىشىغا ئېرىشتى.

جالالىددىن بەھرام يازغان، سىنارىيەلەشتۈرگەن «قۇملۇقتىكى ئاتەش»، «قاباھەتلىك چۈش»، «تىمساھنىڭ كۆز يېشى»، «ئادىمىي ھايۋان»، «ئۇ سىنىڭ دادالڭ»، «قوش جىنازا» قاتارلىق ئىككى قىسىمدىن 20 قىسىمغىچە بولغان 17 تېلېۋىزىيە فىلىمى ئاممىا بىلەن يۈز كۆرۈشتى. ئۇنىڭدىن باشقا «ئەدەبىياتىمىزدىكى يارىماس ئىللەت»، «جاپالىق ئەجرىنىڭ شېرىن مېۋىسى»، «دىراما سەھنىسىدىكى چاقنىغان يۇلتۇز»، «رەسساملىق ۋە ئۇنىڭ نەشرىياتچىلىقتىكى رولى» قاتارلىق ئەدەبىي ئوبزورلىرى ۋە ئىلمىي ماقالىلىرى ئېلان قىلىندى.

جالالىددىن بەھرامنىڭ «جەرىمانە»، «بەش يۈز يۆەنلىك چاقچاق»، «قامغاق»، «ئايگۈزەل»، «ھارۋىكەش»، «ئامەت ئىچىدىكى ئاپەت» قاتارلىق كۆپلىگەن پوۋېست ۋە ھېكايىلىرى خەنزۇچىغا تەرجىمە قىلىنغان، ئۇنىڭ ئەسەرلىرى قويۇق تۇرمۇش پۇرىقىغا

ئىگە، رېئاللىقنى چىنلىق ۋە سەممىيلىك بىلەن ئەكس ئەتتۈرىدۇ. تىلى گۈزەل، يەڭگىل، قۇرۇلمىسى پۇختا، زىددىيەت ـ توقۇنۇشلىرى كۈچلۈك، ۋەقەلىكلىرى مۇرەككەپ ۋە رەڭمۇرەڭ، پېرسوناژلىرى روشەن ئىندىۋىدۇئاللىققا ئىگە. ئۇنىڭ بەزى ھېكايە، پوۋېست، رومانلىرى ھەر دەرىجىلىك مۇكاپاتلارغا ئېرىشكەن بولۇپ، خەلق قەلبىدىن چوڭقۇر ئورۇن ئالغان.

جاالىددىن بەھرام شىنجاڭ يازغۇچىلار جەمئىيىتى، جۇڭگو يازغۇچىلار جەمئىيىتىنىڭ ۋە جۇڭگو ئاز سانلىق مىللەت يازغۇچىلىرى ئىلمىي جەمئىيىتىنىڭ ئەزاسى.

# 1

ئىيۇلنىڭ گۈزەل، چىرايلىق كۈنلىرىنىڭ بىرى ئىدى! سۈزۈك ئاسماندا پارلىغان قۇياش ياپيېشىل مەخمەلدەك تاغ - ئېدىرلارنى، ئۈنچە - مارجانلاردەك يالتىرىغان دەريا دولقۇنلىرىنى، قۇمۇش ۋە يېكەن قاپلىغان ئارالارنى، قىرغاقلارنى سۆيۈپ ئېقىۋاتقان تارام - تارام ئېقىنلارنى نۇرغا تولدۇرۇپ، ھارارەتلىك تەبەسسۇمدا كۈلۈپ باقاتتى. دەرۋەقە، كىرسىز ھەم داغسىز زەڭگەر ئاسمان شۇنچىلىك پاكىز ئىدىكى، ئاتقۇچىنىڭ زېيىدىن قاڭقىغان پاختا تۇزۇندىلىرىدەك پارچە - پارچە ئۇششاق بۇلۇتلار بىپايان كۆك قەھرىدە گوياكى ئاق چېچەكلەردەك لەيلەپ يۈرەتتى. بىر - بىرىگە گىرەلىشىپ كەتكەن پاكار - پاكار تاغلار، ئېدىرلار يېشىل مەخمەلدەك لىباس يېپىنغان بولۇپ، ئۇلارنىڭ يانباغىرلىرى قىپقىزىل لەيلىقازاق، ئاق لەيلى، سۆسۈن رەڭ كاككۇك گۈلى ھەم سېرىق چېچەكلەرگە پۈركەنگەنىدى! قاپتاللاردىكى قاراڭغۇ ئورمانلىقلاردىن بۇلبۇللارنىڭ چاڭقاق ناۋالىرى ئۈزۈلمەي ئاڭلىنىپ تۇراتتى. قىزىل تۇمشۇق، قىزىل پاچاق، قىزىل پوكانلىق كەكلىكلەرنىڭ ۋاقىلداپ سايرىشى، چاتقاللىقلار ئارا بۆدۈنىلەرنىڭ ۋىچىرلاشلىرى، قۇمۇشلۇقلار ئىچىدە يېكەن توخۇلىرىنىڭ چاڭىلداپ نالە قىلىشلىرى بېھىشتەك تاغ باغرىنى ھاياتىي

كۆچكە تولدۇرغانىدى! ...

ھەيھات! غول ـ ئېدىرلاردىكى قاتار ـ قاتار ئاپپاق كۆرۈنگەن نەرسىلەر نېمىدۇ؟ ئۇلار بەلكى كۆكۈلمەيدانلىق تاغ ئۈچىنى كۆپكۆك، تىنچ كۆل سۈيى ئىكەن دەپ ئالدانغان ئاققۇلارمۇ ـ نېمە؟! يا ... ياق، ئۇلار ئاپپاق يىپەك چېدىرلاردەك قىلىدۇ! پاھھۇي ... ياۋا گۈللەر قاپلىغان ئېدىرلار، قىرچىن تاللار يەلپۈنگەن يانباغىرلار، قىپقىزىل ياپراقلىق ئېرەن ئورمانلىرىدا ئاق قاناتلىق بوز كەپتەرلەردەك يايراپ يۈرگەن نېمانچە كۆپ باللار بۇ؟ تېخى ئۇلارنىڭ زىل چىرقىراشلىرىدىن، خۇشال ـ خۇرام سۆرەن سېلىشلىرىدىن، ئەركىن يايراپ قىيغىتىشلىرىدىن ھەممىسىنىڭلا قىزلار ئىكەنلىكى بىلىنىپ تۇرمامدۇ ...

دۇرۇس، ئەمدى ئايان بولدى. بۇ 13، 14، 15 ياشلىق سەبىي گۈل ـ چېچەكلەر، غۇنچە پورەكلەر، لاگېر پائالىيىتىگە كەلگەن ئوقۇغۇچىلار ئىكەندە!

شۇنداق، ئاق كوپتا ئۈستىدىن پور رەڭ ساراپان كىيگەن، پۇتىدا يۇمشاق رېزىنكا ئاياغ، چاچلىرىغا سۇس ھاۋارەڭ لېنتا چىگكەن ھۆسن ـ كامالى يېتىلىپ كېلىۋاتقان غۇبارسىز بۇ ئوماق ھۆر ـ پەرىلەر شەھەرلىك قىزلار ئوتتۇرا مەكتىپىنىڭ قىزلىرى ئىدى. ئۇلار ھەپتىدىن بېرى خىلمۇخىل پائالىيەتلەرنى ئۆتكۈزۈپ بېھىشسىمان تاغ ئېتەكلىرىنى جانلاندۇرۇۋەتتى. سەبىي كۈلكىلىرى، خۇشناۋا ناخشىلىرى، شوخ شاۋقۇن ـ سۈرەنلىرى ئېگەرسىمان يېشىل تاغلار ئۈستىدە ئەكس سادا بېرىپ، بۇغا ـ مارال، كېيىك ـ جەرەنلەر يايرىغان ئورمانلار تامان ئۇزاپ كەتتى! ...

ھەر كۈنى يۈرگۈزۈلۈۋاتقان ئويۇنلار تولىمۇ رەڭدار ئىدى.

كۆپكۆك چىملىق تۈزلەڭلىكلەردە «يۈگۈرۈش»، «ئۇزۇنغا سەكرەش»، «ئىككى پۇتى چېتىلىپ بىرلىكتە تاقلاش»، «سۇ ئۈزۈش»، «توپ ئېلىپ قېچىش»، «ئوردىكام»، «قاچقانچۇق»، «كۆچۈك يەتسە ئالساڭچۇ» قاتارلىق تەنھەرىكەت پائالىيەتلىرى ... شائىرلار «ئاق كېچىلەر» دەپ مەدھىيىلىگەن ئايدىڭ كېچىلەردە، «غازلارىم قايتىڭلار!»، «بەك يات، بىكىم يات»، «مۆكىموكىلەڭ» ئويۇنلىرى شۇنچىلىك قىزىپ كەتتىكى، تەرلەپ قىزىرىپ كەتكەن قىزلار قاچانلاردا ئەلياتقۇ ۋاقتى بولۇپ قالغانلىقىنى بىلمەي قېلىشاتتى. تېخى ئەدەبىيات - سەنئەت پائالىيەتلىرى تولىمۇ ھاياجانلىق، كۆڭۈللۈك ۋە قىزىقارلىق بولدى. قىزلار يەككە ھەم كوللېكتىپ ناخشىلارنى ئورۇندىدى. شائىرەچاقلار يازغان شېئىرلىرىنى دېكلاماتسىيە قىلىشتى. ھەۋەسكارلار «ۋەتەن»، «ئانا يۇرت»، «مەكتەپ» ۋە ئوقۇتقۇچىلار ھەققىدە يازغان نەسرلىرىنى ئىنتوناتسىيە بىلەن ئوقۇپ ھەممىنى سېھىرلەندۈرۈپ قويۇشتى. بەزى سىنىپ قىزلىرى ھەرخىل پىرامىدا شەكىللىرىنى ئورۇندىغاندا مەيدان گۈلدۈراس ئالقىشلارغا تولدى! بولۇپمۇ 7 - سىنىپ قىزلىرىدىن يۈلتۈزئاي، چولپانئاي، قۇندۇزئايلار دۇتار، تەنبۇر، ئىسكىرىپكا بىلەن ئورۇندىغان «بېھىش دىيار پەرزەنتلىرى بىز» دېگەن ناخشا ھەممىنى ھاياجانغا سېلىپ، ئۇزاققىچە چاۋاك ۋە ئالقىشلار ياڭرىدى. قىزلار ئوتتۇرا مەكتىپىدە بۇ ئۈچ قىزنى «پەرىشتىكى ئايلار» دەپ مەدھىيىلىشەتتى، دېمىسىمۇ ئۇلار دەرسلەردە ئەلاچى بولۇپلا قالماي، ئەخلاق - پەزىلەتلىك، تۈرگۈن، بىر - بىرىگە مېھرىبان، دوستلۇق - بۇرچ مىزانلىرىغا سادىق ئايرىلماس ھەمراھلاردىن ئىدى.

بۇگۈن ئەتىگەنلىك تاماقتىن كېيىن لاگېر پائالىيەتلىرىنى

باشقۇرۇشقا مەسئۇل ئوقۇتقۇچىلاردىن گۈلسارە ھەم رەشىت مۇئەللىملەر بىر كۈنلۈك «بايراق تېپىش» مۇسابىقىسىنى ئېلان قىلدى. «بايراق تېپىش» مۇسابىقىسى تەنتەربىيە تۈرلىرىنىڭ بىرى بولۇپ، بىرنەچچە ئوقۇتقۇچى بىر غېرىچ ئېگىزلىكتىكى ئۈچ دانە كىچىك قىزىل بايراقچىنى لاگېر ئەتراپىدىكى تاغ، ئورمان، جاڭگال ۋە بۈك - باراقسان چاتقاللىقلارغا ئاپىرىپ كۆزگە چېلىقمىغۇدەك يەرگە سانجىپ قويۇپ قايتىپ كېلەتتى. بۇ مۇسابىقە جاپالىق بولغاچقا، مۇكاپاتىمۇ ئالاھىدە كاتتا ئىدى. بايراقچىلارنى تاپقانلارنىڭ ئىلگىرى - كېيىنلىكىگە قاراپ بىرىنچى، ئىككىنچى، ئۈچىنچى دەرىجىلەرگە ئايرىلاتتى. شۇڭا ئىككى - ئۈچتىن گۇرۇپپىلاشقان ئوقۇغۇچىلار تەرەپ - تەرەپكە چېپىشىپ بايراق ئىزدەشنى باشلايتتى. ئۇلار ئېدىر، قاپتال، جىلغىلاردىكى ئورمانلارغا يۈگۈرۈشەتتى. تاغ چوققىلىرىغا، قارىغاي، ئارچا، ئاق قېيىن، يەنە قانداقتۇر تاغ تېرەكلىرى قاپلىغان توقايلىقلارغا، زۇمرەتتەك سۈزۈك سۇلار تاشتىن - تاشقا ئۇرۇلۇپ، چەشمە زىلال بولۇپ ئېقىشىۋاتقان چوڭقۇر سايلارغا چۈشەتتى، باش قايغۇدەك ھاڭ، تىك چېقىللارغا باتۇرلۇق بىلەن يامىشاتتى ... بايراق ئىزدەش ۋاقتى بىر كۈنلۈك ھەتتا بەزىدە ئۇنىڭدىن ئارتۇق بولغاچقا، ئوقۇغۇچىلار يېمەكلىكلىرىنى سومكىلىرىغا سېلىپ، قولچىراغلىرىنى بويۇنلىرىغا ئېسىپ يولغا چىقاتتى.

ئايرىلماس ئۈچ دوست يۇلتۇزئاي، چولپانئاي، قۇندۇزئايلارمۇ قوللىرىغا ئۇزۇن تاياقلارنى تۇتقان ھالدا ياپيېشىل جىلغا ئىچىدە كېتىۋاتاتتى. تاغ يامىزاللىرىدا، يانپاش غوللاردا ئېچىلىپ كەتكەن كاككۇك گۈلى، سېرىق چېچەك، لەيلىقازاق، ماماكاپ گۈللىرىنىڭ ھىدى دىماقلارغا ئۇرۇلۇپ تۇراتتى. ناگان - ناگاندا چاتقاللىقلار

ئارىسىدىن قىرغاۋۇل خورىزى «غوروۇق - غوروۇق» قىلىپ مىكىيىنىنى چاقىرسا، تورۇپلا ئورمانلىقلار ئىچىدە ئەركەك كېپىكنىڭ جۈپتىنى ئاگاھلاندۇرۇپ «ۋەيت - ۋەيت» دېگەن ئاۋازى ئاڭلىنىپ قالاتتى.

يۇلتۇزئاي، چولپانئاي، قۇندۇزئايلار رەڭگارەڭ ياۋا گۈللەردىن ياسىۋالغان گۈل چەمبىرەكلىرىنى بويۇنلىرىغا ئېسىپ، ئوتۇغاتتەك باشلىرىغا كىيىشىپ، شوخ كۈلكىلىرىنى ياڭرىتىپ گوياكى شىكارغا چىققان پادىشاھ مەلىكىلىرىگە ئوخشاپ قالغانىدى. ئۇلار ماڭا - ماڭا سايىلار ئاياغ ئاستىغا چۈشكەندە «گۈلەن» دەرياسى بويىغا يېتىپ كەلدى. «گۈلەن» دەرياسى بۇ كۆركەم ۋادىدا نەچچە يۈز تارامىلارغا بۆلۈنۈپ ئاققاچقا، قارشى قىرغاقتىكى ئورمانلار مانانلار ئىچىدە قالغاندەك گىرىمسەن كۆرۈنەتتى. قويۇق كىرپىكلىك چوڭ كۆزلىرى يۇلتۇزدەك چاقناپ تۇرغان، ئاق سۈزۈك، بادام يۈزلۈك يۇلتۇزئاي بۇدرۇق قوللىرىدا قارشى قىرغاقنى كۆرسىتىپ ۋارقىرىدى:

— قاراڭلار قىزلار، ئاۋۇ يامغۇر بولۇتىدەك يېيىلىپ ياتقان ئورمانلىقنى كۆردۇڭلارمۇ؟ قىزىل بايراقچە شۇ يەردە بولۇشى مۇمكىن.

— ۋاي - ۋۇي، نېمانچە كۆپ تارامىلار بۇ؟ - ئايدەك يۈزى ئۇنچىدەك تەرلەپ كەتكەن چولپانئاي قولىنى كۆزىگە سايىۋەن قىلىپ يىراق تامانلارغا قارىدى، — ئۇ تەرەپكە ئۆتكىلى بولارمۇ؟

— چوقۇم ئۆتىمىز، — دېدى قۇندۇزئاي كەسكىن ھالدا، — دەريا سۈيى يېيىلىپ ئاققاچقا، ئەڭ چوڭقۇر يەرلىرىمۇ بەلگە كەلمەيدۇ.

— بىراق، بەك تېز ئاقىدىكەن ئەمەسمۇ، — چولپانئاي ئۆركەشلەپ ئېقىۋاتقان زۇمرەتتەك سۈزۈك سۇغا قارىدى، —

ئەگەر يىقىلىپلا كەتسەك قوپالماي قېلىشىمىز مۇمكىن.

— ئۈچىمىز بىر - بىرىمىزنىڭ بەللىرىدىن قاماللاپ تەڭ قەدەم ئالساقچۇ؟

قۇندۇزئاينىڭ بۇ ئامالىنى ئەقىللىق قىز يۇلتۇزئاي دەرھاللا رەت قىلدى.

— بولمايدۇ، سۇ ئاستىدىكى تاشلارنى بىرقەۋەت يېشىل مۇخلار قاپلاپ تۇرغاچقا، بەكمۇ سىلىق ھەم تېيىلغاق، ئەگەر بىرىمىز مۇدۇرۇپ كەتسەك ئۈچىمىز تەڭلا يىقىلىمىز.

— يۇلتۇز، ھەممىمىزدىن ئەقىللىقى سەن، — دېدى چولپانئاي چىرايلىق كۆزلىرىنى خۇمارلاشتۇرۇپ، — قېنى بىرەر ئامال تاپمامسەن؟

— مۇنداق قىلساق قانداق؟ — يۇلتۇزئاي قولىدىكى تايىقنى كۆتۈردى، — مەن تايىقىمنى تاشلارغا تىرەپ، يەنە بىر قولۇمدا سېنىڭ تايىقىڭنىڭ ئۇچىنى تۇتۇپ ئالدىدا ماڭىمەن.

— بولدى چۈشەندىم، — دېدى چولپانئاي، — مەن قۇندۇزئاينىڭ تايىقىنىڭ بىر ئۇچىنى تۇتۇپ ئۇچىمىز غاز قاتتى بولۇپ ماڭىدىكەنمىز، شۇنداقمۇ؟

— شۇنداق، لېكىن ھېچقايسىمىز مۇدۇرۇپ ياكى يىقىلىپ كەتسەكمۇ تاياقنىڭ ئۇچىنى قويۇۋەتمەي چىڭ تۇتۇۋالىمىز.

ئۈچ قىز ئاياغلىرىنىڭ يىپلىرىنى چىگىپ مۈرىلىرىگە ئاستى، ئاندىن ساراپانلىرىنى تۇرتەكلەپ بەللىرىگە باغلىغاندىن كېيىن سۇ ئۈستى سەپىرىگە ئاتلاندى.

— ۋاي جېنىم، — قۇندۇزئاي ئەندىكىپ كەتتى، — سۇ نېمانداق سوغۇق؟

— كۆردۈڭمۇ ئاقباش تاغلارنى، — يۇلتۇزئاي يىراقنى كۆرسەتتى، — بۇ سۇ ئاشۇ ئاق قار، كۆك مۇزلاردىن ئېرىپ

كەلگەن.

ئۇلار بىر قەدەم، بىر قەدەمدىن ئىلگىرىلەپ، تارامىلار ئوتتۇرىسىدىكى زومچاق - زومچاق كىچىك ئاراللارنى كۆزلەپ مېڭىشتى. خۇددى يېشىل دوخاۋا دوپپىلاردەك چوقچىيىپ تۇرغان بۇ ئارالچاقلار رەڭمۇرەڭ ئۇششاق گۈللەر بىلەن قاپلانغان بولۇپ، مۇشك - ئەنبەر پۇراقلىرىنى چېچىپ تۇراتتى. ئاپپاق يۇمران پۇتلىرى قىزىرىپ كەتكەن قىزلار بىر - بىرىنىڭ تاياقلىرىنى تۇتقان ھالدا ئاراللارنى ئارقىمۇ ئارقىدا قالدۇرۇپ كېتىۋاتاتتى. تارامىلارنىڭ بەزى يەرلىرى ئوشۇققا كەلگىنى بىلەن بەزى يەرلىرى يوتىلاردىن ئېشىپ كېتەتتى. بۇ چوڭقۇر ئېقىنلار ئىنتايىن تېز ئاققاچقا، قەدەم ئالماق ناھايىتى تەس ئىدى.

— يۇلتۇز، چولپان! — قۇندۇز ئاي ئەنسىز ۋارقىرىۋەتتى، — ئايىغىم ئېقىپ كەتتى.

— بولدى، خەتەرلىك، — يۇلتۇزئاي دەرھال دوستىنى ئاگاھلاندۇردى، — قوغلىغىنىڭ بىلەنمۇ يېتەلمەيسەن.

— ھەي، پالاكەت، تېخى ئاياغىنىڭ ئارقىسىدىن يۈگۈرگۈڭ بارمىدى؟ — دېدى چولپانمۇ قۇندۇزئاينىڭ قولىنى چىڭ تۇتۇۋېلىپ، — قارىغىنا ئۆركەشلەرنىڭ تېزلىكىنى؟

يۇلتۇزئاي، چولپانئاي، قۇندۇزئايلار قولنى - قولغا تۇتۇپ، تېز ئېقىن، تىرەن سۇ، تېيىلغاق تاشلاردىن ئەقىل - پاراسەت، ئەپچىل پىلان بىلەن ئۇ قاناتتىكى ئورمانغا ئۆتتۇۋالدى. ئورمان ئىچى كۆك ئاسمان، ئاپپاق بۇلۇتلارغا تاقاشقان قارىغاي، ئارچا، قېيىن، دوپ، تۇخۇمەك، شەمشاد دەرەخلىرى بىلەن قاپلانغانىدى. بولۇپمۇ ئېرەن دەرەخلىرىنىڭ قىپقىزىل، بىنەپشە رەڭ يوپۇرماقلىرى ياپىيېشىل ئورمان ئىچىنى ئوتقاشتەك تاۋلاپ تۇراتتى. چىمەن، سەمەنگاھىم، يۇمشاق مىسىل، قىياق ۋە

قىرچىن تاللار ئۈستىدە ئالا كۆلەڭگىلەر تىترەيتتى. ھەرخىل قۇشلارنىڭ چاڭىلداپ سايراشلىرى ھادىس گۈزەل ئىپتىدائىي ئورمانىنى نەغمە ـ ناۋاغا تولدۇرغانىدى. يۇلتۇزئاي بىردىنلا ئىككى قولىنى ئېگىز كۆتۈرۈپ ھاياجان بىلەن ۋارقىرىدى:

ــ ئاھ، مېنىڭ يۇرتۇم!

ــ گۈل ـ گۈلىستان ئانا تۇپراق پەرزەنتلىرى بىز! ...

چولپانئاينىڭمۇ ئاۋازى پەلەكتە ياڭرىدى. ئارقىدىنلا قۇندۇزئاي «يۇرتۇم» دېگەن ناخشىنى باشلىشى، ھەممىسى قوشۇلدى، ئورمان ئىچىدىكى كۈيچى قۇشلار بۇ شادىمان ناخشىغا ھەيران بولۇشۇپ قۇلاق يېقىشتى:

گويا بېھىش يۇرتۇم باغلىرى،<br>
ئەجەب كۆركەم تاغ ـ دەريالىرى.<br>
كۆز يۇممايدۇ تاڭلارنى چىللاپ،<br>
بۇلبۇللارنىڭ شوخ ناۋالىرى! ...

قىزلار رەڭگارەڭ گۈللەرنى تەرگەچ ئورمانغا ئىچكىرىلەپ ماڭدى. ئەمما پايپاق بىلەنلا قالغان قۇندۇزئاينىڭ پۇتلىرىغا تىكەن كىرىپ، قىياقلاردا تىلىنىپ زادىلا ماڭالمىدى. ئۇنىڭ پۇت پەنجىلىرى ھەم بارماقلىرىنىڭ قاناپ كەتكەنلىكىنى كۆرگەن يۇلتۇزئاي بىلەن چولپانئاي ئۇنى نۆۋەتلىشىپ يۆدەپ مېڭىشتى. ھېرىپ ھالىدىن كەتكەن قىزلار بىر بۇلاق بېشىغا كېلىپ ئارام ئالدى. قۇياش قىيىلىپ چۈش پېشىنىدىن ئۆتۈپ كەتكەن بولۇپ، ئۇلارنىڭ قورساقلىرى راسا ئاچقانىدى. قىزلار بۇلاق سۈيىنى ئوچۇمداپ ئىچىپ، سومكىلىرىدىن نانلىرىنى ئېلىشتى.

— قىزلار، — دېدى يۇلتۇزئاي كۆنگە قاراپ قويۇپ، — نېنىڭلارنىڭ يېرىمىنى يەپ، يېرىمىنى ئېلىپ قويۇڭلار، قىزىل بايراقنى قاچان تاپىمىز، لاگېرغا قايسى ۋاقىتتا يېتىپ بارىمىز، بۇ بىزگە نامەلۇم، شۇڭا كېيىننى ئويلىمىساق بولمايدۇ.

— مەن ئەمدى ئۆزۈم ماڭىمەن، — خىجىللىق ئىلكىدە قالغان قۇندۇزئاي ئاستاغىنە غودۇراپ قويدى، — سىلەرگە ئېغىرچىلىقىمنى سالمايمەن.

— قارىغىنا پۇتلىرىڭغا، — چولپانئاي دوستىنىڭ قان قېتىشىپ قالغان پايپاقلىرىغا قارىدى، — شۇنداق تۇرۇقلۇق قانداق ماڭالايسەن؟

— رىزۋانگۇل، نوزۇگۇملارمۇ ۋەتەن، خەلق، ئەركىنلىك يولىدا جېنىنى قۇربان قىلغانغۇ.

— ئۇ دېگىنىڭغۇ راست، — دېدى چولپانئاي، — جياڭ[1] ھەدىمۇ ئۆز دوستلىرى ئۈچۈن تىرناقلىرىغا بامبۇك مىخلار قېقىلىپ، بەدەنلىرى داغلانسىمۇ چىدىغان!

دوستى قۇندۇزئاينىڭ ئوڭايسىزلىنىپ قالغانلىقىنى سەزگەن يۇلتۇزئاي ئۇنىڭ ھالىغا يەتتى ـ دە، كۆڭلىدىن نازۇك بىر پىلان لىپ قىلىپ ئۆتتى. ئۇ ئورنىدىن تۇرۇپ ئورمان ئىچىگە كىرىپ كەتتى. قۇچاق يەتكۈسىز قارىغاي، دوپ، تۇخۇمەك، شەمشاد، چىنارلار ئاسمانغا بوي تارتىپ تىككىدە تۇراتتى. بەزىلىرىنىڭ قوۋزاقلىرى ئاجراپ، ئاپپاق غوللىرى ئېچىلىپ قالغانىدى. يۇلتۇزئاي بىر توپ تاغ سۆگىتىنىڭ كەينىگە قايرىلىپ قالغان قوۋزىقىنى كۆچەپ تارتقانىدى، يوغان بىر پارچە قوۋزاق سويۇلۇپ قولىغا چىقتى. ئۇ دوستلىرىنىڭ قېشىغا يېنىپ كېلىپ، قوۋزاقنى ئىككى پارە قىلىپ، ئۇنى يونۇپ، خۇددى ئاياغ

[1] قىزىل قىيا رومانىدىكى قەھرىمان جياڭ ھەدىنى دېمەكچى.

چەمبەدەك قىلىپ ياسىدى. ئاندىن ئۇنىڭغا قۇندۇزئاينىڭ پۇتىنى دەسسىتىپ، ئۆزلىرىنىڭ ئاياغ ئىزلىرىنى ئۇلاپ باغلىدى. دەسلەپتە بۇ «يېڭى ئاياغ» قا ئانچە كۆنەلمىگەن قۇندۇزئاي بىرقانچە قېتىم مېڭىپ مەشىق قىلغاندىن كېيىن، بەكمۇ خۇشال بولۇپ كەتتى:

— بولىدىكەن ... راستتىنلا بولىدىكەن، — قۇندۇزئاي مىننەتدارلىق كۆزلىرى بىلەن دوستىغا قارىدى، — رەھمەت يۇلتۇز، سەن بەك ئەقىللىق جۇمۇ.

— مۇبارەك بولسۇن قۇندۇز،— چولپانئاي چاقچاق قىلدى، — بۇ يېڭى پاسوندىكى ئاياغ ساڭا بەكمۇ ياراشتى. بۇنىڭدا بالىت ئويناساڭمۇ بولغۇدەك ...

ئۇلار قاقاقلىشىپ كۈلگىنىچە ئورمان ئىچىدىكى چىغىر يول بويلاپ يولىغا راۋان بولدى. ئەمما 20 ~30 قەدەم ماڭا - ماڭمايلا قۇندۇزئاي قاتتىق ۋارقىرىۋەتتى:

— قاراڭلار قىزلار! ئۇ ... ئۇ بايراق ئەمەسمۇ!

قىزلارنىڭ ھەممىسى شارتتىلا قايرىلىپ قاراپ، شادلىقتىن بىردەك چۇرقىرىشىپ كېتىشتى:

— قىزىل بايراق!!!

راستتىنلا ئۇلار كۆزلىرىگە ئىشەنمەي قېلىشقانىدى. لېكىن ئاپپاق ئېچىلىپ كەتكەن بىر تۈپ ئازغان گۈلىنىڭ غولىغا باغلانغان بايراقچە مەيىن شامالدا ئوتقاشتەك تاۋلىنىپ يېنىك لەپىلدەپ تۇراتتى. ئۇلار بايراقچىنى ئېلىپ، ھەممىسى جىنەستىدەك لەۋلىرىگە تەگكۈزۈپ سۆيۈشتى. ئەمما بىر خۇشاللىققا بىر كۈشەندە يار بولغاندەك، قىزلار خېلى ئۇزۇن يوللارنى بېسىپ دەريا بويىغا قايتىپ كەلگەندە، دەريا سۈيى كۆپىيىپ، ئەتىگەنكى سۇزۇك سۇلارلىيىپ كەتكەنىدى. تارامىلار

ئوتتۇرىسىدىكى كىچىك ئارالچاقلار سۇغا خېلىلا چۆككەن بولۇپ، بەزىلىرى كۆرۈنمەي قالغانىدى. ئەمدىلىكتە بۇ يەردىن كېچىپ ئۆتۈش ئىنتايىن خەتەرلىك ئىكەنلىكىگە كۆزى يەتكەن يۇلتۇزئاي دوستلىرىغا مۇنداق دېدى:

— قىزلار، سۇ ئۇلغىيىپ كېتىپتۇ. ئەمدى مۇشۇ چىغىر يول بىلەن كەينىمىزگە قايتىپ بىرەر چارە - ئامال ئىزدەيلى. بەلكىم ئورمان ئىچىدە بىرەر كېمىچىگە ئۇچراپ قالساق ئەجەب ئەمەس.

— بۇ ئورماندا كېمىچى نېمە ئىش قىلسۇن، — دېدى چولپانئاي ئەندىككەن هالدا، — بىرەر ئوۋچى ياكى مال باقارلار ئۇچراپ قالسىمۇ ياخشى بولاتتى.

— كېمىچى، ئوۋچى، مال باقار بولسۇن، بىزگە يول كۆرسەتكۈدەك ئادەم بولسىلا بولدى.

قۇندۇزئاينىڭ سۆزىدىن جانلانغان قىزلار ئورمان ئىچىگە كىرىپ كېتىشتى. ئۇلار غودۇر - غودۇر مېۋىلىرى ساڭگىلاپ تۇرغان قارىقاتلىقلار، تىكەنلىك ئازغانلار، ياۋا ئۆرۈك چاتقاللىقلىرىدىن ئۆتۈپ، چوڭقۇر ئېدىرلىقلاردا كېتىپ بارغىنىدا، قۇياش ئېگىز تاغلار ئارقىسىغا قىڭغىيىپ، سوغۇق شامال چىقىشقا باشلىدى. قىزلارنىڭ قورساقلىرى راسا ئاچقانىدى. ئۇلار يول بويى تاغ سۇلىرىنى ئىچىپ، تېجەپ ئېلىپ قويغان نانلىرىنى يەپ، يانپاش داۋاندىن چىققۇچە كۈن ئولتۇردى.

ھەيهات! قىزلارنىڭ ئالدىدىكى پەس تۈزلەڭلىكتە ئاجايىپ مەنزىرە ئايان بولدى! چەكسىز كەتكەن يېشىل يايلاق ئۇپۇق تامان يېيىلىپ ياتاتتى. بۇغا - مارال، كېيىك، جەرەن، ياۋا ئۆچكىلەر يايلاپ، كەكلىك، ئۇلار، قىرغاۋۇل، يەنە قانداقتۇر قۇشلار ھەرخىل ئاۋازلاردا نەغمە - ناۋا قىلىشاتتى. قارا قۇيرۇقلۇق

ئايپاق تۇرنىلار «غورۇق ـ غورۇق» قىلىشىپ سۇ بويلىرىدا دانلىشىپ يۈرۈشەتتى. چىنىدەك سۈرتۈلگەن پاكىز، كۆك ئاسماندا بۈركۈت، لاچىن، قارچىغا، كۆكنەكلەر قانات قېقىپ، پەرۋاز قىلاتتى. يېشىل لىباس يېپىنغان بىپايان يايلاق ئارا يىلان باغرى بولۇپ ئېقىۋاتقان كىچىك ئېقىنلار كۈمۈشتەك يالتىرايتتى.

قىزلار بىردىنلا چۇرقىرىشىپ، ئاققان يۇلتۇزدەك پەسكە قاراپ يۈگۈرەشتى. ياۋايى هايۋانلار، قۇشلار نەگىدۇر پىتىراپ قېچىشتى. ئۇلار يۈگۈرە ـ يۈگۈرە، ماڭا ـ ماڭا بىر قورۇققا كېلىپ قالدى. يىراقتىن بىر كۆرۈمسىز ئۆي تۇرخۇنىدىن ئىس چىقىۋاتاتتى. غارال بىلەن قورشالغان قوتان ئىچىدە بىرنەچچە ئات ـ كالىلار چېچىلغان ئوتلارنى يالماپ ئوتلاۋاتاتتى. ئاڭغىچە ئۆي تەرەپتىن تۈكلىرى ئۆسۈپ، يۈك پومزەككىلا ئوخشايدىغان بىر قارا ئىت قاۋاپ كېلىپ، قىزلارغا يېقىنلاشتى. بۇ چاغدا ئۆيدىن ساقاللىق بىر بوۋاي چىقىپ ئىتقا ۋارقىرىدى:

ـــ هەي، قارىۋاي، ئۆت بۇ ياققا، هۇي ئۇياتسىز، كىچىككىنە قىزلاغا داپشىنىپ يۈرگىنىڭنى قارا.

ئىت قۇيرۇقىنى چىۋىسىگە قىسىپ، ئىگىسىگە سۈۋۈنۈپ، كەچۈرۈم سورىغاندەك ئەركىلىدى. بۇ ئەسنادا يېتىپ كەلگەن بوۋاي قىزلارغا هەيران بولۇپ تىكىلىپ قالدى. قىزلار بىردەك «ئەسسالامۇ ئەلەيكۇم بوۋا» دەپ سالام قىلىشقانىدى. بوۋايمۇ «ۋەئەلەيكۇم ئەسسالام باللىرىم» دەپ ئۇلاردىن سۆيۈندى.

ـــ قىزلىرىم، بۇ تاغ ـ تۇرادا نېمە ئىش قىلىسىلەر، نەدىن كېلىشىڭلار؟

ـــ بوۋا، بىز يولدىن ئېزىپ قالدۇق، ـــ دېدى يۇلتۇزئاي ئۈمىد بىلەن بوۋايغا قاراپ، ـــ ئاندىن ... ئاندىن ...

ئاپپاق تۇرنىلار «غورۇق ـ غورۇق» قىلىشىپ سۇ بويلىرىدا دانلىشىپ يۈرۈشەتتى. چىنىدەك سۈرتۈلگەن پاكىز، كۆك ئاسماندا بۈركۈت، لاچىن، قارچىغا، كۆكىنەكلەر قانات قېقىپ، پەرۋاز قىلاتتى. يېشىل لىباس يېپىنغان بىپايان يايلاق ئارا يىلان باغرى بولۇپ ئېقىۋاتقان كىچىك ئېقىنلار كۈمۈشتەك يالتىرايتتى.

قىزلار بىردىنلا چۇرقىرىشىپ، ئاققان يۇلتۇزدەك پەسكە قاراپ يۈگۈرەشتى. ياۋايى ھايۋانلار، قۇشلار نەگىدۇر پىتىراپ قېچىشتى. ئۇلار يۈگۈرە ـ يۈگۈرە، ماڭا ـ ماڭا بىر قورۇققا كېلىپ قالدى. يىراقتىن بىر كۆرۈمسىز ئۆي تۈرخۈنىدىن ئىس چىقىۋاتاتتى. غارال بىلەن قورشالغان قوتان ئىچىدە بىرنەچچە ئات ـ كالىلار چېچىلغان ئوتلارنى يالماپ ئوتلاۋاتاتتى. ئاڭغىچە ئۆي تەرەپتىن تۈكلىرى ئۆسۈپ، يۈڭ پومزەككىلا ئوخشايدىغان بىر قارا ئىت قاۋاپ كېلىپ، قىزلارغا يېقىنلاشتى. بۇ چاغدا ئۆيدىن ساقاللىق بىر بوۋاي چىقىپ ئىتقا ۋارقىرىدى:

— ھەي، قارىۋاي، ئۆت بۇ ياققا، ھۈي ئۈياتسىز، كىچىككىنە قىزلاغا داپشىنىپ يۈرگىنىڭنى قارا.

ئىت قۇيرۇقىنى چىۋىنگە قىسىپ، ئىگىسىگە سۈۋۈنۈپ، كەچۈرۈم سورىغاندەك ئەركىلىدى. بۇ ئەسنادا يېتىپ كەلگەن بوۋاي قىزلارغا ھەيران بولۇپ تىكىلىپ قالدى. قىزلار بىردەك «ئەسسالامۇ ئەلەيكۇم بوۋا» دەپ سالام قىلغانىدى. بوۋايمۇ «ۋەئەلەيكۇم ئەسسالام بالىلىرىم» دەپ ئۇلاردىن سۆيۈندى.

— قىزلىرىم، بۇ تاغ ـ تۈرادا نېمە ئىش قىلىسىلەر، نەدىن كېلىشىڭلار؟

— بوۋا، بىز يولدىن ئېزىپ قالدۇق، — دېدى يۇلتۇزئاي ئۈمىد بىلەن بوۋايغا قاراپ، — ئاندىن ... ئاندىن ...

— ئاندىن قورسىقىڭلار ئېچىپ كەتتى، شۇنداقمۇ؟
كۆڭلىدىكىنى تېپىۋالغان بوۋايدىن سۆيۈنگەن قىزلار بىر - بىرىگە قاراپ تىللىرىنى چىقىرىپ قويۇشتى. ئۇلار توغراقتەك بەستلىك، چىرايى ئاپتاپتا كۆيگەن، ئۆسكىلەڭ ئاق قاشلىرى پاخپايغان، ياسمانە ياقىسىز ئاق كۆڭلىكى ئۈستىدىن قارا پوتا باغلىغان، ئەمما ئىسسىق يازدىمۇ ئۆتۈك كىيىۋالغان سۇرلۇك بوۋايدىن ئەيمىنىپ يەرگە قاراشتى. بوۋايمۇ قىزلارنىڭ سولغۇن چىرايىدىن، مۆلۈلدەپ تۇرغان كۆزلىرىدىن، سەبىي تۇرقىدىن ئۇلارغا ھاردۇق يەتكەنلىكىنى پەملىدى. بولۇپمۇ قۇندۇزنىڭ قوۋزاق ئايىغىغا، پۇتلىرىغا چىرماپ باغلانغان يىپلارغا قاراپ ئىچى ئاغرىپ قالدى بولغاي، بىلىنەر - بىلىنمەس باش چايقىدى.
— قېنى باللىرىم ئۆيگە كىرىڭلار، «مېھمان ئۆز رىزقى بىلەن» دېگەن گەپ بار. روزغارىمدا بارىنى تەڭ كۆرىمىز.
— رەھمەت بوۋا، — قىزلار ئىززەت - ئىكرام بىلەن مىننەتدارلىقىنى بىلدۈرۈشتى. ئەمما ئۇلار قونداقتىكى بېشىغا تېرە بۆك كىيدۈرۈلگەن بۇركۇتكە، ھېلىقى پاخپاق ئىتقا قاراپ، بوۋاينىڭ غەمخانىسىغا ئەيمىنىپكىنە قەدەم ئالدى.
ئۆينىڭ ئانچە ئېگىز بولمىغان سۇپىسىغا كىگىز، ئۆچكە، قوي، بۆرە، ئېيىق تېرىلىرى سېلىنغانىدى. يازدىمۇ ئېلىنىۋەتمىگەن كىچىككىنە مەش ئۈستىدىكى قۇم چۆگۈننىڭ جوغىسىدىن سۇس پار كۆتۈرۈلۈپ تۇراتتى. بۇ كۆرۈمسىز، ۋەيرانە ئۆيدىكى ئىسسىق سۈتنىڭ مەززىلىك ھىدى دىماقلارغا لەززەت بېرەتتى. بوۋاي كىگىز ئۈستىگىلا داستىخاننى يېيىپ، بىر لېگەندە بوغۇرساق، قازان نېنى، غىدىرلاردا قايماق، سېرىق ماي، قېتىقلارنى ئېلىپ كەلدى ھەمدە سۇپا قىرىدىلا تىزلىنىپ

ئولتۇردى.

— قېنى باللىرىم، تارتىنماي ئېلىڭلار، — دېدى بوۋاي قوللىرىنى يېيىپ، — داستىخان غورىگىل بولسىمۇ، ئەيىب كۆرمەيسىلەر.

— بوۋا، — دېدى يولتوزئاي ئەدەپ بىلەن، — ئالدى بىلەن ئۆزلىرى قول ئۇزىتىپ بەرگەن بولسىلىرى.

— بارىكاللا، — بوۋاي بىسمىللا دەپ بىر تال بوغۇرساقنى قولىغا ئالدى، — ھەرھالدا مۇسۇلمان ئادەتلىرىنى ئۇنتۇماپسىلەر.

— ئۇنتۇساق بولامدۇ، — دېدى يولتوزئاي، — ھەرقانداق ئىشتا چوڭلارنى ھۆرمەتلەش ئەخلاقىمىزنىڭ مىزانى تۇرسا، بۇ ئاتا - بوۋىلىرىمىزدىن تارتىپ داۋاملىشىپ كەلگەن تەۋەررۇك ئادەتلەرغۇ.

— دۇرۇس، دۇرۇس، — بوۋاي ساقاللىرىنى سىيپىدى، — ئەجدادلار روھىنى خۇش قىلماق، داۋام ئەتتۇرمەك مۇسۇلمان پەرزەنتى ئۈچۈن مۇقەددەس پەرھىزدۇر.

قىزلار مويسىپىت بوۋاي ئالدىدا، تەركىي ھۆرمەت بولمىسۇن ئۈچۈن، ساراپانلىرىدا تىزلىرىنى يۆگەپ، ھايا بىلەن تاماق يېيىشتى. داستىخاندىكى مەزەلەرگە تارتىنىپقىنا قول ئۇزىتىشتى. تاماق يېيىلىپ بولغاندىن كېيىن بوۋاينىڭ دۇئاغا قول كۆتۈرۈپ بېرىشىنى ئىلتىجا قىلدى. بوۋاي بۇنىڭدىن تولىمۇ خۇرسەن بولدى. يولتوزئاي داستىخاننى چىرايلىق قاتلاپ، بىر چەتكە ئالغاندىن كېيىن، بوۋاينىڭ توسقىنىغا قارىماي، چىنە - قاچىلارنى يۇيۇپ، تاختىبېشىغا ئاۋاز چىقارماي قويدى. ئاندىن دوستلىرىنىڭ قېشىدا ئولتۇرۇپ، ئۆزلىرىنىڭ نېمە ۋەجىدىن تېنەپ كەتكەنلىكىنى بايان قىلدى. بوۋاي

ساقاللىرىنى بارماقلىرىدا تاراپ، بىردەم ئولتۇرغاندىن كېيىن پېشانىسىنى كۆلۈپ قويدى.

— بىلدىم باللىرىم، بىر - ئىككى كۈن ئىلگىرى بىر ئەر، ئىككى چوكان ئورمان، چاتقاللىقلار ئارا تىمىسقىلاپ يۈرەتتى، ئەسلىدە ئۇلار بايراق يوشۇرۇپتىكەندە، — بوۋاي باش چايقىدى، — بىراق سىلەر دەريانىڭ خەتەرلىك ئېقىنىدىن ئۆتۈپسىلەر ئەمەسمۇ، ھېلىمۇ خۇدا ساقلاپتۇ. ئەگەر تۆۋەنگە قاراپ ئازراقلا ماڭغان بولساڭلار گەرچە كەڭرەك بولسىمۇ، دەريا سۈيىنىڭ يېيىلىپ ئاققان تېيىز يەرلىرى بار ئىدى.

— ئەمما، بىز بايراقنى تېپىپ قايتقىنىمىزدا، — دېدى چولپانئاي، — دەريا سۈيى ئۇلغىيىپ، نۇرغۇن ئارالچاقلار سۇنىڭ تېگىدە قاپتۇ.

— ھازىر كۈن ئىسسىغانسېرى تاغدىكى قار - مۇزلار ئېرىۋاتقاچقا، كەلكۈن پەسلى يېتىپ كەلدى. شۇڭا دەريا سۈيى دەممۇدەم كۆپىيىدۇ.

بۇ دىلكەش بوۋاينىڭ ئىسمى ھەمراھ ئىدى. ئۇ مۇشۇ «كۆك قاپتال» دېگەن زۇمرەت يايلاقتا ئوۋچىلىق بىلەن شۇغۇللىناتتى. ئۇنىڭ قەدىناس جۈپتى ھەمراھى ئۆلۈپ كەتكەن ئىدى. ئىككى قىزى بولسا ياتلىق بولۇپ، ياقا يۇرتلارغا كېتىپ قېلىشتى. شۇنىڭدىن بېرى ھەمراھ بوۋاينىڭ كۈنلىرى بىر ئۇندە، بىر تۇندە تەنھالىق بىلەن ئۆتەتتى. شۇنداقتىمۇ ئوۋچىلىقنىڭ ھاياجانلىق ئىزتىراپىدا كۈنلىرىنى خوشال ئۆتكۈزەتتى. ئۇ مەسۇم قىزلارنىڭ بايراق تېپىش كويىدا تارتقان جاپا - مۇشەققەتلىرىنى ئاڭلاپ، ئۇلارغا ئاپىرىن ئوقۇدى. باتۇرلۇق، جاسارەت، قورقۇمسىزلىق، تۇرگۇنلۇك ھەققىدە ھېكمەتلەرنى سۆزلىدى. لېكىن بۇلارغا قارىغاندىمۇ ئەقىل - پاراسەت، زېھىن

- ئىدراكىنىڭ خاسىيىتى توغرۇلۇق ئىبرەتلىك ھېكايەتلەرنى ئاڭلىغان قىزلارنىڭ كۆڭۈللىرى بىردىنلا يورۇپ، ماڭار يوللىرىغا شولىلار چېچىلغاندەك بولدى. دەرۋەقە، ھەمراھ بوۋاينى ھېكايە، رىۋايەت، خەلق داستانلىرى، ئاجايىپ ۋەقەلەر سۆزلەشنىڭ ساھىبى دېسە ئارتۇق كەتمەيتتى. ئۇ سۆزلىگەندە پاخما قاشلىرى ئاستىدىكى كۆزلىرى ئاتەشتەك يېنىپ، مىس رەڭ چىرايى مەرمەر ھەيكەلدەك سۇرلۇك تۇس ئالاتتى.

— ھەمراھ بوۋا، — يۇلتۇزئاي ئەيمىنىپكىنە سورىدى، — بىز ھەريىلى بىرقانچە ئوتتۇرا مەكتەپلەر بىرگە لاگېر پائالىيىتى ئۆتكۈزەتتۇق. مۇسابىقىلەرنىڭ كۆپ تۈرلىرىدە ئوغۇللار ئۇتۇپ چىقاتتى. شۇڭا ئوقۇتقۇچىلىرىمىز ۋە بەزى ئادەملەر ئوغۇللار قىلغان ئىشنى قىزلار قىلالمايدۇ، دېيىشىدۇ. بۇ توغرىمۇ؟

— نادان ھەم پاراسەتسىز ئادەملەرلا ئەنە شۇنداق كالتە پەملىك بىلەن خۇلاسە كالام چىقىرىدۇ. ئەلمىساقتىن تارتىپ ئەقىللىق، دانا، دانىشمەن، زېھىنىياتلىق قىزلار ھەققىدە ئاجايىپ كۆپ رىۋايەتلەر، داستانلار ، مەدداھلىق ھېكايەتلەر سۆزلىنىپ كەلگەن. بۇ ھەقتە مەن سىلەرگە، سۆزۈمنىڭ دەلىلى سۈپىتىدە بىر چۆچەك ئېيتىپ بەرسەم بولامدۇ؟

— بولىدۇ!

قىزلار چۇرقىرىشىپ، ھەمراھ بوۋاينىڭ يېنىغا يىغىلدى ...

* * *

... قەدىمكى زاماندا، نادىر - ئەتىۋارلىق ياۋا گۈللەر ئېچىلىپ تۇرىدىغان، ئوت - چۆپلىرى مول گۈزەل بىر يايلاق بار

ئىكەن. قوي، كالا، تۆگە ـ تايلاق، بۇغا ـ مارال، كېيىك ـ قوزىلار بىخىرامان ئوتلايدىكەن. بۇ يايلاقنىڭ ئەتراپى قاتمۇقات ئېگىز تاغلار بىلەن ئورالغان، قوينى بەكمۇ ئىللىق بولۇپ، ساپ ھاۋالىرى تەنگە داۋا ئىكەن. باھار ۋە يازلا بولىدىكەن، قىش بولمايدىكەن. سالقىن شاماللىرى گۈركىرەپ چىقىپ، سۈزۈك سۇلىرى ئابىھايات كەۋسەر ئىكەن. بۇلبۇللىرى ناۋا ئەيلەپ، قارلىغاچ، تورغاي، سوپىسوپىياڭلار شوخ ئۇسسۇللار ئوينايدىكەن. بۇ گۈزەل يايلاقتا قاسىم ئىسىملىك بىر چارۋىچى بوۋاي ياشايدىكەن. ئۇ دۇتار، تەنبۇر، سۇناي چېلىشقا ئىنتايىن ماھىر ئىكەن. شۇڭا، ئەل ـ يۇرت ئىچىدە ئابرۇيى، يۈزى چوڭ بولۇپ، گېپى گەپ، سۆزى سۆز ئىكەن. بىراق ئوتى بار يەرنىڭ سۈيى يوق، سۈيى بار يەرنىڭ ئوتى دېگەندەك، ئوغۇل پەرزەنتى يوق ئىكەن. ئۇ شامۇ سەھەرلەردە خۇداغا نالە قىلىپ:

— يېشىم يەتمىشكە يەتتى. يالغۇز ھەم كىچىك بىرلا قىزىم بار، ئېھ خۇدا! رەھىم ئەيلە، بىر ئوغۇل بەرسەڭ، ئوغۇل بالا دېگەن ئاتىنىڭ ئوڭ قانىتى، ئوق يىلتىزى. قېرىغاندا بىر يۆلەنچۈك، ئائىلە نەسەب چىرىغىنى ياندۇرىدىغان ئۆچمەس يۇلتۇزدۇر. مەن ھازىرقى ھالىمدىن بەكمۇ بىزارمەن، بېشىمغا كۈن چۈشكەندە قانداقمۇ قىلارمەن، — دەپ يىغلاپ، نۇرغۇن يىللارنى ئۆتكۈزۈپتۇ. لېكىن بوۋاينىڭ تىلىكى ئىجاۋەت بولماپتۇ. دادىسىنىڭ نالە ـ پىغانلىرىنى، ئاھۇ زارلىرىنى ئاڭلىغان يالغۇز قىز گۈلسۈم تەڭلىك، خىجىللىق ئىسكەنجىسىدە قاپتۇ. ئۇ ئىنتايىن چېچەن، قولى چېۋەر، ئوقيا ئېتىشقا ماھىر، ئەقىللىق، ئىشچان قىز بولغاچقا، ھەر كۈنى سەھەردە ئورنىدىن تۇرۇپ ئۆي ئىشلىرىنى قىلىدىكەن. قوي، ئۆچكە، كالىلارنى بېقىپ، ھويلا ـ ئاراملارنى سۈپۈرۈپ، بىر

ئەپلىك ئاش ـ تاماقلارنى ئېتىدىكەن. بىكار بولۇپ قالسىلا ئوقيا ئېتىشنى مەشىق قىلىدىكەن. شۇنداقتىمۇ دادىسى ئۇنى: «قىز بالا دېگەن ئاجىز، ئوغۇللار قىلغان ئىشنى قىلالمايدۇ. چوڭ ئىشلار قولىدىن كەلمەيدۇ» دەپ كۆزگە ئىلمايدىكەن.

كۈنلەر ئۆتۈپ، بىر كۈنى قاسىم بوۋاي ئورۇن تۇتۇپ يېتىپ قالدى. ئۇنىڭ كېسىلى كۈندىن ـ كۈنگە ئېغىرلىشىپ هايات شامىدىن ئۈمىد قالمىدى. گۈلسۈم قىز كۆز ياشلىرىنى يامغۇردەك تۆكۈپ، دادىسىنىڭ ئەتراپىدا پەرۋانىدەك ئايلىنىپ كېتەلمەي باقتى. ئۇ بىر سەھەرلىكى دادىسىنىڭ قېشىغا كىرىپ چوڭقۇر تەزىم قىلىپ مۇنداق دېدى:

— دادا، مەن يايلاقتىكى يېقىن ـ يورۇق ھەقەمسايىلاردىن ئۇقۇشۇپ كەلدىم. مىرئەغزەم دېگەن بىر داڭلىق تېۋىپ بارمىش، ئۇنىڭ دورىلىرى بەكمۇ شىپالىق ئىكەن. مەن شۇ زاتنى ئىزلەپ باراي دەيمەن.

— جېنىم بالام، — زەئىپ ئىڭرىدى قاسىم بوۋاي، — ئۇ زاتى مۇبارەكنىڭ روزغارىغا بېرىش ئۈچۈن نەچچە تاغ، قانچىلىغان جىلغا، ئېگىز داۋانلاردىن ئېشىپ 4 ـ 5 كۈندە ئاران بارغىلى بولىدۇ. سىز ئوغۇل بالا ئەمەس، قىز بالا تۇرسىڭىز.

— جېنىم دادا، «ئوغۇل ـ ئوغۇل» لا دەيدىكەنسىز ئادەمنى خجىل قىلىپ، — گۈلسۈم قىز راستتىنلا ئىزا تارتقانىدى، — ئوغۇل بالا قىلغان ئىشنى قىز بالا قىلالامدىكەن؟ قىز بالا قىلغان بەزى ئىشلارنى ئوغۇللارنىڭ قىلالىشى ناتايىن.

— ئاغزىدا دېمەك ئاسان، — قاسىم بوۋاي بېشىنى كۆتۈرۈپ، — يولدا «بۆرە جىلغىسى» دېگەن بىر چاتقاللىق جاڭگال بار. ئۇ يەردىن مەن ـ مەن دېگەن تۈمەنلەپ قىرلاقلىق نوچى ئەرلەرمۇ ئۆتەلمەيدۇ.

— ئوبدان دادا، دۇنيادا بۇرۇن يول يوق ئىكەن، ئادەملەر مېڭىپ نۇرغۇن يوللارنى ياساپتۇ، مەنمۇ ئەقىل بىلەن بىرەر يول تاپىمامدىم.

— ياﺋاللا سىزنىڭ بۇ جاھىللىقىڭىز، تەرسالىقىڭىز ئاخىر بىر كۈنى سىزنى نابۇت قىلىدۇ.

— دانا دادا، بۇ جاھىللىق، تەرسالىق ئەمەس، بەلكى ئىرادە ۋە پاكىز ئېتىقادتۇر!

گۈلسۇم قىز سۆزلە ـ سۆزلە ئاخىر دادىسىنى قايىل قىلدى. ئۇ يول تەييارلىقىنى قىلىپ، بوينىغا ئوقيا، يېنىغا شەمشىرىنى ئاستى. بوز ئېتىغا ئوزۇق ـ تۈلۈكنى ئارتىپ «كۆدە قۇلاق» دەيدىغان زېرەك ئېتىنى باشلاپ يولغا چىقتى. ئۇ بوز ئېتىنى قاترىتىپ قويۇق ئورمان، دەھشەتلىك چاتقاللارنى بېسىپ بىر كۈن يول ماڭدى. قاراڭغۇ چۈشۈش بىلەن بىر قورام تاش ئاستىدا تۈنىدى. بوز ئات ئورە تۇرۇپ مۈگدىسە، زېرەك كۆدە قۇلاق ئەتراپنى كۆزىتەتتى. كېچىدىكى تۈن تولىمۇ جىمجىت بولۇپ، بۇنداق تىمتاسلىقتىن ئادەمنىڭ تېنىنى سۈر باساتتى. گۈلسۇم قىز شەمشىرىنى بېشىغا قويۇپ، ئوقياسىنى مەيدىسىگە بېسىپ دەم ـ دۇم، دەم ـ دۇم ئۇخلايتتى. كۆدە قۇلاق «خاتىرجەم بول، مەن بار» دېگەندەك قۇلاقلىرىنى شىڭتايتىپ يىراقلارغا نەزەر تاشلايتتى.

گۈلسۇم قىز ئەتىسى سەھەردە سەپىرىنى يەنە داۋام قىلدى. ئۇ ئەمدىلىكتە چوققىلىرى ئاپپاق قار، باغىرلىرى يېشىلزارلىق ھەيۋەت تاغلار ئارىسىدا كېتىپ باراتتى. بۇلۇتلارنى تېشىپ ئۆتكەن چوققىلار، تىك چېقىلار، باش قايغۇدەك ھاڭلار قىزنى ھەرگىز قورقۇتالمىدى. چۈنكى ئۇنىڭ قەلبى دادىسىنى ساقايتىشتىن ئىبارەت ئۇلۇغ ئىستەك، يانماس ئىرادە، بۈيۈك

ئېتىقاد يالقۇنلىرى بىلەن يېلىنجايتتى. ئۇ ئەتراپتا بىرەر شەپە ئاڭلانغان هامان ئوقياسىنى بەتلەپ تەييار تۇراتتى.

تاغ قىزى گۈلسۈم ئۈچىنچى كۈنى كېچىدە «بۆرە جىلغىسى» دەيدىغان چاتقاللىق جاڭگالغا يېتىپ كېلىپ، بىر دۆڭلۈك ئۈستىنى قونالغۇ قىلىش ئۈچۈن ئاتتىن چۈشتى. ئۇ ئېتى بىلەن كۆدە قۇلاقنىڭ قورسىقىنى تويغۇزغاندىن كېيىن، دۆڭلۈك ئۈستىدىكى توپ ـ توپ، غۇژمەك ـ غۇژمەك تىكەنلىك قىياقلارنى ئايلاندى. بۇ قىياقلارنىڭ كۆپلىرى شاراقشىپ قۇرۇپ كەتكەن بولۇپ، پەقەت بۇ يىل ئۈنۈپ چىققانلىرى ياشىرىپ تۇراتتى. هايال ئۆتمەي ئاي تۇغۇپ تاغ ـ تۇرالار سۈس هاۋا رەڭ نۇرغا چۆمۈلدى. ئەمما بىردىنلا بۆرىلەرنىڭ ئەنسىز هۇۋلاشقان ئاۋازلىرى ئارقا ـ ئارقىدىن ئاڭلىنىپ، پەسلىكتە جۈپ ـ جۈپ ئوت چوغلىرى يالتىراپ كۆپىيىشكە باشلىدى. بۇ بارغانسېرى يېقىنلىشىۋاتقان ئاچ بۆرىلەرنىڭ سان ـ ساناقسىز كۆزلىرى ئىدى. ئەلھەزەر بۆرىلەر بىردەمدىلا قىزنى قورشاپ ئارىغا ئېلىۋالدى. كۆدە قۇلاق قاۋاپ داپشىنىپ ئۇلارغا ئېتىلماقچى بولاتتى. بوز ئات يەر چاپچىپ خارتىلداپ كىشنەيتتى.

ــ كۆدە قۇلاق بارما، مەن سېنى بارما دەۋاتىمەن، ــ ۋارقىرىدى قىز، ــ ئۇلار سېنى تالاپ، بىردەمدىلا خام تالاش قىلىۋېتىدۇ.

گۈلسۈم ئوقياسىنىڭ كىرىچىنى تارتىپ، يېقىنلاپ كېلىپ قالغان بۆرىلەردىن بىرقانچىنى ئارقا ـ ئارقىدىن ئېتىپ يەر چىشلەتتى. ئۇ قورققانسېرى، هوددۇققانسېرى، جىددىيلەشكەنسېرى ئادەمنى پالاكەت باسىدىغانلىقىنى ئويلاپ، قىلچە تەمتىرىمەستىن ئەقىل بىلەن ئىش قىلماقتا ئىدى. گۈلسۈمگە خىرىس قىلىپ كەلگەن بۆرىلەر بېشىغا، قورسىقىغا،

كۆكرىكىگە سانجىلغان ئوقتىن بىر ـ بىرلەپ يىقىلىشقا باشلىدى. ئۇنىڭ بىرمۇ ئوقى زايە كەتمەيتتى. بىراق غالجىرلاشقان بۆرىلەر ھەدەپ گۈلسۈم قىزغا ھۇجۇم قىلاتتى. تەرلەپ كەتكەن گۈلسۈم قىز بۆرىلەر بىلەن بىر ھازا جەڭ قىلىپ، ئاخىر ئۇنىڭ ئوقى تۈگەپ كەتتى. خەتەر مۇشۇنداق قاش ـ كىرپىك ئارىلىقىدا قالغان ئىنتايىن زىل پەيتتە، قىزنىڭ كۆڭلىدىن ئاتا ـ بوۋىلىرىنىڭ «بۆرە ئوت ۋە يورۇقلۇقتىن قورقىدۇ» دېگەن ئاقىلانە سۆزلىرى لىپپىدە قىلىپ ئۆتتى ـ دە، ئىتىغا ۋارقىرىدى.

— كۆدە قۇلاق قاۋا، بار ئاۋازىڭ بىلەن داپشىنىپ قاۋا! ئۇلارغا قورقاق سال!

ئىت دۆڭ ئۈستىدە ئايلىنىپ يۈرۈپ راسا ۋەھىمە سېلىۋاتقان پەيتتىن پايدىلانغان قىز بىر جۈپ تاشنى ئېلىپ، كۆڭلىكىنىڭ ئېتىكىدىن يىرتىۋالغان كىچىككىنە لاتىنى تاشنىڭ ئارىسىغا ئېلىپ تۇرۇپ، ئىككى تاشنى بىر ـ بىرىگە تېز ھەم قاتتىق سۈركىدى. ئۇ بىر چەتتىن لاتىغا پۈۋلىگەچ، قاتتىق ۋارقىراپ بۆرىلەرگە تەھدىت سېلىپ تۇردى. بۇ ئەسنادا ئىككى بۆرە ئاتقا ئېتىلىپ كەلگەنىدى، بوز ئات ئارقا ئىككى پۇتىنى ئېگىز كۆتۈرۈپ، شۇنداق تەپتىكى، ئىككى بۆرە كاڭشىغىنىچە پەستىكى ئېدىرلىققا دومىلاپ چۈشۈپ كەتتى. ئاڭغۇچە گۈلسۈم ئوت ئالغان لاتىنى دۈپىدۈگىلەك قامغاق ئاستىغا قويۇشى بىلەن قامغاق لاپپىدە ئوت ئالدى. قىز ئۇنى قۇرۇپ شاراقشىپ كەتكەن بىر تۈپ قىياق ئوتتۇرىسىغا تاشلىغانىدى، ئەتراپنى قىپقىزىل ئوت يورۇقى قاپلاپ، قىياق پاراسلاپ كۆيۈشكە باشلىدى. بۆرىلەر ئوتتىن قورقۇپ دەرھال چېكىنىشتى. لېكىن گۈلسۈم دۆڭ ئۈستىدىكى بىرقانچىلىغان تىكەنلىك زاغزاغ، قوڭغۇراقتىكەن،

قورۇپ كەتكەن قىيىن تۆپىلىرىگە ئوت تۇتاشتۇرۇۋەتتى. چاتقاللىق جاڭگال دەپ ئاتالغان بۆرە جىلغىسى لاۋۇلداپ كۆيۈۋاتقان توپ - توپ ئوت يالقۇنلىرىدا قىپقىزىل يورۇپ كەتتى. گۈلسۈم كۆيۈۋاتقان چۇچۇلىلارنى شىددەت بىلەن ئاتقىلى تۇردى. قورقۇپ كەتكەن بۆرىلەر ئۆلە - تىرىلىشىگە قارىماي قاياقلارغىدۇر غايىب بولۇشتى.

گۈلسۈم قىز سەپىرىنىڭ تۆتىنچى كۈنى كاتتا ئۆلىما تېۋىپ مىرئەغزەم ھەزرەتتىن تېگىشلىك دورا - دەرمەكنى ئېلىپ ئارقىسىغا ياندى. تاغلار، دەريالار، ئورمانلار، گۈل - گىياھلار ئەقىللىق، دانا، باتۇر قىزغا خۇش تەبەسسۇم بىلەن تەزىم قىلىشتى.

گۈلسۈمنىڭ ئېلىپ كەلگەن دورىسى قاسىم بوۋايغا شىپا بولۇپ ساقايدى. ئىشتىھاسى ئېچىلىپ، غىزانىمۇ ئوبدان يەيدىغان بولدى. قىزنىڭ باتۇرلۇقىدىن، ئەقىل - پاراسىتىدىن، تەدبىر - چارىلىرىدىن رازى بولغان بوۋاي ئاپىرىن تەھسىن ئوقۇپ:

— قىزىم، مېنىڭ ئەقلىم چالا ئىكەن. ئوغلۇم يوق دەپ زارلىنىپ يۈرۈپتىمەن، خۇدا مېنى كەچۈرگەي! ئەمدى مېنىڭ كۆڭلۈم توق بولدى، بىلمەپتىكەنمەن، قىز بالىمۇ بالىكەن، ھەتتا ئوغۇل بالىلاردىن قېلىشمايدىكەن، — دېدى.

گۈلسۈمنىڭ قەيسەرلىكىدىن يايلاقتىكى چوڭلارمۇ ئاپىرىن ئوقۇشتى. شۇنىڭدىن تارتىپ، كىشىلەر ئۇنى پاراسەتلىك باتۇر قىز دەپ ئاتىشىدىغان بولدى! ...

... ھەمراھ بوۋاي ھېكايىسىنى سۆزلەپ بولۇشى، يۇلتۇزئاي، چولپانئاي، قۇندۇزئايلار تىن ئېلىشىپ، بىر - بىرىگە قاراپ كۈلۈپ قويۇشتى. چۈنكى ئۇلار ھېكايىدىن چوڭقۇر مەنىلەرنى چۈشەنگەنىدى، بولۇپمۇ گۈلسۈم قىزنىڭ بۆرىلەر توپىنى ئەقىل -

پاراسەت بىلەن يېڭىپ دادىسىنى ئۆلۈمدىن قۇتقۇزۇشتەك شىجائىتىگە قايىل بولۇشتى.

— ھەمراھ بوۋا، — دېدى يۇلتۇزئاي تەسىرلەنگەن ھالدا، — گۈلسۈم ھەقىقەتەن پاراسەتلىك باتۇر قىز دېگەن نامغا لايىق ئىكەن.

— ئۇ نامىلا كۇپايە قىلمايدۇ قىزلىرىم، — بوۋاي مەنە بىلەن كۈلۈپ قويدى، — ئۇ تېخى «چارە - تەدبىرلىك دانا قىز» دېگەن شەرەپكىمۇ ئېرىشكەن.

— قانداق بولۇپ؟ — سورىدى چولپانئاي.

— سۆزلەپ بېرىڭا بوۋا؟ — قۇندۇزئايمۇ تاقەتسىزلىنىپ يېلىندى.

ھەمراھ بوۋاي قانداقتۇر بىر ئىشنى يادىغا ئالماقچى بولغاندەك ئاق ساقاللىرىنى ئوچۇملاپ بىردەم ئولتۇردى - دە، ئاندىن ھېكايىسىنى باشلىدى:

... قاسىم بوۋاي قىزى ئېلىپ كەلگەن دورىلاردىن سىھەت تېپىپ ساقىيىپ كەتكەن بولسىمۇ، بىراق بىر يىل ئۆتكەندە ئۇنىڭ كېسىلى قايتىدىن قوزغىلىپ، ئورۇن تۇتۇپ يېتىپ قالدى. بۇ قېتىم ئۇنىڭ كېسىلى ناھايىتى ئېغىر بولۇپ، كۆرسەتمىگەن تېۋىپ قالمىدى. باتۇر قىز گۈلسۈم بوز ئېتىغا مىنىپ، كۇدە قۇلاق دېگەن ئىتنى ئەگەشتۈرۈپ، يوللاردا بۆرىلەر بىلەن ئېلىشىپ، ئاجايىپ مۈشكۈلاتلارنى يېڭىپ تېۋىپ مىرئەغزەم ھەزرەتنى بىللە ئېلىپ كەلدى. تېۋىپ قاسىم بوۋاينىڭ تومۇرىنى تۇتۇپ، ئۇزۇن تىڭشاپ ئولتۇرغاندىن كېيىن مۇنداق دېدى:

— سىلىنىڭ بۇ قېتىمقى كېسەللىرىگە ھەرقانداق دورا شىپا بولالمايدۇ. پەقەت ئەرەب ئېلىدىكى زەمزەم سۈيىنى ئىچسىلە، سەللىمازا ساقىيىپ كېتىدىلا.

قاسىم بوۋاينىڭ كونا كېسىلى قوزغىلىپ يەنە كوتۇلداشقا باشلىدى:

— شەھەر ئاتلاپ قىلىدىغان بۇنداق ئۇزۇن سەپەرگە ئوغۇل بالا بولسا ياخشى بولاتتى. قىز بالا دېگەن ئاجىز، ئۇنى ئەۋەتىپ قويۇپ، خاتىرجەم بولغىلى بولامدۇ؟

ئىشىك سىرتىدا ھەممىنى ئاڭلاپ تۇرغان گۈلسۇم دادىسىنىڭ يېنىغا كىرىپ چوڭقۇر تەزىم قىلىپ:

— جېنىم دادا، يەنە كونا گەپنى قىلغىلى تۇردىڭىزغۇ، — گۈلسۇم دومسىيىپ قالغاندەك قىلاتتى، — ئوغۇل بالا قىلغان ئىشنى قىز بالىمۇ قىلالايدۇ. ۋاپادار بوز ئېتىم بار، سادىق كۆدە قۇلاق بار. مەن چوقۇم ئەرەب ئېلىگە بېرىپ زەمزەم سۈيىنى ئەكېلىمەن.

— ئوبدان قىزىم، — قاسىم بوۋاي كۆزلىرىگە ياش ئالدى، — بۇ قېتىمقىسى بۇرۇنقى سەپەرلىرىڭىزگە ھەرگىز ئوخشىمايدۇ. بىرقانچىلىغان شەھەر، چۆل - جەزىرىلەرنى بېسىپ ئۆتىدىغان گەپ، خەتىرى ئىنتايىن كۆپ.

— ھەرقانچە خەتەر بولسىمۇ، بۆرە توپلىرىدەك بولا.

— ھەي نادان بالا، بۇ قېتىمقى ئاپەت بۆرىلەردىن ئەمەس، ئادەم بۆرىلەردىن كېلىدۇ. چۆللەردە قاراقچى، بۇلاڭچىلار بار، چوڭ شەھەرلەردە بولسا لۈكچەك، ئوغرى، ئالدامچىلار تولا، سىز بولسىڭىز چىرايلىق، سۈباتلىق، كۆزى ئېچىلمىغان قىز تۇرسىڭىز، مەن سىزدىن ئەنسىرىمەيدىم.

— تولا ۋايىم يېمەڭ دادا، ئۇنىڭغا ئامالىم بار.

— قانداق ئامالىڭىز بار؟

— جىندەك تەخىر قىلىپ تۇرۇڭ.

گۈلسۇم ئىچكىرىكى ئۆيگە كىرىپ كېتىپ ئەرەنچە ياسىنىپ

چىقتى. قاسىم بوۋاي چاچلىرىنى سەرپۇش تۇماق ئىچىگە بىر ئەپلەپ يوشۇرغان، بەقەسەم تون ئۈستىدىن پوتا باغلىغان، ئىنچىكە بۇرۇتلۇق «يىگىت» نى تونۇيالمايلا قالدى. گۈلسۇم قىز شۇنداق ياسانغانكى، ھەتتا ئۇ نوچى پالۋانلاردەك بوينىغا ئوقياسىنى ئۆتكۈزۈپ، يېنىغا غىلاپلىق شەمشەر ئاسقانىدى. قاسىم بوۋاي بۇ «چىرايلىق يىگىت» تىن ھېچقانداق ئېيۋەن تاپالمىدى. شۇنداقتىمۇ ئۇنىڭغا زەن قويۇپ قارىغاندا، ئۇنىڭ نازۇك بويۇنلىرىدىن، ئايدەك چېھرىدىن، قارلىغاچ قانىتىدەك قاشلىرىدىن، بوتا كۆزلىرىدىن قىزلارغا تالىق بىر خىل لاتاپەت يېلىنجاپ تۇراتتى. ئىككى ئويلۇق بولۇپ قالغان قاسىم بوۋاي بىر ھازا سۈكۈتتىن كېيىن، قولىنى كۆتۈرۈپ دۇئا بەردى.

قامەتلىك يىگىت سىياقىغا كىرگەن گۈلسۇم ۋاپادار ئېتىغا مىنىپ، سادىق كۈچۈكى كۈدە قۇلاقنى ئەگەشتۈرۈپ، دادىسى بىلەن خوشلاشتى - دە، ئەرەب ئېلىگە يول ئالدى. قىزنىڭ بوز ئارغىمىقى ئىنتايىن ئۇچقۇر ئات بولۇپ، چۆل - جەزىرىلەردە نەچچە كۈنلۈك يولنى كۆزنى - يۇمۇپ ئاچقۇچە باستى. گۈلسۇم جىدەللەپ ماڭا - ماڭا توققۇزىنچى كۈنى چۈش پېشىن بىلەن ئەرەب ئېلىگە يېتىپ كەلدى. ئۇنىڭ قورسىقى ئېچىپ كەتكەنىدى. شۇڭا بىر ئاشپۇزۇلنىڭ ئالدىغا كېلىپ، ئېتىنى موما ياغاچقا باغلاپ تۇرۇشى، ئاشپۇزۇلدىن زەرباب تون كىيگەن، سۇس ھاۋا رەڭ سەللىسىگە قىزىل ياقۇتتىن كۆز بېكىتىلگەن، ئۇچلۇق تۇمشۇقى ئۈستىگە قايرىلغان ئەرەب ئۆتۈكىمۇ ھەرخىل جاۋاھىراتلار بىلەن بېزەلگەن بىر يىگىت چىقىپ كەلدى. ئۇ ئەسلىدە ئەرەب ئېلى پادىشاھىنىڭ ئوغلى ۋەلى ھاسان شاھزادە ئىدى. شاھزادە ۋەلى ھاسان گۈلسۇمگە تىكىلگىنىچە قاققان

قوزۇقتەك تۇرۇپ قالدى. سۈت قۇيۇپ ياقىقان توقاچتەك ئاپپاق يۈزلىرىگە ياراشقان قاپقارا قەلەم قاشلىرى، ئىقىپ چۈشكەن ناۋات سۈيىدەك سۈزۈك قاڭشارلىق بۇرۇنلىرى، جۈپ ياقۇتتەك لەۋلەر، يۇمران ئىڭەكلەر، چوغدەك يانغان شەھلا كۆزلەر، بىر پەرى پەيكەرنى ئەسكە سالسا، بىراق ئۇنىڭ ئەرچە سىن - سىپاتى، ئاسقان ئوقيا، شەمشەرلىرى، ئىنچىكە بۇرۇتى ئەر ئىكەنلىكىدىن دېرەك بېرىپ تۇراتتى.

«بۇ ئەرمۇ ياكى قىزمۇ؟ ئەگەر قىز بولسا نېمە ئۈچۈن ئەرەنچە ياسىنىۋالدى. بۇنىڭدا چوقۇم بىر سىر بار. قىز بولسا كۆڭلۈمنى ئىزهار قىلاي، ئەر بولسا دوست بولۇپ قالاي ... » دېگەن ئوي كۆڭلىدىن كەچكەن ۋەلى هاسان گۈلسۈمنىڭ قېشىغا بېرىپ سالام بەردى. ئاندىن نەدىن كەلگەنلىكىنى سورىدى. گۈلسۈممۇ ئۆزىنىڭ نەدىن ۋە نېمە ۋەجىدىن كەلگەنلىكىنى ئېيتىپ بېرىشى، شاهزادە بىردىنلا جانلىنىپ كەتتى. چۈنكى، يىراقتىن كەلگەن بۇ مېهماننىڭ زىل ۋە يېقىملىق ئاۋازى ئۇنىڭ گۇمان تۇگۇچلىرىنى يەشكەندەك بولدى.

— زەمزەم سۈيى دەمسىز؟ مەن قانچىلىك لازىم بولسا تېپىپ بېرەي، بىزنىڭ ئوردىدا بار، — دېدى شاهزادە گۈلسۈمگە زەن سېلىپ، — سىز يىراقتىن كەلگەنىكەنسىز، دىيارىمىزدا بىرنەچچە كۈن ئويناپ كېتىڭ.

— هىممىتىڭىزگە تەشەككۈر، — گۈلسۈم سۆسقىنە ئېگىلدى، — سىزنىڭ تەكلىپىڭىزنى قانداقمۇ رەت قىلاي.

گۈلسۈم شاهزادىنىڭ يول باشلىشى بىلەن يېقىن ئارىدىكى بىر سارايغا چۈشۈپ، ئات ۋە كۆدە قۇلاقنى ئات باقارغا تاپشۇردى. مېهماننىڭ قىز ياكى ئەرلىكىنى بىلىش تەقەززاسىدا قالغان شاهزادە ۋەلى هاسان ئەتىسى كەچتە گۈلسۈمنى

مېھماندارچىلىقتا تەكلىپ قىلىپ ئوردا ئارامگاھىغا ئېلىپ كەلدى. ئۇ زىياپەت ھازىرلاپ شاراپ ئىچىشكە تەكلىپ قىلدى. «ئەگەر شاراپ ئىچىپ مەست بولۇپ قالسام، قىز ئىكەنلىكىمنى بىلىۋالسا قانداق قىلارمەن؟» دېگەن غەم كۆڭلىدىن كەچكەن گۈلسۈم بوز ئاتنىڭ قۇلىقىغا پىچىرلىغانىدى. ئەقىللىق ئات بېشىنى توختىماي لىڭشىتىپ: «خاتىرجەم بول، لېكىن مېنى دېرىزە تۈۋىگە باغلاپ قويۇپ، دېرىزە قاپقاقلىرىنى ئېچىۋەت» دېگەندەك بېشارەت بەردى. گۈلسۈم خۇشاللىقىدا ئېتىنىڭ بوينىنى قۇچاقلاپ:

— بولىدۇ ۋاپادارىم، سېنىڭ دېگىنىڭدەك قىلىمەن، — دېدى.

زىياپەت باشلانغان ھامان گۈلسۈم دېرىزىنىڭ قېشىغا كېلىپ ئولتۇردى. شاھزادىنىڭ بىرقانچە دوستلىرى ۋە نازىنىن كېنىزەكلەرمۇ ھازىر بولدى. تۈرلۈك - تۈرلۈك شاھانە نازۇ نېمەتلەر، ئالىي تاماقلار ئارقا - ئارقىدىن كەلتۈرۈلدى. ئاندىن قىممەت باھالىق شارابلار ئۇستەللەرگە تىزىلدى. تاماقلار يېيىلىپ قورساقلار ئەستەرلەنگەندىن كېيىن، شاراب ئىچىش باشلاندى. ئۇلار ھەر قېتىم چۈرقىرىشىپ ، ئالىتاغىل ۋارقىرىشىپ، قەدەھلەرنى كۆتۈرگەن ھامان دېرىزە تۈۋىدە تۇرغان ئات ساراي ئىچىگە قاراپ قاتتىق كىشنەيتتى. چۆچۈپ كەتكەن شارابخورلار بىردەك دېرىزە تەرەپكە قارىشى گۈلسۈم قەدەھتىكى شارابنى چاي قاچىسىغا تۆيىدۇرماي قۇيىۋېتەتتى ياكى ئاتقا ۋارقىرىغان بولۇپ باغقا تۆكۈۋېتەتتى. ئاندىن قەدەھنى ئاغزىغا تەگكۈزۈپ تۇرۇۋالاتتى. ئۇلار ھەر قېتىم ئۇپۇر - تۇپۇر بولۇشۇپ، قەدەھ كۆتۈرگەندە ئات ۋەھىمىلىك كىشنەيتتى. بۇ پۇرسەتتە گۈلسۈم قەدەھتىكى شارابنى يىغىشتۇرۇپ بولاتتى. بىر

چاغدا شاھزادە مەست بولۇپ يېتىپ قالدى. ئەمما ھېچنېمە بولمىغان قىز شۇ كېچىسى ۋەلى ھاسان ياتقان مېھمانسارای ئۆيىدە قوندى. ئەتىسى ئەتىگەندە، مەستلىكى تېخى يانمىغان شاھزادە ئورنىدىن ئاران تۇرۇپ قارىۋىدى، گۈلسۈم ئەينەك ئالدىدا يۈزىنى لۆڭگىدە سۈرتۈۋاتاتتى. ئۈستەل ئۈستىدە سوپۇن، ئۈستىرا تۇراتتى. ھېچنېمىنى سېزەلمىگەن شاھزادە ھەيران بولۇپ سورىدى:

— نېمە قىلىۋاتىسىز؟

— ساقىلىمنى ئالدىم، — دېدى ئۇ تەمتىرىمەي، — مەن ھەر كۈنى ئەتىگەندە ساقىلىمنى قىرىپ تۇرىمەن.

— ساقىلىڭىز ئۆسكەندەك ئەمەس ئىدىغۇ.

— مېنىڭ ساقىلىم بەك شالاڭ، كۆزگە ئانچە چېلىقمايدۇ، ئەمما بۇرۇتۇم قويۇق.

بىرىنچى قېتىملىق سىنىقى مەغلۇپ بولغان شاھزادە گۈلسۈمنى قايتا سىناپ بېقىش ئۈچۈن كۆلگە سۇغا چۆمۈلۈشكە تەكلىپ قىلدى. بۇ قېتىمقى سىناقنىڭ خېلىلا ئېغىر ھەم خەۋپلىك ئىكەنلىكىنى بىلگەن گۈلسۈم سادىق ھەمراھى كۆدە قۇلاقنىڭ قۇلىقىغا پىچىرلىغانىدى. كۈچۈك ئۈچ قېتىم قاۋاش ئارقىلىق، «سېنىڭ دېگىنىڭدەك قىلىمەن» دېگەن بېشارەتنى بەردى. شاھزادە بىلەن گۈلسۈم ئوردا بېغىدىكى پىنھان كۆل قېشىغا كەلگەندە قىز مۇنداق دېدى:

— شاھزادە، سىز بالدۇر چۈشۈڭ، چۈنكى مەن سۇنىڭ چوڭقۇرلۇقىنى بىلمەيمەن، شۇڭا ئارقىڭىزدىن چۈشەي.

— بولىدۇ، — دېدى شاھزادە كىيىملىرىنى سېلىۋېتىپ، — مېھماننىڭ تەلىپىگە ماقۇل دېمىسەم بولامدۇ؟

شاھزادە كىيىملىرىنى سېلىپ ئىچ كىيىمى بىلەنلا قېلىشى

كۆدە قۇلاق ئۇنىڭ كۆڭلەك، ئىشتان، شاھانە تونلىرىنى چىشلەپ ئېلىپ قاچتى. شاھزادە «ھاي توختا لەنتى» دېگىنىچە ئۇنىڭ كەينىدىن قوغلاپ كەتتى. ئوردا بېغىنىڭ ئەڭ يىراق يېرىگە تاشلىۋەتكەن كىيىملىرىنى كىيىپ قايتىپ كەلگۈچە، سۇغا چۈشۈپ بولغان گۈلسۈم كىيىملىرىنى كىيىپ، شەمشەر ئېسىلغان كەمەرلىرىنى باغلاپ، چاچلىرىنى سەرپۇش تۇماق ئىچىگە يوشۇرۇپ، كۆل قىرىدا تۇراتتى. ئۇنىڭ قىز ياكى يىگىتلىكىنى يەنىلا بىلەلمىگەن شاھزادە بىر كېچە ئويلىنىپ، ئەتىسى ئۇنى ئوقيا ئېتىشقا تەكلىپ قىلدى. ئۇ خىيالىدا «قىز بالا دېگەن ھەرقانچە قىلغان بىلەنمۇ ئەرلەردەك كىرىچنى قاتتىق تارتىپ، ئوقيا ئوقىنى يىراققا يەتكۈزەلمەيدۇ» دېگەنلەرنى ئويلاپ، بىپايان يېشىل يايلاققا كەلدى. شاھزادە كىرىچنى بار كۈچى بىلەن تارتىپ ئاق دەستىلىك ئوقنى ئاتقانىدى. ئوق يايلاقنىڭ ئەڭ چېتىدىكى كۆل بويىغا چۈشتى. ئەمما گۈلسۈمنىڭ قىزىل دەستىلىك ئوقى كۆل ئوتتۇرىسىدىكى دۆمچەك بىر ئارالچاققا چۈشتى. خىجىللىقتىن قىزىرىپ كەتكەن ۋەلى ھاسان:

— ئەپۇ قىلىڭ بۇرادەر، مەن ئۆزۈمنى چاغلىماي شىلتىڭ ئېتىپتىمەن، سىز ئوقيا ئېتىشنىڭ ماھىرى ئىكەنسىز ئەمەسمۇ! — دېدى. شۇنداقتىمۇ ئۇ، يىقىلغان چېلىشقا تويماپتۇ، دېگەندەك گۈلسۈمنى ئاخىرقى قېتىم سىناپ باقماقچى بولدى.

— قاراڭ بۇرادەر، — دېدى ۋەلى ھاسان ئاسمانغا قاراپ، — ئاشۇ ئۇچۇپ كېتىۋاتقان ياۋا ئۆردەكنىڭ قەيىرىنى نەقلەي؟

— كۆزىنى؟

— ھەزىل قىلماڭ، كۆزىنى قانداقمۇ نەقلىگىنى بولسۇن؟

— ئەمىسە قاراڭ!

گۈلسۈم كىرىچنى تارتىپ ئوق ئۈزگەنىدى. ياۋا ئۆردەك

پالاقلاپ يەرگە چۈشتى. يۈگۈرۈپ يېتىپ كەلگەن شاھزادىنىڭ ئاغزى ئوچۇقلا قالدى. چۈنكى يا ئوقى ئۆردەكنىڭ ئوڭ كۆزىدىن كىرىپ سول كۆزىدىن چىقىپ كەتكەنىدى. ئۆزىنىڭ ئامال ـ چارىلىرىنىڭ بەربات بولغانلىقىدىن ئىزتىراپقا چۈشكەن ۋەلى ھاسان تولىمۇ ئوسال بولغان ھالدا چىش يېرىپ بىر نېمە دېيەلمىدى. ئەمما گۈلسۈم ئۈنى تەڭلىك ئىسكەنجىسىدىن قۇتقۇزۇپ ئېغىز ئاچتى:

— ھۆرمەتلىك شاھزادەم، ئەمدى ماڭا ئىجازەت بېرىڭ. دادامنىڭ ئېغىر بىتاپ ئىكەنلىكى ئۆزىڭىزگە ئايان. دەرھال قايتمىسام بولمايدۇ.

بىئامال قالغان شاھزادە بىر كوزا زەمزەمنى بېرىپ گۈلسۈمنى يولغا سالدى، قىز شەھەردىن چىقىپ خېلى ماڭغاندىن كېيىن ئۈستىدىكى ئەرەنچە كىيىملىرىنى خۇرجۇنىغا سېلىۋېتىپ، ئۆزىنىڭ كىيىملىرىنى كىيىپ ياسىنىپ، چاچلىرىنى ئۆزۈن قويۇۋېتىپ، بوز ئارغىمىقىغا مىندى. ئۇ يولدا كېتىۋېتىپ خۇشاللىقىدا كۈدە قۇلاق ئېيتىنى ئەركىلىتىپ:

— ھەر نېمە بولسا ئەرەب ئېلىگە ساق ـ سالامەت بېرىپ، يەنە ئامان ـ ئېسەن ياندۇق، ئويناڭ كۈچۈكۈم ئويناڭ، ـ دەپ كېتىۋاتقاندا، بىر توپ ئىشلەمچىلەرگە ئۇچراپ قالدى. ئۇلار قىزنىڭ گۈزەل لاتاپىتىگە ھەيران قېلىپ، قاراۋەرگەچكە بوينى بىر ياققا قىڭغىر بولۇپ قېلىپ، زادىلا رۇسلىيالمىدى. ئۇلار ئەرەب ئېلىگە كىرگەندىن كېيىن كىشىلەر ھەيران قېلىپ:

— سىلەرنىڭ بوينۇڭلارغا نېمە بولغان؟ ھەممىڭلارنىڭ ئوخشاشلا قىڭغىرغۇ؟ — دەپ سوراشتى. ئىشلەمچىلەر سىڭايان قارىغىنىچە:

— بىز يولدا كېتىۋېتىپ شۇنداق گۈزەل ساھىبجامال بىر

قىزنى ئۇچراتتۇق. ئۇ بوز ئارغىماقنى مىنىپ، ئىتنى ئەركىلىتىپ «ئەرەب ئېلىگە ساق ـ سالامەت بېرىپ، يەنە ئامان ـ ئېسەن ياندۇق. ئويناڭ كۈچۈكۈم ئويناڭ» دەپ كېتىۋاتىدۇ. بىز ئۇنىڭغا قاراۋېرىپ، بويۇنلىرىمىز مۇشۇنداق قىڭغىر بولۇپ قالدى، ـــ دېيىشتى.

بۇ ئىشتىن خەۋەر تاپقان شاھزادە پېشانىسىگە شاپىلاقلاپ:

ـــ ھەي ئېسىت، ئەسلىدە ئۇ قىز بالا ئىكەن ئەمەسمۇ، ئۇ نېمىدېگەن چارە ـ تەدبىرلىك، ئەقىل ـ پاراسەتلىك دانا قىز ـ ھە؟ دەرھال قوغلاڭلار! ـــ دەپ چاپارمەنلەرگە پەرمان چۈشۈردى. بىراق گۈلسۈمنىڭ بوز ئارغىمىقى قىرىق كۈنلۈك يولنى بىر كۈندە باسقاچقا، قوغلىغۇچىلار ئۇنىڭ ئارقىسىدىن قوغلاپ سايىسىنىمۇ تۇتالمىدى. گۈلسۈم ئۆيىگە بىخەتەر قايتىپ كېلىپ دادىسىغا زەمزەم سۈيىنى ئىچۈرگەنىدى. قاسىم بوۋاي دەرھال ئەسلىگە كېلىپ، ئورنىدىن تۇرۇپ كەتتى. ئۇ كۆزىگە ئىسسىق ياش ئالغان ھالدا:

ـــ ئوغۇل بالا قىلغان ئىشلارنى قىز بالىمۇ قىلالايدىكەن. مەن خۇدا ئالدىدا ناشۈكۈرلۈك قىپتىمەن، توۋا قىلدىم، توۋا ... ، ـــ دەپ چىن كۆڭلىدىن ئۆكۈندى. گۈلسۈمنىڭ ئەرەب ئېلىدە قىلغان ئىشلىرىدىن خەۋەر تاپقان ئادەملەر ئۇنى ئاغزى ـ ئاغزىغا تەگمەي ماختىشىپ، «چارە ـ تەدبىرلىك دانا قىز ... » دەپ نام بېرىشتى ...

... ھەمراھ بوۋاينىڭ ھېكايىسىدىن جانلانغان يۈلتۈزئاي، چولپانئاي، قۇندۇزئايلار: «مەن ياخشى ئوقۇپ، ئەقىللىق قىز بولىمەن ... »، «مەنمۇ گۈلسۈمدەك تەدبىرلىك باتۇر بولىمەن ...»، «قاراپ تۇرۇڭلار، دانىشمەن قىز بولىمىسام، زادى ... » دېيىشىپ كېتىشتى. ھەمراھ بوۋاي قاقاقلاپ كۈلۈپ كەتتى ـ دە، ساقاللىرىنى سىيپاپ تۇرۇپ مۇنداق دېدى:

— ئەگەر سىلەر ۋەزىرى ئەزەم ئابدۇل مۇلۇكنىڭ كەنجى قىزى ئەسمە ھەققىدىكى ھېكايەتنى ئاڭلىساڭلار، ئەقىل ـ پاراسەت، زېھىن ـ ئىدراك، باتۇرلۇق، دانا ـ پازىللىقنىڭ كارامەتلىرىنى راسا چۈشەنگەن بولاتتىڭلار.

— بوۋا، — قۇندۇزئاي بوۋاينىڭ قولىنى تۇتۇپ يېلىندى، — سۆزلەپ بېرىڭا.

— دوستلىرىم، — دېدى يۇلتۇزئاي، — ئەتە لاگېردا ھېكايە، ھېكمەت دۇردانىلىرىنى سۆزلەش پائالىيىتى بولىدۇ. بىز ھەمراھ بوۋامنى ھېكايە سۆزلەشكە تەكلىپ قىلايلى، ھازىر قايتىپ كېتىپ بايراقنى تاپشۇرمىساق بولمايدۇ.

— راست، — چولپانئاي دەرھاللا قوشۇلدى، — بەكمۇ جاپادا تاپقان بايرىقىمىز ئۇچىنچى بولۇپ قالسا قانداق بولىدۇ؟

— راست دەيسىلەر بالىلىرىم، — بوۋاي بىر پەس ئويلاندى، — بىر كۇنلۇك ئەجرىڭلارنىڭ شېرىن مېۋىسىنى كۆرمىسەڭلار قانداق بولىدۇ. ھازىر زاۋال ۋاقتى بولۇپ قالدى. ئۇستازلىرىڭلار ئەنسىرەپ قالمىسۇن، سىلەر قايتىش يولىنى بىلمەيسىلەر، مەن سىلەرنى ئات بىلەن ئاپىرىپ قوياي.

قىزلار «ئاھاي! ئات مىنىدىغان بولدۇق» دەپ چاۋاك چېلىشىپ كېتىشتى. ھەمراھ بوۋاي غارال ئىچىدە ئوتلاپ يۈرگەن ئىككى ئاتنى تۇتۇپ، ئېگەر ئۇستىگە كۆرپە سېلىپ تەييارلىدى. يۇلتۇزئاي بوۋاينىڭ ئارقىسىغا مىنگەشتى. چولپانئاي بىلەن قۇندۇزئاي بىر ئاتقا مىندى. بوۋاي ئۇلارغا ئات مىنىشنىڭ ئۇسۇللىرىنى ئۆگەتكەندىن كېيىن، ئوتلاقلار ئارا يىلان باغرى تولغىنىپ تۇرغان چىغىر يولغا كىرىپ كەتتى. ئەمما ۋەزىرى ئەزەم ئابدۇل مۇلۇكنىڭ كەنجى قىزى ئەسمە ھەققىدىكى ھېكايەتنى ئاڭلاشقا تەقەززا بولۇۋاتقان يۇلتۇزئاي خىياللار يىپىغا

باغلىنىپ قالغانىدى. ئۇ مۇئەللىملىرىگە ئەھۋالنى ئېيتىپ ھەمراھ بوۋاينى بۈگۈن كېچە لاگېردا قوندۇرۇپ قېلىش چارىسىنى ئويلاپ يەتكەندە، كۆڭلى ۋىلىلدە ئېچىلىپ تاتلىققىنا كۈلۈمسىرىدى ...

*　　　*　　　*

قىزىل ھەم بىنەپشە رەڭ ئېرەن ئورمانلىقى ئاستىدىكى مەخمەلدەك چىملىق ۋە ياپيېشىل سەمەنگاھىم ئۈستىگە گىلەم، پاياندازلار سېلىنغانىدى. ئۇلاردا رەت ـ رەت تىزىلىپ ئولتۇرغان قىزلار بەجايىكى چىمەنزاردىكى گۈللەرگە ئوخشايتتى. سورۇن ئالدىدا قاتمۇقات كۆرپىلەر ئۈستىدە ھەمراھ بوۋاي سالاپەت بىلەن ساقاللىرىنى بارماقلىرىدا تاراپ ئولتۇراتتى. ئۇنىڭ ئالدىدىكى پەتنۇسلار قەنت ـ گېزەك، تاتلىق ـ تۈرۈملارغا تولغان بولۇپ، ناۋات سېلىنغان چايدىن سۇس ھور كۆتۈرۈلۈپ تۇراتتى. تاغ باغرىدىكى ئاپپاق چېدىرلار ئاققۇلارنى ئەسكە سالاتتى. لاگېر پائالىيىتىگە چىققان قىزلار ئوتتۇرا مەكتىپىنىڭ ئوقۇتقۇچى ـ ئوقۇغۇچىلىرى ھېكايە سۆزلەش سورۇنىغا توپلانغانىدى. گۈلەن دەريا ۋادىلىرىدىن كېلىۋاتقان سالقىن شامال تەنلەرگە ھۇزۇر ئاتا قىلاتتى. بايراق تېپىش مۇسابىقىسىدە ئىككىنچى دەرىجىلىك مۇكاپاتقا ئېرىشكەن يۇلتۇزئاي، چولپانئاي، قۇندۇزئايلار سورۇننىڭ ئالدىدا ئولتۇراتتى. لاگېر پائالىيىتى مەسئۇلى گۈلسارە مۇئەللىم ھېكايە ئېيتىش پائالىيىتىنىڭ باشلانغانلىقىنى ئېلان قىلىپ، ھەمراھ بوۋاينى سۆزگە تەكلىپ قىلىشى، مەيداندا گۈلدۈراس ئالقىشلار ياڭراپ، كۆكۆلمەيدانلىق تاغ باغرىنى زىلزىلىگە سالدى. بوۋاي سالاپەت بىلەن يۆتىلىپ

قويۇپ، غۇنچە پورەكلەردەك قىزلارغا قارىدى:

— بالىلىرىم «دېگىن، دېگىن» دېسە ئاتىسىنى ئۇنتۇغاندەك، قايسى ھېكايەتنى سۆزلەشنى بىلمەي تۇرىمەن، — دەپ باشلىدى بوۋاي، — سۆزلەيدىغانلىرىمنىڭ ھەممىسى ئەقىللىق قىزلار ھەققىدە بولۇپ، بىر - بىرىدىن قىلىشمايدىغان ھېكايەتلەر ئىدى.

— بوۋا، — دېدى يۇلتۇزئاي ئۆزىنى تۇتۇۋالالماي، — ۋەزىرى ئەزەم ئابدۇل مۇلۇكنىڭ كەنجى قىزى ئەسمە ھەققىدىكى ھېكايىنى سۆزلەپ بەرگەن بولسىلىرى.

— تۇنۇگۇنكى سۆزۈمنى ئۇنتۇماپسىزدە بالام. بولىدۇ، مەن سۆزلەي، ئەمما بۇ ھېكايە نۇرغۇن تەرەپلەرگە باغلىنىشلىق بولغانلىقى ئۈچۈن باشتىن كېلىشكە توغرا كېلىدۇ.

ھەمراھ بوۋاي ھېكايىسىنى نەدىن باشلاشنى بىلمىگەندەك ئالدىدىكى پەرىشتە سىياق قىزلارغا ۋە ئوقۇتقۇچى - ئۇستازلارغا تەكشى قارىغاندىن كېيىن سۇسقىنا كۈلۈمسىرىدى ...

بۇرۇنقى زاماندا يەمەن ئېلىدە بىر پادىشاھ ئۆتكەن بولۇپ، ئۇنىڭ ئىسمى زۇھرۇللا زامان ئىكەن. ئۇنىڭ قوشكېزەك قىزى بولۇپ، چوڭىنىڭ ئىسمى مەلىكە سۇمەننىسا، كىچىكىنىڭ ئىسمى گۈلسۇمەن ئىكەن، ئۇلار ۋەزىرى ئەزەم ئابدۇل مۇلۇكنىڭ قىزلىرى ئامىنە، ئائىنە، ئەسمەلەر بىلەن بىر دېمەتلىك بولغاچقا، مەدرىستە بىللە ئوقۇپتۇ. ئۇلارنىڭ بالىلىقى چىگىش دوستلۇقتا ئۆتۈپتۇ. مەدرىسەدە ۋەزىرى ئەزەم ئابدۇل مۇلۇكنىڭ چوڭ قىزى ئامىنە، ئوتتۇرانچى قىزى ئائىنە 13 ـ 14 ياشقا كىرگەندە ئۇلارغا قىزىل چىقىپ ئارقا - ئارقىدىن قازا قىپتۇ. ئامىنە بىلەن ئائىنە باقىيغا رەھلە قىپتۇ. ئۇزۇن ئۆتمەيلا پادىشاھ زۇھرۇللا زامانىنىڭ 15 ياشلىق چوڭ قىزى سۇمەننىسا

تارھان شەھىرى پادىشاھىنىڭ شاھزادىسى زىياتقا ياتلىق قىلىنىپتۇ. توي كۆچۈرۈلگەندە شاھىنىڭ كىچىك قىزى گۈلسۈمەن، ئابدۇل مۇلۇكنىڭ كەنجى قىزى ئەسمە ۋە سۈمەننىسانىڭ خاس كېنىزىكى ئايتۇران بىلەن ئون نەچچە كېنىزەكلەر سۈمەننىساغا ھەمراھ بولۇپ بىللە يولغا چىقىشتى. تەختىراۋان، مەپە ۋە ئات - ئۇلاغلار 20 كۈن يول بېسىپ بىر چۆلگە كەلگەندە بىردىنلا ئاسماننى قارا تۇتەك قاپلاپ بوران چىقىپ كەتتى. تولغىشىپ كەتكەن قارا تۇتەك چۆلدە قۇيۇن كۆتۈرۈۋەتتى. توپا - توزان، قۇم - شېغىل، چاۋار - چاتقاللار شىددەت بىلەن پىرقىراپ، ئەتراپنى قاراڭغۇلۇق بېسىپ كەتتى. بىر چوڭقۇرلۇق ئىچىدە بىر - بىرىنى قۇچاقلاپ يېتىۋالغان گۈلسۈمەن بىلەن ئەسمە بىر قەۋەت توپا ئاستىدا كۆمۈلۈپ قالدى. لېكىن ئۇلار ئاسمان قەھرىدە، جەزىرە چۆلدە غازاڭدەك ئۇچۇپ يۈرگەن ئادەملەرنىڭ قىيا - چىيا، يىغا - زار، نالە - پەريادلىرىنى كۆرۈپ ھەم ئاڭلاپ ياتاتتى. بولۇپمۇ ئەسمە ھېلىقى قارا تۇتۇننىڭ ئەجدىھادەك تولغىنىپ، بىر كونا قۇدۇقنىڭ ئىچىگە كىرىپ كېتىۋاتقانلىقىنى غىل - پاللا كۆرۈپ قالدى.

قارا بوران، قارا تۇتۇن يوقىلىپ چۆل - جەزىرە بۇرۇنقىدەكلا جىمجىت سۈكۈت ئىچىدە سۈرلۈك يېيىلىپ ياتاتتى. ئەتراپتا تەختىراۋان، مەپە، ئات - ئۇلاغ ھەتتا ئادەملەرمۇ كۆرۈنمەيتتى. سۈمەننىسا ئۆزىنىڭ كېنىزىكى ئايتۇران ۋە باشقا كېنىزەكلىرى بىلەن بىللىلا غايىب بولغانىدى. ئايتۇران ئىنتايىن ئاق كۆڭۈل، سادىق قىز بولۇپ، سۈمەننىسادىن بىرقەدەممۇ ئايرىلمايتتى. بۇ ئىككى قەدىناس دوست ۋە كېنىزەكلەرنىڭ نەگە كەتكەنلىكىنى بىلگىلى بولمايتتى.

گۈلسۈمەن بىلەن ئەسمە ئۇستىبېشىدىكى توپا - توزانلارنى

قېقىپ گوداڭ ئىچىدىن چىقىشتى. ئۇلار قۇملارغا كۆمۈلۈپ قالغان خۇرجۇن، تۇلۇملارنى ئېلىپ خۇشاللىقىدىن يىغلىۋېتىشتى. چۈنكى ئۇنىڭدا ئاش - ئوزۇق، سۇ بار ئىدى. گۈلسۈمەن بىلەن ئەسمە، سۈمەننىسا، ئايتۇران ۋە كېنىزەكلەرنى ئىزدەپ ھېچ يەردىن تاپالمىغاندىن كېيىن كەلگەن يولى بىلەن ئارقىغا قايتتى. ئەمما ئانچە ئۇزۇن ماڭمايلا بىر تاقىر تۆپىلىكتە قانغا بويالغان بىر جەسەتنى كۆرۈپ قورقۇپ كېتىشتى. ئۇنىڭ كىيگەن شاھانە تونلىرىدىن تارھان شاھنىڭ شاھزادىسى زىياد ئىكەنلىكى بىلىنىپ تۇراتتى. بېشى مىجىلىپ كەتكەن شاھزادىنىڭ ئويۇپ قالغان قان داغلىرى ئۈستىدە كۆپكۆك چىۋىنلەر گازلىدىشىپ يۈرۈشەتتى. ئۇلار قۇم - توپىلاردا جەسەتنى كۆمۈۋەتكەندىن كېيىن ئاددىي قەبرە بېشىدا دۇئا قىلىشىپ، سەپىرىنى باشلىدى. ھەدىسى سۈمەننىسانىڭ ئوت پىراقىدا يۈرىكى لەختە - لەختە قانغا تولغان گۈلسۈمەن يول بويى يىغلاپ كەلدى. ئۇنى يۆلىۋالغان ئەقىللىق ئەسمە ئۇنىڭغا تەسەللى بېرەتتى، نەسىھەت قىلاتتى. ئەمما ئۆزى گۈلسۈمەندىن ئارتۇقراق ئازابلانماقتا ئىدى. چۈنكى بۇ پەرىشتە سۈپەت ناتىۋان مەدرىسەدە ئوقۇۋاتقان چاغلىرىدىلا سۈمەننىسا بىلەن بىر تۇغقان قېرىنداشلاردىن چارى يېقىن ئۆتەتتى ... ساۋاقلارنى بىللە ئوقۇيتتى. بىلمىگەنلىرىنى ئۆزئارا سورىشىپ، كەم يەرلىرىنى تولدۇراتتى. ھەتتا بەزى ئىلمىي ھېكمەتلەر توغرىسىدا كۆزقاراشلىرىنى دېيىشىپ مۇباھىسەلەر قىلىشاتتى.

ئۇلارنىڭ كۆپ كۈنلىرى ئوردا كۇتۇپخانىسىدا ئۆتەتتى. بىھېساب نۇرغۇن كىتابلار ئاجايىپ چوڭ شىرە ۋە ئويۇقلارغا تىزىلغان بولۇپ، ئۇلارنىڭ يۈزدىن بىرىنى ئوقۇپ تۈگىتىشكە ئادەم ئۆمرى يەتمەيتتى. ئەسمە ئەفلاتون، سوقراتلارنىڭ ھېكمەت

جەۋھەرلىرىنى، بەكمۇ قەدىمكى زاماندىكى جاماس ھېكمىتىنىڭ نەچچە مىڭ يىللاردىن كېيىن يۈز بېرىدىغان ئاجايىپ ھادىسە، ۋەقەلەر ھەققىدىكى «بېشارەت دۇردانىلىرى» كىتابلىرىنىمۇ ئوقۇغانىدى. ئوقۇغانسېرى كۆز ئالدى يورۇپ، كۆڭلى روشەنلىشىپ، ئالىم ـ ئۆلىمالاردەك مۇلايىم، ئېغىر ـ بېسىق، كەم سۆز بولۇپ قالاتتى. مۇشۇنداق ئىلىم ـ ئېرپان بوستانلىقلىرىدىن گۈللەر تېرىپ، شەربەتلىرىدىن تەڭ بەھرە ئالغان دوستى سۇمەننىسانىڭ غايىب بولۇشى ئەسمەگە ئېيتقۇسىز ئېغىر كەلدى.

بالاغەتكە يەتكەن ژىسىدىلىك بوسۇغىلىرىغا قەدەم قويغان، باغى ئېرەم چىمەنزارلىرىدىكى گۈللىرى ئېچىلىش ئالدىدا تۇرغان بىر قىزنىڭ توي قىلىشى ئۆمۈر مەنزىلىدىكى ئەڭ بەختلىك، مۇرۇۋۋەتلىك جەننەت ساۋابى ئىدى. ئەمما مۇشۇنداق سائادەتلىك كۈنلەردە ئۇنىڭ قانداقتۇر بىر قارا تۇتۇن ئاسارىتىدىن غايىب بولۇشى ئەسمەنى قايغۇلۇق، ئازابلىق ۋە غەزەپلىك ئويلارغا مۇپتىلا قىلدى. «ھېلىقى لەنتى قارا تۇتۇن زادى قانداق مەخلۇق؟ مەپە، تەختىراۋان، ئات ـ ئۇلاغ، تۆگىلەرنى ھەتتا ئادەملەرنى كۆز يۇمۇپ ئاچقۇچە غايىب قىلالايدىغان، يۇتۇپ كېتەلەيدىغان قانداق ۋەھشىي كۈچ ـ قۇۋۋەت ئۇنىڭغا يار؟!» دېگەندەك تۈۋىسىز خىيال، تىزگىنسىز غەملەر ئىچىدە پۇچۇلانغان ئىككى دوست ماھ ـ ماھتا 23 كۈندە يەمەن ئېلىگە يېتىپ كەلدى. ئۇلار ئاتا ـ ئانىلىرىنىڭ كۆڭلىنى ئەمىن قىلىش ئۈچۈن ئۆز ئۆيلىرىگە يۈرۈپ كېتىشتى. ئەسمە ئاتىسى ۋەزىرى ئەزەم باغرىغا تاشلىنىپ، بۇقۇلداپ يىغلىغىنىچە بولغان ئېغىر پاجىئەنى سۆزلەپ بەردى. ئابدۇل مۇلۇك بۇ غەلىتە ۋەقەنى ئاڭلاپ نېمە دېيەرىنى بىلمەي قالدى. شۇنداقتىمۇ ئۇ:

— شاھىمىزنىڭ كىچىك قىزى گۈلسۈمەن بىلەن سىزنىڭ ئامان قېلىشىڭىز ئاللانىڭ كارامىتى بولۇپتۇ. شۈكۈر قىلىڭ، خۇداغا شۈكۈر سىنا كەلتۈرۈڭ! — دەپ ئۆزىمۇ يىغلىۋەتتى، ئارقىدىنلا يەنە:

— ھەدىلىرىڭىز بىزنى تاشلاپ كەتتى. ئەمدى سىز مېنىڭ كۆز قارىچۇغۇم، جىگەر پارەم ئەمەسمۇ، — دېگەچ ياش تامچىلىغان ساقاللىرىنى سىيپىدى.

بىر كۈنى تاڭ سەھەرلىكى ئەسمە ئاجايىپ سىرلىق بىر چۈش كۆردى. بېشىغا ئاق سەللە ئوراپ، ئۈچىسىغا ئاق لىباس يېپىنغان بىر پەرىشتە سۈپەت بوۋاي كۆز چاقنۇدەك نۇرلار ئىچىدە پەيدا بولدى. ئۇنىڭ ئاپپاق ساقاللىرى ئوشۇقلىرى ئۈستىدە يەلپۈنۈپ تۇراتتى. ئەسمە قىز ھاياجان ئىزتىراپىدا: «خىزىر ئاتا دېگەن شۇ ئىكەندە!» دېگۈدەك، نۇرانە بوۋاي ئىللىق تەبەسسۇم ئىلكىدە سۆز باشلاپتۇ:

— ئەي ئەقىللىق مەسۇمە! سالغىن قۇلاق سۆزۈمگە، سېنى ھەيرانۇھەس قالدۇرغان قارا تۇتۇن، بىر قارا دېۋىدۇر! ئۇ «چىمەن قەلئە»سىنى تىلسىم بىلەن قۇدۇق ئىچىدىكى «زۇلمەت قەلئە» سىگە ئايلاندۇرۇپ، شۇ يەرنى ماكان تۇتقاندۇر. يەنە ئۇ باغدات دىيارىنىڭ شاھىنشاھى ئابدۇلھەلىم تۇغلۇقنىڭ كۆزىنى قارىغۇ قىلىپ، شەھىرى ئەزىمنى تىلسىم كىشەنلىرىدە زەنجىرلىۋالدى. سۈمەننىسانىڭمۇ كۆزىنى قارىغۇ قىلىپ، «زۇلمەت قەلئەسى» ئىچىگە مەھكۇم قىلدى. ئەي ئەسمە قىز، سەن سۆزلىرىمنى زېھىن قويۇپ ئاڭلا. تىلسىملانغان شاھ ئوردىسىنى، «زۇلمەت قەلئەسى»نى قۇتقۇزۇشنىڭ چارە ـ تەدبىرلىرىنى ساڭا سۆزلەپ بېرەي. سەن ئەقىللىق قىزدۇرسەن. ھامان بىر كۈنى ئارزۇ ـ ئارمانلىرىڭغا يېتىسەن، ئەمما مۇشكۇلاتلىرىڭمۇ كۆپتۇر ...

بۇنىڭ ئۇچۇن كۈچتۈڭگۈر، بەردەم ۋە ۋاپادار دوستقا موھتاجدۇرسەن، ئېسىڭدە بولسۇنكى «زۇلمەت قەلئەسى» دىكى قارا مۇشۇككە ئايلانغان دېۋىنى مۇشۇ قىزىل ياقۇت دەستىلىك سېھىرلىك شەمشەردىلا ئۆلتۈرگىلى بولىدۇ. بۇنى ھەرگىز يوقاتما ھەم كۆن نۇرىغا كۆرسەتمە!

خىزىر بوۋاي ئابدۇلھەلىم تۇغلۇق شاھىنى، سۇمەننىسانى قۇتقۇزۇشنىڭ ئۇسۇللىرىنى، قۇتقۇزغاندىن كېيىن يەنە قانداق ئىشلارنى قىلىش لازىملىقىنى دەپ بېرىپ نۇر بىلەن تەڭ غايىب بولدى. ئويغىنىپ كەتكەن ئەسىمە بىر ھازا ئەس ـ ھوشىنى يوقىتىپ، ئاندىن قارا تۇتۇننىڭ ھەم باغدات ئوردىسى تىلسىمىنىڭ سىرلىرىنى ئېچىشنىڭ يوللىرىنى كۆز ئالدىغا كەلتۈردى. بىراق، ئۇ گىلەم ئۈستىدە يالتىراپ تۇرغان نەرسىنى كۆرۈپ «سۇبھانالىلا» دەۋەتتى. چۈنكى ئۇ خىزىر بوۋاينىڭ قولىدا كۆرگەن قىزىل ياقۇت دەستىلىك سېھىرلىك شەمشەر شۇ ئىدى! ئەسىمە ئورنىدىن تۇرۇپ شەمشەرنى قاتمۇ قات يىپەك رومالغا ئوراپ تورۇس لىمى ئۈستىگە يوشۇرغاندىن كېيىن، خىزىر بوۋاي دېگەن جەريانلارنى يېزىپ قالدۇردى.

ئەمدى گەپنى گۈلسۇمەندىن ئاڭلايلى. پادىشاھ زۇھرۇللا زامان چوڭ قىزى سۇمەننىسانىڭ پاجىئەسىنى ئاڭلىغاندىن كېيىن، دەرغەزەپ بولۇپ، 20 كۈنلۈك يىراقلىقتىكى كونا قۇدۇققا قاراپ قوشۇن تارتتى. ئۇ، قاباھەتلىك قۇدۇقنىڭ كۆلىنى كۆككە سورۇپ، ئىچىنى تېشىغا ئۆرۈۋەتمەكچى بولدى. ئەمما لەشكەرلەر قۇدۇقنى قورشاپ، ئەمدى ھۇجۇمنى باشلايلى دەپ تۇرۇشى قۇدۇق ئاغزىدىن دەھشەتلىك بوران كۆتۈرۈلدى. ئاندىن قارا تۇتۇن تولغىنىپ چىقىپ، ئەتراپقا تاش بوران ياغدۇرۇۋەتتى. قىلىچ، نەيزە، ئايپالتا، ساۋۇت، قالقانسىز قالغان لەشكەرلەر، جەڭ

ئاتلىرى قۇم توزانلىرى بىلەن بىللە ئاسمان پەلەكتە خۇددى تالى مەجنۇن پوتلىلىرىدەك ئۇچۇپ يۈرەتتى. قارا قۇيۇن ئۇلارنى شىددەت بىلەن يەرگە ئۇرۇپ، بىپايان چۆلنى قانغا بويايتتى. ئەڭ قورقۇنچلۇقى شۇ ئىدىكى، قارا قۇيۇن لەشكەر بېشى، لەشكەرلەرنىڭ ئىشتان - كۆڭلەكلىرىنى سالدۇرۇپ نەلەرگىدۇر ئېلىپ كەتكەچكە، ئۇلارنىڭ ھەممىسى قىپيالىڭاچ ئىدى.

كۆزنى يۇمۇپ ئاچقۇچە لەشكەرلەرنىڭ جەسەتلىرى تاغدەك دۆۋىلەندى. قاچقانلىرى قاچتى، كۆپلىرىنى قارا تۇتۇن يۇتۇپ كەتتى. ئاچچىق يۇتۇپ بوغۇلۇپ قالاي دېگەن شاھنىڭ ئىككىنچى قېتىملىق ھۇجۇممۇ ئاۋۋالقىدىن بەتتەررەك ئاقىۋەتكە دۇچار بولۇپ، سان - ساناقسىز لەشكەرلەر ئۆلدى، غايىب بولدى. ئۈچىنچى قېتىم شاھ زۇھزۇللا زامان بىھېساب قوشۇن توپلاپ، ئۆزى ھۇجۇم باشلىدى. ئەمما تاش بوران ۋە قارا تۇتۇننىڭ ۋەھشىيتىدىن جېنىدىن ئايرىلغىلى تاسلا قالدى. ئۇنى قارا تۇتۇن پەيدەك ئۇچۇرۇپ، ئاسمانغا ئېلىپ چىقتى - دە، يەرگە تاشلىۋەتتى. ھېلىمۇ ياخشى ئۇ يۇمشاققىنا قۇم دۆۋىسىگە گۇپپىدە چۈشتى. قۇملار ئىككى تەرەپكە چاچراپ قانداقتۇر بىر جەسەتنىڭ يۈزى ئېچىلىپ قالدى. شاھ زۇھرۇللا زامان، تارھان پادىشاھنىڭ شاھزادىسى، ئۆزىنىڭ كۈيۈ ئوغلى زىيادىنىڭ مىجىلىپ كەتكەن بېشىنى كۆرۈپ، قورققىنىدىن بەدەر تىكىۋەتتى. ئۇ ئالدى - ئارقىسىغا قارىماي راسا چېپىپ كېتىۋاتقاندا، بىلىنىڭ ئاستى يالىڭاچ تۇرغانلىقىنى كۆرۈپ قالدى، زۇھرۇللا: «ۋۇ ئىپلاس قارا قۇيۇن ئىشتىنىمنى سالدۇرۇۋاپسەندە» دەپ تىللىغاچ بىر قولىدا ئالدىنى، بىر قولىدا كەينىنى توسۇپ لەشكەرلەر تەرەپكە قاچتى.

ئوردا ئەركانلىرىنىڭ نەسىھەتى ۋە ئۆزىنىڭ بېشىغا كەلگەن

رەسۋايى ئاقىۋەتلەردىن قورقۇپ كەتكەن شاھ ئىنامىغا پاتقان بولسىمۇ، ئۆچ قىيتمىلىق مەغلۇبىيەت، قىزى سۆيمەننىسانىڭ ئوت پىراقى ئۇنىڭ يۈرىكىدە ئوغىدەك ئويۇپ قالدى. ئۇ ئويلىغانسېرى غەزەپكە تولاتتى، غەزەپلەنگەنسېرى ئەسەبىيلىشەتتى. بەزىدە قاقاقلاپ كۈلسە، بەزىدە تۇرۇپلا قىلىچىنى سۇغۇرۇپ «جاللات!» دەپ ۋارقىرايتتى. غەزەپ، ئاچچىق، تۈۋسىز خىياللار قۇرتتەك يەپ، بارا ـ بارا ئۇنى تىرتەك، ۋەھشىي، ئەسەبىي، خىيالىغا كەلگەننى قىلىدىغان سەۋدايىغا ئايلاندۇرۇپ قويدى. ئۇنىڭسىزمۇ زۇھرۇللا زامان كۆڭلى قارا، ئىچى تار، كۆرەلمەس، مەنمەنچى ئادەم ئىدى. ئەدناسى ۋەزىرى ئەزەم ئابدۇل مۇلۇك ئاۋام خەلق ئارىسىدا ئۇلۇغلانغانلىقى ئۈچۈنلا ئۇنىڭغا ئۆچ ئىدى. ئەمما ئاق كۆڭۈل، ياۋاش ئابدۇل مۇلۇك شاھنىڭ يولسىزلىقلىرىغا چىداپ ئۇزۇن يىللاردىن بېرى، سەممىمىي، سادىق بولۇپ ئىشلەپ كېلىۋاتاتتى.

پادىشاھنىڭ تاقىقا ـ تۇققا گەپلىرى، تېتىقسىز سوئاللىرى، كۆڭلىگە نېمە كەلسە شۇنى قىلىدىغان بىمەنە قىلىقلىرىدىن ئەنسىرەپ قالغان ۋەزىرى ئەزەم ئابدۇل مۇلۇك ئوردا ئەركانلىرى بىلەن مەسلىھەتلىشىپ پادىشاھنى شىكارغا ئېلىپ چىقىپ، كۆڭلىنى ئاچماقچى بولۇشتى. «بۇ ئارقىلىق سۆيمەننىسانىڭ دەرد ـ پىراقلىرى بىردەملىك بولسىمۇ ئۇنتۇلۇپ، ئوڭشىلىپ قالسا ئەجەب ئەمەس» دەپ ئۈمىدلىنىشتى.

بىر كۈنى ۋەزىر ـ ۋۇزرا، ئوردا ئەركانلىرى يارام ئاتلارغا مىنىپ شىكارغا ئاتلاندى. ئۇلار ياپيېشىل بىر جىلغىدا كېتىۋاتقاندا تاغ ئارىسىدىكى چىغىر يولدىن دۈمبىسىگە ئوتۇن ئارتىپ كېلىۋاتقان بىر ئوتۇنچىغا ئۇچراپ قالدى. پادىشاھ زۇھرۇللا زاماننىڭ بىردىنلا غەزىپى ئۆرلەپ، ئەسەبىيلىك

ھالىتىگە قايتتى. ئۇ ئېتىنىڭ تىزگىنىنى سىيرىپ ۋارقىرىدى.
— ھەي جۇلدۇر كېپەن، نېمە ئۈچۈن ماڭا تەۋە جايدىكى ئوتۇنلارنى قالايمىقان ئالىسەن؟ ۋۇ يۈزسىز بەتبەشىرە تەلۋە.
— ئالىي ھىممەتلىك پادىشاھىم، — دېدى ئوتۇنچى قورقۇپ كېتىپ، — ئۆيدە چۆچۈردەك ئالتە قىزىم بار. ئايالىم ئاغرىقچان، ئۇلارنى بېقىش ئۈچۈن ئوتۇن تەردىم. يەمەن دىيارىنىڭ ھەممىسى سىلىنىڭ تەسەررۇپلىرىدا، ئەمىسە مەن قەيەردە تىرىكچىلىك قىلسام بولار؟
— تېخى ماڭا جاۋاب قىلىسىنا نائەھلى، — پادىشاھ ئەركانلىرىنىڭ چىرايلىرىغا قاراپ سەل پەسكويغا چۈشتى، — بوپتۇ، بىرىنچى قېتىم ئالغىنىڭ ئۈچۈن ساڭا رەھىم قىلاي، ئەمما بىر ئىش بۇيرۇيمەن، ئۇنى ئورۇندىيالىساڭ قۇتۇلىسەن، ئورۇندىيالمىساڭ دارغا ئاسىمەن.
— قېنى ئېيتسىلا پادىشاھى ئالەم، — ئوتۇنچى يىغلامسىراپ سورىدى، — قولۇمدىن كەلسىلا ئورۇندايمەن.
— سەن ئۈچ كۈنگىچە گەپنىڭ پاقالچىكىنى تېپىپ كېلىسەن، بولمىسا ئۆز گۇناھىڭ ئۆزۈڭگە.
پادىشاھنىڭ ئەلپازىدىن قورقۇپ كەتكەن ئوتۇنچى ئامالسىز ماقۇل بولدى. ئەمما شۇ كۈندىن باشلاپ، «گەپنىڭ پاقالچىكىنى قەيەردىن تاپارمەن؟» دەپ ئۇنىڭ بېشىغا غەم چۈشۈپ، گېلىدىن ھېچ نەرسە ئۆتمىدى. شۇ مەھەللە بويىچە مەيلى چوڭ، مەيلى كىچىك، مەيلى ئەر، مەيلى ئايال بولسۇن گەپتە ھېچكىمگە يېڭىلمەي كەلگەن ئوتۇنچىنىڭ 12 ياشلىق ئەڭ كىچىك قىزى شەرىگۈل دادىسىنىڭ غەمدە قالغانلىقىنى بايقاپ:
— دادا، نېمە بولدۇڭ؟ ئىككى كۈن بولدى، تۈزۈك تاماق يېمىدىڭ، كۈندە كەچتە ئاھ ئۇرىسەن، بىر يېرىڭ ئاغرىمدۇ؟ —

دەپ سورىدى.
— قىزىم، سەن سورىما، مەن ئېيتماي، — دېدى ئوتۇنچى چوڭقۇر ئۇھسىنىپ، — ناھايىتى ئېغىر ھەم مۇشكۇل ئىشقا دۇچ كەلدىم. لېكىن ساڭا دېيەلمەيمەن.
شەرىگۇل دادىسىنىڭ ئۇنىمىغىنىغا ئۇنىماي سوراپ تۇرۇۋالدى. ئوتۇنچى شەرىگۇلنى بەك ياخشى كۆرگەنلىكىدىن «بالامنىڭ كۆڭلى قالمىسۇن» دەپ بولغان ئىشنى سۆزلەپ بەردى. قىز دادىسىنىڭ سۆزىنى ئاڭلاپ قاقاقلاپ كۈلۈپ كېتىپ:
— دادا، شۇ ئىشقىمۇ شۇنچىلىك غەم قىلىپ كەتكۈلۈكمۇ؟ بولدى، بۇ ئىشنى ماڭا قويۇۋېتىڭ. ئەتە پادىشاھ كېلىپ قالسا، جاۋابىنى ئۆزۈم بېرىمەن، — دېدى.
ئۈچىنچى كۈنى پادىشاھ زۇھرۇللا زامان لەشكەرلىرى بىلەن شىكاردىن قايتىپ كەلگەندە، «ھېلىقى ئىشنى سوراپ باقاي» دەپ ئوتۇنچىنىڭ دەرۋازىسىنى قاقتى. ھايال ئۆتمەيلا شەرىگۇل چىقىپ ئىشىكنى ئاچتى.
— داداڭ بارمۇ؟ — سورىدى شاھ، ھەم قىزنىڭ چىرايلىقلىقىغا ھەيران بولۇپ قارىدى.
— بار، — دېدى قىز ئەدەپ بىلەن.
— نېمە قىلىۋاتىدۇ؟
— چاشقاننىڭ مۈڭگۈزىگە خەت يېزىۋاتىدۇ.
— ھەي چىرايلىق قىز، — شاھ كۈلۈۋەتتى، — سەن ساراڭ بولدۇڭمۇ، چاشقاننىڭمۇ مۈڭگۈزى بولامدىكەن؟
— شاھ ئالىيلىرى، گەپنىڭ پاقالچىكى بولغان يەردە، چاشقاننىڭ مۈڭگۈزى بولمامدىكەن؟
شەرىگۇلنىڭ سۆزىدىن لەشكەر، ئەركانلار ئۆزىنى تۇتۇۋالماي پاراقىدە كۈلۈشتى. ئۇلارنىڭ كۈلكىسىدىن

ئۆلگۈدەك نومۇسقا قالغان زۇھرۇللا زامان ئىزا تارتقىنىدىن بويۇنلىرىغىچە قىزىرىپ كەتتى. ۋەزىرى ئەزەم ئابدۇل مۇلۇك ئۇنى دەرھاللا بۇ ئوڭايسىز ھالەتتىن قۇتقۇزدى.

ــ بارىكاللا قىزىم، گەپكە چېۋەركەنسەن، ھەممىمىزنى كۇلدۇرۇۋەتتىڭ، شاھىمىزنىڭمۇ كۆڭلىنى ئاچتىڭ. مانا بۇنى ئال ...

ئابدۇل مۇلۇك قىزنى تارتۇقلاپ كىچىككىرەك تېرە ھەميياننى تۇتقۇزۇپ قويدى. ئۇنىڭ ئىچىدە كۆمۈش تەڭگىلەر بار ئىدى. قىز ئېگىشىپ تەزىم قىلدى:

ــ شاھىمىز ۋە ۋەزىرى ئەزەمگە قۇللۇق، ئۆمرۈڭلار ئۇزۇن بولسۇن، دۆلىتىڭلار پوزۇن بولسۇن!

ئۇلار ئوردىغا قاراپ يۈرۈپ كېتىشتى. لېكىن پادىشاھ كىچىك قىزنىڭ ئوماق چېھرىدىن كۆز ئۈزەلمەي قالدى.

ئەتىسىدىن باشلاپ پادىشاھنىڭ ئەسەبىيلىكى يەنە تۇتتى. ئۇ ئوردا ئەركانلىرىنى كېچەشكە چاقىرىپ، كىچىك قىز شەرىگۈلنى نىكاھىغا ئېلىشنى پەرمان قىلدى. بۇ ئىش ئەركانلارنىڭ كاللىسىدىن ئۆتمىسىمۇ ئامالسىز ماقۇل بولۇپ، ئوتۇنچىنى تۇتۇپ كېلىشتى. ۋەزىرى ئەزەم ئۇنىڭغا پەرماننى يەتكۈزدى. ئوتۇنچى ئوردىدىن قايتىپ كېلىپ، نېمە قىلارنى بىلمەي، بېشىنى قاماللىغىنىچە غەمگە چۆكۈپ ئولتۇردى. مۇشتۇمدەك قىزنى قېرى پادىشاھقا بېرىش ئۇنىڭغا ئىنتايىن ھار كەلگەنىدى. شەرىگۈل دادىسىنىڭ ئەھۋالىنى كۆرۈپ نېمە ئىش سادىر بولغانلىقىنى سوراپ تۇرۇۋالدى. ئوتۇنچى: «بۇ ئىشنى ئېيتسام گەپ، ئېيتمىسام دەرد بولىدۇ» دەپ ئىككى ئويلۇق بولدى ـ يۇ، لېكىن ئىش بۇ دەرىجىگە يەتكەندە دېمىسە بولمايدىغانلىقىنى ئويلاپ، قىزىغا كۆڭۈلسىز ۋەقەنى سۆزلەپ بەردى:

— قىزىم، سېنى پادىشاھ نىكاھىغا ئالماقچى. ئۇ ماڭا ئۈچ كۈنلۈك مۆھلەت بەردى، — دېدى ئوتۇنچى يىغلامسىراپ، — مەن قانداق قىلىشىمنى بىلمەيلا قالدىم. ناۋادا سېنى ئۇ نائىنساب پادىشاھقا بەرمىسەم مېنى ئۆلتۈرۈۋېتىدۇ. بېرەي دېسەم سەن شۇنچە كۆپ كۈنداشلارنىڭ ئىچىدە، خورلۇق تارتىپ قالىسەن.

ئوتۇنچى قىزىنىڭ پېشانىسىگە سۆيۈپ، ئۇنى باغرىغا بېسىپ تۆكۈلۈپلا كەتتى. دادىسىنىڭ ئىككى تاش ئارىلىقىدا قالغانلىقىنى بىلگەن شەرىگۈل ئۆزىگە ئىشەنگەن ھالدا تەسەللى بەردى:

— بولدى دادا، يىغلاۋەرمەڭ. ئۆزۈمگە قويۇپ بېرىڭ، — دېدى قىز كەسكىن ھالدا، — مەن ئوردىغا بارماي تۇرۇپمۇ پادىشاھتىن قۇتۇلۇشنىڭ چارىسىنى قىلالايمەن.

ئوتۇنچى قىزىنىڭ بۇ بالا - قازادىن قۇتۇلۇپ كېتىشىگە كۆزى يەتسىمۇ، يەنىلا «سېنى خۇداغا تاپشۇردۇم بالام، يولۇڭ ئوچۇق بولسۇن» دەپ تىلەك تىلىدى.

ئۈچىنچى كۈنى پادىشاھنىڭ ئەلچىلىرى يېتىپ كەلگەندە ئوتۇنچى ئۇلارغا:

— قىزىمنىڭ ئۆزى بىلەن سۆزلىشىڭلار، ئۇ جاۋابىنى بەرمەكچى، — دەپ قويۇپ سىرتقا چىقىپ كەتتى. شەرىگۈل ئەلچىلەرگە پادىشاھنىڭ تەكلىپىنى قوبۇل كۆرىدىغانلىقىنى ئوچۇق جاكارلىدى. ئەلچىلەر ناھايىتى رازىمەندە بولۇشۇپ، تويلۇق ھەققىدە سورىغانىدى. ئۇ مەسخىرىلىك كۈلۈپ قويۇپ:

— ئالدى بىلەن مېنىڭ ھەربىرلىرىدىن سورايدىغان بىر سوئالىم بار، سورىسام بولامدىكىن؟ مۇمكىن بولسا ئېنىقراق جاۋاب بېرىشسىلە، ئاندىن كېيىن مەن تويلۇق سالاي، — دېدى. شاھتىن تارتۇق ئېلىشقا تاماگەر بولۇۋاتقان ئەلچىلەر ھەرقانداق سوئال بولسا سوراشقا بولىدىغانلىقى ھەققىدە ئىجازەت بەردى.

— ئەمىسە شاھىمىز نىڭ قانچە ياشقا كىرگەنلىكىنى، قانچە نۆۋەت ئۆيلەنگەنلىكىنى بىلىشكە بولارمىكىن؟

— ئاسماندىكى يۇلتۇزلارنىڭ سانىنى ئېلىشقا بولار، لېكىن شاھىمىزنىڭ ئالغان خوتۇنلىرىنىڭ سانىنى ئالغىلى بولمايدۇ، — دېدى ئەلچىلەر ھېچ ئويلانمايلا، — پادىشاھىمىز 70 ياشتا بولسىمۇ ھەر كۈنى دېگۈدەك خوتۇن ئېلىشتىن يالتايغىنى يوق.

— ئۇنداق بولسا، مېنىڭ تويلۇقۇممۇ بەكلا ئاددىي، — دېدى شەرىگۈل تەمكىن ھالدا، — 20 بۆرە، 30 قاپلان، 40 ئارسلان، 60 ئاختا، 70 جىڭ پاختا، 80 تاختىدىن ئىبارەت. مانا مۇشۇلار قاچان تەييارلانسا، تويمۇ شۇ ۋاقىتتا باشلىنىدۇ.

ئەلچىلەر بۇ غەلىتە توي سېلىقىغا «ئاق» ياكى «كۆك» دېيەلمەستىن ئوردىغا قايتىشتى. ئۇلار بولغان گەپ ـ سۆز، سېلىقلارنى بىرمۇ بىر يەتكۈزدى. ئەقلىدىن ئاداشقان پادىشاھمۇ ئىشنىڭ تېگىگە يەتمەي، پۈتۈن ۋەزىرلىرىنى كېڭەشكە چاقىردى.

— بۇ تويلۇقنى قانداق راسلايمىز؟ — دېدى نادان شاھ، — قېنى، بۇنىڭغا ھەرقايسىڭلار ئەقىل كۆرسىتىڭلار؟

— توخۇ داڭگال چۇشەيدۇ، ئۆچكە جاڭگال دېگەندەك، — ئېڭەكلىرى سالپىيىپ كەتكەن سول قول ۋەزىر قۇتبىدىن قۇتيار غەلىتىلا ھجايدى، — بۇ تىجمەل ئوتۇنچىنىڭ قىزى ئاغزىغا كەلگەننى جۆيلۈيدىغان تازا ساراڭ بولسا كېرەك، خىيالىغا كەلگەننى بىلجىرلاپتۇ.

— بەرھەق، بەرھەق ...

ۋەزىر ۋە ئەركانلار ئۆزلىرىچە قىزنى مەسخىرىلەپ قاقاقلاپ كۈلۈشتى. شاھقا خۇشامەت قىلىپ، توي سېلىقى ھەققىدە ھەر كىم ھەر نېمىلەرنى دېيىشتى. لېكىن ۋەزىرى ئەزەم ئابدۇل مۇلۇك توي سېلىقىنىڭ تەكتى مەنىسىنى بىلسىمۇ، بېشىنىڭ

كېتىشىدىن ئەنسىرەپ ئۈنچىقمىدى. چۈنكى زوھرۇللا زامانىنىڭ تەلۋىلىكى تۇتسا كۆزىگە ھېچنېمە كۆرۈنمەيتتى.

— ئۇلۇغ شاھىم، — گەپ باشلىدى خەزىنىدار، — جانابى ئالىيلىرىنىڭ خۇشلۇقى ئۈچۈن بۇ قانچىلىك ئىش ئىدى. ئۆزلىرىدىن پەرمان بولسا، مانا مۇنداق ئورۇنلاشتۇرساق، تاغدىكى ئۈۋچى، چارۋىچىلارغا 20 بۆرە، 30 قاپلان، 40 ئارسلاننى 5 كۈندە تەييارلاپ ئوردىغا ئېلىپ كېلىشكە بۇيرۇساق، 60 ئاختا بولسا، ئاتخانىدا تەييار، 70 جىڭ پاختا، دېھقانلارنىڭ ئۆيلىرىدىن تېپىلىدۇ. 80 تاختىنى ياغاچچىلارغا بىرلا بۇيرۇق چۈشۈرسەك ھازىرلا ئېلىپ كەلمەمدۇ.

— بىئەمدۇللا بەرھەق، — دېدى لەشكەر باشلىقى كارتتىدە كېكىرىپ قويۇپ، — مۇشۇنچىلىك كىچىك ئىشقىمۇ باش قاتۇرۇپ كېتىشنىڭ ھاجىتى يوق.

— مانا، مانا سىلەر مېنىڭ ئەقىل - ھوشى بىقارار دانا ۋەزىرلىرىم، — دەپ قاتتىق كۈلدى پادىشاھ. لېكىن ئۇنىڭ كۈلكىسى بىلەن تەڭلا كىمدۇر بىرسىنىڭ زىل ئاۋازدا قاقاقلاپ كۈلگەن ئاۋازى ھەممىنى چۆچۈتۈۋەتتى. چۈنكى بۇ كۈلكە مەسخىرە بىلەن ياڭرىغانىدى. پادىشاھ زوھرۇللا زامان ئاچچىقى بىلەن پەرمان قىلدى.

— كۈلگەن كىم؟ دەرھال ئالدىمدا ھازىر بول!

يىپەك پەردىلەر ھىلپىرلەپ ئىشىك كەينىدىن گۈلسۇمەن پەيدا بولدى. ئۇ ھېلىھەم كۈلۈمسىرىگەن ھالدا، بىخىرامان كېلىۋاتاتتى. غەزەپتىن چىرايلىرى قارىداپ كەتكەن شاھ ئۇنىڭغا بىرلىيانت كۆزلۈك ئۈزۈكلەر سېلىنغان قىسقا، بوغۇرساقتەك بارماقلىرىنى جۆنىدى:

— ھەي ئەدەپسىز، نېمىگە كۈلدۈڭ، قىز بالىلارنىڭ ئۇنلۈك

كۆلۈشى ھاياسىزلىق بولىدىغانلىقىنى بىلمەمتىڭ؟

— بىلىمەن شاھ دادا، ئەمما، — گۈلسۇمەن ئاكابىر - تاكابىرلارغا قارىدى، — مۇشۇ قىسقا پەم، ئەقىلسىز، ھوش كاللىسى جايىدا ئەمەس ۋەزىرلەرنىڭ تېتىقسىز مۇلاھىزە ۋە تالاش - تارتىشلىرىنى ئاڭلاپ، ئۆزۈمنى زادىلا تۇتۇپ ئالالمىدىم.

— بۇ نېمە دېگىنىڭ بەتبەخت!

— ئۇلۇغ شاھ دادا، قىزنىڭ تويلۇقىنى تەييارلاش ھەققىدىكى مەسلىھەتلەرنىڭ ھەممىسى نادانلارچە بىلجىرلاش. شەرىگۇل نېمە دېمەكچى، مۇنۇ ئادەملەر نېمىلەرنى دەۋاتىدۇ، مەن شۇنىڭغا كۈلدۈم.

— سېنىڭچە بولغاندا، قىزنىڭ تويلۇقى نېمىنى كۆزدە تۇتقان؟

گۈلسۇمەن ئالدىغا بىرنەچچە قەدەم مېڭىپ، سورۇن ئەھلىگە تەكشى قارىدى، ئاندىن ئۆزىنى تۇتۇۋېلىپ سۆزىنى باشلىدى:

— ئوتتۇنچىنىڭ قىزىنىڭ 20 بۆرە دېگىنى، ئادەم بالىسى 20 ياشقا تولغاندا بۆرىدەك چەبدەس، ھارماس بولىدۇ، 30 قاپلان دېگىنى، 30 ياشقا كەلگەندە قاپلاندەك كۈچلۈك بولىدۇ. 40 ئارسلان دېگىنى، 40 ياشقا كىرگەندە ئارسلاندەك سۈرلۈك بولىدۇ. 60 ياشنىڭ قارىسىنى ئالغاندا خۇددى ئاختا ئاتقا ئوخشاش ئۆز ھالى بىلەن قالىدۇ، 70 ياشتا خۇددى ئاتقان پاختىدەك بوشىشىپ كېتىدۇ. 80 ياشقا تولغاندا بولسا، ئادەم جىنازا كۈتىدىغان بولۇپ قالىدۇ. 70 ياشقا كىرگەن پادىشاھ ئەمدى مەندەك قىزلارنى ئالىمەن دېمەي، ئاخىرەتنىڭ تەييارلىقىنى قىلغىنى ياخشى. پادشاھقا ئىشق - ھەۋەس ئەمەس، بەلكى تاختا كېرەك دېگىنى!

— زېھنىياتىڭىزغا ئاپىرىن قىزىم، — دېدى ئابدۇل مۇلۇك، —

تەبىرلىرىڭىز ئەقىل ـ ئەزىمىنىڭ گۆھىرىدۇر!

شەرمىسار بولغان ھۆكۈمرانلار كاللىسىنى كۆتۈرەلمەي قېلىشتى. لېكىن ئوتۇنچىنىڭ كىچىككىنە قىزىنىڭ مەسخىرىلىك بېشارىتىدىن ئۆتى تاشقان شاھ تەختتىن چاچراپ تۇردى ـ دە، قاتتىق ۋارقىرىدى:

ــ جاللات! ...

قىلىچ، نەيزىلىرىنى كۆتۈرۈپ جاللاتلار شۇ ھامان ھازىر بولۇپ، بىر دەك سۇرەن سېلىشتى.

ــ پەرمانبەردارمىز، كىمنىڭ ئەجىلى توشتىكىن؟ تىغلىرىمىز قانسىرىغان!

ــ ئوتۇنچى بىلەن ئۇنىڭ قىزىنى تۇتۇپ كېلىپ، دەرھال كاللىسىنى ئېلىڭلار!

ــ توختاڭلار، ــ گۈلسۈمەن جالالاتلارنى توختاتتى. ئاندىن دادىسىغا يۈزلەندى، ــ شاھ دادا، بۇ پەرمانلىرى ئۆزلىرىنى شەرمىسار قىلغۇسىدۇر! يېنىكلىك بىلەن ئاچچىق كەينىگە كىرىش ئادەمنى بىر ئۆمۈر پۇشايمانغا قالدۇرىدۇ ...

ــ بۇ نېمە دېگىنىڭ، گەپلىرىڭ روشەن بولسۇن!

ــ ئوتۇنچى بىلەن ئۇنىڭ قىزىنى قەتل قىلسىلا، ئاۋام ئۇنىڭ سەۋەبىنى سۈرۈشتۈرۈپ بىلمەي قالۇرمۇ؟ ئۇ چاغدا سىرلىق ھەم مەنىلىك بېشارىتى ئۇچۇن شەرىگۈل ئاۋام ئاغزىدا مەڭگۇ مەدھىيەلىنىدۇ، لېكىن سىلى ۋە ۋەزىرلەر نامەردلىك، ئەقىلسىزلىق ۋە دۆتلۈكتە ئەيىبلىنىپ، ئەبەدىلئەبەد ئىبرەتلىك ھېكايەتلەرنىڭ مەسخىرىلىك شاھىدلىرى بولۇپ قالىدىلا! ...

ئاۋام ئالدىدا رەسۋايىئالەم بولۇشتىن ۋايىمغا چۈشكەن ۋەزىرلەر بىردىنلا چۇرقىرىشىپ، ئالتاغىل ۋارقىرىشىپ كېتىشتى.

— ئۇلۇغ شاھىم، ئاپتاپى ئالەم، ئەقىل بىلەن ئىش كۆرگەيلا ...

— ئەي، نۇرى قۇياشنى خىرە قىلغۇچى، بۈيۈك خاقانىمىز پەرمانلىرىدىن يانغايلا.

— ئەمىسە بىر دىۋانە شۇمىنىڭ ھاقارىتىنى بولدى قىلامدۇق، — شاھ ئاچچىقىنى تەستە بېسىۋالدى، — قارا بۇ قانجۇقنىڭ تىلىنىڭ سېسىقلىقىنى!

— شاھ دادا، — دېدى گۈلسۈمەن جىددىي تەلەپپۇزدا، — ئۇ قىزنى جازالاش ئەمەس، تارتۇقلاش كېرەك.

— ئاشۇ دەلتىنى تارتۇقلامدۇق؟ بۇنداق تۈكى يوق گەپنى قوي.

— ئاۋام ئارىسىدا «شەرىگۈل مەنىسىنى يەشمەك تەس بولغان بىر قانچە تېپىشماقنى ئوردا ئەركانلىرىغا سۇنغانىكەن، پادىشاھ ئۇنىڭ سىرىنى يېشىپتۇ ھەم قىزنىڭ ئەقلىگە ئاپىرىن ئوقۇپ تارتۇقلاپتۇ» دېگەن گەپلەر تارقالسا، ئۆزلىرىنىڭ ئادىللىقى ۋە دانالىقى مەدھىيەلەنمەمدۇ؟

— بەرھەق، بەرھەق، بىئەمدۇللا بەرھەق، — دېيىشتى ۋەزىرلەر. قىزى گۈلسۈمەنىنىڭ «ئادىل»، «دانا» دېگەن سۆزلىرىدىن كۆڭلى ۋىللىدە ئېچىلغان پادىشاھ شۇ كۈنىلا ۋەزىرلىرى بىلەن ئوتتۇنچىنىڭ ئۆيىگە بېرىپ، شەرىگۈلنى ئالتۇن، يامبۇ ۋە قىممەت باھالىق زىبۇزىننەتلەر بىلەن تارتۇقلىدى. بۇ ئىش شەھەر ئەزىمگە تارقىلىپ، راستتىنلا زوھرۇللا زامانىنىڭ «ئادىل پادىشاھ»، «دانا پادىشاھ» دېگەن نامى تارقىلىپ كەتتى. بۇ «ئادىل»، «دانا» دېگەن ئۇلۇغلاشلار ئەسلىدە ئەقىللىق شەرىگۈل ۋە گۈلسۈمەنلەرگە مەنسۇپ بولسىمۇ، پادىشاھ ئۇلارنى تىلغا ئېلىپمۇ قويمىدى.

ماختاش، مەدھىيە، ئۇلۇغلاشلارغا بەكمۇ ئامراق پادىشاھ «ئادىل»، « دانا» دېگەن سۆزلەر تارقىلىش بىلەن تېخىمۇ كۆرەڭلەپ غەلىتە قىلىقلارنى قىلىشقا باشلىدى.

ئۇ ئۆزىنى «سېخىي»، «مەرد»، «شاپائەتچى» كۆرسىتىش ئۈچۈن، شەھەردىكى ھۇرۇن، سارالڭ قېتىش، دەلتىلەرنى يىغىپ ئوردىنىڭ چاھار بېغىدا بېقىشقا باشلىدى. ئۇ بىر كۈنى ۋەزىر ـ ۋۇزرالىرى بىلەن ئاتلىق شەھەر ئارىلاپ يۈرگەندە، يولنىڭ ئوتتۇرىسىدا 14، 15 ياشلاردىكى بىر چىرايلىق بالىنىڭ ئوڭدا ياتقانلىقىنى كۆرۈپ قالدى. «مەندەك پادىشاھ كەلسىمۇ، تەزىم قىلماي بىخىرامان ياتىدىغۇ بۇ ئەدەپسىز» دېگەن ئوي كۆڭلىدىن كەچكەن زۇھرۇللا زامان ۋەزىر ئابدۇل مۇلۇكتىن سورىدى:

ــ نېمە ئادەم بۇ؟

ــ بۇ ھۇرۇن، دائىم شۇنداق ياتىدۇ، ــ دېدى ئابدۇل مۇلۇك، ــ بىر ئادەم بۇ تەرەپتىن، ئۇ تەرەپكە ئۆرۈپ قويمىسا، شۇ پېتى يېتىۋېرىدۇ. ئون كۈن ئاچ قالسىمۇ، كىشىلەر سەدىقە قىلغان تاماقنى ئۆزى يېمەيدۇ.

ــ ئۆزى ساقمۇ قانداق؟

ــ ساق، تەندۇرۇس!

ــ ھەي بالا، ئېتىڭ نېمە؟ ــ ۋارقىرىدى شاھ. لېكىن ھۇرۇن بىگىز بارمىقىدا ئاسماننى كۆرسەتتى. زۇھرۇللا شاھ ھەيران بولۇپ، ۋەزىرگە قارىغانىدى. ئابدۇل مۇلۇك كۈلۈپ قويۇپ، چۈشەندۇردى:

ــ ئاپتاپى ئالەم، ئۇنىڭ قۇياشنى كۆرسىتىۋاتقىنىغا قارىغاندا، ئىسمى شەمس ئوخشايدۇ.

ــ شەمس؟ ــ شاھ مەسخىرىلىك كۈلدى، ــ پۇتىغا كىيىدىغان كىپىشىنىڭ تايىنى يوق، ئۆزىگە قۇياشنىڭ ئىسمىنى

قويۇۋالغىنىنى كۆرمەمدىغان بۇ قاقباشنىڭ! بوپتۇ ھۆرۈن بولسىمۇ ياش ھەم چىرايلىق بالىكەن، مېنىڭ سايەمدە كۈن كۆرۈپ قالسۇن، چاھار بېغىمغا باشلاپ بېرىپ، بىر سۆرۈن جايدا ياتقۇزۇپ قويۇڭلار.

ۋەزىرلەر شاھنىڭ ئەمرىنى بەجا كەلتۈرۈپ ھۆرۈننى چاھار باغقا ئورۇنلاشتۇرۇپ، ھەر كۈنى بېرىلگەن گۆشلۈك پولۇ بىلەن باقتى. ھۆرۈن شەمس باشقىلار يېگۈزۈپ قويمىسا، ئۆلسىمۇ ئۆزى يېمەيتتى. ئارىدىن بەش، ئالتە كۈن ئۆتكەندە يەنە بىر بالا كېلىپ «مەنمۇ ھۆرۈن ئىدىم» دېگەندى. ۋەزىر ئابدۇل مۇلۇك دەرھال خەۋەر قىلدى. پادىشاھ «ئۇنىمۇ بېقىڭلار» دەپ ئەمر قىلدى. بۇ خەۋەر تارقىلىشى بىلەن نۇرغۇن ھۆرۈنلار ئارقا ـ ئارقىدىن كېلىشكە باشلىدى. بىر ئەتىگەنلىكى پادىشاھ ئەمدىلا ئولتۇرۇپ تۇرۇشى چاھار باغدىن كېلىۋاتقان ۋاڭ ـ چۇڭ، غەۋغانى ئاڭلاپ چۆچۈپ كېتىپ ۋەزىردىن سورىدى:

ــ باغدىكى نېمە غەۋغا؟

ــ ھەزرەتلىرى بېقىۋاتقان ھۆرۈنلار بىر مىڭ بەش يۈزگە يەتتى. بۇ شۇلارنىڭ كۆتۈرۈۋاتقان غەۋغاسى.

ــ ئۇنداق بولسا تۆمۈرچىلەرنىڭ ھەممىسىنى يىغىپ، ئۇزۇنلۇقى قىرىق مېتىر، كەڭلىكى قىرىق مېتىر تۆمۈر ئۆي ياسالسۇن، ــ دېدى پادىشاھ دىمىقىنى قاققان ھالدا، ــ ئۆينىڭ ھەر تېمىغا ئوندىن ئىشىك قويۇلسۇن، ھەربىر ئىشىك ئالدىغا كۆرەك بېكىتىلسۇن.

پادىشاھنىڭ تۇيۇقسىزلا ئۆزگەرگەن ئەلپازىدىن ئەندىككەن ئابدۇل مۇلۇك قايتا سوراشقا پېتىنالماي تۆمۈرچىلەرنى يىغىپ كەلدى ـ دە، ئىشقا كىرىشىپ كەتتى. تۆمۈر ئۆي پۈتكەندىن كېيىن، پادىشاھنىڭ ئەمرى بويىچە ھەممە ھۆرۈنلار تۆمۈر ئۆيگە

سولاندى. پادىشاھ ئۆيىنىڭ تۆت ئەتراپىغا ئوت يېقىپ، كۆرەكلەرنى تېز بېسىشقا بۇيرۇدى. ئوت راسا لاۋۇلداپ كۆيۈپ كۆرەكلەر بېسىلغاندىن كېيىن تۆمۈر ئۆي قىزىپ ھۆرۈنلار ئاللا ـ تۇۋا كۆتۈرۈپ ۋارقىراشقا باشلىدى.

ــ پادىشاھى ئالەم، بۇ نېمە قىلغانلىرى؟ ــ سورىدى ۋەزىر ئەزەم ئابدۇل مۇلۇك، ــ ھۆرۈنلارنى ساۋاب تېپىش ئۈچۈن باقتۇق، ئەمدى ئۇلارنى تۆمۈر ئۆيگە سولاپ كۆيدۈرسەك قىساسى تۇتماسمۇ؟ ئۇنىڭدىن كۆرە ئىشىكنى ئېچىۋەتسەك، ھۆرۈنلار جاي ـ جايلىرىغا كەتسە بولمامدۇ؟

ــ ماقۇل، ئىشىكنى ئېچىۋېتىڭلار، ــ قىيا ـ چىيا، يىغا ـ زاردىن ھۇزۇرلانغان شاھ خىرقىراپ كۈلمەكتە ئىدى. ــ بۇ لەنىتىلەرنىڭ قۇيرۇقىغا يانتاق قىستۇرغان ئېشەكلەردەك قاچقىنىنى بىر كۆرەي.

ھەممە ئىشىكلەر ئېچىلىشى بىلەن پۇتلىرى كۆيۈپ، دۈمبىلىرى چاۋۇرۇپ چىققان ھۆرۈنلار كەلكۈن سۇدەك يامراپ چىقتى ـ دە، تەرەپ ـ تەرەپكە قېچىشقا باشلىدى. بىر ـ بىرىنى چەيلەپ ـ يانجىپ قاياققىدۇر پىتىراپ كېتىۋاتقان ھۆرۈنلارنى كۆرگەن پادىشاھ:

ــ تاماشا، تاماشا، ئەجەب قىزىق تاماشا ... ، ــ دەپ قاقاقلاپ كۈلمەكتە ئىدى.

ھۆرۈنلارنىڭ ھەممىسى قېچىپ كېتىشتى. تۆمۈر ئۆينىڭ ئەتراپى جىمىغاندىن كېيىن پادىشاھ:

ــ قاراپ باقايلى، ئۆيدە ئادەم بارمۇ ـ يوق؟ ــ دېدى ـ دە، ۋەزىر ئابدۇل مۇلۇك بىلەن تېخى سوۋۇپ ئۈلگۈرمىگەن تۆمۈر ئۆيگە كىردى. قارىغۇدەك بولسا، ئىككى ئادەم ياتاتتى. ئۇلارنىڭ بىرى دىقماق، سېمىز ھۆرۈن بولۇپ، يەنە بىرى ھۆرۈن شەمس

ئىدى. دىقماق ھۇرۇن شەمسكە: «بەدىنىم كۆيۈپ يېغىم ئاققىلى تۇردى. ئەمدى خۇداغا توۋا قىلىۋالايلىمۇ؟» دېسە، شەمس: «مېنىڭ بېقىنىم پىژىلداپ كۆيۈۋاتىدۇ. ماڭا ھازىر خۇداغا توۋا دېگىلىمۇ خۇشياقمايۋاتىدۇ. قاچانمۇ دەپ بولارمەن، بولدىلا» دەپ خىيالىي ياتاتتى. بۇ ئەسنادا كۆيۈككە چىدىيالمىغان دىقماق ھۇرۇن ئورنىدىن تۇرغانچە ئۆمىلەپ قېچىپ كەتتى. ھۇرۇن شەمس بولسا كۆزىنى پارقىرىتىپ، ئۆلۈمنى كۈتۈپ ياتاتتى. ئۇنىڭ چاپىنى كۆيۈپ بېقىنىنىڭ مېيى ئېرىپ تۆمۈرگە ساقىۋاتاتتى. لېكىن ھۇرۇن چاپاننى سېلىۋېتەيمۇ دېمەي ياتاتتى.

— ھۇرۇن دېسە مۇشۇنى دېسە بولغۇدەك، — دېدى ئابدۇل مۇلۇك، — پاھ، پاھ، ئۆزىنىڭ جېنى بىلەن چاتىقى يوق ھۇرۇنلار بولىدىكەنا.

— بۇ پېسەندىنى كىمكى ئىشقا سالالىسا خەزىنەمنىڭ يېرىمىنى شۇنىڭغا بېرىمەن! — دەپ جاكارلىدى شاھ ھەم ھۇرۇن شەمسنى بېقىشنى ھەرەمئاغىلىرىغا تاپشۇرۇپ ئوردىغا كىرىپ كەتتى. يېرىم خەزىنىدىن ئىبارەت ھېسابسىز بايلىق ۋەزىرلەرنىڭ كۆزىنى قىزارتىپ تۇرسىمۇ، ھۇرۇن شەمسنى ئىشقا سېلىشقا كۆزى يەتمەي، ئۇلارمۇ «ۋاي بولدىلا، كاللىمۇ يېمەي، چىشمۇ چاقماي» دېيىشتى.

* * *

پادىشاھ زۇھرۇللا زامان بۈگۈن كېچە چوڭ قىزى سۇمەننىسانى چۈشەپ قېلىپ، كەيپى ناھايىتى چىگىش ھالدا ئورنىدىن تۇردى. ھازىرغىچە ئۆچمەي كېلىۋاتقان پەرزەنتىنىڭ ئوتى ئۇنىڭ يۈرىكىنى كۆيدۈرۈپ ئازابلايتتى. سۆيۈملۈك

ئەقىللىق قىزى سۇمەننىسا ۋە ئىشتىنىنى سالدۇرۇۋالغان ھېلىقى ياۋۇز قارا قۇيۇن ئەسكە چۈشسىلا، ئۇ باشقىدىنلا ئەسەبىيلىشىپ نېمە قىلىپ، نېمە دەۋاتقانلىقىنى بىلمەي قالالاشمىغان ئەمىر - پەرمانلارنى چۈشۈرەتتى. ئەقىلگە سىغمايدىغان تەلەپ، شەرتلەرنى قوياتتى. مانا ھازىرمۇ ئوردىغا خامۇش ھالدا كىرىپ كەلگەن شاھ ئابدۇل مۇلۇكنىڭ سالىمىغا پىسەنت قىلماي تەختتە ئولتۇردى. ئۇنىغانىغا - يونىغانىدەك بىر قارلىغاچ ئوردا سارىيى ئىچىدە بىر ئايلاندى - دە، «ۋىچىر، ۋىچىر ... » قىلىپ سايراپ ئۇچۇپ چىقىپ كەتتى. ئۇنىڭغا ھاڭقىيىپ قاراپ قالغان شاھ زېرىكىشتىن بىر ئىش دېگەندەك ۋەزىرى ئەزەم ئابدۇل مۇلۇكتىن سورىدى:

— بۇ جانىۋار نېمە دەيدۇ؟

— بۇ ... بۇ ... جانىۋارنىڭ نېمە دېگەنلىكىنى بىلەلمىدىم شاھىم، — ئابدۇل مۇلۇك يەرگە باقىنىچە دۇدۇقلىدى، — ۋىچىر ... ۋىچىر قىلدى شۇ.

كىچىدىكى چۈشى ۋە قارا قۇيۇن ۋەھىمىسى تېخىچىلا كۆڭلىدىن كۆتۈرۈلمىگەن شاھ خۇددى خۇمارىغا قانمىغان دۆت كەيپ بەڭگىدەك چىچاڭشىپ غەزەپكە كەلدى - دە، ئەمەتنىڭ ئاچچىقىنى سەمەتتىن ئالدى.

— مېنىڭ ھۇزۇرۇمدا ئەقىلدار ۋەزىر بولۇپ تۇرغىنىڭغا شۇنچە ئۇزۇن يىللار بولدى. تېخىچە بىر قارلىغاچنىڭ نېمە دېگىنىنى بىلمەمسەن؟ — ۋارقىرىدى شاھ، — ساڭا ئۈچ كۈن مۆھلەت بېرىمەن، شۇنىڭغىچە توغرا جاۋاب تېپىپ كەل، تاپالمىساڭ كاللاڭنى ئالىمەن!

يۇقىرىدا بىز قەيت قىلىپ ئۆتكىنىمىزدەك زۇھرۇللا زامان ئىچى قوتۇر، كۆرەلمەس، كۆڭلى قارا ئادەم بولغاچقا، ئابدۇل

مۇلۇكنىڭ ئاۋام ئارىسىدىكى ھۆرمەت ـ ئىناۋىتىنى كۆرەلمەيتتى. «ئۇنىڭغا قىلىنغان ئىززەت ـ ئىكرام مەندەك شاھقا نېمىشقا قىلىنمايدۇ» دېسىلا ئىچىدە ئوغا قايناپتتى. ئۇنىڭ كۆتىگە تېپەي دېسە، ئاۋامنىڭ توپىلاڭ چىقىرىشىدىن، ئۆزىنىڭ يۈز ـ ئابرۇيىنىڭ تۆكۈلۈشىدىن قورقاتتى. ئەمما چويلىدا توختىغۇدەك بىرەر باھانە ـ سەۋەب تاپالمايتتى. مانا ھازىرمۇ «قارلىغاچ نېمە دېدى؟» دېگەننى باھانە قىلىپ: «كاللاڭنى ئالىمەن» دەپ پەرمان قىلدى. ئەلۋەتتە شاھنىڭ بىر ئېغىز لەۋزى شەرئى ھۆكۈم تۇرسا ...

ۋەزىر ئابدۇل مۇلۇك ئۆيىگە قايتىپ كېلىپ، خوتۇنى، قىزى ئەسمەلەرگە بولغان ۋەقەنى سۆزلەپ بەردى. ۋەزىرنىڭ ئايالى يىغلاپ ـ قاقشاپ ئۆينى بېشىغا كىيدى. كىملەرنىڭدۇر غايىۋانىسىغا تىللىدى، قارغىدى.

ــ قىزىنىڭ دەردىدە سارالڭ بوپتۇ بۇ شاھ، ــ ئالىقانلىرىغا ئۇردى ئايال، ــ قارلىغاچ نېمە دېدى دېگەنمۇ گەپمۇ؟ ئۇ نېمە دېسە دېمەمدۇ، ئۇچار قۇشلارنىڭ زۇۋانىنى بىلىدىغان بىز سۇلايمان پادىشاھمۇ؟ قانداق دېگەن بىمەنىلىك بۇ!

ــ بولدى ئاپا، ئۆزىڭىزنى ئۇپراتماڭ، ــ دېدى ئەسمە تەمكىن ھالدا، بۇنىڭ جاۋابى ئاسان، دادامنىڭ ھاياتىغا مەن كاپالەتلىك قىلالايمەن.

ــ بالام، نېمە دەۋاتىسىز، ــ ھەيران بولۇپ سورىدى ئابدۇل مۇلۇك، ــ بۇ ئويىنىشىدىغان ئىش ئەمەس جۇمۇڭ.

ــ بىلىمەن دادا، ئەنسىرىمەڭ، ــ ئەسمە ئۆزىگە ئىشەنگەن ھالدا كۈلۈپ تۇراتتى، ــ قارلىغاچنىڭ «ۋىچىر، ۋىچىر ... » قىلىپ دېگىنى: «ئەرنى باي قىلغانمۇ، گاداي قىلغانمۇ، سارالڭ قىلغانمۇ، پادىشاھ قىلغانمۇ خوتۇن دېگىنى!» ۋەزىر ئەزەم ئابدۇل

مۇلۇك ئۈچىنچى كۈنى ئەتىگەندە خۇشال ھالدا ئوردىغا كىرىپ پادىشاھقا ھۆرمەت بىلدۈرۈپ چوڭقۇر تەزىم قىلدى، ئاندىن پادىشاھنىڭ سوئالىغا جاۋاب بېرىشكە ئىجازەت سورىدى. پادىشاھ باش لىڭشىتتى.

— جانابى ھۆرمەتلىك پادىشاھىم، — دېدى ۋەزىر ئابدۇل مۇلۇك، — قارلىغاچنىڭ «ۋىچىر، ۋىچىر ...» قىلىپ سايرىشى، ئەرنى باي قىلغانمۇ، گاداي قىلغانمۇ، سارالڭ قىلغانمۇ، پادىشاھ قىلغانمۇ خوتۇن دېگىنىدۇر ...

بۇنى ئاڭلىغان پادىشاھ ھەيران بولۇپ:

— جاۋابىڭغۇ توغرىدەك قىلىدۇ. بۇنى ئۆزۈڭ تاپتىڭمۇ ياكى بىرەرى ئېيتىپ بەردىمۇ؟ — دەپ سورىدى.

— تەقسىر، ھېچكىم ئېيتىپ بەرمىدى، ئۆزۈم تاپتىم.

— راستىڭنى ئېيت، يالغانچىلىق قىلساڭ، كاللاڭنى ئالدۇرىمەن، — دېدى شاھ ۋارقىراپ. قورقۇپ كەتكەن ۋەزىر قىزى ئەسمەنىڭ ئېيتىپ بەرگەنلىكىنى ئىقرار قىلىۋەتتى. غەزىپى تېشىپ، قۇيقا چېچى تىك بولغان پادىشاھ: «كېلىڭلار!» دەپ جار سېلىشى، بىرقانچە چاپارمەنلەر يۈگۈرۈشۈپ كېلىپ ھازىر بولدى.

— سىلەر دەرھال ئەسمە دېگەن قانجۇقنى تۇتۇپ كېلىڭلار، ئۇنىڭ زادى قانچىلىك كارامىتى باركىن، مەن بىر كۆرۈپ باقاي.

چاپارمەنلەر خۇددى بوراندەك گۈلدۈرلەپ چىقىپ كەتتى. «قىزىمنىڭ ئىسمىنى چىقارسام ئۇنىڭ ئەقىل - پاراسىتىگە ئاپىرىن ئوقۇغان شاھ ئۇنى تارتۇقلامدىكىن؟» دەپ خام تەمەدە بولغان ئابدۇل مۇلۇك دەھشەتلىك ساراسىمىگە چۈشۈپ قورقۇپ كەتتى. ئۇ شاھنىڭ ئاياغلىرىغا يىقىلىپ يېلىناي دەپ تۇرۇشى، چاپارمەنلەر ئەسمەنى ئېلىپ كىرىشتى. لېكىن بۇ جەسۇر

ئەقىللىق قىز قىلچىمۇ تەپ تارتماي، گەۋدىسىنى تىك تۇتۇپ تۇراتتى. ئۇنىڭ بۇ سىياقى شاھنىڭ جەھلىنى تېخىمۇ قاتۇرۇپ قويدى. ئۇ تۇكۇرۇكلىرىنى چاچرىتىپ چالۋاقاپ كەتتى:

— ھەي، سەن كىچىككىنە تۇرۇپ، خوتۇنىنىڭ ئەرنى باي، گاداي، ساراڭ، پادىشاھ قىلىدىغانلىقىنى قانداق بىلىسەن؟

— بۇ گەپنى پادىشاھ ئالەم، — دېدى ئەسمە ھودۇقماي، — مەن ئەمەس، قارلىغاچ دېگەن.

— قارلىغاچ نەدىن بىلىدىكەن؟

— چۈنكى قارلىغاچ ئۆيلەرگە ئۇۋا سالغىنى ئۈچۈن، نۇرغۇن ئائىلىلەردىكى جېدەل - ماجىرا، دېشۋارچىلىقلارنى كۆرۈپ بىلگەچكە، ئۇنىڭدىن باشقا گەپ قىلىشى مۇمكىن ئەمەس! ئىشەنمىسىلە قارلىغاچتىن سورىغايلا! ...

— تىلىڭنى تارت جۇۋاينىمەك، — شاھ تەخت يۆلەنچۈكىگە پاققىدە ئۇردى، — زۇۋانى يوق بىر قۇشتىن گەپ سورا دېيىشكە قانداق پېتىندىڭ؟

— ئۇنداقتا، قارلىغاچنىڭ زۇۋانىنىڭ يوق ئىكەنلىكىنى بىلىپ تۇرۇپ باشقىلارنى قەستەن تەڭلىككە سېلىشلىرى بۇ سىلىنىڭ ئادالەتلىرىما؟ ...

— جاللات! ...

گەپتە تۇتۇلۇپ قالغان پادىشاھ نومۇس ۋە غەزەپتىن تىترەپ كەتتى. ئۇ پەيلىدىن يانىدىغاندەك ئەمەس ئىدى. جاللاتلار ئەسمەنى باغلاپ ئېلىپ ماڭماقچى بولۇشى ئابدۇل مۇلۇك ئۆزىنى تاشلاپ، ئۆمىلەپ كەلگىنىچە پادىشاھنىڭ ئاياغلىرىنى قۇچاقلىدى. ئۇنىڭ مۆلدۈردەك تۆكۈلۈۋاتقان ياشلىرى ئاپپاق ساقاللىرىدىن دومىلاپ چۈشمەكتە ئىدى.

— شاھىم، رەھىم قىلسىلا، قىرىق يىل خىزمەتلىرىدە

بولدۇم، مېنىڭ ئاتاممۇ ئاتىلىرىنىڭ قىيامەتلىك بۇرادىرى ئىدى!

— توختاڭلار!، — سورۇن ئەھلى بىردەك قايرىلىپ ئارقىغا قاراشتى. ئۇلار قاپقارا قوشۇما قاشلىرى تۈرۈلگەن، كۆزلىرىدىن نەپرەت چېقىنلىرى چىقىپ تۇرغان گۈلسۇمەننى كۆرۈپ، ئۇنىڭغا يول بوشاتتى. يېقىن دوستى ئەسمە ئۇچۇن «بېشىمغا كەلگىنىنى كۆرەي» دېگەن ئىرادىغا كەلگەن گۈلسۇمەن تەخت ئالدىغا كېلىپ توختىدى. چوڭ قىزى سۇمەننىسادىن ئايرىلىپ مۇشۇ بىر تاللا قىزى بىلەن قالغان شاھ ئاچچىقىدىن جالاقلاپ تىترەپ تۇرسىمۇ، ئېغىز ئېچىپ بىر نېمە دېيەلمىدى. ئۇنىڭ كۆزلىرى غىل - پاللا نەگىدۇر قارىۋالدى. مەدرىسە ۋە ئوردا كۇتۇپخانىسىدا بىلىم تەھسىل قىلغان بۇ قىزلارنىڭ تىلى بەك ئۆتكۈر بولۇپ، مۇباھىسە (مۇنازىرە)دە ئۇلارغا ھەرگىز تەڭ كەلگىلى بولمايتتى. شۇ تۇرقىدىمۇ گۈلسۇمەن ئاتىسىغا ھېچ ئەيمەنمەي قارچىغىدەك تىكىلىپ تۇراتتى.

— شاھ ئاتا، قارلىغاچ ھەققىدىكى سۆز ئويۇنلىرىنىڭ تەكتى مەنىسى سىزگىمۇ ھەم دوستۇم ئەسمەگىمۇ ئايان، — دېدى گۈلسۇمەن، — بۇنىڭ سەۋەبلىك كىچىككىنە قىزنى قىلىچتىن ئۆتكۈزسىڭىز، «ئادىل»، «دانا»، «سېخىي»، «مەرد» دېگەن ناملىرىڭىزغا داغ چۈشۈرۈۋالىسىز. ئاۋام ئارىسىدىمۇ سۆز - چۆچەكلەر كۆپىيىپ شاھلىق سەلتەنەتىڭىزگە لەنەت تامغىسى بېسىلىدۇ.

بۇ ئەسنادا سول قول ۋەزىر قۇتبىدىن قۇتيار شاھنىڭ قۇلىقىغا نېمىلەرنىدۇر پىچىرلىغانىدى، زۇھرۇللا زامان مەمنۇن بولغاندەك بېشىنى ئۇزاققىچە لىڭشىتتى.

— سەن بۇرۇن زۇۋاندارلىق قىلىپ ئوتتۇنچىنىڭ قىزى

شەرىگۇلنى قۇتقۇزۇپ قالغان. ھەتتا يۈزىمىزنى پولۇدەك قىلىپ، ئۇنى تارتۇقلىغان، — دېدى شاھ تەئەددىلىك بىلەن، — مانا ھازىر مېنىڭ ئۇلۇغ ناملىرىمنى، شاھلىق سەلتەنەتىمنى لەنەت تامغىسى بىلەن قورقاق سېلىۋاتىسەن، بوپتۇ، مەن بۇ لەنەتگەردى شۇمنى ئۆلتۈرمەي، ئەمما ئۇ «ئەرنى باي، سارالىڭ، گاداي، شاھ قىلغانمۇ خوتۇن» دېگەنىكەن. مەن ئۇنىڭ كارامىتىنى بىر كۆرۈپ باقاي، كېلىڭلار! ...

ئوردا چاپارمەنلىرى نەپەس ئۆتمەي بوسۇغىدا ھازىر بولدى.

— سىلەر، — شاھ ئەمىر قىلدى، — ئاغۋاتلار بېقىۋاتقان ھۇرۇن شەمسىنى ئېلىپ كېلىڭلار!

چاپارمەنلەر چىقىپ كېتىپ، شەمسىنىڭ پۇت ـ قوللىرىدىن سۆرەپ ئېلىپ كەلدى ـ دە، تەخت ئالدىدىكى مەيدانغا تاشلىدى. ئۇنىڭ چاچلىرى ئۆسۈپ مۈرىلىرىگە كەلگەن بولۇپ، يۈزلىرىمۇ كۆكۈل ھۆ بولغۇدەك قاسماق ئىدى. كۆزلىرىنىڭ پىلدىرلاپ تۇرۇشىلا ھايات شامىنىڭ تېخى ئۆچمىگەنلىكىدىن دېرەك بېرىپ تۇراتتى. ئەسمە سورۇن ئوتتۇرىسىدا لالىيىپ ياتقان شەمسىكە زەن سالدى. تېخى ئەمدىلا 16 ياشقا كىرگەن بالىنىڭ دېۋىدەك بەستى، قۇرامىغا يەتكەن يىگىتلەردەك كەڭ كۆكرەكلىرى، قاغا پېيىدەك تۇم قارا قاشلىرى، گۇرزىدەك بىلەكلىرى گوياكى رىۋايەتلەردىكى پالۋانلارغا ئوخشايتتى. بىراق ھۇرۇنلۇق ئۇنى ئېشەك تاپىنىدىن بەتتەر قىلىۋەتكەنىدى.

قانداقتۇر ئەنسىز خىياللارغا پېتىپ قالغان ئەسمە پادىشاھ زۇھرۇللا زامانىنىڭ ۋارقىرىشىدىن چۆچۈپ كەتتى.

— سەن! — شاھ ئەسمەگە قولىنى جۆندى، — شۇنچە يامان ئىكەنسەن، مۇشۇ ھۇرۇننى شاھ قىلىپ باق ... بىر يىللىق مۆھلەت ئىچىدە ئورۇندىيالمىساڭ، ئاتاڭ ئىككىڭنى دار

سىرتىمىقى كۈتۈپ تۇرىدۇ ...

ئاتا ـ بوۋىلار شاھ خىزمىتىدە بولماقلىق، شىر ئۈستىگە مىنمەكلىك دەپ بىكار ئېيتماپتىكەن. زۇھرۇللا زامان 40 يىل خىزمىتىنى قىلغان ۋەزىر ئەزەمگە يۈز ـ خاتىر قىلمىدى. ئابدۇل مۆلۈك بىلەن ئەسمە ھۆرۈن شەمسىنى خۇددى ئېشەككە تاغار ئارتقاندەك ئارتىپ ئۆيىگە ئېلىپ كېتىشتى. ئەمما ئۇلار تاغدەك غەم ئاستىدا قالدى. تەييار تاماقنى يېيىشمۇ خۇشياقمايدىغان، يەل كەلسە ئىنجىقلاشتىنمۇ ئېرىنىدىغان، بىر كىم ئۆرۈپ قويمىسا كەچكىچە ئوڭدىسىغا ھاڭقىيىپ ياتىدىغان بىقۇل، بىنەزەر ھۆرۈننى ئادەم قىلىش ئەمەس، شاھ قىلىش، بۇ خۇددى ئۆكۈزنىڭ مۈڭگۈزىدە قىزىل گۈل ئېچىلدۇرماقچى بولغاندەك قىپقىزىل سارائىلىقتۇ!

ئەسمە بىر كېچە كىرپىك قاقماي ئويلا ـ ئويلا ئەتىسى دادىسىنىڭ قېشىغا كىردى. ئابدۇل مۆلۈك خۇددى 10 يىل كېسەل تارتقان ئادەمدەك سارغىيىپ، مۈكچىيىپ، ئېڭەك يۆلەپ ئولتۇراتتى. دادىسىنىڭ بۇ بىچارە ھالىتى ئۇنىڭ يۈرىكىنى ئېيتقۇسىز ئېچىشتۇرۇۋەتتى.

ــ دادا، ــ دېدى ئەسمە ئابدۇل مۆلۈكنىڭ يېنىدا ئولتۇرۇپ، ــ بۇ ئىشقا ئەمدى باش قاتۇرماڭ، سىز مېنى ئۇ ھۆرۈنغا بېرىڭ. قالغان ئىشنى ئۆزۈم توغرىلايمەن.

ــ قىزىم، ــ ۋەزىرنىڭ ئاچچىقى كەلدى، ــ شۇنداق ئەرگىمۇ تېگەمسىز؟ سىزنى ئەرگە چىقارغۇم بولسا، بۇ ھۆرۈنغا بەرمىسەممۇ، باشقا ئەر تېپىلىدىغۇ.

ــ دادا، ــ دېدى قىز ئاستا پىچىرلاپ، ــ مېنى نىكاھ قىلىپ ئۇنىڭغا بېرىڭ. لېكىن مەن ئۇنىڭغا قولۇمنىڭ ئۇچىنى تۇتقۇزماي ئۇنى ئادەم قىلىمەن.

— سىزغۇ بەك ئەقىللىق قىز، لېكىن كۆزىڭىز يېتەمدۇ؟
— يېتىدۇ.
— بۇ لەنىتى ئېشەك تاپىنىنى ئادەمغۇ قىلارسىز، ئەمما شاھ قىلىش سۇدىكى ئاي شولىسىنى تۇتىمەن دېگەندەك ئەخمىقانىلىك.
— تىرىشىپ كۆرمەمدىم دادا، — ئەسمەنىڭ كۆزلىرىدىن ئىشەنچ نۇرى يېغىپ تۇراتتى، — شەمس ئەسلىگە كېلىدىغان بولسا، ئۇ كۈچتۈڭگۈر، پالۋان بالا بولىدۇ. بۇ مېنىڭ پىلان - مەقسەتلىرىمنى ئورۇنداشتىكى دەسمايەم ...
— نېمە؟ پىلان - مەقسەتلەردىن گەپ ئاچىسىزغۇ بالام، مەن بىلمەيدىغان سىرلىرىڭىز بار ئوخشىمامدۇ؟
— دادا سورىماڭ، بۇ ھازىرچە خۇپىيە! كېيىنچە بىلىپ قالىسىز.
قىزنىڭ سۆزلىرىدىن كۆڭلى سەل ئەمىن تاپقان ئابدۇل مۇلۇك بىرنەچچە قولۇم - قوشنىلىرىنى چاقىرىپ نىكاھ - پاتىھە رەسمىيىتىنى ئۆتكۈزۈپ ھۆرۈن شەمس بىلەن قىزنى ھۇجرىغا ئەكىرىپ قويدى. بىراق شەمس كۆزىنى پارقىرىتىپ مىدىرلىماي ياتاتتى. ئەسمە چىرايلىق، شوخ بولغاچقا، مۇڭلۇق ناخشىلارنى ئېيتىپ، قىزىق ھېكايىلەرنى سۆزلەپ، ئىشچانلىق، باتۇرلۇق، مەردلىك، ۋىجدان، غۇرۇر ھەققىدە ھېكمەتلەرنى دەپ شەمسنى بارا - بارا ئويغاتتى. كۈنگە نەچچە ۋاق ئۇنىڭ قاسماق يۈز - قوللىرىنى يۇيۇپ، يېڭى كىيىملەرنى ئالماشتۇرۇپ، ئۆي ئىچىدە ماڭغۇزدى. ئۇ بىرەر ھەپتىگە قالماي داستىخان ئالدىغا ئۆزى كېلىپ ئولتۇرىدىغان بولدى. دەسلەپتە ئەسمە ئۇنىڭ ئاغزىغا قوشۇقتا تاماق يېگۈزۈپ قويۇپ، ئارقىدىن قوشۇقنى ئۆزىگە تۇتقۇزۇپ قويدى. قىزنىڭ مەردلىك، ئىشچانلىق،

ئادىمىيلىك ھەققىدىكى نەسىھەتلىرىدىن ئوڭايسىزلانغان شەمس بىرەر ئايغا قالماي تامىقىنى ئۆزى يەيدىغان، ئوتۇن يېرىپ، ھويلا - ئاراملارغا سۇ چېچىپ سۈپۈرىدىغان، ئەخلىتىنى تۆكىدىغان ئادەتلەرنى يېتىلدۈردى ...

كۈنلەر ئۆتكەنسېرى شەمس ئەسمەگە تويماي قارايدىغان، قىز قارىسا قىزىرىپ كېتىدىغان بولۇپ قالدى. تېخى ئەسمە نېمىگە بۇيرۇسا قىلىدىغان، بويۇن تولغىماي شاپپىدە ئورنىدىن تۇرىدىغان بولدى. قىسقىسى، قىزنىڭ ھۆسن - جامالى، ئەخلاق - پەزىلىتى، يېقىملىق خۇش پېئىللىقى يۈرىكىنى ئېرىتىپ ئىشق سەۋداسىنى قوزغىسا، ھەر كۈنى سۆزلەيدىغان ھېكايە، نەسىھەتلىرى ئۇنىڭ داتلاشقان ئەقىل قۇلۇپىنى ئاچتى. بىر كۈنى ئەسمە تاماق ئۈستىدە ئولتۇرۇپ:

— دادام كۈندە بىزگە تاماق چىقارتىپ بېرىۋاتىدۇ، بىز يەپلا يېتىۋاتىمىز. بىزنىڭ بەش ئەزايىمىز تولۇق، تېنىمىز ساق تۇرسا، دادام نېمىدەپ ئويلاپ قالار؟ ئۆز كۈچىمىزگە تايىنىپ تۇرمۇش كەچۈرسەك يۈزىمىز يورۇق بولمامدۇ؟ — دېدى.

— ئۇنداقتا نېمە ئىش قىلساق بولار دىلبىرىم، — ئۇ ئەسمەنى شۇنداق ئاتاشنى ياخشى كۆرەتتى، — قېنى سىز بىر نېمە دەڭ.

— سىز بازارغا چىقىپ مەدىكارچىلىق قىلىڭ. دادامنىڭ ئامبىرىدا ئاتا - بوۋىمىزدىن قالغان بىر كەتمەن بار. ئۇنى ئادەتتىكى ئادەم كۆتۈرەلمەيدۇ. سىزنىڭ دېۋىدەك بەستىڭىز، ئېيىقتەك كۈچىڭىز تۇرسا.

ھۇرۇن شەمس ۋەزىرنىڭ ھۇزۇرىغا كىرىپ قىزنىڭ ئۆگەتكىنى بويىچە «ئەسسالامۇ ئەلەيكۇم دادا، ئوبدان تۇردىلىمۇ؟» دەپ ئېگىلىپ سالام قىلغانىدى، ۋەزىرى ئەزەم قۇياش غەربتىن

چىققاندەك ئاغزى ئوچۇقلا قالدى. ئۇ بىر چاغدىلا ئەسلىگە كېلىپ: «ۋەئەلەيكۇم ئەسسالام بالام، كېلىپ قاپسىزغۇ؟» دەپ ھەيرانۇ ـ ھەس بولغىنىنى چاندۇرمىدى. شەمىس نېمە ۋەجىدىن كەلگەنلىكىنى ئېيتقانىدى. ئۇ دەرھال ئىككى خىزمەتچىنى ئامبارغا كىرگۈزدى. كەتمەن ئىنتايىن يوغان بولغاچقا، ئىككى ئادەم سۆرەپ ئارانلا ئېلىپ چىقتى.

— بالام، — دېدى ۋەزىر خۇشاللىقىدا، — قەدىمكى زامانلاردا ئادەملەرنىڭ بەستى چىناردەك، بىلەكلىرى گورزىدەك، پاقالچەكلىرى جۇۋاز ئوقىدەك بولىدىكەن. بۇ كەتمەننى كۆتۈرەلەمسىزكىن؟

— كۆتۈرىمەن دادا، بۇنىڭدىن يوغان بولسىمۇ كۆتۈرىمەن.

كەتمەن شەمىسكە توخۇ پېيىدەكمۇ بىلىنمىدى. ئۇ كەتمەننى لىككىدە مۈرىسىگە ئېلىپ چىقىپ كەتتى. تەييارغا ھەييار بۇ ھۈرۈنىنىڭ سالام ـ سەھەتلىرىنى، ئىش ـ ھەرىكەتلىرىنى كۆرگەن ۋەزىر قىزى ئەسمەدىن سۆيۈنۈپ كەتتى ھەم «ئاخىرى خەيرلىك بولغاي» دەپ تىلەك تىلىدى.

شەمىس كەتمەننى مۈرىسىگە سېلىپ مەدىكار بازىرىغا باردى. ئىشلەمچى ياللىغۇچىلار شەمىسنىڭ گۇسمەستەك بەستىگە، كەتمىنىگە قاراپ: «ھەي، بۇنىڭ قورسىقىنى تويغۇزغىلى بولمىغۇدەك» دېسە، يەنە بەزىلەر: «ئىش ھەققىنىمۇ كۆپ ئېلىشى تۇرغانلا گەپ» دېيىشىپ كېتىپ قېلىشتى. ئەمما بىر سودىگەر كېلىپ، كۈن نۇرىدا يالتىراپ تۇرغان كەتمەننىڭ يوغانلىقىغا قاراپ كۆزلىرى چەكچەيدى. ئۇ ئىشەنمىگەندەك قىلىپ، شەمىستىن سورىدى:

— مۇشۇ كەتمەننى ئۆزۈڭ چاپالامسەن؟

— چاپىمەن، — دېدى شەمىس ئىشەنچ بىلەن، —

ئىشەنمىسلە سىناپ كۆرسىلە.

— ئۇنداق بولسا يۇرە، كۇنلۇكۇڭگە تۆت تەڭگە بېرىمەن، رازىمۇ سەن؟

— رازى.

كۇنلۇكىگە ئارانلا بىر تەڭگىگە ئىشلەيدىغان ئىشلەمچىلەر «ئوھۇي» دېيىشىپ كۆزلىرى چەكچىيىپ كېتىشتى. سودىگەر شەمىسنى بېغىغا باشلاپ باردى. باغنىڭ ئوتتۇرىسىدا يوغان بىر دۆڭ، ئۆرۈۋېتىلگەن ئۆي تاملىرى، نېرىراقتا بىر ئازگال بار ئىدى.

— مۇشۇ دۆڭ ۋە كونا تاملىقنى توشۇپ، ئازگالنى تىندۇرىسەن، — دېدى سودىگەر قاتتىق تەلەپپۇزدا، — مەن دۇكانغا بارىمەن. ساڭا قارايدىغان باشقا ئادەم يوق. ئۆزۈڭنى سوراپ، ئىشنى ھالاللىق بىلەن ياخشى قىلارسەن؟

شەمىس سودىگەر كېتىش بىلەن ئىشقا كىرىشىپ كەتتى. ئۇ بۇرۇن ئىش قىلىپ باقمىغاچقا، ئارام ئېلىشنىمۇ ئۇنتۇپ، ئەتىگەندە باشلىغانچە كەچكىچە ئىشلەپ دۆڭ بىلەن كونا تاملىق ھېچقانچە قالمىدى. «بىر ئايدا تۈگىتەرمەن» دەپ مۇسەللىگەن ئىشنىڭ تېزلا تۈگەي دەپ قالغىنىنى كۆرگەن شەمىس ئىچىدە: «ئەسمەنىڭ كۆز قورققاق، قول باتۇر دېگىنى راستكەندە» دەپ ئويلىدى. كەچتە قايتىپ كەلگەن سودىگەر بىر تۈپ ئۆرۈكنىڭ ئارقىسىغا ئۆتۈپ يوشۇرۇن كۆزەتتى. ئۇ ئىشلەمچىنىڭ بىر پاتمان كەلگۈدەك توپىنى شۇنچە يىراققا ئىرغىتىپ ئېتىۋاتقانلىقىنى، بىر كىم بېشىدا قاراپ تۇرمىسىمۇ ھارماي ئىشلەۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ: «بۇ يىگىت ھاراملىقنى بىلمەيدىكەن، ھالال ئىشلەپ، ھالال ھەق ئالىدىغان دىيانەتلىك مۇسۇلمان ئىكەن.» دەپ ئويلىغان سودىگەر ئۆيىگە بېرىپ، گۆشنى بولدى

دېگۈچە بېسىپ پولۇ ئەتكۈزدى. ئاندىن شەمسنى چاقىرىپ كەلدى. يۈز ـ قوللىرىنى يۇيۇپ داستىخان ئالدىغا كەلگەن ھۆرۈن شەمس يوغان بىر لېگەن پولۇنى گۆشلىرى بىلەن قوشۇپ قاچانلاردا يەپ تۈگىتىۋەتكەنلىكىنى بىلمەيلا قالدى. ئۇ ھەتتا: «ئالدىمدىكى بىر لېگەن پولۇ نەگە كەتتى؟» دەپ سورىغىلى تاسلا قالدى. لېگەننىڭ ئۈچ ـ چۆرىسىدىكى گۈرۈچلەرنى سېرىپ ـ سۈپۈرۈپ يەۋاتقانلىقىنى كۆرگەن سودىگەر پېشكەمدە كۈلۈپ قويۇپ، يەنە بىر لېگەن ئېلىپ كەلدى ـ دە، ئىچىدە: «ئىشىنىمۇ ھالاللىق بىلەن قىلىدىكەنسەن، ئاشنىمۇ يەيدىكەنسەن، يارايدىكەنسەن ... » دېگەنلەرنى ئويلىدى. ئۇ شەمسكە ئېيتتى:

— بۈگۈنكى ئىش ھەققىڭنى بۈگۈن ئالامسەن ياكى ئەتە ئىشنى قىلىپ بولۇپ ئالامسەن؟ — دەپ سورىدى.

— بۈگۈنكىنى بۈگۈن ئالىمەن، بولمىسا دىلبىرىم خاپا بولىدۇ.

— ۋۇي، سېنىڭ خوتۇنۇڭمۇ بار ئوخشىمامدۇ؟

— ياقەي، خوتۇنۇم ئەمەس، دىلبىرىم.

— ئۇنداقتا بىر ياستۇققا تېخى باش قويماپسىلەردە؟

— بۇ نېمە دېگىنىڭىز غوجايىن، «بىر ياستۇققا باش قويۇش» دېدىڭىزما؟ — شەمس ئورنىدىن دەس تۇردى، — ئەمىسە مەن دىلبىرىمگە «بىر ياستۇققا باش قويايلىچۇ» دېسەم بولغۇدەك.

سودىگەر كۈلۈۋەتتى. ئۇ شەمسنىڭساددا، سەمىمي، ئاق كۆڭۈل بالا ئىكەنلىكىگە مەسلىكى كېلىپ، ئۇنىڭغا ئىش ھەققىدىن باشقا ئىشتان، كۆڭلەك، چاپان، دوپپا، ئاياغ، بېلىگە باغلىغىلى روماللارنى بېرىپ يولغا سالدى. شەمس ئەسمەنىڭ تاپىلىشى بويىچە قايتىشىدا كەتمەننى مۈرىسىگە سېلىپ

پادىشاھنىڭ راۋىقىنىڭ يېنىدىكى تار كوچىدىن ناخشا ئېيتىپ ئۆتتى. بۇ ناخشىنى ئەسمە ئۆگىتىپ قويغانىدى. راۋاقتا ئارام ئېلىپ ئولتۇرغان زۇھرۇللا زامان ئىختىيارسىز ناخشىغا قۇلاق سالدى:

قىسمەتكە تولغان بۇ دۇنيانىڭ مەنزىلى.
ھۇرۇن، گاداي شاھ بولار، شاھلار دىۋانە.
ئالىمىشدۇ بىر كۈنى شاھى تونلارغا،
جەندە كۆلا كىيەرسەن، ئۆزۈڭ سەرسانە ...

— پوق يەپسەن دىۋانە، — دېدى پادىشاھ چىچاڭشىپ، — ھۇرۇن، دىۋانىلەرنىڭ شاھلىقنى تەمە قىلىشى، ئاسماندىكى يۇلتۇزلارنى قوينۇمغا سالىمەن، دېگەندەك بەڭگىنىڭ خىيالى. تېخى شاھانە تونلارغا جەندە ـ كۆلا ئالىمىشدۇ، دەيدا بۇ ئالجىغان سارالڭ!

پادشاھ زۇھرۇللا زامان غايىۋانىسىغا تىللاپ تۇرغاندا، شەمىس ناخشىسىنى داۋام قىلغاچ ئۆيىگە يېتىپ كەلدى. ئەسمە ئۇنى كۈلۈپ تۇرۇپ قارشى ئالدى. يۈز ـ پېشانىلىرىنى سۈرتۈپ، مەڭزىگە سۆيۈپمۇ قويدى. ئاندىن ئۇنىڭ ئالدىغا چاي ئەكىرىپ ھال سورىدى. ئەسمەنىڭ ئىللىق مۇئامىلىسىدىن، تاتلىق سۆزلىرىدىن ئېرىپ كەتكەن شەمىس ئىش ھەققىنى ئۇنىڭ ئالدىغا قويدى. ناۋات سالغان چايدىن بىر ـ ئىككى قېتىم ئوتلاپ بولغاندىن كېيىن، ئەسمەگە ھىجىيىپ قاراپ قويۇپ گەپ باشلىدى:

— دىلبىرىم، — شەمىس دۇدۇقلىدى، — بىز ... بىز قاچان بىر ياستۇقتا باش قويىمىز ... ھى ... ھى ... ھى ...

تەرەببا بۇ گەپنىڭ چىقىشىدىن ئېسەنكىرەپ قالغان ئەسمە تېڭىرقاپ تۇرۇپ قالدى. ئۇ شەمسكە بىرەرى گەپ ئۆگەتكەن چېغى دەپ ئويلاپ مۇلايىملىق بىلەن كوچىلاپ باقتى:

— ئەجەب بۇ گەپنى قىلىپ قالدىڭىزغۇ؟ ...

— غوجايىن بىر ياستۇقتا باش قويغانلار ئەر - خوتۇن بولىدۇ، دېگەنتى، ھى ... ھى ... ھى ...

— شەمس بۇ گەپنى چىقىرىپ سالدىڭىز، سىزگە كۆڭلۈمدىكىنى دېسەم ھازىرچە بولمايدۇ، — دېدى ئەسمە يەر بېقىپ تۇرۇپ، — سىز خېلى ئۇزۇن ۋاقىت ھۇرۇنلۇق ئىسكەنجىسىدە بوغۇلۇپ، ئۆزىڭىزنى يوقىتىپ قويدىڭىز، سىز تولۇق ئەسلىڭىزگە كەلگەندە مەن سىز بىلەن بىر ياستۇقتا باش قويىمەن.

— مەن قاچان ئەسلىمگە كېلىمەن؟

— مەن سىزگە تاپشۇرىدىغان بىر ۋەزىپە بار. شۇنى ئورۇندىغاندىن كېيىن ...

— ھازىرلا دەڭ، ئادەم ئۆز كۈچىگە تايىنىپ ئىشلىگەندىلا قەدرىنى تاپىدىكەن. مەن ئۇنىڭ ھۇزۇرىنى سۈردۇم.

— رەھمەت سىزگە شەمس، ھازىر سىز ھەممە ئادەم نەپرەتلىنىدىغان، يىرگىنىدىغان، ھاقارەتلەيدىغان شەمس ئەمەس ... بەلكى ھۆرمەتلەيدىغان، ئىپتىخار بىلەن قارايدىغان سۆيۈملۈك ئەر!

— ئۇنداقتا ۋەزىپىنى نېمىشقا كەينىگە تارتىسىز؟ سىز ئۇچۇن ئوتقىمۇ، دېڭىزغىمۇ كىرىمەن.

— باشلىغان ئىشنى يېرىم يولدا توختىتىپ قويغان ئادەم، مۇكەممەل ئادەم ئەمەس، سىز غوجايىنىنىڭ ھۆددىگە ئالغان ئىشنى تۈگىتىڭ، ئاندىن دەيمەن.

— ۋەزىپىڭنى ئورۇنداپ بولسام، بىر ياستۇقتا باش قويىمىزمۇ؟

— خۇدا خالىسا ... لېكىن مەن سىزنى ھەرگىز ئالدىمايمەن ...

— سىز ئادەم ئالدايدىغان قىزلارغا ئوخشىمايسىز ...

دەرۋەقە ئۆز كۆچىگە تايىنىپ ئىشلىگەندىلا، قەدرىنى تاپىدىغانلىقىنى، مېھنەتنىڭ ھۇزۇرىنى سۈرىدىغانلىقىنى چىن كۆڭلىدىن ھېس قىلغان شەمس تولىمۇ خۇشال ئىدى. ئۇنىڭ ھازىر ئىشتىھاسى ئېچىلىپ، يېگەن تائاملىرى تەنگە سىڭىپ كۈندىن - كۈنگە كۈچ ۋە ئەقىلگە تولۇۋاتاتتى. بۇرۇنلاردا بىراۋلار يېگۈزۈپ قويغان تائاملىرىنى چايناش خۇشياقماي، ئۇ قوۋۇزىدىن - بۇ قوۋۇزىغا، بۇ قوۋۇزىدىن - ئۇ قوۋۇزىغا يۆتكەۋەرگەچكە، ئاغزىدىكى لوقما كۆپىيىپ، بارا - بارا لەشكە ئايلىنىپ تېتىقسىز، بەتتەم، يۇندىغا ئايلىناتتى. تېخى باشقىلارنىڭ تىللاشلىرى، قارغاشلىرى، دۆشكەلەپ سىلكىشلىرى دائىملىق بولۇپ تۇراتتى. شۇڭا ئۇ ئازغىنە بىر نېمە يەپ بولغۇچە غىققىدە بولۇپ قالاتتى. مانا بۈگۈن غوجايىنىنىڭ ئۆيىدە ئىككى لېگەن گۆشلۈك پولۇنى يەۋەتكەنىدى، غوجايىنىمۇ ماختىدى، ئۆزىمۇ راھەتلىنىپ كۈچكە تولدى.

شەمس ئەتىسى ئەتىگەندە يوغان كەتمىنىنى كۆتۈرۈپ غوجايىنىنىڭ بېغىغا كەلدى. ئۇ دۆڭ ۋە تاملارنىڭ قالدۇقلىرىنى چۇشكىچە چېپىپ ۋە يۆتكەپ ئازگالنى تىندۇرۇۋەتتى. تېخى دۆڭ، تام ۋە ئازگالنىڭ ئۈستىنى تۈزلەپ، سۇ باشلاپ، گۈل ۋە كۆچەتلەرنى تىككۈدەك تاختا - تاختا ئېتىز قىلىۋەتتى. غوجايىن كۆرۈپ، قەۋەتلا خۇشال بولۇپ كەتتى. ئۇ كۆپ ئادەملەرنى ئىشلەتكەن بولسىمۇ، ھازىرغىچە بۇنداق ھالال ئىشلەيدىغان

ئادەمنى كۆرۈپ باقمىغانىدى. ئەدناسى باشقا ئىشلەمچىلەر بۇ ئىشنى ئىككى ئايغىچە سۆرەپ نۇرغۇن پۇل ئالغان بولاتتى. تېخى ئۇلار ئىشنىڭ ئېغىرلىقى، جاپاسى ھەققىدە ۋايساپ، ئىش ئارىلىقلىرىدا ئۇسسۇزلۇق پۇلى، تاماكا پۇلى، يەل - يېمىش پۇللىرىنىمۇ تەلەپ قىلاتتى.

شەمسىنىڭ ھەقىقىي ياردەمچى ۋە ھەمراھ بولالايدىغانلىقىغا چىن كۆڭلىدىن ئىشەنگەن غوجايىن ئۇنىڭ دولىسىغا قېقىپ «يارايسەن، دىلىڭ، ئېتىقادىڭ پاك بالىكەنسەن» دەپ قويدى. ئاندىن ئۇنىڭدىن سورىدى:

— نەچچە ياشقا كىردىڭ؟

— ئون ئالتە ياشقا.

— كۆڭلۈكۆڭگە 15 تەڭگە بېرەي، — غوجايىن شەمسىنىڭ كۆزلىرىگە قارىدى، — مەن سودىگەرچىلىك قىلىش ئۈچۈن سەپەر قىلماقچى. مېنىڭ بالام، ئىشەنچلىك ھەمراھىم ياكى ياردەمچىم يوق. مەن بىلەن بىللە ماڭساڭ قانداق؟

— بۇنىڭغا ماقۇلمۇ، ياقمۇ دېيەلمەيمەن، دىلبىرىم بىلەن مەسلىھەتلىشىپ ئاندىن جاۋاب بەرسەم قانداق؟

— توغرا، توغرا، سېنىڭ تېخى بىر ياستۇققا باش قويمىغان دىلبىرىڭ بار ئەمەسمىدى، — غوجايىن كۈلۈپ قويدى، — ئۇ دىلبەرگە ئوچۇق دېگىن، سەن 12 كىشىلىك، 48 تۆگىلىك كارۋانغا باش بولۇپ ماڭىسەن، سۇ ۋە ئاش - ئوزۇق، تەمىنات، تۇرمۇش مۇلازىمەتلىرى سېنىڭ باشقۇرۇشىڭدا بولىدۇ. بۇ ۋەزىپىنى ئۈستۈڭگە ئالالامسەن؟

— خۇدا خالىسا ... بىراق ...

— بىراق دەيسەنغۇ؟

— بۇ، دىلبىرىمدىن سورايمەن دېگىنىم، ئۇنىڭمۇ ماڭا

تاپشۇرىدىغان ۋەزىپىسى بار ئىدى.

— ئۇ ۋەزىپىنى قايتىپ كېلىپ قىلساڭمۇ بولىدۇغۇ؟

— مەن ئۇنىڭغا دەپ باقاي، ئەگەر ئۇ ئۇنىمىسا مېنىڭمۇ ئامالىم يوق. چۈنكى مەن ئۇنىڭغا قەسەم قىلغان!

— پاھ، پاھ، ئاجايىپ ۋاپادار بالىكەنسەن، سېنى تاللاپ خاتا قىلماپتىمەن.

شۇ كۈنى شەمىس كەچلىك تاماقتىن كېيىن سودىگەرنىڭ دېگەنلىرىنى ئەسىمەگە سۆزلەپ بەردى. ئەقىللىق ئەسىمە چۈشىدە كۆرگەن خىزىر بوۋاينىڭ قانلىق قىسمەتلەرگە تولغان، بېشارەتلىك ھېكايىسىنى ئەسكە ئالدى. ئۇ: «باھار ئايلىرىنىڭ چىرايلىق بىر كۈنى يىگىتنىڭ سودىگەرنىڭ كارۋانلىرىغا كارۋان بېشى بولۇپ، سەپەرگە ئاتلانغۇسىدۇر ... ۋاپادارلىق كەمرىنى باغلىغان بۇ بالا سېنى ئىستەك ـ تىلەكلىرىڭگە، ئارزۇ ـ ئارمانلىرىڭغا يەتكۈزگۈسىدۇر ... ئەمما ئۇ بېسىپ ئۆتىدىغان يوللاردىكى مۇشكۈلاتلارنى يوشۇرماي ئېنىق دېگەيسەن ... ئېسىڭدە بولسۇنكى، مەن توغرۇلۇق ئېغىز ئاچمىغايسەن، بولمىسا قىلغان ئەجىر ـ ئېھسانلىرىڭ كۆپۈككە ئايلانغۇسىدۇر ... !» دېگەنىدى.

شۇ پۇرسەتنىڭ يېتىپ كەلگەنلىكىنى جەزملىگەن ئەسىمە شەمىسنىڭ كارۋانلارغا قوشۇلۇپ، سەپەر قىلىشىغا شەرتسىز قوشۇلدى. بۇنىڭدىن ھەيران قالغان شەمىس: «بۇ قىزنىڭ مەن بىلەن بىر ياستۇققا باش قويغۇسى يوقكەندە» دەپ ئويلاپ كۆڭلى ئەلەمزىدە بولدى. بۇنى سېزىپ قالغان ئەقىللىق قىز ئەسىمە دەرھاللا قەسىمىنى يەنە بىر قېتىم تەكرارلىدى ـ دە، مۇنداق دېدى:

— مەن سىزگە تاپشۇرماقچى بولغان ۋەزىپە مۇشۇ ئىدى.

بۇنى تەڭرى يەتكۈزۈپ بەردى. سىلەر سەپەرگە ئاتلانغاندىن كېيىن يولـۇڭلاردا، يېشىـل تەختىـراۋان بىلـەن توي يۈتكىگەن ئىـران شاھىـنىـڭ 200 كىـشـىلـىك چـوڭ توپـىـغـا قوشـۇلـۇپ چۆل - جەزىرىلەردە ماڭىسىلەر، 20 كۈن بولغاندا سۇيۇڭلار تۈگەپ، بىر قۇدۇق بېشىغا بارىسىـلەر، لېكىـن سىز ۋاقىـتىنى يـا ئالدىـغـا، كەينىگە سوزۇپ، قۇدۇق بېشىغا چارشەنبە كۈنى ئەتىگەندە، ئەڭ بولمىـسا چۈشتـە بېرىشـنى قولغـا كەلتۈرۈڭ. چۈنكى قارا دىۋە چارشەنبىدىن جۈمەگىچە ئۈچ كۈن ئۇخلايدۇ. باشقا كۈنلىرى بارساڭلار ھەممىڭلار ھالاك بولىسىلەر.

— قۇدۇق بېشىغا بارغاندىن كېيىنچۇ؟

— سىلەر ئۇسسۇزلۇقتا قـۇدۇققا چېلەك تاشلىساڭلار سۇ چىقمايدۇ. ھەممىڭلار يىغا - زار قىلىسىلەر، قايتىپ كېتەيلى دېسەڭلار يەنە 20 كۈنلۈك يول. مۇشۇ قۇدۇقتىن سۇ ئېلىشتىن باشقا چارە يوق. ئامالسىزلىقتىن سۇ چىقىپ قالارمىكىن دېگەن ئۈمىدتە بىر ئادەمنىڭ بېلىدىن باغلاپ قۇدۇققا چۈشۈرۈپ، ئۇنى تارتىۋالغىنىڭلاردا ئۇ باشسىز چىقىدۇ. ئارقا - ئارقىدىن چۈشۈرگەن ئادەملەرمۇ بۇ ئاقىۋەتتىن قۇتۇلالمايدۇ ...

ئەسمە ئۆزى كۆرگەن ۋە خىزىر بوۋاي بەرگەن بېشارەتلەرنى بىر - بىرلەپ سۆزلەشكە باشلىدى. شەمس بۇ گەپلەرگە بىر ئىشىنىپ، بىر ئىشەنمەي ھاڭ - تاڭلىق ئىلكىدە قالدى. ئۇ تەئەججۈپ ئىلكىدە: «بۇ بىر پەرىشتىمۇ ياكى جادۇگەرمۇ؟ بۇنداق تىلسىملىق، سېھىرلىك، دىۋىلەر تەرىپىدىن بەنت قىلىنغان ئىشلارنى قانداق بىلىدىغاندۇ؟» دەپ ئويلىدى. ئۇ بۇ ئىشلارنىڭ تېگىگە يەتمەكچى بولۇپ سورىدى:

— سىز بۇنداق قاراڭغۇ قىسمەتلەرنى نەدىن بىلدىڭىز؟

— قەدىرلىكىم شەمس، ھازىرچە بۇنى سورىماڭ، سىز

قىلماقچى بولغان سېھرىي كارامەتلەر كۆچىنى يوقىتىپ، بالا ـ قازاغا دۇچار بولىسىز، ـــ دېدى ئەسمە جىددىي تەلەپپۇزدا، ـــ سىز قايتىپ كەلگەندە ھەممىنى دەپ بېرىمەن.

شەمس شۇنىڭدىن كېيىن، ئوشۇق سوئال سوراشنى بىئەپ كۆردى. يەنە بىر تەرەپتىن ئەسمەنىڭ سۆزلىرىدىن تېنىمۇ شۇركىنىپ قالغانىدى.

ـــ شەمس، سىز زۇلمەت قەلئەسى ۋە بەنت قىلىنغان تىلىسىملىق باغداد ئوردىسىغا كىرگەندە، ھەرقانداق ئىشقا يولۇقسىڭىز ھودۇقماي، تەمتىرىمەي، مەن دېگەندەك قىلىڭ. بولمىسا ھاياتىڭىزدىن ئايرىلىسىز ...

ـــ ئۇقتۇم، ئېسىمدە.

ـــ ئەگەر زۇلمەت قەلئەسىگە بەنت قىلىنغان سۇمەننىسا سىزگە توي قىلىش تەكلىپىنى قويسا، ھەرگىز رەت قىلماڭ. ئۇ مەندىن نەچچە باراۋەر گۈزەل، پەزىلەتلىك ھەم ئوقۇمۇشلۇق قىز.

ـــ ئۇنداقتا سىزچۇ؟

ـــ بۇ تەقدىرگە باغلىق ... ئەگەر سۇمەننىسا قوشۇلسا، مەن سىزنىڭ ئىككىنچى ئايالىڭىز بولۇپ قېلىشىم مۇمكىن، ـــ ئەسمە قىزىرىپ يەرگە قارىدى، ـــ مەن بەرگەن شەمشەرنى ياخشى ساقلاڭ، كۆن نۇرى كۆرۈپ قالمىسۇن ...

ـــ دېگەنلىرىڭىز يۈرىكىمنىڭ قات ـ قاتلىرىدا، ھەممىنى سىز دېگەندەك قىلىمەن.

ئەتىسى سەھەردە سودىگەرنىڭ سودا كارۋانلىرى سەپەرگە ئاتلاندى. ئۇلار يولغا چىقىپ ئۈچىنچى كۈنى ئەسمە دېگەن ئىران شاھى شاھزادىسىنىڭ توي يۆتكىگەن ئادەملىرىگە يولۇقۇپ بىللە مېڭىشتى. يېشىل يوپۇق يېپىلغان تەختىراۋان ئەڭ ئالدىدا كېتىپ باراتتى. ئۇنىڭ قېشىدا ئاق ئارغىماقتا مىنگەن شاھزادە

ھەممىنىڭ كۆزىگە چېلىقىپ تۇراتتى. ئۇلار ھەربىر قونالغۇ، ئۆتەڭلەردە بىللە تاماقلىنىپ، ئايدالالاردا سىلىنچىلىرىنى سىلىپ، بىللە قونۇپ، 20 كۈن بولغاندا ئۇلارنىڭ سۈيى تۈگەپ كەتتى. 200 دىن ئارتۇق ئادەم ۋە ئات ـ تۆگىلەر چاڭقاپ ھالىدىن كەتكەندە، پايانسىز چۆللۈكتىكى يالغۇز قۇدۇقنى كۆرۈپ قېلىشتى. ئۇلار خۇددى شۇۋە قەدىرى نۇرىغا يولۇققاندەك خۇشال بولۇشۇپ ئات ـ تۆگىلەردىن چۈشۈشتى. خىزمەتكار ۋە مۇلازىملار ئۇزۇن ئارغامچىلارغا چېلەك ۋە ياغاچ تۇڭ، تۇلۇملارنى باغلاپ قۇدۇققا چۈشۈرگەن بولسىمۇ، سۇ چىقمىدى. قايتا ـ قايتا سىلىپ كۆردى، لېكىن چېلەك، ياغاچ تۇڭ، تۇلۇملار قۇپقۇرۇق بولۇپ، بىرەر تېمىممۇ سۇ يوق ئىدى. مەلىكىنى يۆتكەپ ماڭغان 40 تەك كېنىزەكلەر يىغا ـ زار قىلىشىپ ھازا ئېچىشتى. كالپۇكلىرى گەز باغلاپ كەتكەن خېلى كۆپ ئەرلەرمۇ ئۈنسىز ياش تۆكۈشتى. ئۇسساپ ھالىدىن كېتەي دەپ قالغان شاھزادە ئۇنلۇك پەرمان قىلدى:

— بىر ئادەمنى چۈشۈرۈڭلار!

شاھزادىنىڭ چاپارمەنلىرى ياۋاش ئادەمدىن بىرىنىڭ بېلىدىن باغلاپ قۇدۇققا چۈشۈردى. 15 غۇلاچتەك ئارغامچا قۇدۇق ئىچىگە چۈشۈپ كەتكەن بولسىمۇ، ھېچ سادا چىقمىدى. بۇ ئىشلار شەمىسكە ئايان بولسىمۇ، ئۇ كېيىنكى ساۋابلىق ئىشلىرىنىڭ سېھرىي كۈچىنىڭ بەربات بولۇشىدىن ئەنسىرەپ ئېغىز ئاچمىدى. تۇيۇقسىزلا قۇدۇق ئىچىدىن ناھايىتى ئاجىز «ئا! ... » دېگەن ئاۋاز كەلگەندەك قىلدى. ئۇلار ئارغامچىنى تارتىپ چىقارغانىدى، چۈشكەن ئادەمنىڭ كاللىسى يوق ئىدى. ھەممىسى ئېغىزلىرىنى تۇتۇپ ۋارقىراشتى. كېنىزەكلەر چىرقىراپ يۈزلىرىنى تورسۇشتى. شاھزادە بۇيرۇق قىلىپ يەنە بىر قانچە ئادەمنى

چۆشۈرگەن بولسىمۇ، ئۇلارمۇ قانغا بويالغان ھالدا باشسىز چىقىشتى ...

بۇ پايانسىز چۆلنىڭ ھەممە تەرىپى 20 كۈنلۈك يول بولۇپ، ئادەم ۋە ئات ـ تۆگىلەرنىڭ ئۇسسۇزلۇقتىن قىرىلىپ كېتىشى ئېنىق ئىدى. بۇ قۇدۇق ئىكەن ئەلۋەتتە تېگىدە سۇ بار. بىراق ئادەملەر سۇ بار يەرگە بېرىپ بولغۇچە ئۇلارنىڭ كاللىسىنى ئۈزۈۋالغان زادى قانداق مەخلۇق؟ شاھزادە غەزەپ بىلەن بىرقانچە لەشكەرلەرنىڭ ئىسمىنى چاقىرغانىدى، ئەڭ قاۋۇل، كۈچتۈڭگۈر بەش ئادەم قوراللىرىنى يالىڭاچلاپ تەييارلاندى.

— سىلەر قىلىچ، نەيزە، شەمشەرلىرىڭلارنى ئېلىپ تەك چۈشۈڭلار ... ئادەملەرنىڭ بېشىنى ئۈزۈۋالغان مەخلۇقنىڭ كاللىسىنى كېسىپ ئېلىپ چىقىڭلار.

پەرمانغا بويسۇنمىغانلارنىڭ ئاقىۋىتىنىڭ قانداق بولىدىغانلىقىنى بىلگەن لەشكەرلەر بەللىرىنى باغلاپ قۇدۇققا چۈشۈشتى. ئەمما ئۇلارمۇ ھايال ئۆتمەي كاللىسىدىن ئايرىلىپ باشسىز چىقىشتى. غەزەپتىن يېرىلىپ كېتەي دېگەن شاھزادە قىلىچىنى تەڭلەپ سودىگەرنىڭ قېشىغا كەلدى.

— ھەي، غوجايىن، كۆزۈڭ بىلەن كۆردۈڭ، — شاھزادە جەسەتلەرنى كۆرسەتتى، — مېنىڭ 39 ئادىمىم جېنىدىن ئايرىلدى. سەن قىيامەتنىڭ مۇشۇكىدەك بېشىڭنى ئىچىڭگە تىقىپ تۇرۇۋسىنا، ئەمدى نۆۋەت سېنىڭ.

شاھزادىنىڭ يالتىراپ تۇرغان قىلىچىدىن جېنى بوغۇزىغا كېلىپ قالغان سودىگەر بىئامال ئارغامچىنى بېلىگە باغلىدى، ئاندىن ئۇ شەمىسكە ئۈمىدلىك كۆزلىرىنى تىكتى.

— شەمىس ئىنىم، ئۆلۈپ كېتىشىم ئېنىق، — سودىگەرنىڭ كۆزلىرىدىن مارجاندەك ياشلار تۆكۈلدى، — شۇڭا بارلىق

تەئەللۇقاتىم ساڭا تەۋە بولسۇن، يۇرتقا قايتىپ بارغاندىن كېيىن كۆل كولىتىپ، مەسچىد سالدۇرۇپ ۋەخپە قىلغىن، ئۆيۇمدىكىلەرنىڭ ھالىدىن خەۋەر ئېلىپ ياخشى قارىغىن، خەير ئىنىم ...

سودىگەر كۆزلىرىدىكى ياشنىمۇ سۈرتمەي، قۇدۇق تەرەپكە ماڭدى. ئەمما شەمس بىردىنلا ئەسىمەنىڭ سۆزلىرىنى ئەسكە ئالدى - دە، قولىنى كۆتۈرۈپ ۋارقىرىدى:

— غوجايىن، مەن سىزنىڭ خىزمەتچىڭىز، قۇدۇققا مەن چۈشەي، — دېدى شەمس سودىگەرنىڭ بېلىدىكى ئارغامچىنى يېشىۋېتىپ، — ئەگەر مەن ساق چىقالمىسام ئاندىن سىز چۈشىسىڭىز مەيلى. بىراق مەن ھايات تۇرۇپ سىزنى قۇدۇققا چۈشۈرمەيمەن. سىز مېنىڭ بېشىمنى سىلىغان شاپائەتچىم، ۋاپاغا ۋاپا قىلىشىم كېرەك.

— شەمس سەن ... سەن تېخى ياش، — سودىگەر تۆكۈلۈپلا كەتتى، — سېنىڭ جېنىڭغا زامىن بولسام، ئۆمۈر بويى ئۆزۈمنى كەچۈرەلمەيمەن.

— ئۇنداق دېمەڭ غوجايىن، مۇشۇ ئادەملەر ھەم جانىۋارلار ئۈچۈن 100 جېنىم بولسىمۇ تەسەددۇق!

شەمس غوجايىن بىلەن قۇچاقلىشىپ خوشلاشتى - دە، قۇدۇق تەرەپكە قاراپ ماڭدى. ئاڭغىچە شاھزادە ئۆزىنىڭ قىلىچىنى ئېلىپ يېتىپ كەلدى. ئۇ شەمسكە بىر ھازا قارىۋەتكەندىن كېيىن، خىجىللىق ئىلكىدە مۇنداق دېدى:

— ئۆزۈڭ كۈچتۈڭگۈر پالۋانلاردەك تۇرغىنىڭ بىلەن چىرايىڭدىن كىچىكلىكىڭ چىقىپ تۇرىدۇ، مۇشۇ قىلىچنى ئېلىۋال.

— ھىممىتىڭىزگە رەھمەت شاھزادەم، — شەمس

ئىستىھزا بىلەن كۈلدى، — مەن ئەزەلدىن كەتمەن تۇتقان، قىلىچ تۇتمىغان. كەتمەن ھاياتلىقنى ياشارتقۇچى، قىلىچ ھاياتلىقنى بەربات قىلغۇچى! بۇنداق ئاپەتنى تۇتقۇم يوق!

— ياش جىنىڭغا ئىچىم ئاغرىۋاتىدۇ، تېخى بالىكەنسەن، — شاھزادە ئۇنىڭ ئايىسىزلىنىپ قالغانىدەك قىلاتتى، — باشقا كۈن چۈشكەندە قىلىچنىمۇ تۇتماي بولمايدۇ ... ئۇقتۇڭمۇ؟

— ئۇقتۇم، قاراڭ، — شەمس ئىككىلا قولىنى كۆتۈردى، — مېنىڭ بۇ مۇشتۇملىرىم ھەرقانداق قاباھەت مەلئۇننىڭ بېشىنى مىجىۋېتەلەيدۇ ... قېنى كېلىڭلار، سىلەر مېنى قۇدۇققا يۇتۇمدىن باغلاپ چۈشۈرۈڭلار.

قاراپ تۇرغانلار «بۇ بالا نېمە قىلماقچىدۇ» دېگەندەك بىر - بىرىگە قورقۇپقىنا قاراشتى. ئاندىن ئۇنىڭ پۇتلىرىنى باغلاشتى. ئەمما شەمسىنىڭ چىرايىدىن كۈلۈمسىرەش ئالامىتى چىقىپ تۇراتتى. شاھزادىنىڭ بىردىنلا ئۇنىڭغا ئىچى ئاغرىپ قالدى.

— ھەي بالا، نادانلىق قىلماي قىلىچنى ئېلىۋال.

— شاھزادە، مېنىڭ ئىسمىم قۇياش، قۇياشنىڭ ھازىرغىچە قىلىچ تۇتۇپ باققىنىنى كۆرگەنمۇ، — شەمس ئادەملەرگە قارىدى، — ئارغامچا بىر سىلكىنىپ توختاپ قالسا، مېنى ئۆلۈپتۇ دەڭلار، ئىككى سىلكىنسە ئارغامچا قۇرۇق چىقىدۇ، مەن قۇدۇق ئىچىدە قالىمەن، ئاندىن مېنىڭ خۇش خەۋىرىمنى كۈتۈڭلار!

ئىككى پۇتىدىن باغلانغان شەمس بېشىچىلاپ قۇدۇق ئىچىگە چۈشۈشكە باشلىدى. قۇدۇق ناھايىتى چوڭقۇر ھەم قاراڭغۇ بولۇپ، ئەڭ تېگىدە قوش قاناتلىق بىر ئىشىك تۇراتتى. شەمس پۇتىدىكى ئارغامچىنى يەشمەيلا ئىشىكنى ئاچقانىدى، بىر باغ ئالدىدا نامايان بولدى. باغ ئىچىدە ئاجايىپ راۋاق، شىپاڭلار قەد

كۆتۈرۈپ تۇراتتى. ئەمما ئەتراپ قىلىچ، نەيزە، ئايپالتا، ئومۇت تۇتقان بۇتلار بىلەن تولغان بولۇپ، باغدىكى تۇرنا، بۇغا، مارال، كېيىكلەرمۇ تاشقا ئايلىنىپ كەتكەنىدى، بۇ ئەسنادا پۈتۈن بەدىنى قاپارتما تىكەنلەر بىلەن قاپلانغان بىر مۆڭگۈزلۈك قاپقارا مەخلۇق قىلىچىنى كۆتۈرۈپ ئۆچقاندەك نەرە تارتىپ يېتىپ كەلدى. شەمس ئەسمە بەرگەن قىزىل ياقۇت دەستىلىك شەمشەرنى چىقىرىپ ئېگىز كۆتۈرۈشى، مەخلۇق جايىغىلا مىخلىنىپ قېتىپ قالدى. شەمس كانارلارغا ئېسىلغان 39 ئادەمنىڭ كاللىسىنى كۆرۈپ، تېنى شۈركۈنۈپ كەتتى. ئۇنىڭ نېرىسىدا ئاجايىپ ھەيۋەتلىك تاشقا ئايلانغان تەختتە، بېشىغا تاج كىيگەن، شاھانە تونلار بىلەن بىر بۇت ئولتۇراتتى. بىر راۋاقتا كۆزى چۈشۈپ قالدى. بىر گۈزەل مەلىكە قۇچىقىدا خورقىراپ ئۇخلاۋاتقان يوغان بىر قارا مۈشۈكنىڭ دۈمبىسىنى سىلاپ، قاتمۇ قات كۆرپىلەر ئۈستىدە ئولتۇراتتى. قول قوشتۇرۇپ تۇرغان كېنىزەكلەر ئۇنىڭ قۇلىقىغا نېمىلەرنىدۇر دەپ پىچىرلاۋاتاتتى. ئۇنىڭ كۆزى كۆرمەيدىغانلىقى تۇرقىدىن بىلىنىپ تۇراتتى. شەمس پۈتىدىكى ئارغامچىلارنى يېشىپ، ئىككى قېتىم سىلكىپ قويۇۋېتكەنىدى، ئارغامچا ئارقىسىغا سىيرىلىپ چىقىپ كەتتى. بۇ چاغدا ئەسمەنىڭ: «چاققانلىق بىلەن راۋاققا ئېتىلىپ چىقىسىز دە، سول قولىڭىز بىلەن ئۇخلاۋاتقان مۈشۈكنىڭ گەجگىسىدىن قاماللاپ كۆتۈرۈپ، ئوڭ قولىڭىزدا شەمشەر بىلەن بوغۇزلايسىز، ئاندىن ئۇنىڭ قېنىنى قىزنىڭ كۆزىگە تېمىتىسىز ...» دېگەن سۆزلىرى قۇلاق تۈۋىدە ئەكس سادا بەرگەندەك بولدى. سىرلىق شەمشەرنى تۇتقان شەمس بىرنەچچە تاقلاپلا راۋاققا چىقىشى، كېنىزەك قىزلار چىرقىرىشىپ كەتتى. شەمس چەبدەسلىك بىلەن مۈشۈكنى مەلىكىنىڭ قۇچىقىدىن يۇلۇپ ئالدى ـ دە،

شەمشەرنى سوردى. ئاندىن تىرقىراپ چىقىۋاتقان قاننى مەلىكىنىڭ كۆزىگە تېمىتتى.

— مەلىكە، كۆزىڭىزنى يۇمۇپ، بىردەم ئولتۇرۇڭ. مەن ئېچىڭ دېمىگۈچە ئاچماڭ ...

شەمس قان يۇقى شەمشەرنى ئېرىتىۋەتمەيلا غىلىپىغا سالدى ـ دە، مۇشۇكنىڭ ئۆلۈكىنى ئېرغىتىپ يەرگە تاشلىدى. مەلىكە تورۇسقا قاراپ بىردەم ئولتۇرغاندىن كېيىن شەمس «ئەمدى ئېچىڭ» دېگەندى، مەلىكە كۆزىنى ئېچىپلا ۋارقىرىۋەتتى.

— مەن كۆرۈۋاتىمەن ... ھەممىنى كۆرۈۋاتىمەن ... ، — مەلىكە ئەتراپقا تويماي قارايتتى، — ۋاي خۇدايىم، ھەممە نەرسە تاشقا ئايلىنىپ كېتىپتىغۇ، پادىشاھ، ئاكابىرلار، ھەتتا باغدىكى ئۇچار قانات، ھايۋانلارمۇ؟ ۋۇ لەنەتگەردى قاباھەتلىك مەلئۇن!

— كىمنى تىللاۋاتىسىز مەلىكەم، — سورىدى شەمس.

— كىمنى بولاتتى، — مەلىكەم مۇشۇكنى كۆرسەتتى، — ئاشۇ قارا قۇيۇن دىۋە بولمامدۇ!

بۇ ئەسنادا مەلىكىنىڭ خاس كېنىزىكى ئايتۇران ئۆتكەن پاجىئەلىك قىسمەتنى قىسقىغىنە بايان قىلىپ ئۆتتى.

مەلىكىزادىنىڭ قۇچىقىدىكى مۇشۇك ئەسلىدە قارا قۇيۇن دىۋە بولۇپ، ئۆزۈندىن بېرى ئۇنىڭغا ئاشىق ئىكەن. شۇڭا مەلىكىزادىنىڭ تارھان پادىشاھىنىڭ ئوغلىغا تويى بولۇپ، كۆچۈرۈلۈپ ماڭغاندا، ئۇنى ئېلىپ قاچقانىكەن، لېكىن قىزنى كۆھقاپقا ئېلىپ كېتەي دېسە، ئۆزىدىن كۈچلۈك دىۋىلەرنىڭ تارتىۋېلىشىدىن ئەنسىرەيدىكەن. شۇڭا چىمەن قەلئەسىنى بەنت قىلىپ، ھەممە نەرسە، ئادەملەرنى تاشقا ئايلاندۇرغاندىن كېيىن، مەلىكىزادىنى مۇشۇ يەردە ساقلاپتۇ. لېكىن ئۇ قىزنىڭ قېچىپ كېتىشىدىن ئەنسىرەپ كۆزىنى قارىغۇ قىلغاندىن كېيىن مۇشۇك

سىياقىغا كىرىپ، ئۇنىڭ قۇچىقىدا يېتىپ ھۇزۇرلىنىدىكەن. شۇنىڭدىن بېرى چۆلدىن ئۆتكەن كارۋان، يولۇچى، سودىگەرلەرنى قۇيۇن ئايتىدىگە ئۇچرىتىپ، ئۇلارنىڭ بايلىقلىرىنى بۇلاپ تۇرغاچقا، چىمەن قەلئەسى زۇلمەت قەلئەسى دەپ ئاتىلىپ قاپتۇ.

— سىلەر جېنىڭلاردىن تويغان ئادەملەرمۇ؟ — دېدى مەلىكە جىددىي ھالدا، — قارا دېۋە بىر ئۇخلىسا ئۈچ كېچە - كۈندۈز ئويغانمايدۇ. بولمىسا ھەممىڭلار قارا قۇيۇندا تېرىقتەك چېچىلىپ ھالاك بولاتتىڭلار.

— زادىلا ئامالىمىز قالمىدى، — دېدى شەمس قىزنىڭ ئالدىدا يۈكۈنۈپ ئولتۇرۇپ، — تەشنالىق يامان ئىكەن.

— ئالدىدا چۈشكەن ئادەملىرىڭلار ئۆلۈپ چىقسا، قۇدۇققا يەنە چۈشكىنىڭلار نېمىسى؟

— ئەي مەلىكەم، — شەمسنىڭ ئاۋازى كۆتۈرۈلدى، — بىز 200 دىن ئارتۇق ئادەم، ئات - ئۇلاغلار سۇسىز قالدۇق. قۇدۇققا چۈشمىگەن تەقدىردىمۇ ئۆلۈپ تۈگىشىمىز، شۇڭا جاننى ئالىقانغا ئالماي بولمىدى.

— ھەيرانمەن، — دېدى مەلىكە شەمسكە قادىلىپ ، — باشقىلار بىلىنى باغلاپ چۈشسە، سىز نېمىشقا تەتۈر چۈشىسىز؟

— قۇدۇقنىڭ تېگىدە سىزدەك ئاي مەسەللىك ئاي تۇرسا، پۇتۇم يۈزىڭىزگە توغرا كېلىپ قالسا، ھۆرمەتسىزلىك بولامدۇ؟ — شەمس سۇسقىنا كۈلدى، — مېنىڭ يەنە بىر خۇش خەۋىرىم بار. سىزگە دوستىڭىز ئەسمە دۇئايى سالام يوللىدى.

— نېمە؟ سىز ... سىز زادى كىم بولىسىز؟

— سىز ئەسمەنىڭ سىردىشى، مۇڭدىشى، قەلبدىشى بولسىڭىز، مەنمۇ ئۇنىڭ يېقىن دوستى شەمس بولىمەن!

— ئاھ خۇدا، بەرگەن كۆڭلىرىڭگە شۈكۈر، ئەسىمە قىزدىن ئايلىناي، ئۇ ھازىر نەدە؟

— ئەسىمە، ئامراق سىڭلىڭىز گۈلسۈمەنلەر ھازىر يۇرتىڭىز يەمەندە. ئۇلار سىزنى ئىپتىقۇسىز سېغىنىدى.

— ئاھ پەلەك گەردىشى، چاقماق چۆرگىلەپ ياخشى كۆڭلەرگە نائىل قىلدىڭ! — سۈمەننىسا ئورنىدىن تۇردى، — قىزلار، چاچقۇلار چېچىڭلار، بۇ بالىنىڭ مۇبارەك قەدەملىرى زەرلەرگە تولسۇن.

سۈمەننىسا ھەم كېنىزەكلەر پەتنۇس - پەتنۇس ئالتۇن، تىللا، جاۋاھىراتلارنى شەمسىنىڭ بېشىدىن چاچتى. گۈل - چەمبىرەكلەرنى بوينىغا ئاستى.

— مەلىكە سۈمەننىسا، — دېدى شەمس قىزنىڭ ھۆسن لاتاپىتىدىن ئەيمىنىپ، — قارا دېۋە ئۆلگەن تۇرسا، يەنە نېمە ئۈچۈن بەنت قىلىنغان بۇ بۇتلار ئەسلىگە كەلمەيدۇ؟

— قاراڭ، — سۈمەننىسا بوغۇزلانغان مۈشۈكنىڭ لىپىلداۋاتقان قورسىقىنى كۆرسەتتى. ئۇنىڭ ئىككى جېنى بار، بىرى خىزىرنىڭ نەزىرى چۈشكەن تىغدا ئۆلدۇ، يەنە بىر جېنى ئوتتا.

شەمس شەمشىرىنى ئېلىپ مۈشۈكنىڭ بېشىنى ئۈزۈپ تاشلىدى. ئاندىن ئۇستىگە ماي چېچىپ كۆيدۈرۈۋەتتى. شۇندىلا قۇدۇق ئىچىدىكى تىلسىملانغان باغ ئىچىدە گۈلدۈرلىگەن، قاراسلىغان ئاۋازلار ياڭراپ بۇتلار تىرىلىپ ئادەملەرگە ئايلاندى. ھەتتا تەختىدە مۈگدەپ قالغاندەك ئولتۇرغان پادىشاھمۇ «ئۇھ» دېگىنىچە ئورنىدىن تۇردى. شەمسنى چاپماقچى بولغان ھېلىقى بىر مۈڭگۈزلۈك مەخلۇق، ئەسلىدە بىر مۈڭگۈزلۈك دۇبۇلغا كيگەن چىمەن قەلئەسىنىڭ ئوردا قوغدىغۇچىسى بولۇپ، دېۋە

ئۇنى ئۆزىگە مەھلىيا قىلىپ بەنت قىلىۋەتكەنىدى. ئۇردا قوغدىغۇچىسى يۇگۇرۇپ كېلىپ، «پەرمانبەردارمەن» دەپ تىك تۇراتتى. «زۇلمەت قەلئەسى» باغۇ بوستانلىق «چىمەن قەلئەسى» گە ئايلانغانىدى. قۇدۇقمۇ كۆرۈنمەيتتى. چىمەن قەلئەسىنىڭ پادىشاھى، ئوردا ئەركاملىرى ۋە كېنىزەكلەر سالامغا كېلىپ، شەمس ۋە سۇمەننىسالارغا پەتنۇس، لېگەن، ساندۇقلاردا ئەڭ ئېسىل ۋە قىممەتلىك ئالتۇن، يامبۇ، تىللا ۋە جاۋاھىراتلارنى كۆڭۈل سوۋغىسى قىلىپ تۇتماقتا ئىدى.

ئەمدى بىز قۇدۇق سىرتىدا قالغانلارنىڭ ھالى نېچۇك، ئۇلارغا بىر قاراپ باقايلى. بارلىق ئۇمىد - ئارزۇ، خۇشاللىقلىرىنى شەمسكە باغلىغان ئادەملەر قۇدۇق ئاغزىغا توپلىنىشۋالغانىدى. ۋاقىت بولسا خۇددى قورام تاشتەك مىدىرلىماي تۇرغاندەك قىلاتتى. كۈن قىزىغانسېرى تەشنالىق ئازابىدا چىرايلاردىن خۇن كېتىپ، كالپۇكلارنى گەز باغلاپ، مىدىرلىسىلا يېرىلىپ قان تەپچىرەپ چىقاتتى. بەزىلەر: «قۇدۇق ئاستىدىكى مەخلۇق شەمسنىمۇ يەۋەتتى ... » دېسە، بەزىلەر: «ئۇنداقتا بىزمۇ ساق قالمايمىز» دەپ جېنىدىن ئەنسىرەپ قالغانىدى. توپ ئارىسىدىن كىملەردۇر ھوشىدىن كېتىپ يىقىلسا، يەنە كىملەردۇر: «سۇ ... سۇ ... سۇ ... » دەپ ئاجىز ئىڭرايتتى.

ئەييۇھەنناس! بىردىنلا قۇدۇق ئىچىدىن گۈلدۈرلىگەن، قاراسلىغان ئاۋازلار ياڭراپ يەرلەر تىترىدى. ئاندىن جاھاننى تىخ ئۆتمىگۈدەك قاراڭغۇلۇق بېسىپ كەتتى. ھېچكىم ھېچكىمنى كۆرەلمىدى. ئادەملەر «قىيامەت قايىم بولغان ئوخشايدۇ» دېيىشكىنىچە چۇرقىرىشىپ، ۋارقىرىشىپ، يىغا - زار قىلىشىپ ساراسىمىگە چۈشتى.

خېلى ئۇزۇندىلا قاراڭغۇلۇق ئاستا ـ ئاستا تارقاپ، ئالەم سۈزۈلۈشكە باشلىدى. ئادەملەر شۇنداق قارىدىكى، پۈتكۈل چۆل ـ جەزىرە ئورنىدا چىمەنزارلىق ھەم بوستانلىق تۇراتتى. قۇدۇق ئاغزى ئورنىدا ھەيۋەتلىك قەلئە دەرۋازىسى بولۇپ، ئۇنىڭ ئىچىدە ئۆي ـ ئىمارەت، راۋاق، گۈللۈكلەر زىچچىدە ئىدى. قۇببە مۇنارلىرى، گۈمبەزلىرى كۆزنى چاقاتتى ... بىر چەتتە چەشمە زىلال بۇلاق بولدۇقلاپ چىقىپ، سۈزۈك سۇلىرىنى ئۇنچىدەك ھەر تەرەپكە چاچاتتى. «ياشاپ كەت شەمىس!»، «خۇدا ئۆمرۈڭنى ئۇزۇن قىلسۇن!» دەپ ۋارقىراشقان ئادەملەر بۇلاققا يۈگۈرۈلۈپ كېلىپ قانغۇچە سۇ ئىچىپ، نان ـ توقاچلىرىنى يەپ چىمەنزارلىقتا ئارام ئېلىپ يېتىپ قېلىشتى. بۇ چاغدا «چىمەن قەلئەسى» نىڭ پادىشاھى شەمىس، سۇمەننىسا، ئايتۇران ۋە بىرقانچە كېنىزەكلەرنى تۇرغۇن بايلىقلار بىلەن ئۇزىتىپ قويدى. شەمىس، سۇمەننىسا، خاس كېنىزەك ئايتۇران ۋە بىرقانچە كېنىزەكلەر دۇلدۇل ئاتلىرىنى يېتىلەپ قەلئە دەرۋازىسىدىن چىققاندا، ئىران پادىشاھىنىڭ شاھزادىسى، ئۇنىڭ ئادەملىرى، سودىگەر غوجايىن ۋە ئات ـ ئۇلاغلار ئېتىلىپ چىقىۋاتقان بۇلاق سۈيىگە قېنىپ، دەرەخ سايىلىرىدا ئۇخلاپ كېتىشكەنىدى. شەمىس سۇمەننىسانىڭ ھۆسن ـ رۇخسارىغا ئوغرىلىقچە قاراپ قوياتتى. دېمىسىمۇ سۇمەننىسا خۇددى مەر ـ مەر تاشتىن ئويۇلغان مەبۇدىدەك سۈزۈك بولۇپ، ئاپپاق يۈزىدىن نۇر تۆكۈلۈپ تۇراتتى. ئۇنىڭ ئاجايىپ چىرايلىق كۆز قارىچۇقلىرىغا قانداقتۇر يوشۇرۇن بىر مەنە ئۇيۇپ قالغاندەك ئىدى. ئۇ بوستاندەك كىرپىكلىرىنى لەپپىدە ئېتىپ، خۇيمۇ تاتلىق تەبەسسۇم قىلغانىدى، شەمىسنىڭ پۈتۈن ۋۇجۇدى ئوت بولۇپ ياندى. دەرۋەقە ئەسىمە تەرىپلىگەندىنمۇ ھۆسنى بەرقارار

ئىدى.

— سۈمەننىسا، — دېدى شەمس ئەدەپ بىلەن، — باغداد پادىشاھىمۇ تىلسىم بىلەن بەنت قىلىنغانمۇ؟

— بۇنى سىز كىمدىن ئاڭلىغان؟

— ئەسمە سۆزلەپ بەرگەن، بىراق ئۇ كىمدىن ئاڭلىغانلىقىنى دېمىگەن.

— ئەسمە كىتابنى ئىنتايىن كۆپ ئوقۇغان قىز. ھەتتا قەدىمكى زاماندا ئۆتكەن جاماس ھېكىمنىڭ نەچچە مىڭ يىللاردىن كېيىن يۈز بېرىدىغان ئاجايىپ سىرلىق ۋەقەلەر ھەققىدە يېزىلغان بېشارەتلىك كىتابىنىمۇ ئوقۇغان. شۇڭا نۇرغۇن نەرسىلەرنى بىلىدۇ. ھەتتا بولۇش ئالدىدا تۇرغان ئىشلار توغرۇلۇق بېشارەت بېرەلەيدۇ.

— مۇنداق دەڭ، — شەمس ئەسمەگە كۆڭۈل ئىزھار قىلغىنىدىن نومۇس قىلىپ قالدى، — ئۇنىڭ «بۇنى سورىماڭ، سېھرىي كارامەتلەر كۆچىنى يوقىتىدۇ» دېگىنى بىكار ئەمەسكەندە.

— سىز سورىغان باغداد پادىشاھى ئابدۇلھەلىم توغلۇق ئىنتايىن قېرىپ كەتكەن ئادەم، قارا قۇيۇن دىۋە ئۇنىڭ ئوردىسىنى ماكان قىلىش ئۈچۈن ئۇنى قارىغۇ قىلىپلا قالماي، بارلىق ۋەزىر - ۋۇزرالارنىمۇ قارىغۇ قىلىپ، ئوردىنى پالەچ ھالغا چۈشۈرۈپ قويىدى، — دېدى سۈمەننىسا چوڭقۇر ئۇھ تارتىپ، — دىۋە مېنى دەسلەپتە شۇ يەرگە ئاپارغان، لېكىن مېنىڭ قېچىپ كېتىشىمدىن ئەنسىرەپ يەنىلا زۇلمەت قەلئەسىگە ئېلىپ كەلدى.

— ئۇنداقتا سىز ئۇ يەرنى ئوبدان بىلىدىكەنسىز دە؟

— بىلىمەن، دىۋە ماڭا خۇشامەت قىلىپ ھەممە يەرنى

كۆرسەتكەن.

ــ تېخى ئۇ سىزگە خۇشامەتمۇ قىلغانمۇ؟

ــ ھەتتا بىرنەچچە كۈن يىغلاپ تۇرۇۋالسام، تاشقا ئايلاندۇرۇۋەتكەن ئايتۇران ۋە باشقا كېنىزەكلىرىمنى ئەسلىگە كەلتۈرۈپ، ماڭا ھەمراھ قىلىپ قويدى.

ــ مەن قارىغۇ بولۇپ قالغان باغداد شاھىنىڭ كۆزىنى ئاچقىلى بارىمەن، سىز ماڭا ھەمراھ بولۇپ بىللە بارالامسىز؟

ــ تېخى مېنى يالغۇز يولغا سېلىپ قويۇش ئويىڭىزمۇ بار ئوخشىمامدۇ؟ ــ سۇمەننىسا رەنجىگەندەك بولدى، ــ ئەمدى سىز قەيەرگە بارسىڭىز، سايىڭىز بولۇپ كېتىمۋېرىمەن. ئوردا بېغىدىكى كۈمۈش ۋە ئالتۇن كۆلگە سىزنى كىم باشلاپ باردۇ؟

ئۇلار قىزغىن پاراڭلىشىپ تۇرغاندا شاھزادە، سودىگەر ۋە باشقىلار ئويغىنىپ ئاتلارغا قاراۋاتقان ئايتۇران ۋە كېنىزەكلەر قېشىغا كېلىپ نېمە كارامەت يۈز بەرگەنلىكىنى سورىدى. ئايتۇران ھەم كېنىزەكلەر شەمسىنىڭ قۇدۇق ئىچىگە كىرىپ قىلغان ئىشلىرىنى ئۇجۇر - بۇجۇرلىرىغىچە سۆزلەپ بەرگەندى، ئۇلار بۇ چۆل - جەزىرىنىڭ بىردىنلا باغۇ بوستانلىق «چىمەن قەلئەسى» گە ئايلىنىپ قالغانلىقىنىڭ تېگىگە يەتتى. سودىگەر پەخىرلەنگەن ھالدا:

ــ شەمس مېنىڭ ھەمراھىم ھەم دوستۇم بولىدۇ، ــ دېۋىدى، باشقىلار ئۇنىڭغا ھۆرمەت - ئېھتىرام بىلەن قاراشتى.

ــ ھازىر ئۇ نەدە؟ ــ سورىدى شاھزادە.

ــ سۇمەننىسا مەلىكە بىلەن ئىككىسى بۇلاق بېشىدا مۇڭدىشىۋاتىدۇ، ــ دەپ جاۋاب بەردى ئايتۇران.

شاھزادە توي قىلىپ ئېلىپ ماڭغان كېلىن قىزنىڭ قولىدىن يېتىلەپ: «قۇياش ... قۇياش ... » دەپ ۋارقىرىغىنىچە بۇلاق

بېشىغا بارغانىدى. سودىگەر ۋە باشقىلارمۇ يېتىپ كەلدى. ئۇلار شەمسىنىڭ باتۇرلۇقىنى تەرىپلەپ ئۇنىڭغا تىلەكلەر تىلىدى. شاھزادىمۇ: «سەن ھەقىقەتەن قۇياشتەك بالىكەنسەن!» دېۋىدى، شەمس كۈلۈپ: «ماڭا قۇياشتەك ھارارەتنى ئەقىللىق قىز ئەسىمە بەرگەن!» دېدى. سودىگەر خوجايىن ئۇنى قۇچاقلاپ:

— شەمس، يېڭى دىلبىرىڭگە مۇبارەك بولسۇن، مەڭگۈ قېرىماي ياشاڭلار! — دېۋىدى، سۇمەننىسا قىزارغىنىدىن ئوت بولۇپ ياندى. ئۇ شەمسكە مۇھەببەتلىك كۆزلىرىنى تىكتى. شەمسنىڭمۇ يۈرىكى ئويناپ، پۈتۈن ۋۇجۇدى لەرزىگە كەلدى. ئەمما شەمس ئۆزىنىڭ باغدادقا بارمىسا بولمايدىغان سەۋەبىنى چۈشەندۈرگەنىدى. سودىگەر شەمسكە قىيمىغان ھالدا كۆزىگە ياش ئالدى.

— بوپتۇ ساۋابلىق ئىشقا بارىدىكەنسەن، بولمىسا سېنى ھەرگىزمۇ قويۇپ بەرمەيتتىم، — دېدى سودىگەر مەيۈس ھالدا، — مەن يەمەنگە قايتىپ بارغىنىمدا سېنى چوقۇم ئىزدەيمەن.

شاھزادە، سودىگەرنىڭ ئادەملىرى تۇلۇملىرىغا سۇ قاچىلاپ يولغا چىقىشتى. شەمس، سۇمەننىسا ۋە ئۇنىڭ بىرقانچە كېنىزەكمۇ دۇلدۇللىرىغا مىنىپ ئاتلاندى. ئۇلار تاغ - دەريا، چۆل - جەزىرە، ئورمانلارنى بېسىپ 14 كۈندە باغداد شەھىرىگە يېتىپ كەلدى. كوچىلاردا ئادەملەر ناھايىتى شالاڭ بولۇپ، ھەممىسىنىڭ چىرايىدا بىر خىل غەم - ئەندىشە تۇمانلىرى ئەلەڭلەيتتى. ئۇلار ئۈن - تىنسىز نەگىدۇر ئالدىراپ مېڭىشاتتى. بىر - بىرىگە قاراپمۇ قويمايتتى. ھەتتا لالما ئىتلار چېغىدا قۇيرۇقىنى چىۋىسىگە تىقىپ، ئۆگزىلەردىكى ئەسكى سامان، چۆۋا - چاتقاللار ئارىسىغا كىرىۋالغانىدى. قىسقىسى، پادىشاھسىز چۆلدەرەپ قالغان شەھەر ئەمچەككە تەلمۈرگەن

بوۋاقتەك زەئىپ ئىڭرايتتى.

شەمس بىلەن سۇمەننىسا كېنىزەكلەرنى بىر نامرات ئادەمنىڭ ئۆيىگە ئورۇنلاشتۇرۇپ قويۇپ، ئۆزلىرى ئوردا ئىچىگە كىردى. ۋەزىر، لەشكەر بېشى، خەزىنىچى، مەشقاۋۇل قاتارلىق مەنسەپدارلارنىڭ ھەممىسىنىڭ قولىدا بىردىن تاياق بولۇپ، يەرگە توكۇلدىتىپ ئۇرۇپ، تىمىسقىلاپ يۇرۇشەتتى. بەزىلىرى ئۇتتۇر كەلگەن سۇپا، پەشتاق، بەندىڭ، سايىلاردا يەر بېقىپ ئولتۇرۇشاتتى.

شەمس سۇمەننىسانىڭ يول باشلىشى بىلەن ئوردا سارايلىرىدىن ئۆتۇپ، ئاغۋاتلار ياتىدىغان چوڭ ھۇجرا ئالدىغا كەلدى. ھۇجرا ئىشىكىگە چوڭ قۇلۇپ سېلىنغان بولۇپ، چاچ ـ ساقاللىرى ئۆسۇپ كەتكەن بىر قېرى ئاغۋات تامغا يۆلەنگىنىچە مۈگدەپ ئولتۇراتتى. ئۇ مەلىكە سۇمەننىسانى كۆرۇپ ئورنىدىن تۇردى ـ دە، قۇلۇپنى ئاچتى. ئىشىك ئېچىلىشى بىلەن زەيلىشىپ كەتكەن ئۆيدىن بەدبۇي بىر پۇراق گۇپپىلا قىلىپ دىماقلارغا ئۇرۇلدى. ھۇجرىنىڭ بىر بۇلۇڭىغا سېلىنغان كونا كۆرپىلەر ئۇستىدە بىر بوۋاي تۇگۇلۇپلا ياتاتتى. ئۇ شۇنچىلىك ئورۇقلاپ كەتكەنىدىكى، ئوقرەك سۆڭەكلىرى پىچاق دەستىسىدەك پولتىيىپ چىقىپ تۇراتتى. ئۇ توختىماي ئىڭرايتتى.

ــ شاھىنشاھ ئاتا، ــ دېدى شەمس ئۇنى يۆلەۋېتىپ، ــ قانداقراق ئەھۋاللىرى؟

ــ ھەي، دەرىخا، شاھلىق قۇرۇپ كەتسۇن، ــ بوۋاي تامغا يۆلەندى، ــ ئەھۋالىم ئەڭ چارىسىز قەلەندەرنىڭ خۇرجۇنىدىن بەتتەر. سەن كىم بولىسەن؟

ــ مەن سىلىنى قۇتقۇزغىلى كەلدىم. كۆزلىرىنى يۇمۇپ ئۇستىگە قارىسىلا، ــ شەمس قان يۇقى شەمشىرىنى ئېلىپ

ئۇنىڭغا سۇ پۈركۈپ، قاپاقلىرىغا سۈرتتى، — ئەمدى كۆزلىرىنى ئاچماي بىردەم تۇرسىلا.

ئارىدىن ئانچە ئۇزۇن ئۆتمەي كۆزىنى ئاچقان شاھ بوۋاي يىغلىۋەتتى:

— ئاھ خۇدا، يورۇق جاھانىنى كۆردۈم ... مەن كۆردۈم. راستتىنلا كۆردۈم. ئاللا ساڭا قۇياشتەك ئۆمۈر بەرسۇن!

بوۋاي شەمسىنىڭ تىزلىرىنى قۇچاقلاپ ھوشىدىن كەتتى. ئۇ خۇشاللىقنىمۇ كۆتۈرەلمىگۈدەك ئاجىزلاپ كەتكەنىدى. شەمس ئۇنى يۆلەپ چوڭ سارايغا ئەكىرگەندە، ساراي ئىچى قارىغۇ ئوردا ئەمەلدارلىرى بىلەن تولۇپ كەتكەنىدى. ئۇلار نىمە ئىشلارنىڭ بولۇۋاتقانلىقىنى ئاڭقىرالماي ھاڭقىيىپ تۇرۇشاتتى. ئاڭغۇچە ھوشىغا كەلگەن شاھ بوۋاينىڭ: «مېنىڭ كۆزۈم ئېچىلدى. بۇ ھۆكۈما يىگىت كۆزۈمنى ئاچتى. مەن سىلەرنىڭ شاھىنشاھىڭلار ئابدۇلھەلىم تۇغلۇق بولىمەن!» دېگەن خىرقىراق بوغۇق ئاۋازىنى تونۇغان قارىغۇلارنىڭ ھەممىسى بىر - بىرىگە ئۇرۇلۇپ - سوقۇلۇپ بىر يەرگە توپلاندى. شەمس بوۋاينى سۇمەنىنساغا قالدۇرۇپ، ئۇلارنىڭ كۆزلىرىگە دىۋە قېنىغا مىلەنگەن شەمشەرنى سۈرتۈپ، بىردىن - بىردىن ئاچتى. خۇشاللىقى ئىچىگە سىغمىغان ۋەزىر - ۋۇزرالار يىغلايتتى، كۈلەتتى، شەمسنى قۇچاقلاپ سۆيەتتى. بارىكاللا، ھەشقاللا دېيىشىپ تىلەكلەرنى تىلەيتتى.

— ھازىردىن تارتىپ ھەرقايسىڭلار ئۆز ئەمىلىڭلار بويىچە ئىش باشلاڭلار، — دېدى شەمس جاراڭلىق ئاۋازدا، — سىلەرگە دېشۋارچىلىق سالغان قارا قۇيۇن دىۋە كۆيۈپ كۈل بولدى.

شۇ كۈنى كەچتە پادىشاھ ئوردىسىنىڭ چوڭ سارىيىدا شاھانە زىياپەت بولدى. ئۇزۇن ۋاقىت كۆزى كۆرمەي، بۇرۇقتۇرمىچىلىق

ئىچىدە ئازاب تارتقان ئوردا ئەھكاملىرى شاھانە تائاملارنى يەپ، شەربەتلەرنى ئىچىپ راسا يايرىدى. مۇشۇنداق شادىمان كۈنلەرنى ئاتا قىلغان شەمس ۋە سۇمەننىسالارغا ھەمدۇسانا ئوقۇدى. تەختتە ئارانلا ئولتۇرغان شاھ شەمسكە تەخت يېنىدىن ئورۇن بەردى. قىزىلىق ۋە كېسەللىك ئۇنىڭ تېنىدىكى مادارنى قۇرۇتقاندەك قىلاتتى. شەمس ئۇنى ھەر قېتىم «ئاتا!»، «شاھ ئاتا!» دەپ ئىلتىجا قىلغاندا ئۇنىڭ بېشى كۆككە يەتكەندەك بولاتتى.

— بالام، — دېدى شاھ يۆتىلىپ ھەم قېقىلىپ، — ئوردا بىغىدا ئەجدادىمىزدىن تارتىپ ساقلىنىپ كەلگەن ئىككى كۆل بار، ئۇنىڭ بىرى ئالتۇن، يەنە بىرى كۈمۈشتىن ياسالغان، كۆل قىرلىرىدا ئىككىدىن چاق بولۇپ، ئوڭدىكى چاقنى چۆرىسە، كۈمۈش كۆلنىڭ سۈيى ئالتۇن كۆلگە چىقىدۇ. سولدىكى چاقنى چۆرىسە ئالتۇن كۆلنىڭ سۈيى كۈمۈش كۆلگە چىقىدۇ. ئەگەر ئالتۇن كۆلنىڭ سۈيىنى چىقىرىۋەتسە، كۈن چىقىش تەرەپتىكى تاغ باغرىدا بىر يول كۆرۈنىدۇ. بۇ يولنىڭ قانداق سېھرى بارلىقىنى بىلگىلى بولمايدۇ. ئەمما بارغانلار ھەرگىز قايتىپ كەلمەيدۇ.

شەمس شاھنىڭ گەپلىرىنى ئاڭلاپ، ئەسمەنىڭ ئېيتقانلىرىنى ئەسلەپ قالدى. ئۇ بۇ ھەقتە بېشارەت بېرىپ، بۇ يولنىڭ ھەزرىتى ئىسكەندەردىن قالغان خەزىنىگە ئاپىرىدىغانلىقىنى سۆزلەپ بەرگەنىدى. شەمس سەپەر قىلغاندىن بېرى كۆرۈلگەن مۆجىزىلەرنىڭ، ھەربىر توسالغۇلاردا نۇسرەت قازىنىشلارنىڭ ھەممىسى، ئەسمەنىڭ ئەقىل كۆرستىشلىرىدىن بولغانلىقىنى ئويلىغىنىدا: «ئۇ قىز چوقۇم پەرىشتە ئىكەن» دەپ جەزم قىلاتتى. مانا ھازىرمۇ پادىشاھنىڭ ئالتۇن ۋە كۈمۈشتە ياسالغان كۆللەر توغرۇلۇق ئېيتقانلىرى شەمسكە يېڭىلىق

ئەمەس ئىدى! ھەتتا ئۇ تاغ باغرىدىكى يول بىلەن مېڭىپ، خەزىنىنى قانداق تېپىش ۋە ئۇنىڭ ئىچىدىكى بايلىقلارنى قانداق بىر تەرەپ قىلىشلارغىچە بىلەتتى. شۇڭا مۇشۇنداق گەپنىڭ تېشىلىشىنى كۈتۈپ تۇرغان شەمىس قورقمايلا ۋەدە قىلدى:

— بولىدۇ شاھ ئاتا، مەن ئاشۇ سىرلىق يول بىلەن مېڭىپ ئۆزۈمنى بىر سىناپ كۆرەي.

— ياق، ياق بولمايدۇ بالام، — بوۋاي ھاسىراپ مەيدىسىنى قاماللىدى، — بۇ سىناپ كۆرىدىغان ئىش ئەمەس، ناھايىتى خەتەرلىك.

— خاتىرجەم بولسىلا ئاتا، ماڭا ھېچنېمە بولمايدۇ.

— ۋايىم يېمىسىلە شاھ ھەزرەتلىرى، — سۇمەنىنسامۇ بوۋاينىڭ كۆڭلىنى تىنىدۇردى، — زۇلمەت قەلئەسىدىكى قارا قۇيۇن دېۋىنىڭ قولىدىن مېنى قۇتقۇزۇپ چىققان يەردە، ئۇ قانچىلىك ئىش ئىدى! ھەتتا زۇلمەت قەلئەسىدىكى تىلسىمنى بىتچىت قىلىپ، شاھلىقنى، چىمەن قەلئەسىنى ئەسلىگە كەلتۈرگەن تۇرسا.

سۇمەنىنسانىڭ سۆزلىرىدىن ئوردا ئەركانلىرى «ئوھوي! ... » دېيىشىپ ساقاللىرىنى سىيپاپ، باشلىرىنى لىڭشىتىپ، شەمىسكە يەنە بىر قېتىم تەزىم كەلتۈرۈشتى.

ئەتىسى ئەتىگەن شەمىس، سۇمەنىنسا، ئايتۇران ۋە بىرنەچچە نەۋكەر، ئەركانلار بىلەن ئوردا بېغىغا كىرىپ، پادىشاھنىڭ دېگىنى بويىچە چاقنى چۆرۈپ، ئالتۇن كۆلنىڭ سۈيىنى چىقىرىۋەتكەندى، كۆن چىقىش تەرەپتىكى تاغ باغرىدا بىر يول گىرىمسەن كۆرۈندى. ئۇلار ئارغىماق ۋە دۇلدۇللىرىغا مىنىپ شۇ تەرەپكە قاراپ ئات سالدى. ئەڭ ئالدىدا كېتىۋاتقان شەمىس قىزىل ياقۇت دەستىلىك شەمشىرىنى كىچىك رومالغا ئوراپ،

قويىنىغا سالدى. ئۇ يولنى خاتا ماڭدى ـ يۇ، شەمشەر سىلكىنىپ شەپە بېرەتتى. ئاخىر ئۇلار قاتمۇقات تاغلار ئارىسىدىكى بىر ئۆڭكۈرگە يېتىپ كەلدى. شەمىس شەمشەرنى يالىڭاچلاپ ئۆڭكۈرگە قەدەم ئالدى. شەمشەر قاراڭغۇ ئۆڭكۈر ئىچىنى قىزىل نۇرغا تولدۇرۇپ، يورۇتۇپ تۇراتتى. باشقىلار ئۇنىڭ ئارقىسىدىن قورقۇپقىنا كېتىۋاتاتتى. ئۇلار ئىچكىرىلەپ ماڭغانسېرى ھەرخىل مەخلۇقلار قىياپىتىدىكى قورام تاشلار ئۇچراپ، كۆڭۈللەرنى ئەنسىزلىككە سالاتتى. بىردىنلا چوڭقۇرلۇقى نەچچە مىڭ غۇلاچ كېلىدىغان ھاڭ ئۇلارنىڭ ئالدىنى توسۇۋالدى. ھاڭنىڭ تېگىنى كۆرگىلى بولمايتتى. چۈنكى تۇرۇلۇپ، شىددەت بىلەن پىرقىراۋاتقان تۇمانلار بىر ئۆرلەپ، بىر پەسىيىپ تۇراتتى. لېكىن ھاڭنىڭ كەڭلىكى 20 غۇلاچتەك بولۇپ، ئۇ تەرىپىدە غايەت زور بىر ياپىلاق كۆكتاش تىككىدە تۇراتتى. شەمىس ئادەملىرىنى كەينىگە چېكىندۇرۇپ، يالىڭاچ شەمشەرنى ئېگىز كۆتۈرگەنىدى، كۆكتاش غارىلداپ ئاستا ـ ئاستا يىقىلىپ، ھاڭ ئۈستىدە تەبىئىي كۆۋرۈك ھاسىل بولدى. شەمىس ئادەملىرىنى باشلاپ، ھاڭنىڭ ئۇ تەرىپىگە ئۆتۈپلا، دۈپدۈگىلەك ئۆڭكۈر ئاغزىغا دۇچ كەلدى. ئەسلىدە يىقىلغان كۆكتاش ئىشىك بولۇپ، ئۆڭكۈر ئاغزىنى توسۇپ تۇرغانىكەن. شەمىس ئادەملىرى بىلەن ئۆڭكۈرگە قەدەم ئېلىشى ۋال ـ ۋۇل، يالت ـ يۇلت، ۋىل ـ ۋىل قىلغان چېقىنلاردىن كۆزلىرىنى ئاچالمايلا قالدى. ئىككى تەرەپكە تىزىلىپ كەتكەن ئىدىش، كۇپ، ساندۇق ۋە تاغالاردا ئالتۇن، يامبۇ، قىممەت باھالىق جاۋاھىراتلار رەت ـ رېتى بىلەن تۇراتتى. ئالتۇندىن ياسالغان ئوتۇغات، چەينەك، چىلاپچا، چىراغدان، بىلەزۈك ۋە ھەرخىل زىبۇزىنىنەتلەر، يامبۇدىن قۇيۇلغان ئۆي سەرەمجانلىرى، بىرلىيانت، گۆھەر، مەرۋايىت،

ياقۇت، زۇمرەت، كەھرىۋالار يۇلتۇزدەك چاقنايتتى.

شەمسىنىڭ بىردىنلا كۆڭلى بۇزۇلۇپ، چىرايىنى مىسكىنلىك قاپلىدى. ئالەمشۇمۇل زور ئىشلارنى تەۋرەتكەن سەددى ئىسكەندەرنىڭ بۇنداق خەزىنىلىرى، دەپنە ـ دۇنيالىرى ئالەمنىڭ ھەممىلا يېرىدىن تېپىلىدۇ. ئىسكەندەر بۇ دۇنيادا نىمە يىغقان بولسا، ئۇنىڭ ھەممىسىنى تاشلاپ، ئۆزى قۇرۇق قول باقىيغا رەھلەت قىلدى. شۇڭا ئۇ ئاللانىڭ ئامانىتىنى تاپشۇرىدىغان چېغىدا: «مەن ئۆلگەندىن كېيىن، تاۋۇتۇمدىن بىر قولۇمنى سىرتقا چىقىرىپ قويۇڭلار. بۇ دۇنيا بايلىقىغا ئۆزىنى ئۇرۇپ كەتكەنلەرگە ئىبرەت بولسۇن» دېگەنىكەن. شۇڭا تاۋۇتنى ئېلىپ ماڭغاندا، كىشىلەر: «قاراڭلار، پۈتۈن دۇنيانى ئىگىلىگەن، ھەتتا دېڭىز ـ ئوكيانلارنى بويسۇندۇرغان ئىسكەندەرنىڭ قولى ئۇ دۇنياغا قۇرۇق قول كېتىۋاتىدۇ ... » دېيىشىپتىكەن.

شەمس شۇ كۈنىلا ئوردا ئەركانلىرى بىلەن مەسلىھەتلىشىپ، نۇرغۇنلىغان ئات، تۆگە، ئېشەك، ئۆكۈزلەردە ئۆڭكۈردىكى بايلىقنى پادىشاھ سارىيىغا يۆتكەپ ئېلىپ كەلدى ـ دە، ئۇلارنى ھەممىنىڭ ئالدىدا پادىشاھقا تاپشۇردى. بۇ ئەسلىدە ئەسمەنىڭ ئارزۇسى ئىدى. لېكىن پادىشاھ قوبۇل قىلغىلى ئۇنىمىدى.

ــ سېنىڭ، بىزنىڭ پادىشاھلىقىمىزنى قۇتقۇزۇپ قالغىنىڭنىڭ ئۆزى بىز ئۈچۈن باھا يەتمەس چوڭ بايلىقتۇر. بۇ دۇنيا ئۆزۈڭگە قالسۇن، ــ دېدى. شەمس سۇمەنىسا بىلەن مەسلىھەتلىشىپ، ئەسمەنىڭ دېگىنىدەك بارلىق شەھەر كەمبەغەللىرىنى يىغىپ، ئۇلارنىڭ تۇرمۇش ئەھۋالىغا يارىشا ئالتۇن تەقسىم قىلىپ بەردى. پۇقرالار تۆلەيدىغان باجنى تۆلىۋەتتى. ئىسكەندەر خەزىنىسىدىن ئېلىپ كەلگەن بايلىق

ھەددى ـ ھېسابسىز بولغاچقا، ئېشىپ قالغانلىرىنى باغداد شاھ خەزىنىسىگە تاپشۇردى. شەمىس، سۇمەننىسا، خەزىنىدار ۋە ئوردا ئەركانلىرىدىن بىرقانچە ئادەم ئالتۇن، يامبۇ، جاۋاھىراتلارنى تىزىملاپ خەزىنىگە كىرگۈزۈۋاتقاندا، پادىشاھنىڭ كېسىلىنىڭ ئۆزگىرىپ قالغانلىقى ھەققىدە خەۋەر كېلىپ قالدى. ئۇلار خەزىنىنى تاقاپ، ئەتراپىقا قاراۋۇللارنى قويۇپ يۈگۈرۈپ كېلىشتى. راست دېگەندەك ياشانغان شاھ سەكراتقا چۈشۈپ قالغان بولۇپ، بارلىق ۋەزىرلەر ئۇنىڭ بېشىغا يىغىلغانىدى.

— مېنىڭ كۆپ ۋاقتىم قالمىدى، — دېدى شاھ ئارانلا پىچىرلاپ، — تەختىمگە ۋارىسلىق قىلغۇدەك ئوغلۇم يوق. بىزنىڭ شاھلىقىمىزنى قۇتقۇزۇپ قالغان، خەلقىمىزنىڭ بېشىنى سىلىغان، كۆزلىرىمىزنى ئېچىپ يورۇق دۇنيا ئاتا قىلغان شاپائەتچىمىز شەمىسنى شاھلىققا تەكلىپ قىلىمەن. سىلەر قانداق قارايسىلەر؟

— ئاقىلانە ۋە ئەڭ ئادىل قارار، — دېيىشتى ۋەزىرلەر، — شەمىس كىچىك بولسىمۇ باغداد ئەھلى ۋە بىز ئۈچۈن بىھېساب ساخاۋەت ساھىبى بولدى. ئۇنىڭ شاھ بولۇشى ئاللانىڭ ئىرادىسىدۇر.

— شاھ ئاتا، — شەمىس سەل ئەنسىرەپ تۇراتتى، — مەن تېخى كىچىك، شاھلىقنىڭ ھۆددىسىدىن چىقالمايمەنمىكىن دەپ ئەنسىرەيمەن.

— مەن 80 يېشىمغىچە شاھلىق قىلىپ، سەن قىلغان ئىشنىڭ ھېچقايسىسىنى قىلالماپتىمەن.

— بىزمۇ شۇ، — دېيىشتى ۋەزىرلەر، — شەمىس يوقسۇللارنىڭ بېشىنى سىلىدى، غېرىب ـ غۇرۋالارنى يۆلىدى. شاھ خەزىنىسىنى زەرگە تولدۇردى. زۇلمەت قاراڭغۇلۇقتا قالغان

كۆزلىرىمىزنى ئاچتى. بۇنىڭدىنمۇ ئارتۇق شاپائەت بولامدۇ؟
— شاھىنشاھلىقنى قوبۇل قىلغىن بالام، — دېدى شاھ ئېغىر تىنىپ، — سەن مېنى «ئاتا»، «شاھ ئاتا» دېگەندىن بېرى مېنىڭ ئۆز ئوغلۇمدەك بولۇپ قالدىڭ. لېكىن ئېسىڭدە بولسۇنكى، يەنە ئەقلىم شاھلىرىنى ساڭا بەيئەت قىلىدۇ. ھەر يىلى باج ـ سېلىق تاپشۇرىدۇ.
— قوبۇل قىلغايلا! — ۋەزىرلەر بىردەك ئىلتىجا قىلىشتى.
شاھ كۆز يۇمدى. شۇ كۈنى جۇمە نامىزىدا، نامىزى چۈشۈرۈلگەن شاھنى «شاھ جەمەتى قەبرىستان» لىققىغا دەپنە قىلىشتى. شەمس ئۈچىنچىسىغا شاھى تون، بېشىغا ئالتۇن تاج كىيىپ، تەختتە ئولتۇردى. ھېسابسىز مال ـ دۇنيا، خەزىنىلەرگە ئىگە بولۇپ، يۇرت سوراشقا باشلىدى. بىر كۈنى كېنىزەك ئايتۇران ئىجازەت بىلەن ئوردىغا كىرىپ كەلدى. ئۇ شاھقا چوڭقۇر سالام بەجا كەلتۈرگەندىن كېيىن سۆز باشلىدى:
— ئۇلۇغ شاھىنشاھىمىز، ئەدەپسىزلىكىمنى كەچۈرگەيسىز، — دېدى ئايتۇران سەممىيلىك بىلەن، — مەن ھازىر شاھ بىلەن ئەمەس، يېقىن دوستۇم بىلەن ھەمسۆھبەتتە بولۇۋاتىمەن، دەپ چۈشەنسەم بولامدۇ؟
— تامامەن شۇنداق، ـ شەمس كۈلدى، — بىزلەر ئەڭ ئېغىر كۈنلەردە بىر ـ بىرىمىزگە سايىۋەن، ھەمقان بولغان دوستلاردىن ئەمەسمىدۇق. بۇنداق دوستلۇقتىن تانغانلار تۇز كور بولۇپ كەتمەمدۇ!
— خوش، شۇنداق ئىكەن، مەن ئەمىسە سۆلكەت قىلىپ ئولتۇرمىدىم، — ئايتۇران دىدىللەشتى، — بىر بالىنىڭ ئىشق ئوتىدا كۆيۈپ كۈل بولغان بىر قىزنىڭ دەردى ـ ھالىغا يەتمەسلىك ئادىل شاھ ۋە ۋىجدانلىق ئەرنىڭ ئادىمىيلىك

مىزانىمۇ؟

— بۇ ... بۇ نېمە دېگىنىڭىز ئايتۇران، — گەپنىڭ ئۇرانىغا يەتكەن شەمس قەستەن خۇپسەنلىك قىلدى، — قېنى ئېنىقراق سۆزلەڭ، گەپلىرىڭىز روشەنرەك بولسۇن.

— شۇنچە ئازابلارنى چەككەن سۇمەننىسا ئەمدى سىزنىڭ ئىشق ئازابىڭىزنى تارتسۇنمۇ؟

— مەن، بۇ ... بۇ ... ، — شەمس دۇدۇقلىدى، — سىز مېنى چوڭقۇر يار لېۋىگە قىستاپ قويدىڭىز ...

شەمس ئەسىمە ھەققىدە قىسقىلا قىلىپ سۆزلەپ، ئۇنىڭ بىر پاسىق ھۆرۈننى قانداق قىلىپ شاھلىق سەلتەنەتكە ئېرىشتۈرگەنلىك ئەجىر - ئېھسانلىرىغا يۈز كېلەلمەيدىغانلىقىنى ئوچۇق ئىزھار قىلدى.

— ئەسىمە، مەندىن ئۆزگە يارغا قارىمايسەن دېگەنىمدى؟

— يوقسۇ، ئەكسىچە «سۇمەننىسا ئۆزىنى ئەمىرىڭىزگە ئېلىشنى ئۆتۈنسە، ئىككىلەنمەي ماقۇل دەڭ. ئۇ مەندىن نەچچە باراۋەر گۈزەل ۋە ئوقۇمۇشلۇق قىز ... » دېگەنىدى.

— سىز نىكاھ قىلىپ بىرەر ئايغىچە بىر ياستۇققا باش قويۇشنى ھەرخىل باھانىلەردە ئارقىغا سۈرگەن، دوستىنىڭ بەختىنى ئۆزىنىڭ بەختى ئۈستىگە قويغان بىر قىزنىڭ روھىي پەزىلىتىنىڭ تېگىگە يېتەلمىدىڭىزمۇ؟

— بۇنچىلا چوڭقۇر ئويلاپ كەتمەپتىمەن.

— ئەسىمەنى ئوبدان چۈشىنىمەن. ئۇ سۇمەننىسانى ئىزدەپ كەلگەنلىرىدە، ئوردا كىتابخانىسىدا كىتاب ئوقۇغانلىرىدا مەن ئۇنىڭ بىلەن دوستلاشقان، — ئايتۇران بىر ئاز تىنىۋالدى، — ئۇ «19 ~ 20 يېشىمغىچە بىلىم تەھسىل قىلىمەن، ھېچقانداق غەيرىي خىياللاردا بولمايمەن» دەپ قەسەمياد قىلغان قىز.

— ئەمىسە ئەسمەنىڭ «ئەگەر سۆمەننىسا رازى بولسا، ئىككىنچى ئايالىڭىز بولاي» دېگەن لەۋزىنى قانداق چۈشىنىش كېرەك؟

— ئۇ بىرىنچىدىن، نىكاھ قىلىپ قولىنىڭ ئۇچىنى تۇتقۇزمىغان، ئىككىنچىدىن، دوستىنى قوتقۇزۇش ئۈچۈن سىزنى خەۋپلىك تەقدىرگە تەۋەككۇل قىلدۇرغان، ئۈچىنچىدىن، ئادىمىلىك يولىغا قەدەم ئالغان سىزدەك دوستىغا راست گېپىنى قىلالمىغان گۇناھلىرى ئۈچۈن، ۋىجدان ئازابىدا ئۆزىنى قوربان قىلماقچى بولغان! لېكىن ئەسمە دوستى سۆمەننىسادىن بەخت تالىشىدىغان قىز ئەمەس!

— ئۇنداقتا، ئۇنىڭ نىكاھ - پاتىھەگە ئۆز رايى بىلەن رازى بولۇشى قانداق گەپ؟

— سىزنى قاباھەتلىك پاتقاقتىن تارتىپ چىقىرىپ، ئادىمىلىك يولىغا باشلاش ئۈچۈن، نىكاھ قىلىپ بىر ئۆيگە كىرىشى كېرەك. ئەگەر نىكاھسىز بىر ئۆيگە كىرىۋالساڭلار ئىسلام مىزانلىرىغا ئۇيغۇن كەلمەيدۇ - دە ...

— كەچۈرۈڭ ئايتۇران، تۇرمۇش ۋە كۆڭۈلگە تالىق ئىشلاردا مەن تولىمۇ خام ئىكەنمەن، — شەمس غەلىتىلا كۈلۈپ قويدى، — ئەپسۇس، ئارىمىزدىكى نىكاھنى قانداق قىلارمىز؟

— ئەگەر يۈزتۇرانە دېيىشكە تىلىڭىز بارمىسا، بىر پارچە مەكتۇپ ئارقىلىق ئۇنىڭدىن كەچۈرۈم سوراپ، «تالاق» دېگەن بىر سۆزنى قوشۇپ قويۇڭ ...

باغداد شاھىنشاھىنىڭ سارىيى، ئوردا ۋە چاھار باغلىرىدا 41 كۈن توي تەنتەنىسى ئۆتكۈزۈلۈپ، شەمس بىلەن سۆمەننىسا ئۆمۈرلۈك جۈپتى ھەمراھلار بولۇپ قوشۇلۇشتى. باغداد دىيارى ئۇلارنىڭ ھالال ھەممەتلىرىدە تېزدىن گۈللەپ ياشناشقا

باشلىدى.

... ئەمدى گەپنى يەمەن پادىشاھى زۇھرۇللا زاماندىن ئاڭلايلى، ئۇ بىر كۈنى ئەتىگەنلىكى ۋەزىر - ۋۇزرا قوغدىغۇچى لەشكەرلىرى بىلەن ۋەزىرى ئەزەم ئابدۇل مۇلۇكنىڭ ھوزۇرىغا كەلدى. ئۇ ئۆزىنىڭ غەلىبىسىگە تەنتەنە قىلىۋاتقاندەك، قولىنى ئارقىسىغا تۇتۇپ گىدەيگەن ھالدا، قىسقا قوللىرىنى ئەسمەگە شىلتىدى:

— ئەتە كەچ شام بىلەن تەڭ بىر يىل توشىدۇ، — دېدى زۇھرۇللا زامان مەغرۇر ھالدا، — ھېلىقى ھۈرۈن ئەرنى شاھانە تونلار ئىچىدە كۆرۈشۈم كېرەك. سەن ئەرنى دىۋانە قىلغانمۇ، پادىشاھ قىلغانمۇ خوتۇن دېمىگەنمىدىڭ؟

— ئېسىمدە شاھ ئالىيلىرى ... ئاتام ئىككىمىزنى دار سىرتمىقى كۈتۈپ تۇرغانلىقىمۇ يادىمدىن كۆتۈرۈلگىنى يوق.

— ياخشى، تىگىل ياخشى، ئېسىڭدىن كۆتۈرۈلمىگىنى ئوبدان بوپتۇ. ئەمدى مەن بىر خۇماردىن چىقىدىغان بولدۇم.

— شاھ ئالىيلىرى، — ئەسمە تەمكىن ئىدى، — سىلى يەڭسىلە دادام ئىككىمىزنى قەتلى قىلىپ خۇمادىن چىقىدىلا، ئەگەر مەن يەڭگەن بولسامچۇ؟

— نېمە، ھۈرۈن دىۋانىنى شاھ قىلىپمۇ؟

— شۇنداق!

— ھا، ھا، ھا ... ، — زۇھرۇللا زامان قاقاقلاپ كۈلدى، — بۇ خۇددى قوشقارنى قوزىلىتىمەن، بۇقىنى موزايلىتىمەن دېگەندەك گەپ بولدى - دە. ئەگەر سەن راستىنلا شۇنداق قىلالىساڭ ئاتاڭ ئىككىڭ ئالدىدا ئىتتەك ئۆملەيمەن.

— قاۋاپمۇ بېرەلا؟

— ھۈرۈن دىۋانىنى شاھ قىلغان يەردە، ئۇ قانچىلىك ئىش

ئىدى.

— ئاڭلىدىڭلارمۇ خالايىق، — ئەسىمە ئىشىك ئالدىدا توپلاشقانلارغا قاراپ ۋارقىرىدى، — شاھىنىڭ لەۋزى مۇھۇردۇر! ...

زۇھرۇللا زامان ئادەملىرىنى باشلاپ كېتىپ قالدى. ئابدۇل مۇلۇكنىڭ چىرايى ئۆلۈكتەك تاتىرىپ كەتكەنىدى. لېكىن ئەسىمە ئۆزىگە ئىشەنگەن ھالدا تەمكىن ئىدى. چۈنكى ئۇ چۈشىدە بېشارەت بەرگەن خىزىرنىڭ: «كۆڭلۈڭنى ئەمىن تۇت قىزىم، خۇدا يامانلارغا بىر مەزگىل زامان بەرگىنى بىلەن ئامانلىق بەرمەيدۇ ... » دېگەن سۆزىنىڭ قۇدرىتىگە ئىشىنەتتى. شۇنداقلا ئۇ بىرنەچچە كۈنىنىڭ ئالدىدا باغداد شاھىنشاھى شەمس، خانىش سۇمەنىنىسالاردىن بىر مەكتۇپ تاپشۇرۇپ ئالغانىدى. مەكتۇپ مەزمۇنىدىن ئۇلارنىڭ بۈگۈن ياكى ئەتە كېلىپ قېلىشى ئېنىق ئىدى. ئەمما سېھرىي كارامەتلەرنىڭ ئۆز كۈچىنى يوقىتىشىدىن ئەنسىرىگەن ئەسىمە خىزىر ھەققىدىكى ئىشلارنى دادىسى ئابدۇل مۇلۇكتىن خۇپىيانە تۇتۇپ كېلىۋاتاتتى.

دېگەندەك ئەتىسى ئەتىگەندە يەمەن دىيارىغا باغداد شاھىنشاھى ۋە ئۇنىڭ مىڭدەك ئاتلىق لەشكىرى تولۇق قورال-لانغان ھالدا كىرىپ كەلدى. ئەسلىدە باغداد شاھى ئەتراپىدىكى بىرقانچە ئونلىغان شاھلىقلارنى ئىلكىدە تۇتۇپ، ئۇلاردىن ھەريىلى باج، سېلىق ئالىدىغان شاھىنشاھ ئىدى. يەمەن شاھى زۇھرۇللا زامانمۇ ئۇلارنىڭ ئارىسىدىكى ئاددىي شاھلىق بولۇپ، ھەريىلى باغداد شاھىغا ئالتۇن، كۈمۈش، جەڭ ئاتلىرىدىن سېلىق، باج تاپشۇراتتى. زۇھرۇللا زامان ئۇلارنى كۈتۈۋېلىش ئۈچۈن شاھ سارىيىدا زىياپەت ھازىرلىدى، لېكىن ئۇلار ئوردا سارىيىنىڭ ئالدىدىن ئۆتۈپ كەتتى. بۇنىڭدىن زۇھرۇللا زامان ساراسىمىگە چۈشۈپ قالدى. ئۇ ئىچىدە: «مەن شاھىنشاھقا بەيئەت قىلىپ،

باج ـ سېلىقنى ۋاقتىدا تۆلەپ كېلىۋاتسام، ئۇ نېمىگە مەندىن رەنجىپ قالغاندۇ» دەپ ئويلىدى. ئەمما ئايغاقچىلارنىڭ مەلۇمات بېرىشىچە، باغداد شاھىنشاھىنىڭ ئابدۇل مۇلۇك ھەزرەتلىرىنىڭ ھۇزۇرىغا چۈشكەنلىكىدىن خەۋەر تاپقان زۇھرۇللا زامان ۋەزىرلىرىنى ئېلىپ سالامغا كەلدى. ئۇ ۋەزىرى ئەزەمنىڭ «ئىپار باغ» ئارامگاھى، قەپەز ئايۋانلىق ساراي، ھويلىلىرىنىڭ ۋەزىر، لەشكەر بېشى، لەشكەرلەر بىلەن تولۇپ كەتكەنلىكىنى كۆرۈپ تېنى ئەيمىنىگەندەك بولدى. ئاڭغۇچە ئابدۇل مۇلۇك، ئەسمەلەر ئۇنىڭ ئالدىغا چىقىپ قارشى ئالدى. ئۇلارنى باغداد شاھىنشاھى ئۆز ئەركانلىرى بىلەن ئولتۇرغان قەپەز ئايۋانغا باشلىدى. زۇھرۇللا زامان دۇئاغا قول كۆتۈرگەندىن كېيىن، باغداد شاھىدىن ھال ـ ئەھۋال سورىدى. ئەمما شاھىنشاھىنىڭ «ئىلمان» مۇئامىلىسى ئۇنى سەل تەمتىرىتىپ قويدى. بىراق، ئۇ بۇ «بالا» شاھنى قەيەردىدۇر كۆرگەندەك قىلدى ـ يۇ، ئېسىگە ئالالمىدى. شەمس ئۇنىڭ چاھار بېغىدا بېقىلىۋاتقاندا، تۇمۇر ئۆيدە «كاۋاپ» قىلىنىغاندا، سورۇن ئوتتۇرىسىدا بىر تاغار گۆشتەك تاشلانغانلىرىدا زۇھرۇللا زامان ئۇنىڭ قاسماق يۈز، شۆلگەي ئېغىزلىرىغا قاراشتىن يىرگىنىپ ئانچە زەن سالمىغانىدى.

ئۇلار كاتتا زىياپەتتىن كېيىن نەغمە ـ ناۋا قىلىشتى. باغداد شاھىنشاھى شەمس ساقال ـ بۇرۇتلىرى ئەپچىل ياسالغان بىر نەغمىچىگە كۆزىنى قىسىپ مۇنداق دېدى:

ـــ ئەمدى يەك نەفەس غەزەللەردىن ئاڭلىساق قانداق؟

ـــ بولىدۇ شاھىنشاھىم، دېگەنلىرىگە قۇللۇق، ـــ نەغمىچى تەنبۇرنى سازلاپ، غەزىلىنى مۇڭ بىلەن باشلىدى:

قىسمەتكە بولغان بۇ دۇنيانىڭ مەنزىلى،
ھۇرۇن، گاداي شاھ بولار، شاھلار دىۋانە.
ئالمىشىدۇ بىر كۈنى شاھى تونلارغا،
جەندە كۆلا كىيەرسەن، ئۆزۈڭ سەرسانە.

بۇ ناخشا زۇھرۇللا زامانغا زادىلا ياقمىدى. ئۇ باشقىلارغا ۋارقىراپ ـ جارقىراپ، تىللاپ ئادەتلەنگەچكىمۇ دەرھال مۇدۇي قوپتى.

— ھاي ئەدەپسىز، قانداق غەزەل بۇ؟ شاھلارغا ھاقارەت قىلما، ھۇرۇن دىۋانىلەرنىڭ شاھ بولغىنىنى سەن نەدە كۆرگەن؟

— تەقسىر، — شەمسىنىڭ «شاھ» دېيىشكە تىلى بارمىدى، — سىلى كۆرمىگەن بىلەن مانا مەن كۆرگەن! تېخى بىر يىل ئىلگىرىلا مەن يەمەنىنىڭ كوچىلىرىدىن مۇشۇ غەزەلنى ئېيتىپ ئۆتكەنمەن!

زۇھرۇللا زامان غۇرتتىدا يۇتۇنۇپ، ئۆپكىسى ئاغزىغا تىقىلدى. توغرا، ئۇ بىر كۈنى باغدىكى راۋاقتا ئارام ئېلىپ ئولتۇرغىنىدا، بىر دىۋانە مۇرىسىدە كەتمەن مۇشۇ ناخشىسىنى ئېيتىپ ئۆتكەنىدى. ئۇ چاغدا زۇھرۇللا زامانلا: «پوق يەپسەن دىۋانە، ھۇرۇن ـ دىۋانىلەرنىڭ شاھلىقنى تەمە قىلىشى، ئاسماندىكى يۇلتۇزلارنى قوينۇمغا سالىمەن دېگەندەك بەڭگىنىڭ خىيالى ... » دەپ تىللىغانىدى. ۋۇي توختا بۇ باغداد شاھى، ھېلىقى ھۇرۇن قاسماققا ئەجەب ئوخشايدا ...

زۇھرۇللا زامان شەمسىكە قايتا قاراپ يەنە بىر قېتىم يۇتۇندى ـ دە، كۆزلىرىنى ئېلىپ قاچتى. ئۇ تېخى كۆڭلىدە: «ئاپلا، بۈگۈن باغداد شاھى كېلىپ قېلىپ، بۇ ھاكاۋۇر ئاتا ـ

باللار بىر نەچچە كۈن ئۇزاق ياشىۋالىدىغان بولدى، ئەتتىگىنەي ... » دەپ ئويلىغانىدى. قانداقلا بولۇپ بۇ ھۆرۈن قەلەندەر ...

شەمسىنىڭ جاراڭلىق خىتابىدىن زۆھرۈللا زاماننىڭ خىياللىرى ئۈزۈلدى ـ دە، دىڭگىدە چۆچۈپ كەتتى.

ــ سىلى كۆڭۈللىرىدە، قانداق بولۇپ بۇ ھۆرۈن، لايغەزەل شاھىنشاھ بولۇپ قالغاندۇ دەپ ئويلاۋاتىدىلا، شۇنداقمۇ؟

ــ يوقسۇ، يوقسۇ، ــ شەمس نەق ئۈستىدىن چۈشكەنىدى، زۆھرۈللا زامان دەرھاللا ئۆزىنى ئوڭشىۋالدى، ــ بۇمۇ تەقدىر ... ئەلۋەتتە ئىرادە، ئاللانىڭ ئىلتىپاتى ...

قەپەز ئايۋانلىق سارايىنىڭ يىپەك پەردىلىرى بوشراق ھىلپىرلاپ تۇراتتى. ئۇنىڭ ئارقىسىغا ئۆتۈۋالغان گۈلسۈمەن شاھ دادىسىنىڭ رەسۋايىئالەم بولغىنىدىن لەۋلىرىنى چىشلىدى. بىر يىل ئالدىدا ئۇ ئەسمەگە «ھۆرۈن دىۋانىنى شاھ قىل» دەپ بىر يىللىق مۆھلەت بەرگەنىدى. ئەقىللىق ئەسمە ئەقىل ـ پاراستىنى ئىشقا سېلىپ، ئىنچىكە پىلانلاپ، ئۇزاقنى كۆزلەپ ھۆرۈننى شاھ قىلغانلىقى ئېنىق تۇرمامدۇ!

ــ شاھ ھەزرەتلىرى، ــ دېدى شەمس ھەممىسى ئاڭلىسۇن دېگەندەك ئۈنلۈك ئاۋازدا، ــ بۇنىڭغىمۇ چىن پۈتمىسىلە، مېنىڭ مەسلىھەتچىم، خانىشىمنىڭ خاس كېنىزىكى بۇ تەپسىلاتلارنى بايان قىلىپ ئۆتسۇن!

ئىچكەركى ئۆيدىن 20 ياشلار ئۆپچۆرىسىدىكى بىر چوكان چىقىپ، مېھمانلارغا تەكشى قارىدى. ئەمما زۆھرۈللا زامان «ئايتۇران! ... » دەۋەتكەنلىكىنى سەزمەي قالدى. ئامراق قىزى سۈمەننىسانىڭ خاس كېنىزىكىنى كۆرگەن شاھ «قىزىم نەدىدۇ؟» دېگىنىچە تۇنجۇقۇپ، يەردىن ئۈستۈن قارىيالمىدى. بوسۇغىدا

مېھمان كۈتۈۋاتقان ئابدۇل مۇلۇك ۋە ئەسىمەلەر ئۇنىڭغا تىكىلىپ تۇراتتى. مېھمانلارمۇ بۇ غەلىتە ۋەقەگە قىزىقسىنىپ ئايتۇراندىن كۆزىنى ئۈزمەي قارايتتى.

— بۇ قورقۇنچلۇق ھەم ئىنتايىن خەۋپلىك ۋەقەگە زۇھرۇللا شاھنىڭ بىر ئېغىز گېپى سەۋەب بولغان، — دەپ باشلىدى ئايتۇران، — ھەر قانداق شاھنىڭ ئادىللىقى، دانالىقى ۋە سېخىيلىقى قول ئاستىدىكىلەرگە، ئاۋام خەلقىگە، مىسكىن پېقىرلارغا بولغان مېھرىبانلىق ھەم ھەققانىيەتتە بىلىنىدۇ. ھۆكۈمرانلىق دەستىكى ئارقىلىق ئىچ قارىلىق، مەنمەنلىك، كۆرەلمەسلىك، شەھۋەتخورلۇق قىلغان ھەرقانداق ھۆكۈمران ئاخىر بىر كۈنى گۇمرانلىقتىن قۇتۇلالمايدۇ. ئەمەل ئېتىغا مىنىپ، ئىلىم - ئېرپان ئېتىغا مىنمىگەن ھەرقانداق مەنسەپدار نادان، ئەخمەق، شەپقەتسىز، تاش يۈرەك بولۇپ، بۇ سەۋەبلىك ئۆزىنىڭ رەسۋالىق، شەرمىسارلىق پاتقاقلىرىغا پېتىپ قالغانلىقىنى سەزمەي قالىدۇ.

ئايتۇران ھۆرۈن شەمسىنى ئادىمىيلىك يوللىرىغا باشلاشتىن تارتىپ، زۇلمەت قەلئەسىدىكى دىۋىنى ئۆلتۈرۈپ مەلىكىنى قۇتقۇزۇش، تىلسىم بىلەن بەنت قىلىنغان باغداد ئوردىسىدىكى شاھ ۋە ئەركانلارنى ئەسلىگە كەلتۈرۈش، ئىسكەندەر خەزىنىسىنى تېپىش، ئۇنىڭدىكى بىھېساب، ئالەمشۇل بايلىقلارنى ئوردا خەزىنىسىگە تاپشۇرۇپ، باغداد ئاۋاملىرىغا ساخاۋەت قوللىرىنى سۇنۇش قاتارلىق جەريانلارنى سۆزلەپ، ئاخىرىدا مۇنداق دېدى:

— مانا بۇلار ئەقىللىق قىز ئەسمەنىڭ بىر ھۆرۈن بالىنى شاھىنشاھ قىلىش جەريانىدىكى ئەقىل - ئىدراك جەۋھەرلىرى! — ئايتۇران زۇھرۇللا زامانغا قادالدى، — ئەگەر شاھ ئاقىل، پازىل بولسا، مۇشۇنداق تەدبىركار، زېھنىياتلىق ئىلىم ساھىبىنى

ئۆلتۈرۈش ئەمەس، ئەقىل كۆرسەتكۈچى، مەسلىھەتچى قىلغان تەقدىردە، يەمەن سەلتەنەتى گۈللەپ، ئاۋامىنىڭ كۆڭلىرى پاراۋان ئۆتمەسمىدى! بىز زادى دانالارنىڭ قەدرىگە قاچانمۇ يېتەرمىز! ...

سورۇن ئەھلى بىردەك قايىلىپ، ئەسمەگە مېھىر - مۇھەببەتلىك كۆزلىرى بىلەن قارىدى. ئاندىن زۇھرۇللا زامانىنىڭ خۇنۈك تەلەتىگە نەپرەت بىلەن ئالايدى.

— شاھ ھەزرەتلىرى، — دېدى شەمىس ئاچچىقى بىلەن، — ئەسلىدە بۇگۈن ۋەزىر ئەزەم بىلەن ئەسمەنى دارغا ئاسماقچى ئىدىلە، ئەمدى نېمە دەيلا؟

— توۋا قىلدىم، توۋا ... ، — زۇھرۇللا زامان شەمىسكە تىكىلىپ قارىيالمىدى، — ئالەم تۇرلۇك - تۇمەن قىسمەتلەرگە تولغانىكەن ... بۇنىڭغا توۋا دېمەكتىن باشقا چارە يوق! ...

— ئىش ئۇنداق ئاسان تۈگمەيدۇ، — دېدى شەمىس زۇھرۇللا زامانغا مىختەك قادىلىپ، — سىلى ئاتا - بالا ئالدىدا ئىتتەك ئۆمىلەپ ھەم قاۋاپ بېرىدىغان بولغانغۇ؟

— بۇ ... بۇ ... ئەمدى ... ، — زۇھرۇللا زامان تۇنجۇقۇپ گەپ قىلالماي قالدى، — ئەمدى شۇ خام سۈت ئەمگەن ئىنسانچىلىقتا ...

— قېنى، ئاتا - بالا ئالدىدا ئىتتەك ئۆمىلەپ، قاۋاپ بەرمەملا؟

— ئەمدى شۇ ئازماس خۇدا، ئازغۇن بەندە، — زۇھرۇللا زامان يەرگە قېقىلىپ كەتتى. شەمىسنىڭ ئارقىدىنلا ئاتقان سۆز ئوقى نەق نىشانغا تەگدى.

— سىلى «بۇمۇ تەقدىر»، «ئىرادە»، «خام سۈت ئەمگەن»، «ئىنسانچىلىق»، «توۋا قىلدىم» دېگەن ئىبارىلەر بىلەن بولدى قىلسىلا شاھلىق سەلتەنەتلىرىگە ئۇيغۇن بولماس، چۈنكى

شاھنىڭ لەۋزى مۆھۈردۇر! قانداق دېدىم مۆھتەرەم زاتلار؟

— بەرھەق، بەرھەق ... شاھ لەۋزى مۆھۈردۇر! — ۋارقىراشتى ئەركانلار.

پەردە ئارقىسىدا تۇرغان گۈلسۈمەن چاچلىرىنى قاماللاپ، لەۋلىرىنى چىشلەپ قانتىتىۋەتتى. ئۇ: «ۋاي ئۆلەي، بۇ نېمىدېگەن رەسۋاچىلىق، شاھمۇ شۇنداق يەڭگىلتەك بولامدۇ؟ ھەرقانداق ئىشنىڭ ئاقىۋىتىنى ئويلىمىغان شاھنىڭ ساراڭ، تەلۋىدىن نېمە پەرقى ... ئۇ ئەمدى يۈزىنى قانداقمۇ كۆتۈرۈپ يۈرەر؟ ... » دەپ پىچىرلىماقتا ئىدى.

— بولىدۇ، بولىدۇ ... مەن شاھىنشاھ ئالدىدا ئۆمىلەي، قاۋاپ بېرەي ...

گۈلسۈمەن غۇرۇرسىز دادىسىنىڭ سۆزلىرىنى ئاڭلاپ چىداپ تۇرالمىدى. ئۇ پەردە ئارقىسىدىن ئېتىلىپ چىقاي دەپ تۇرۇشى ئەسمەنىڭ ئاۋازىنى ئاڭلاپ ئۆزىنى تۇتۇۋالدى.

— مۆھتەرەم ئوردا ئەركانلىرى، شاھىمىزنى تەڭلىككە سالمايلى، شاھىمىز دادام ئىككىمىزگە كۆڭلىنى يېقىن تۇتقاچقا، بىز بىلەن پات - پات سۆز ئويۇنى قىلىپ تۇرىدۇ. ئەمدى بۇ ئىشنى تىلغا ئېلىشمىساق ...

— دارغا ئېسىشمۇ، — دېدى شەمىس ئاچچىقىدا، — ئاشۇ ئويۇننىڭ ئىچىدىمۇ؟

— ھۆرمەتلىك ۋە ئېپتىخارلىق مېھمانلار، — ئابدۇل مۇلۇك زۇھرۇللا شاھنى ئازاب ئىسكەنجىسىدىن قۇتقۇزدى، — ھازىر شاھىنشاھ ئالىيلىرىنىڭ خانىشى سالامغا كىرمەكچى، ھۆرمەت بەجا كەلتۈرسەك!

سورۇن ئەھلى ئورۇنلىرىدىن تۇرۇشۇپ، سەل ئېگىلىپ تۇرۇشى، ئىچكەركى ئۆيدىن ئاپپاق يىپەك لىباسلارغا ئورالغان

بىر گۈزەل سىيما يىپىنەك قەدەملەر بىلەن چىقىپ كەلدى. ئۇ مەيدانغا كىرىشى بىلەن ئايتۇران ئۇنىڭ پەرەنجىسىنى يۇقىرى كۆتۈرۈۋەتتى. زۇھرۇللا شاھ كۆزلىرىگە ئىشەنمەيلا قالدى. ئۇ يىغلامسىراپ ۋارقىرىۋەتتى:

— قىزىم سۇمەننىسا ... ئاھ قىزىم ... ئامراق قىزىم سۇمەننىسا!

— دادا!، جېنىم دادا ... ، — سۇمەننىسا دادىسىنىڭ باغرىغا تاشلاندى.

— ئاھ باغرىم ... ، — زۇھرۇللا ئۇن سېلىپ يىغلىدى، — جىگەرىم قىزىم ... ئومىقىم قىزىم ... تاتلىقىم قىزىم ... ئازابلارغا مۇپتىلا بولغان قىزىم ...

شاھ بىلەن سۇمەننىسانىڭ ئىدالىرىنى قاتتىق ۋارقىغان ئاۋاز بېسىپ كەتتى ...

— ھەدە! — ... پەردە ئارقىسىدىن ئېتىلىپ چىققان گۈلسۇمەن سۇمەننىسانى قۇچاقلىۋالدى، — جېنىم ھەدە! قېرىندىشىم ... مۇڭدىشىم ھەدە، سىردىشىم ھەدە ...

سورۇننى يىغا ـ زار قاپلىدى. سۇمەننىسا بىلەن ئەسمە چىڭ قۇچاقلىشىپ كۆز ياشلىرى سەلدەك ئاقتى:

— جېنىم دوستۇم ئەسمە، — دېدى سۇمەننىسا ئېسەدەپ، — سەن بولمىغان بولساڭ، قۇدۇق تېگىدە قارا قۇيۇن دېۋىنىڭ خورلۇق ئازابلىرىدا ئالەمنىڭ يورۇقلۇقىنى كۆرمەي ئۆلۈپ كەتكەنمۇ بولار ئىدىم.

— ئۇنداق دېمە، بىز دوستلارغۇ! «دوستى غەرەز» بولسا بايلىق، مەنپەئەت، ئېلىم ـ بېرىم ئۇستىگە قۇرۇلىدۇ. بىزنىڭ دوستلۇقىمىز « دوستى خالىس» تۇر! ئۇ مېھىر ـ مۇھەببەت، ئاق كۆڭۈل، سەمىمىي نىيەتلەر ئۇستىگە قۇرۇلغان ... بېشىغا كۈن چۈشكەن دوستىنىڭ غېمىنى يېمىگەن، ئازابلانمىغان دوستنى

قانداقمۇ دوستى خالىس دېگىلى بولسۇن!

— ئەگەر دادام ساڭا: «ھۆرۈننى شاھ قىل» دېمىگەن بولسا، مېنىڭ كۆزۈم ئېچىلارمىدى، زۇلمەت قەلئەسىدىكى قارا قويۇن دېۋىنىڭ چاڭگىلىدىن قۇتۇلارمىدىم، شەمىستىن ئىبارەت بەختكە ئېرىشەرمىدىم؟! شۇڭا دادامنىڭ يولسىزلىقلىرىنى كۆڭۈل-كۆكسۈڭدىن چىقىرىۋەتكەن بولساڭ ...

— بولدى يىغلىما، مەن سېنى كۆرۈپ ھەممىنى ئۇنتۇدۇم.

باياتىن بېرى سۇمەننىسا بىلەن ئەسمەنىڭ سۆزلىرىنى ئاڭلاپ تۇرغان شاھ خۇددى بىر كەپكۇر قوقاس يۇتۇۋالغاندەك تولغىنىپ كەتتى. ئۇنىڭ يۈزى چىمىلداپ بويۇنلىرىغىچە قىزىرىپ كەتكەنلىكى ئۆزىگە ئايان بولدى.

— جېنىم قىزىم، — زۇھرۇللا زامان سەنتۇرۇلۇپ كېلىپ سۇمەننىسانى يەنە قۇچاقلىدى، — مېنى كەچۈر ... بۇنىڭدىن باشقا نېمىمۇ دېيەلەيمەن. ھۆ ... ھۆ ... ھۆ ...

— شاھ دادا، — سۇمەننىسا ئېسەدەپ - ئېسەدەپ يىغلىدى، — بۇ نومۇس، رەسۋاچىلىق يۈندىلىرىنى قانداقمۇ يۇيۇپ تۈگەتكىلى بولار؟

ئاغزى ئىتتىك، مىجەزى چۇس گۈلسۇمەن ئاچچىقىدا نېمە دەۋەتكەنلىكىنى بىلمەي قالدى.

— مەن سىزنى «شاھ دادا» دېيىشكىمۇ نومۇس قىلىمەن!

گۈلسۇمەننىڭ بۇ سۆزىدىن ھەممە ئېغىزلىرىنى تۇتۇشتى. بەزىلىرىنىڭ قورقىنىدىن كۆزلىرى چەكچىيىپ كېتىشتى. ئۆلۈمدىن ئارتۇق بۇ ئاھانەتتىن يەرگە كىرىپ كەتكۇدەك بولغان زۇھرۇللا زامان گۈلسۇمەنگە ئالىيىپ قارىدى - يۇ، ھېچنېمە دېيەلمىدى. ئۇ كۆيۈئوغلى شەمسىنى قۇچاقلىماقچى بولغانىدى، لېكىن ئۇنى تاپالمىدى. چۈنكى ئۇ ئالىقاچان نەۋكەرلىرى بىلەن چاھار باغقا چىقىپ كەتكەنىدى.

يەمەن دىيارىدا بىر ھەپتە مېھمان بولغان شەمس شاھىنشاھ، سۇمەننىسا، ئايتۇران، ۋەزىر ۋە نەۋكەرلىرىنى ئېلىپ باغدادقا قايتتى. ئۇ قېيىنئاتىسى زۇھرۇللا زامان بىلەن خوشلاشقاندا، ئوشۇق گەپ قىلىشنى خالىمىدى. پەقەت:

— قېيىنسىڭلىم گۇلسۇمەننىڭ يۈرىكىدىن پارتلاپ چىققان سۆزىنى دائىم ئەسلىرىدە تۇتسىلا، شاھلىق، سەلتەنەت ھەممىمىزگە باقىمەندە ئەمەس! تەقدىر ـ قىسمەت قادىلىپ كەلسە، دىۋانىنىڭ جەندە كۇلاسىمۇ تۇتىيا كۆرۈنىدۇ — ... دېدى خالاس!

« شاھ ئاتا دېيىشكىمۇ نومۇس قىلىمەن!» دېگەن بۇ ھاقارەتنى شەمس «ئەسلىرىدە تۇتسىلا» دېمىسىمۇ زۇھرۇللا زامانىنىڭ قارا كۆڭلىگە قوغۇشۇندەك ئۇيۇپ قالغانىدى. بۇ بىر ھەپتىدىن بېرى ئۇ يىگنە يەپ، ئوغا يۇتقاندەك تولغىنىپ ياتالمىدى. گۇلسۇمەننىڭ سۆزى خۇددى ئۆتكۈر تىغدەك ئۇنىڭ يۈرىكىگە قادىلىپلا تۇراتتى. شۇنچە ئادەمنىڭ ئالدىدا، «مەندۇرمەن» دەپ ئۆزىگە تەمەننا قويىدىغان شاھنى كاسات بازاردا بىر دەرھەمگە ئالغۇسىز قىلىۋەتتا. خەپ قانجۇق، ساڭىمۇ بىر نۆۋەت كېلىپ قالار! سەن بالا ئەمەس، بېشىمغا بالا بولدۇڭ. ئىپلاس ھاقارىتىڭ يەمەن دىيارىغا تارىلىپ كەتسە، بۇ باشنى قانداق كۆتۈرۈپ يۈرگۈلۈك؟ سەلتەنەتىمگە ئۆچمەس قارا داغ چۈشۈرگەن سەندەك تۇز كورنىڭ ئەدىپىنى بەرمەيدىغان بولسام! ...

شەمس ئەسمە بىلەن خوشلاشقاندا، يەنە بىر قېتىم ساۋاق ئېلىپ، كۆزى ئېچىلغاندەك بولدى. ئەسمە يىغلاپ تۇرۇپ:

— شەمس، سىز مېنى بىر ئۆلۈمدىن قۇتقۇزدىڭىز، بۇ يولدا كۆپ ھەرەج تارتتىڭىز. بۇنىڭ ئۈچۈن سىزنى بىر ئۆمۈر ئۇنتۇمايمەن. سىزگە نۇسرەت تىلەيمەن. ئەمما «بىر ئەرگە تۆت خوتۇن راۋا» دەيدىغان تېتىقسىز ئىبارىنى ئۆزىڭىزگە يولاتماڭ ...

بىر يۈرەككە پەقەت بىرلا كۆڭۈل سىغىدۇ ... بولمىسا ئادەمنىڭ ھايۋاندىن نېمە پەرقى؟ بولۇپمۇ شاھلار شەھۋەتخورلۇققا بېرىلسە، ئۆزى نابۇت بولۇپ، دۆلىتى خارابلىشىدۇ ... سۇمەننىسانى مەڭگۈ بەختلىك قىلىڭ، — دېدى، شەمسىمۇ بېشىنى كۆتۈرمەي تۇرۇپ، پەس ئاۋازدا پىچىرلىدى:

— سىز مېنىڭ ئۇستازىم، مېنى مۇشۇ كۈنلەرگە ئېرىشتۈرگەن شاپائەتچىم، ئادىمىيلىك خىسلەتكە نائىل قىلغان ساخاۋەتچىم ... مەنمۇ سىزنى ئەبەدىلئەبەد ئەسلەپ تۇرىمەن. ئامان بولۇڭ، — شەمس بوسۇغا ئالدىغا كەلگەندە ئارقىسىغا قايرىلمايلا، — سىزمۇ ئەرگە تەگسىڭىز مەن رازى[①]، — دېگىنىچە ئاستاغىنا چىقىپ كەتتى. ئەسمە يۈزلىرىنى قاماللاپ يىغلىۋەتتى. ھەي پەلەك! يەنىلا زۇۋۇلىسى ئاياللىق لېيىدىن قۇرۇلغان ئاجىزە - دە! يۈرىكىدە ئەمدىلا ئېچىلىشقا ئۈلگۈرگەن بىر چېچەك باھار شاماللىرى بىلەن تەڭ يىراقلارغا ئۇچۇپ كەتسە، كۆزلىرىدىن مېھىر شەبنەملىرى تۆكۈلمەي قالۇرمۇ؟! ...

زۇھرۇللا زامان، ئابدۇل مۇلۇك، ئەسمە، گۈلسۈمەن ۋە يەمەن ئوردىسىدىكى ۋەزىرلەر شەمس شاھ، سۇمەننىسا، ئايتۇران ۋە باشقا نەۋكەرلەرنى خېلى بىر يەرلەرگىچە ئۇزىتىپ بىللە كەلدى

... ... ... ... ... ... ...

... بىنەپشە رەڭ ئېرەن ئورمانلىقى شۇنچىلىك جىمجىت سۈكۈتكە چۆمگەنىدىكى، «گۈلەن» دەرياسىنىڭ شاۋقۇنلىرى خۇددى قول يەتكۈدەك يەردىلا سۈرەن سېلىۋاتقاندەك ئاڭلىناتتى. گىلەم، پاياندازلاردا ئولتۇرۇپ كەتكەن قىزلار ئۇزۇن سەپەردىن قايتىپ كەلگەندەك «ئۇھ» دېيىشىپ، ئەمدىلا كۆتۈرۈلۈشكە ئۈلگۈرگەن چىرايلىق كۆكسىلىرىگە ئالىقانلىرىنى قويۇشتى. ئۇلار شاھلىق زامانلىرىغا قايتىپ، ئەقىللىق قىزلار ئەسمە،

① ئەرنىڭ بۇ سۆزى شەرىئەتتە «تالاق» بىلەن باراۋەردۇر.

گۈلسۈمەن، شەرىگۈللەر بىلەن كۆرۈشكەندەك، ھەمسۆھبەتتە بولۇپ مۇڭداشقاندەك، دەردىگە دەرمان، رەنجىگە شىپا يەتكۈزگەندەك چوڭقۇر تىنىشتى. بۇ ھاياجانغا تولغان بىردەملىك جىمجىتلىق ئىدى! ئەمما بىردىنلا قاراسلاپ چېلىنغان چاۋاك ئاۋازى ئېرەن ئورمانلىقىدىن كۆتۈرۈلۈپ، ئەتراپتىكى يېشىل بوستانلار، قاراڭغۇ ئورمانلار، گۈل - گۈلستان چىمەنزارلار، كۆپكۆك تاغلار ئۈستىدە پەرۋاز قىلىپ، يىراق تامانلارغا ئەكس سادا بولۇپ تاراپ كەتتى ... بۇ ئالقىشلاردىن مەڭدەپ قالغان ھەمراھ بوۋاي ئورنىدىن چاچراپ تۇردى ... ئۇ ئۆزى سۆزلىگەن ھېكايەتلەردىن قەلب قەسرىسى ئۆتمۈش خاتىرىلىرىگە تولغانمۇ نېمە، يۈرىكى ئۆزىگە ئاڭلانغۇدەك دۈپۈلدەۋاتاتتى. گۈلسارە، رەشت مۇئەللىملەر ئۇنى ئورنىغا قايتا تەكلىپ قىلىپ، پىيالىسىگە چاي قۇيدى. ئاندىن ئۇلار قوللىرىنى كۆتۈرۈپ، ئۇزۇلمەي چېلىنىۋاتقان چاۋاكلارنى توختاتتى ...

— ئۇلۇغ بوۋا، — دېدى يۇلتۇز ئاي ھاياجاندىن قىزىرىپ، — زۆھرۇللا زامان گەرچە شاھ بولسىمۇ، ئۇ بىر ئاتا. ئۇ شۇنداق تۇرۇقلۇق قىزى گۈلسۈمەنگە نېمە ئۈچۈن دۈشمەندەك مۇئامىلە قىلىدۇ؟

— ئەھلى - ئىلىمسىز، پەزىلەتسىز، قارا قورساق شاھلار شۇنداق بولىدۇ، — ھەمراھ بوۋاي قولىنى شىلتىدى، — زۆھرۇللا زامان پەرزەنتلىرىنى ئەمەس، بەلكى ئۆزىنىڭ ھۆكۈمرانلىقىنى ياخشى كۆرىدۇ. بۇنداق ئادەملەر بېشىدىكى تاج ئۈچۈن ھەتتا ئاتا - ئانىلىرىنىمۇ قۇربان قىلىدۇ.

— ھۆرمەتلىك بوۋا، — سۆز قىستۇردى چولپانئاي، — بىز ئاتا - ئانىلارنى قارا قويۇق ئۇلۇغلايمىز، ئۇنداقتا «ئۇلۇغ» دېگەن سۈپەتكە لايىق بولمىغان ئاتا - ئانىلارمۇ بار ئىكەندە؟

— «ئۇلۇغلۇق» «ئاتىنىڭ ئىشلەپ بالىلىرىنى بېقىشى، بىر ئانىنىڭ بالا تۇغۇش، ئېمىتىش، چوڭ قىلىشى»غىلا قارىتىلىپ قويۇلسا، بۇ خۇددى بۇرنىنىڭ ئۇچىنى كۆرگەندەكلا ئىش، ئاتا ـ ئانىلارنىڭ مەسئۇلىيىتى — ئائىلە ۋە ئاۋامنىڭ كېلەچىكى بولغان پەرزەنتلىرىنى جاپالىق ئەجىر، دۇرۇس تەربىيە بىلەن ئۆز تەقدىرىنى ئۆز قولىدا تۇتۇپ تۇرالايدىغان، يارامىلىق، ئەھلى ـ ئىلىملىك، ۋەتەن، خەلق ئۇچۇن پىداكارلىق كۆرسىتەلەيدىغان ئەزىمەتلەرگە ئايلاندۇرۇشتا ئىپادىلىنىدۇ. سىلەرنىڭ ئاتا ـ ئاناڭلارنى ھۆرمەت قىلىشىڭلار، قەدىر ـ قىممىتىگە يېتىشىڭلار تامامەن توغرا!

— بوۋا، بوۋا، — قۇندۇزئاي ئورنىدىن تۇرۇپ كەتتى، — مېنىڭ بىر سوئالىم بار ئىدى. سورىسام بولامدۇ؟

— قېنى سوراڭ قىزىم.

— مەن گۇلسۇمەندىن ئەنسىرەپ قالدىم. شاھ زۇھرۇللا زامانىنىڭ سۆزلىرى بەكمۇ قورقۇنچلۇق، ئۇ قىزىدىن ئۆچ ئالارمۇ؟

— بۇ ئايرىم ھېكايە قىزىم ... خالىساڭلار ئۇنىمۇ سۆزلەپ بېرىمەن ...

— خالايمىز!

مەيداندا چاۋاك بىلەن تەڭ قىيقاس ـ چۇقان كۆتۈرۈلدى، لېكىن لاگېر پائالىيىتى رەھبىرى گۇلسارە مۇئاللىم ئورنىدىن تۇردى:

— گۇل ـ چېچەكلەر ۋە غۇنچە ـ پورەكلەر، بىردەم تىنچلىنىڭلار. ھازىر چۈش ۋاقتى بولۇپ قالدى. ھەمراھ بوۋىمىز تاماق يېيىشى، ئارام ئېلىشى كېرەك، — گۇلسارە مەيدانغا تەكشى قارىدى، — چۈشتىن كېيىن ئويۇن قويۇپ بوۋىمىزنىڭ كۆڭلىنى ئاچىمىز ... ھېكايە ئېيتىشنى ئەتە ئەتىگەن

داۋاملاشتۇرىمىز، بولامدۇ؟

— بولىدۇ، — ۋارقىراشتى قىزلار.

سورۇن تارقالدى. ھېكايە تەسىرىدىن جانلانغان قىزلار توپ - توپ بولۇشۇپ ئەسمە، گۈلسۈمەن، ئوتتۇنچىنىڭ قىزى شەرىگۈللەر ھەققىدە بەس - بەستە قىزىشىپ سۆزلەشمەكتە ئىدى. يۈلتۇزئاي، چولپانئاي، قۇندۇزئايلارمۇ بۆرىلەر بىلەن ئېلىشىپ يەڭگەن، دادىسىنىڭ كېسىلى ئۈچۈن ئەرەب ئېلىگە زەمزەمگە بارغان گۈلسۈم قىزنىڭ ئەقىل - پاراسىتى، باتۇرلۇقى، تەدبىركارلىقى، دانالىقى ھەققىدە سۆزلەپ قىزلارنى تېخىمۇ ھەيرەتتە قالدۇردى ...

## 2

ئېرەن ئورمانلىقى ئەتىسى ئەتىگەندە چىرايلىق ۋە مەنىلەرگە تولغان يەنە بىر كۈننى كۈتتۈۋالدى. كۆپكۆك چىمەنلەرگە سېلىنغان گىلەملەر، پاياندازلار گۈل - چېچەكلەرگە ئوخشايدىغان قىزلار بىلەن تولدى. بۇ پەرىشتىلەر تىنىقلىرى ئاڭلانغۇدەك جىمجىت ئولتۇرۇشاتتى. ئۇلارنىڭ ئالدىدىكى بىر توپ قىزىل يوپۇرماقلىق ئېرەن ئاستىغا قاتمۇ قات كۆرپىلەر سېلىنغان بولۇپ، بەدەشقاننى قۇرۇپ ئولتۇرغان ھەمراھ بوۋاي ھېكايىسىنى باشلاشقا تەرەددۇتلاندى:

پادىشاھ زۇھرۇللا زامان شاھىنشاھ شەمس، خانىش سۈمەنىسا، خاس كېنىزەك ئايتۇران ۋە نەۋكەۋلەرنى باغدادقا يولغا سېلىۋەتكەندىن كېيىن، ۋەزىر ئەزەم ئابدۇل مۇلۇك، ئەسمە قىزغا چېقىلىشقا پېتىنالمىدى. چۈنكى ئۇ، كۈيۈئوغلى شەمسىنىڭ: «سەلتەنەت، شاھلىق ھەممىمىزگە باقمەندە ئەمەس! تەقدىر - قىسمەت قادىلىپ كەلسە، دىۋانىنىڭ جەندە كۈلاسىمۇ

تۇتىيا كۆرۈنىدۇ ... » دېگەن سۆزى ئۇنىڭ يۈرىكىنى سىرقىرىتىۋەتتى. بۇ: «يەنە ھەددىدىن ئاشساڭ، خانۇمانىڭنى، تەختى ئورداڭنى ئەرەختەن - پەرەختەن قىلىپ، ئۆزۈڭنى دىۋانىدىن بەتتەر قىلىۋېتىمەن» دېگىنى بولماي نېمە؟ شۇڭا زۇھرۇللا زامان چوققىسىنى چىشلىسە قاتتىق، كۆتىنى چىشلىسە سېسىق ھالدا ئىنامىغا پېتىپ يۈردى.

ھەمراھ بوۋاينىڭ چىرايىنى مەمنۇنلۇق قاپلاپ بىردەم جىمىپ قالدى.

— قىزلىرىم، — ھەمراھ بوۋاي ھېكايىتىنى داۋام قىلدى، — سىلەرنىڭ ئەنسىرەۋاتقىنىڭلار گۈلسۇمەن قىزغۇ دەيمەن؟

— شۇنداق؟ — قىزلار بىردەك چۇرقىراشتى.

— زېھنىياتىڭلارغا ئاپىرىن! — بوۋاي ساقاللىرىنى سىيلىدى، — كىچىك مەلىكە گۈلسۇمەنىنىڭ ھاياتى تەقدىرنىڭ رەھىمسىز تارازىلىرىدا قېقىلىپ، سوقۇلۇپ، تولىمۇ ئېچىنىشلىق دىشۋارچىلىق ئىچىدە ئۆتتى. زۇھرۇللا زامان ئۇنىڭ بېشىغا ئاتا ئەمەس، يات ھۆكۈمرانلارمۇ سالمايدىغان ئېغىر كۈلپەتلەرنى سالدى. پادىشاھلىق گويا ئۇنى تاڭلا قىيامەت كۈنى پىلسىرات كۆۋرۈكىدىن ئۆتكۈزۈپ قويىدىغان قاناتلىق پەرىشتىلەردەك بىلىنىپ، ئۆز پۇشتىدىن تامغان ئاجىزە قىزنىغمۇ رەھىم - شەپقەت قىلمىدى ... ئەمما ئاغزى ئىتتىك، كۆڭلى تۇز گۈلسۇمەنمۇ شاھ ئاتىسىنىڭ ئەخمىقانە قىلىقلار بىلەن كۆڭۈل ئېچىشىغا يەنىلا قارشى تۇرۇپلا كەلدى. چۈنكى، ئۇنىڭ «كالا نېمىدەپ مۆرىدى؟»، «ئىت نېمىشقا قاۋايدۇ ... ؟»، «خورازنىڭ چىللىشى نېمىدىن دېرەك بېرىدۇ ... » دېگەندەك تېتىقسىز، بىمەنە سوئال - تېپىشماقلار ئارقىلىق قىرغىنچىلىق قىلىشى پات - پات يۈز بېرىپ تۇراتتى.

بۇ كۈنلەردە زۆھرەۇللا زامان مۇھىم كېڭەشلەرگە ئوڭ قول ۋەزىر ئابدۇل مۇلۇكنى ئانچە چاقىرمايدىغان بولدى. پەقەت سول قول ۋەزىر قۇتبىدىن قۇتيار، شاھ مۇرىتلىقىقا قول بەرگەن ئۆلىما خەلپە بۇزرۇكنىلا يېنىغا تارتىپ كۆپ ئىشلارنى مەسلىھەت قىلاتتى. بېجىرەتتى، پەرمان قىلىپ چۈشۈرەتتى. ئېغىر باج ـ سېلىقلار ئارقىلىق ئاۋامنىڭ بېشىغا كۈلپەت ياغدۇراتتى.

ئۇزۇن قارا ساقاللىق، قاپقارا يۈزى تاپلىما تېزەكتەك چوقۇر، قىياق كۆز، قىڭراق بۇرۇن، ئەللىك ياشلاردىن ئاشقان قۇتبىدىن قۇتيار زەھەرخەندە ئادەم بولۇپ، قاتمال تەلەتىدىن شۇملۇق يېغىپ تۇراتتى.

ئۆلىما خەلپە بولسا يەتمىش ياشتىن ئاشقان بولسىمۇ شەھۋەتخورلۇقتىن قالمىغانىدى. ئۇ چىرايلىق قىز ـ چوكانلارنى كۆرسىلا تامىقىنى تامشىپ، كۆزلىرىنى چىمچىقلىتىپ، كۆپكۆك كالپۇكلىرىنى مىتىلدىتىپ، ئۇلارنىڭ قارىسى يوقالغۇچە قادىلىپ قالاتتى. ئەمما ئاغزىدىن «بىسمىللا ...»، «ئاللا ھۇممە سەللىئالا» دېگەندەك زىكرى چۈشمەيتتى. زۆھرەۇللا زامان ئۇنى «پىر ئۇستازىم»، «بۇزرۇكۋارىم ...» «نۇرلۇق گۇلخانىم ...» دېگەندەك ئۇلۇغلاشلار بىلەن ئۇنىڭغا قول بېرىپ مۇرىت بولغانىدى.

بىر كۈنى زۆھرەۇللا زامان، قۇتبىدىن قۇتيار، خەلپە، بۇزرۇكلەر ۋە بىرقانچە نەۋكەرلەر شىكارغا چىقىشتى. ئۇلار ئىككى كۈن تاغ، ئېدىر، ئورمان، چاتقاللىقلارنى ئارىلاپ بىرەر بۇغا ئەدناسى توشقان چاغلىق ھايۋانلارنىمۇ ئوۋلىيالمىدى. تېخى ئۆلگەننىڭ ئۈستىگە تەپمەك دېگەندەك، ئوۋغا سالغان بۈركۈتى بىر تۈلكىگە قامال سالغانىدى، لەنىتى تۈلكە بىر يۇمىلىنىپ،

بۆركۆتنىڭ قانىتىنى سۇندۇرۇۋەتتى. بۇ ئانا بۆركۆت بولۇپ، «ئىكتى»[1] ئەمەس ئىدى. شۇڭا شاھ ئۇنى قەۋەتلا ياخشى كۆرەتتى.

پادىشاھ زۇھرۇللا زامان شۇ خاپىلىقتا كېلىۋاتاتتى. بىردىنلا كۆپكۆك ئېدىرلىقتا ئوتلاۋاتقان تەڭگە گۈللۈك بىر كېيىكنى كۆرۈپ قالدى. ئۇ ئوقيانىڭ كىرىچىنى تارتىپ ئوق ئۈزگەندى. ئوق تەگمىدى. پادىشاھ ھەمراھلىرى بىلەن قوغلىدى. ئۇلار چوڭقۇر بىر جىلغىدا ئات سالدۇرۇپ كېتىۋاتاتتى. تاغ باغرىدا كېتىۋاتقان كېيىك بىردىنلا يىقىلىپ پەسكە دومىلاپ كەتتى. شاھ ئادەملىرى بىلەن يېتىپ كەلگەندە قىرىق نەچچە ياشلاردىكى بىر ئوۋچى كېيىككە تەگكەن ئوقنى سۇغۇرۇپ ئېلىپ، ئۇنى بوغۇزلاۋاتاتتى. غەزەپلەنگەن شاھنىڭ كۆزلىرى چەكچىيىپ كەتتى.

— ھەي، سەن كىم بولىسەن؟

— ئىسمىم ئاۋۇت، كىشىلەر مېنى «ئوۋچى ئاۋۇت مەرگەن» دېيىشىدۇ.

— ۋۇي مۇتتەھەم كاززاپ، — شاھ تىل سالدى، — مېنىڭ ئولجامنى ئېتىۋېلىشقا نېمە ھەددىڭ؟

— پادىشاھ ئالىيلىرى، بۇ دېگەن خۇدالىق ئالەم، — دېدى ئوۋچى كۇلۇپ تۇرۇپ، — تاغ - تۇرا، جان - جانىۋارلارنىڭ ھەممىسى تەڭرىگە مەنسۇپ، كىمنىڭ رىزقى بولسا شۇ بەھرىمەن بولىدۇ.

— تېخى گەپدانلىق قىلىسىنا، — شاھ ئات ئۈستىدە قول شىلتىدى، — مەن كېيىكنى قوغلاپ، ئۇنى ھاردۇرۇپ تەييار قىلغاندا، تەييارغا ھەييار بولامسىنا؟

---

[1] ئىكتى - كۆندۈرۈلگەن بالا بۆركۆت، كونىلار «ئىكتى، ئالسىغۇ، ئالدى، ئالمىسا ئاناڭنى بىرنېمە قىلدى» دېيىشەتتى.

— شاھىم، كېيىك نەدە؟ ھەرقايسىلىرى نەدە؟ — ئوۋچى مەسخىرە بىلەن كۈلدى، — ئۇنداق يولسىزلىق قىلمىسىلا دەيمەن.

— ھەي خۇمپەر، — ۋارقىرىدى قۇتبىدىن قۇتيار، — سەن كىم بىلەن سۆزلىشىۋاتقانلىقىڭنى ئويلاپراق گەپ قىل.

— قارا بۇ جۇلدۇر كېپەن دىۋانىنىڭ زوۋاندارلىقىنى! — ئۆلىما خەلىپىنىڭ خۇنۇك چىرايى پۈرۈشتى، — سىنىڭ ئاشۇ قىپقىزىل ئۇزۇن تىلىڭنى ئامبۇردا يۇلىۋالغاندىلا ئىسىڭنى تاپىدىغان ئوخشايسەن.

— باغلاڭلار ئۇنى، — لەشكەر بېشى قامچىسىنى شىلتىدى، — ئوردىغا ئاپىرىپ ئەدىپىنى بەرگەندىلا ھوشىنى تاپىدىغان ئوخشايدۇ.

شاھ نەۋكەرلىرى ئاۋۇت مەرگەننى راسا ساۋاپ، ئىسىپ ئۇرۇپ، يېرىم جان قىلىپ ئوردىدىكى تەخت سەيناسىغا ئاپىرىپ تاشلىدى. ئۇنىڭ تىتىلىپ كەتكەن ئاپپاق كۆڭلەكلىرىنىڭ قىپقىزىل بويىلىپ كەتكەنلىكىنى، يۈز - بەدەنلىرىدىكى جاراھەتلەردىن سىرغىپ ئېقىۋاتقان قانلارنى كۆرگەن شاھ، قۇتبىدىن قۇتيار، ئۆلىما خەلىپە بۇزرۇكلەر يىرگىنىپ تەتۈر قاراشتى. بولۇپمۇ زۇھرۇللا زامان ئۇنىڭدىن پاتراق قۇتۇلۇشنى ئويلىدى بولغاي:

— سىنىڭ گۇناھىڭ ئۈچۈن مەن سەندىن بىر سوئال سورايمەن، — دېدى شاھ گېلىنى قىرىپ قويۇپ، — جاۋابىنى تېپىپ بولغۇچە مېنىڭ چاھار بېغىمدا ئىشلەيسەن. توغرا جاۋابىنى تاپالىساڭ قۇتۇلىسەن، بولمىسا كاللاڭ كېسىلىدۇ.

— خوپ، قۇللۇق، — ئاۋۇت مەرگەن قوللىرىغا تېيىنىپ ئارانلا ئورنىدىن تۇردى، — قېنى دېسىلە شاھىم؟

— قولىقىڭنى دىڭ تۇتۇپ ئاڭلا پەسەندە، — شاھ ۋارقىرىدى، — دۇنيادا ئەڭ تاتلىق نەرسە زادى نېمە؟ بىلىپ قوي، خاتا جاۋاب بەرسەڭلا، كاللاڭدىن ئايرىلىپ قالىسەن!

ئاۋۇت مەرگەن دەرھاللا «ناۋات»، «ھەسەل»، «ھالۋا» دېمەكچى بولدى - يۇ، كاللىسىدىن ئەنسىرەپ تىلىنى تىيىدى. ئۇ ئوردا بېغىدا، ئېرىق چېپىپ، سۇ ئېلىپ، ئوت - خەسلەرنى چېپىپ بىر ھەپتە ئىشلىگۈچە ياداپ كەتتى. ئۇنى ئىش، ئەمگەك ئەمەس، غەم - ئەندىشە جۇدەتتىپ ھالىدىن كەتكۈزدى. ئاۋۇت مەرگەن «ناۋات»، «ھەسەل»، «ھالۋا»لارغىمۇ كۆڭۈل توختىتالمىدى. ئۇلارنىمۇ جىق يەۋەتسە كۆڭۈل ئېلىشىپ ھۆ بولىدۇ. ئۇنداقتا ئەڭ تاتلىق نەرسە زادى نېمە بولغىيتتى؟ ئۇ بىر دىنلا يەردىن يامبۇ تېپىۋالغاندەك خۇش بولۇپ كەتتى. چۈنكى ئۇنىڭ يادىغا شورپىدا قىلىنغان نارىن كەلگەنىدى. كېيىكنىڭ گۆشىنى ئۇششاق توغراپ، چۆپكە ئارىلاشتۇرۇپ، ئۇنىڭ ئۈستىگە پىياز ئارىلاشتۇرۇلغان شورپا قۇيۇلسا، ئەجەب يېيىشلىك بولمامدۇ! يا، ياق، ئەڭ ياخشىسى قىرقىلىمىغان ياش ئوغلاقنىڭ گۆشىدە قىلىنغان نارىن! ئۇ دېگەن مەززىلىك، يېيىشلىك ھەم بەدەنگە دورا ئەمەسمۇ ... دۇنيادا ئۇنىڭ ئالدىغا ئۆتىدىغان تاتلىق نەرسە بولمىسا كېرەك!

— ئاكا، ئۆزلىرى بىلەن ئۆزلىرى گەپلىشىپ بۇ قىر بېشىدا ئولتۇرۇپ كېتىپلىغۇ؟

— ۋۆي مەلىكەمغۇ بۇ، — ئاۋۇت مەرگەن دەرھال ئورنىدىن تۇرۇپ تەزىم قىلدى، — خالىزىم بولۇپ، ئۆزلىرىنىڭ كەلگەنلىكلىرىنى بىلەلمەپتىمەن.

شاھ دادىسىنىڭ قىلىۋاتقان ئىشلىرىدىن خەۋەر تېپىپ تۇرىدىغان گۇلسۇمەن ئاۋۇت مەرگەننىڭ روھسىز قىياپىتىگە،

غەملىك، مىسكىن چىرايىغا زەن سالدى:

— قانداق، دادامنىڭ سوئالىغا جاۋاب تاپالىدىڭمۇ؟

— تاپتىم.

— ۋۇي ياخشىغۇ، — گۈلسۈمەنىڭ چىرايى ۋىللىدە ئېچىلدى، — دۇنيادا ئەڭ تاتلىق نەرسە نېمىكەن؟

— قىرقىمىغان ئوغلاق گۆشىدە قىلىنغان نارىن ئىكەن!

— نېمە؟ — گۈلسۈمەن ئاغزىنى تۇتۇپ كۈلۈۋەتتى، — ۋاي خۇدايىم، سىلى نېمىدېگەن سادداد، ئاق كۆڭۈل ئادەم!

— قانداق، جاۋابىم بولماپتىما؟

— بولماپتۇ، ئۇنىڭ جاۋابى مۇنداق.

گۈلسۈمەن، ئاۋۇت مەرگەننىڭ قۇلىقىغا قىسقىلا پىچىرلىغانىدى. ئۇنىڭ چىرايى ھەشقىپىچەك گۈلىدەك ئېچىلىپ كەتتى.

— رەھمەت مەلىكەم، رەھمەت، — ئاۋۇت مەرگەن يېنىش - يېنىشلاپ تەزىم قىلدى، — يېشىم 46 گە كىرگىنى بىلەن سىلىچىلىك ئەقلىم يوق ئىكەن. مېنىڭ 16 ياشقا كىرگەن بىر ئوغلۇم بار، ئۇمۇ مېنى: «دادا، سەن نېمىدېگەن دۆت، كالۋا ھەم سادداد، سەن پەقەت ئوۋچىلىقىلا يارالغانىكەنسەن ...» دەپ ئەيىبلەيدۇ.

— ئوغۇللىرىنىڭ ئىسمى نېمە؟

— پاكزات.

— پاھ، نېمىدېگەن پاساھەتلىك ئىسىم، بىرەر شاھقىلا مەنسۇپ ئىسىم ئىكەن.

— ئۇ ئوغلۇمنىڭ گېپىنى قىلمىسىلا، ئالتە يېشىدىن باشلاپ مەدرىسەدە ئوقۇغان بىر كىتاب خالتىسى دېسىلە، مەن ئوۋلىغان ھايۋانلارنىڭ تېرە، كاللا - پاقالچەك، ئۆپكە

ئىشكامبۇللىرىنى سېتىپ، ھەتتا ئېغىلدىكى ئۆچكىلەرنىڭ تۈۋتلىرىنى تاراپ كىتاب ئالىدۇ.

— سىلى بەك ئۇلۇغ ئاتا ئىكەنلا، — گۇلسۇمەن ئاۋۋت مەرگەنگە زوقلىنىپ قارىدى، — بەزى ئاتا ـ ئانىلار «ئېغىرىڭنى يەر كۆتۈرىدۇ. رىزقىڭنى خۇدا بېرىدۇ» دەپ بالىسىنىڭ تەقدىر ـ ئىقبالى بىلەن كارى بولمايدۇ.

— ئەمما ئادەملەر سىلى دېگەندەك دېمەيدىكەن ...

— ئۇلار نادانلار، لېكىن پەيغەمبىرىمىز: «ئوتلۇبۇل ئىلمۇ ۋەلەۋبس چىن» يەنى «ئىلىم چىندا بولسىمۇ بېرىپ ئۆگەن» دېگەن ئەمەسمىدى ...

— پاھ، پاھ، پاھ، داناكەنلا، ئەقىللىق، داناكەنلا ...

كۆڭلى ئېچىلىپ، دىلى يورىغان ئاۋۋت مەرگەن ئەتىسى ئەتىگەندە، شاھنىڭ ئوردىسىغا كەلدى. ئۇ زۇھرۇللا زامانىغا چوڭقۇر تەزىم قىلغاندىن كېيىن، سوئالغا جاۋاب تېپىپ كەلگەنلىكىنى ئېيتتى. شاھ ئۇنىڭ دادىل كەيپىياتىدىن گۇمانلانغان ھالدا سورىدى:

— ھە دېگىنە قېنى، دۇنيادا ئەڭ تاتلىق نەرسە زادى نېمىكەن؟

— ئەر ـ خوتۇنچىلىك ئىكەن، شاھىم.

— جاۋابىڭغۇ توغرا، — شاھ گۇمانلاندى، — لېكىن بۇ جاۋابنى ساڭا كىم دەپ بەردى؟

— ھېچكىم شاھىم، ئۆزۈم تاپتىم.

— ئەمىسە، نېمىشقا ئەر ـ خوتۇنچىلىق «ئىكەن» دەيسەن. «ئىكەن» دېگەن گەپتىن باشقىلارنىڭ دەپ بەرگىنى «مانا مەن» دەپ چىقىپ تۇرامدۇ، راستىڭنى دېگىن، زادى كىم دەپ بەرگەن؟

— ئۆزۈم شاھىم، ھېچكىم شاھىم ...

— جاللات! — شاھنىڭ پەرماندىن بوسۇغىدا قىلىچلىرىنى يالىڭاچلىغان بىر قانچە قانخور جاللاتلار پەيدا بولۇشتى:

— پەرمانبەردارمىز، قىلىچلىرىمىز قانسىرىغان، كىمنىڭ پەيمانى توشتىكىن؟

— مۇنۇ ئالدامچى كاززاپنىڭ كاللىسىنى ئېلىڭلار!

— داد پادىشاھى ئالەم! ئادالەت ۋە ھىمايە!

ئاۋۇت مەرگەن شاھنىڭ ئالدىغا ئۆزىنى ئېتىپ، ئۇنىڭ ئاياغلىرىنى قۇچاقلاپ زار - زار يىغلىدى. ئاڭغۇچە جاللاتلار ئۇنىڭ قوللىرىدىن، قولتۇقلىرىدىن تارتىشتۇرۇپ، ئورنىدىن ئارانلا تۇرغۇزدى. لېكىن ئاۋۇت مەرگەن ئۇلارنى قەھرى بىلەن ئىتتىرىۋېتىپ، شاھنىڭ ئالدىغا يەنە يىقىلدى.

— شاھ ئالىيلىرى، مېنىڭ ئائىلەم، بالىلىرىم بار ئادەم. رەھىم قىلسىلا.

— ئەمىسە راستىڭنى ئېيت، — ۋارقىرىدى قۇتىدىن قۇتيار، — ساڭا زادى كىم دەپ بەرگەن؟

— پادىشاھنى ئالدىغانلىق خۇدانى ئالدىغانلىق، — خەلپە بۇزرۇكنىڭ ئۆزۈن ئاق ساقاللىرى تىترىدى، — ۋۇي ئىمانسىز خۇمپەر، دېمەمسەن؟

— جاۋابىنى ... جاۋابىنى، — ئاۋۇت مەرگەن مەلىكىنى بالاغا تىقىشتىن ئەنسىرىدى بولغاي، لەۋلىرىنى چىشلىدى، — جاۋابىنى ئۆزۈم ... تاپقان!

— جاللات! — شاھ بۇ قېتىم ۋەھشىيلەشكەندى، — بۇ لەنەتگەردىنىڭ كاللىسىنى ئېلىپ، شەھەر سېپىلى قوزۇقلىرىغا سانجىپ قويۇڭلار، شاھنى ئالدىغۇچىلارنىڭ ئاقىۋىتى قانداق بولىدىغانلىقىنى بىلىۋالسۇن!

ئاۋۇت مەرگەننى دارقىرىتىپ سۆرەپ ئېلىپ ماڭغان

جالالاتلار «توختا!» دەپ ۋارقىرىغان غەزەپلىك ئاۋازدىن چۆچۈپ توختىدى. سول قول ۋەزىر قۇتبىدىن قۇتيارنىڭ قىياق كۆزلىرى قىسىلىپ، چېقىن چىقىپ تۇرسىمۇ مىيىقىدا كۈلۈمسىرەش ئالامىتى كۆرۈلدى. قىزنىڭ نۇقسانسىز گۈزەل لاتاپىتىگە كۆزى قىيالمىغان خەلىپە بۇزرۇك سۈس ئېگىلىپ تەزىم قىلدى. بىراق شاھنىڭ غەزىپى يۈزىگە تەپتى.

— توختاش! — قايتا ۋارقىرىدى گۈلسۈمەن، — شاھنىڭ قىلىچ ھۆكۈمى بىرمۇ ياكى ئىككىمۇ، جاۋاب بەرسىلە شاھ ئاتا!؟

— دەرھەقىقەت بىردۇر! — قۇتبىدىن قۇتيار بىلەن خەلىپە تەڭلا غوتۇلدىدى.

— ئۇنداقتا جاۋابنى دەپ بەرگەن گۇناھكار مانا مەن، — گۈلسۈمەن تەخت ئالدىدا تەق تۇردى، — بۇ ئادەمدە گۇناھ يوق، ئۇنى قويۇۋەتسىلە ...

— ئۇ مېنى ئالدىغان تۇرسا، — شاھ يۈز ئۆردى.

— سىلى مېنىڭ ئاتام تۇرۇپ ئايىمىغان يەردە، ئۇ مېنى ئاياپ راست گېپىنى قىلمىدى، — دېدى گۈلسۈمەن ھاياجان بىلەن، — بىر گۇناھقا ئىككى ئادەمنىڭ جېنىنى قىيىش شاھلارنىڭ سەلتەنەتىگە، شان - شۆھرىتىگە شىكەست يەتكۈزىدۇ. ئاۋام خەلق ۋە باشقا شاھلار ئاڭلىسا لەنەت تاشلىرى ياغدۇرىدۇ. ئەگەر شاھىنشاھ شەمس خەۋەر تاپسا غەزەپ قىلىچىنى يالىڭاچلايدۇ! ...

قىزنىڭ يوللۇق گەپلىرىدىن زوھرۇللا زامانىنىڭ پۈتۈن تېنىنى تىترەك قاپلىدى. بولۇپمۇ، شەمس توغرۇلۇق ئېيتىلغان سۆز خۇددى چۆلدىكى يانغىنغا ۋاششىدە يېغىن ياغقاندەك ئوچىقىنىڭ ئوتى تارتىلىپ، قايناۋاتقان قازىنى لەپپىدە توختىدى، شۇنداقتىمۇ ئۇ ئۇزەڭگىدىن چۈشمەي تۇراتتى.

— ھە، ئۆزۈڭنىڭ گۇناھكارلىقىڭغا ئىقرار بولۇپ

كىرگەنمىدىڭ؟

— بۇ گۇناھسىز ئادەمنى قويۇۋەتسىلە ئاتا، ئاندىن دەپ بېرەي ...

زۇھرۇللا زامان جاللاتلارغا «قويۇۋېتىڭلار» دېگەندەك قول ئىشارىسى قىلىشى، ئۇلار ئاۋۇت مەرگەننىڭ دولىسىدىن ئىتتىرىپ چىقىرىۋېتىشتى. ئۇنىڭ چىقىپ كېتىشىمۇ بىر نۆرە ياخشى بولدى. ئاغزى ئىتتىك، يۈز - خاتىرنى بىلمەيدىغان قىزى گۈلسۈمەن تىل ئوقلىرىنى ياغدۇرۇۋەتسە، بىر ئاۋامنىڭ ئالدىدا شاھنىڭ يۈزىگە يۈندى چاچقاندەك بولمامدۇ؟!

— ئەمدى سۆزلە ئۈياتسىز، — شاھ قولىنى شىلتىدى، — سەن قىز بالا تۇرۇقلۇق، ئەر - خوتۇنچىلىقنىڭ تاتلىق بولىدىغانلىقىنى قانداق بىلىسەن؟

— ئوردا ئات باقارى كۈنداشلىق ۋەجىدىن، — گۈلسۈمەن قۇتبىدىن قۇتيارغا ئالىيىپ قارىغانىدى. ئۇ تۇنجۇققاندەك بولۇپ يەرگە قارىدى، — ئۇرۇشۇپ خوتۇنىنىڭ بىلىكىنى چىقىرىۋېتىپتۇ. مەن ئۇنى مەلھەم سۇۋاپ تېڭىپ قويغانىدىم. ئەتىگەنلىكتە «قانداقراق بولۇپ قالدىكىن» دەپ دېرىزىسىدىن قارىسام، ئايالىنىڭ تېڭىلغان بىلىكى ئېرىنىڭ بېشىغا ياستۇق بوپتۇ، شۇنىڭغا قاراپ ئاشۇنداق ئويلىدىم.

— 14 ياشقا كىرە - كىرمەي خەقلەرنىڭ دېرىزىسىدىن مارىغىلى تۇردۇڭمۇ، رەسۋا!

— مەقسەتلىك ئەمەس، زۆرۈرىيەت تۈپەيلىدىن مارىدىم. بۇ سىلىنىڭ قان تۆكۈشكە ھېرىسمەن بولغانلىرىدىن مىڭ مەرتەم ياخشى ...

— ئاغزىڭ يەنە ئېچىلغىلى تۇردىغۇ، — شاھنىڭ كۆزلىرى

ئالايدى ... ــ سەن مېنى قاچانغىچە رەسۋايىئالەم قىلىسەن؟ سېنىڭ زوۋانىڭ بېسىقامدۇ ـ يوق، ۋوي لەنىتى ...

ــ ھەي شاھ ئاتا، ــ دېدى گۇلسۇمەن ئاچچىقى بىلەن، ــ ئۆزلىرى شۇنچە بىلەرمەن تۇرۇقلۇق، سىلى جاۋاب تاپالمىغان سوئاللارغا جاۋاب تاپقۇزىمەن، دەپ بىگۇناھ ئادەملەرنىڭ كاللىسىنى ئېلىپ، ئۇلارنىڭ بالا ـ چاقىلىرىنى يېتىم قالدۇردىلا، ئۇلار سىلىدىن زېرىكتى. ناۋادا كۈنلەر ئۆتۈپ باشلىرىغا پالاكەت ياغسا، سىلىگە كىممۇ ھەمقان بولار؟

ــ نېمە، سەن مېنىڭ گۇمران بولۇشۇمنى تىلەۋاتامسەن، نائىنساب؟

ــ مېنىڭ تىلىگىنىم يوق، ئۆزلىرى تىلەپ تېپىۋاتىدىلا، ــ گۇلسۇمەننىڭ كۆزىگە ھېچنېمە كۆرۈنمىدى، ــ «قاغا نېمىگە قاقىلدايدۇ؟»، «ئۆچكە نېمىگە قومىلاقلايدۇ»، «ھۇۋقۇشنىڭ ھۇۋلىغىنى نېمىدىن دېرەك بېرىدۇ» دېگەندەك بىمەنە، لاۋزا قىلىقلىرى ئارقىلىق خەلقتىن يىراقلاپ كەتتىلە؟ شاھ دېگەن شاھتەك بولمامدۇ!

ــ جاللات! ــ ۋارقىرىدى شاھ ئورنىدىن تۇرۇپ كېتىپ، ــ بۇ ھايۋاننىڭ ئۇزۇن تىلىنى كېسىپ، كاللىسىنى تېنىدىن جۇدا قىلىڭلار!

جاللات گۇلسۇمەننى چەمبەرچاس باغلاپ ئېلىپ مېڭىشتى. قۇتبىدىن قۇتيار بىلەن خەلپە بۇزرۇك ساراسىمىگە چۈشۈپ قېلىشتى. چۈنكى بۇ ئىككى قېرى تۈلكىنىڭ گۇلسۇمەنگە خام تەمەدە بولۇپ، «قاچاندۇر خاسىيەتلىك كۈنلەرنىڭ بىرىدە، ئۇنى ئىلكىمگە ئېلىپ ھۇزۇرىنى سۈرىمەن» دېگەن يامان نىيىتى بار ئىدى. شۇڭا ئۇلار زوھرۇللا زامانغا تەڭلا نەسىھەت قىلىشقا باشلىدى:

— ئادەم ئەلەيھىسسالامنىڭ ۋاقتىدىن تارتىپ بۈگۈن كۈنگە قەدەر بىر ئايالنىڭ قېنى تۆكۈلگەن ئەمەس، — دېدى خەلىپە بېشىنى گىلدىڭلىتىپ، — ئەڭ ياخشى چارە ئۇنى زىندانغا تاشلىماق جايىزدۇر!

— ئەلھەزەر نىيەتلىرىدىن يانسىلا شاھىم، — قۇتبىدىن قۇتيار خەلىپىگە يوشۇرۇن ئالىيىپ قويدى، — ئۆز پەرزەنتلىرىگە تىغ كۆتۈرسىلە بولماس، ئاۋامنىڭ غەليانىدىن ھەزەر ئەيلىمەك دانالار ھېكمىتىدۇر! ...

گۈلسۈمەن زىندانغا تاشلاندى. بۇنىڭدىن خەۋەر تاپقان ئابدۇل مۇلۇك بىلەن ئەسمە بىر كېچە ئۆيلىنىپ ئاخىر ئۇلار نۇرغۇن ئالتۇن، كۈمۈش ئارقىلىق زىندان بېگىنى سېتىۋالدى. بايلىق، دۇنياغا تويمايدىغان ئاچ كۆز زىندان بېگى گۈلسۈمەننى قانداق ئېلىپ قېچىش ئۇسۇل - چارىلىرىنى كۆرسىتىپ بەردى. بۇنداق ئامال ئابدۇل مۇلۇك ھەم ئەسمەنى، شۇنداقلا زىندان بېگىنىمۇ گۇماندىن خالاس قىلاتتى.

راسا بورانلىق بىر كۈنى زىندان قوۋۇقى ئالدىغا بىر كوزا مەي بىلەن داستىخانغا ئورالغان پىششىق گۆش پەيدا بولۇپ قالدى. زىنداندىكى مەھبۇسلارغا ئېلىپ كەلگەن بىرەرىنىڭ نېمىتى ئوخشايدۇ، دەپ بىلگەن زىندان قورۇقچىلىرىدىن تۆت ئادەم ئۇيقۇ مەجۇنى ئارىلاشتۇرۇلغان مەينى ئىچىپ، گۆشنى يەپ، ئۆلۈكتەك ئۇخلاپ كېتىشتى. ئابدۇل مۇلۇك ئۇلارنىڭ ئىشتان بېغىغا ئېسىۋالغان كاللەك ئاچقۇچىنى ئېلىپ، قىزى بىلەن ھەممە ئىشكلەرنى راۋان ئاچتى. ئاندىن زىندانغا ئارغامچا تاشلاپ، گۈلسۈمەننى قۇتقۇزۇپ ئېلىپ چىقتى.

ئابدۇل مۇلۇك بىلەن ئەسمە يوغان ھەم ئىنتايىن پۇختا ساندۇق ياسىتىپ گۈلسۈمەننى شۇنىڭ ئىچىگە يوشۇرۇپ باقتى.

ئەمما ئوردا لەشكەرلىرى پەرمان بىلەن ئىزدەشنى باشلىۋەتتى.
ئۆي بېسىپ ئاختۇرۇشنىڭ بەشىنچى كۈنى، خەتەر ئىچىدە قالغان ئابدۇل مۇلۇك، ئەسىمە، گۈلسۈمەنلەر ساندۇقنى ئاتقا سۆرىتىپ دەريا بويىغا يېتىپ كېلىشتى. كېچە ئاي قاراڭغۇسى بولۇپ، ئەتراپتا ھېچنېمە كۆرۈنمەيتتى. پەقەت شەھەر تەرەپتىن قوغلاپ كېلىۋاتقان لەشكەرلەرنىڭ نەچچە يۈزلىگەن مەشئەللىرى بارغانسېرى يېقىنلاپ كەلمەكتە ئىدى.
— ۋەزىرى ئەزەم ئاتا، — دېدى گۈلسۈمەن ئابدۇل مۇلۇككە، — مېنى ساندۇققا سېلىپ دەرياغا ئېقىتىۋېتىڭلار. بولمىسا ئۈچىمىز تەڭ ئۆلىمىز.
— قىزىم! — ئابدۇل مۇلۇك ئىككى ئويلۇق بولۇپ تېڭىرقاپ قالدى.
— دوستۇم گۈلسۈمەن! — ئەسىمە يىغلىۋەتتى.
— يىغا - زار ئۈچەيلەننى قۇتقۇزالمايدۇ، — دېدى گۈلسۈمەن كەسكىن ھالدا، — خۇدايىم ئاسايىشلىق بەرسە، رىزقىم چېچىلغان يەرلەردە ياشاپ، كۆكلەرمەن. ئەگەر مېنى ئۆلۈم كۈتۈپ تۇرغان بولسا، ئۇمۇ تەقدىر - پېشانەم.
گۈلسۈمەن ساندۇق ئىچىگە چۈشتى. ئاندىن ئابدۇل مۇلۇك ۋە ئەسىمە بىلەن قۇچاقلىشىپ خوشلاشتى.
— سىلەر ئىككىڭلار ئاتقا مىنىپ، دەريانىڭ تۆۋەن ئېقىنىدىكى جاڭگالغا قاراپ قېچىڭلار، — دېدى گۈلسۈمەن ئالدىراپ، — ئاندىن شەھەرگە شىمالىي قوۋۇق تەرەپتىن كىرىڭلار ...
— خوش ئەمىسە قىزىم، — ئابدۇل مۇلۇكنىڭ ياشلىرى مۆلدۈردەك تۆكۈلدى.
— ئامان بول دوستۇم، — ئىككى دوست قۇچاقلىشىپ،

مەڭزىلىرىنى يېقىشتى.

— دوستۇم ئەسمە، ۋەزىرى ئەزەم ئاتا، ئىككىڭلارنىڭ ئالدىدا قەسەم قىلايكى، مەن ھاياتلا بولىدىكەنمەن، بىر كەمبەغەل يىگىتكە تېگىپ، ئۇنى دادامنىڭ ئورنىغا دەسسىتىپ، خەلقنى، يەمەننى بالايىئاپەتتىن قۇتۇلدۇرىمەن ...

— خۇدايىم تىلەكلىرىڭىزنى مەقبۇل ئېتىپ، ئارزۇلىرىڭىزغا يەتكۈزگەي.

ئابدۇل مۇلۇك دۇئا قىلدى - دە، ساندۇقنىڭ ئاغزىنى ھەم ئېتىپ، كىلىتاڭنى سالدى. ئاندىن ئەسمە بىلەن ئىتتىرىپ، ساندۇقنى دەريانىڭ ئېقىشىغا قويۇۋەتتى. ئۇلار ساندۇق ئۇزاپ كېتىپ قاراڭغۇلۇق ئىچىدە كۆرۈنمەي قالغاندىن كېيىنلا ئاتقا مىنىپ دەريانىڭ تۆۋەن ئېقىنىغا قاراپ قويۇندەك چېپىپ كېتىشتى ...

... ... ... ... ...

— ... بەختىيار قىزلىرىم، — دېدى ھەمراھ بوۋاي قىپقىزىل ئېرەن ئورمانلىقىغا ئېغىر نەزەر تاشلاپ، — دەريادا نىشانسىز ئاققان ساندۇقتەك گۇلسۇمەن قىزنىڭ سەرسانلىق ھاياتى ئالتە يىل داۋاملاشتى ... ئۇ، بۇ جاپالىق كۈنلەرنى قانداق ئۆتكۈزدى؟ ئەقىل - پاراسەتلەر بىلەن مۇشكۇلاتلارنى قانداق يەڭدى، بېشىدىن نى قىسمەتلەر ئۆتتى؟ ... بۇلارنى بىلىشتىن ئىلگىرى تاسادىپىي قارار تاپقان بىرەر ۋەقەنى ئاڭلاپ ئۆتەيلى ...

چىرايلىق ياز كۈنلىرىنىڭ بىرىدە، «خەلەپ» پادىشاھىدىن يەمەن پادىشاھى زۇھرۇللا زامان بىر مەكتۇپ تاپشۇرۇۋالدى. ئۇ ۋەزىر - ۋۇزرالىرى بىلەن خەتنى ئېچىپ ئوقۇۋىدى، ئۇنىڭدا مۇنداق سەھىپىلەر يېزىلغانىدى:

«جانابى ئۇلۇغ پادىشاھ زۇھرۇللا زامان، ئۆلىما خەلىپە

بۇزرۇك، ئابدۇل مۇلۇك ۋە قۇتيبىدىن قۇتيار دانالىرىم، سىلەرنىڭ دىيارىڭلارغا ۋەزىرىم كىردەنشا نامىچى بىلەن شاھ ئوغلۇم ئەكبەر ئەلى سەپەر قىلماقچى. مەن 76 يىلدىن بېرى ئېغىر بىتاپلىق ئىسكەنجىسىدە يېتىپ قالغانلىقىم ئۈچۈن بارالمىغىنىمغا ئۆزرىلىكمەن. ئوغلۇم كىچىك ھەم نادان، سەلتەنەت باشقۇرۇش مىزانلىرىغا كامىل ئەمەستۇر. ئۇنىڭ ئۇستىگە، جۇدالىق ماتىمى يۇكلىنىپ، ئۇنى بىر خىل سەۋدايىلىق ئىشقى دەردلىرى ئىلكىگە ئالدى. ئۇنى باشقا شاھلىق سەلتەنەتلىرىنى كۆرۈپ كۆزى ئېچىلسۇن دەيمەن (ياش يۈرىكىدىكى دەرد ـ ھەسرەتلەرمۇ ئۇنتۇلۇپ كەتسە ئەجەب ئەمەس ... ). شۇڭا ئۇنىڭ تەشرىپىگە كۆڭۈل بۆلۈپ، ھەمدەم بولۇشىڭلارنى، پىرئۇستازلىق ھىممىتىڭلارنى ئايىماسلىقىڭلارنى ئۈمىد قىلىمەن، دەپ سىلەرگە ئۈمىد باغلاپ، ئېھتىرام بىلەن ئاباس تۇران پادىشاھلىقى خەلەپ».

ھەممە تەسىرلىنىپ بىر ـ بىرىگە قاراشتى. «پىر ئۇستاز» دېگەن ئۇلۇغلىنىشتىن تەسىرلىنىپ كەتكەن زۇھرۇللا زامان ھاياجان بىلەن ئۆزۈن نۇتقىنى باشلىدى:

— ئۇستاز خەلىپە بۇزرۇك، مېنىڭمۇ بۇ توغرۇلۇق ئويلىغانلىرىم بار ئىدى، — دېدى زۇھرۇللا زامان سىڭايان قاراپ، — پادىشاھلارنىڭ ئۆزئارا دوستلۇق ئورنىتىپ، بىر ـ بىرىنى ھۆرمەتلىشى، ھەمقان بولۇشى ساخاۋەتلىك ئىشتۇر. بولۇپمۇ ئەلنى باشقۇرۇپ، پۇقراغا ئاتىدارچىلىق قىلىۋاتقان بىزلەر ئۈچۈن بۇ پەرھىز ھەم قەرزدۇر! شۇڭا مەن ئويلايمەنكى، خەلەپنىڭ مېھمانلىرى كەلگۈچە يەتتە ئىقلىم پادىشاھلىرىغا مەكتۇپ ئەۋەتسەك، ۋەزىر، ئۆلىمالىرىنىمۇ مېھمانغا چاقىرىپ چوڭ ئەنجۇمەن تۈزسەك، مۇتەپەككۇرلارنىڭ سۆھبەتلىرىدىن

بەھرە ئېلىپ، كۆرگەن ـ بىلگەنلىرىمىزنى بايان ئەيلىسەك، بۇ نېمىدېگەن تەڭداشسىز ئۇلۇغ ئىش بولار ئىدى ـ ھە؟!
ــ شاھ ئالىيلىرى دانادۇر، ــ ئۇزۇن نۇتۇقتىن زېرىككەن خەلىپە ئاستا غودۇڭشىدى، ــ شۇنداق قىلايلى.
ــ باغداد شاھىنشاھى شەمس ئالىيلىرىنى چاقىرمىساق بولماس، ــ قۇتبىدىن قۇتيار شاھىنىڭ كۆزىگە قارىدى، ــ قىزلىرى سۇمەنىنسانى ھەم نەۋرىلىرىنى كۆرگىلى كەلگەندۇ؟
ــ ئۇغۇ شۇنداق ... ، ــ شاھ ئويلىنىپ قالدى، ــ چاقىرمىساق بەربىر ئاڭلايدۇ.
ــ بۇنىمۇ دېيىش كېتەمدۇ؟ ــ دېدى ئابدۇل مۇلۇك، ــ شەمس ئۆزلىرىنىڭ كۈيئوغۇللىرى ھەم شاھىنشاھ تۇرسا.
ــ ئەممازە ...
ــ شاھ ئالىيلىرى، گۇلسۇمەنىنى سوراپ قېلىشتىن ۋايىم يەۋاتىدىلىغۇ دەيمەن؟
ــ ھەببەللى، كۆڭلۇمدىكى ئەندىشە شۇ ئەمەسمۇ ...
ــ ئىككى ئاينىڭ ئالدىدا باغدادقا ھەر قايسىلىرىنى كۆرگىلى كەتكەن، دېسەك بولمىدىمۇ؟
قۇتبىدىن قۇتيارنىڭ سۆزىگە خەلىپە بۇزرۇك دەرھال رەددىيە بەردى.
ــ ئۇنداق دېسەك كۆڭۈللۈك ئەنجۇمەن كۆڭۈلسىز ئەنسىرەشكە ئايلىنىدۇ، ــ خەلىپە بىردەم ئويلىنىۋالدى، ــ مۇنداق بولسۇن، ھىراتقا بىلىم تەھسىل قىلىشقا ئەۋەتتۇق دەيلى، بولامدۇ؟
ــ ئاقىلانە پىكىر، دۇردانە مەسلىھەت! ــ پادىشاھ زۇھرۇللا زامانىنىڭ چىرايىغا كۈلكە يۈگۈردى، ــ مۇشۇنداق بولسۇن.
پادىشاھ زۇھرۇللا زامان شۇ كۈندىن باشلاپ ۋەزىر، ئۆلىما،

لەشكەر ۋە خىزمەتچىلىرى بىلەن ئىككى ئاي تەييارلىق قىلىدى. پادىشاھنىڭ چاھار بىغىدا مىڭلاپ قوي سويۇلۇپ، يۈزلەپ داشقازانلار ئېسىلىپ، تۈرلۈك تائاملارنىڭ خۇرۇچلىرى تەييارلانماقتا ئىدى. يەتتە ئىقلىمدىن يولغا چىققان شاھلارنىڭ ئالدى كېلىشكە باشلىدى. ئۇلار چىمەنزار، گۈللۈكلەر، ئورمانلارغا سېلىنغان گىلەم ـ كۆرپىلەرگە باشلاندى. باغداد شاھىنشاھى شەمس ئالىيلىرى، خانىش سۇمەننىسا، ئۇلارنىڭ 7 ياشلىق ئوغلى شەھرىزات ۋە خاس كېنىزەك ئايتۇرانلار تۆردىن ئورۇن ئالدى. ئاندىن خەلەپتىن كەلگەن بالا شاھ ئەكبەر ئەلى، ئۇنىڭ ئوڭ قول ۋەزىرى كىردەنشا نامىچى ھەمراھلىرى بىلەن ئولتۇرۇشتى. ئۇلاردىن كېيىنرەك يېتىپ كەلگەن «تاشئات» دىيارىنىڭ شاھى زىكرىيا زاھىت قاتارلىق شاھلىقلارنىڭ شاھلىرى ۋە ساھىبخانا مەملىكەت يەمەننىڭ ئۆلىما، ۋەزىر ـ ۋۇزرالىرى بەلگىلەنگەن جايلىرىغا كېلىشتى. ئەمما ئۇلارنىڭ ھەممىسى شاھىنشاھ شەمسكە ئېگىلىپ تەزىم قىلىپ، ئۆزلىرىنىڭ سادىقلىقىنى بىلدۈرۈشتى.

داستىخانلارغا 72 خىل نازۇ نېمەت قويۇلۇپ، ھەرخىل ئېسىل مەي ـ شاراپلار كەلتۈرۈلدى. ئۇلارنىڭ كۆڭۈللىرىنى ئېلىش ئۈچۈن، بىر تەرەپتە نەغمە ـ ناۋالار ياڭراپ، يەنە بىر تەرەپتە دارۋازلار دار ئويۇنلىرىنى كۆرسىتىپ، ئۇسسۇلچى ۋە قىزىقچىلار ھۈنەرلىرىنى نامايان قىلماقتا ئىدى.

بۇ كەمگىچە يەتتە ئىقلىمدا ھېچ كۆرۈلۈپ باقمىغان بۇ ئاجايىپ كۆڭۈللۈك ئەنجۇمەن 12 كۈن داۋاملاشتى. ئويۇن ـ تاماشا ھەقدادىغا يەتتى. شاھلار ئۆزئارا بىر ـ بىرىگە سوۋغا ـ سالاملارنى بېرىپ، دوستلۇق ئورناتتى. ئولتۇرۇشنىڭ ئاخىرقى كېچىسى ھېكايە ئاڭلاش ئۈچۈن پادىشاھ، ۋەزىر، ئۆلىما،

خەلىپىلەر مەخسۇس تەييارلانغان، ئىنتايىن ھاۋالىق سارايغا تەكلىپ قىلىندى.

— شاھ ئالىيلىرى، — دېدى ئۆلىما خەلىپە بۇزرۇك، — مېھمانلار جەم بولۇپ قالدى. قىزىق پاراڭ قىلىدىغان ھەزىلكەش ياكى بولمىسا ھېكايە ئېيتىپ سۆزلەيدىغان سۆزمەنلەر بولسا چاقىرتامسىز؟

— بولىدۇ، ئۇستاز، — زۇھرۇللا زامان ئەمر قىلىش بىلەن پەرمانبەگ [1] 4 ـ 5 ئادەمنى ئەگەشتۇرۇپ، ئۆيمۇئۆي كىرىپ قىزىقارلىق ھېكايە ئېيتىدىغان بىرەر ھېكايىچىنى تاپالمىدى. ئۇ ئوردىغا قايتىپ كېلىپ، ئەھۋالنى ئىزھار قىلغانىدى. بوكاۋۇل [2] دەرھال ئورنىدىن تۇرۇپ مۇنداق دېدى:

— بىر نەچچە يىللاردىن بېرى چۆللەردە مال بېقىپ، يېقىندىن ئوردىغا ئات بېقىشقا كەلگەن بىر يېتىم بالا بار. ئوردىدىكىلەرنىڭ ھەممىسى ئۇنى ھېكايە، داستان، رىۋايەتلەرنى سۆزلەشكە بەك ئۇستا دېيىشىدۇ. شۇنى بولسىمۇ ئېلىپ كېلەيلى.

— توغرا، — دېدى سەرمۇنشى [3] ، — ئۇ بالىنى ھەممىسى «زىلۋا پادىچى» دېيىشىدىكەن.

بوكاۋۇل ئاتخانىنىڭ يېنىدىكى قۇللار، مالچىلار ياتىدىغان كىچىك قازناقتا كىرگەندە «زىلۋا پادىچى» سوغۇق سۇغا نان تۇگۇرۇپ يەۋاتاتتى. ئۇ بوكاۋۇلنى كۆرۈپلا ئورنىدىن تۇرۇپ سالام

[1] پەرمانبەگ — پادىشاھنىڭ بۇيرۇقى، پەرمانلىرىنى تارقىتىپ ئىجرا قىلغۇچى ئەمەلدار.

[2] بوكاۋۇل — پادىشاھنىڭ زىياپەتچى ئەمەلدارى، ئۇنى پادىشاھنىڭ «داستىخانچىسى»مۇ دەيدۇ.

[3] سەرمۇنشى — باش كاتىپ ياكى كاتىبات ئىشخانىسىنىڭ باشلىقىنى كۆرسىتىدۇ.

قىلدى.

— ئەي پادىچى يىتىم، پادىشاھىنىڭ ئەمرى، — دېدى بۇكاۋۇل بۇرنىغا قول ياغلىقىنى تۇتۇپ، — سېنى ھازىرلا يېتىپ كەلسۇن دەيدۇ.

— باش ئۇستىگە، — زىلۇۋا پادىچى دەرھال ماڭدى. ئۇ پادىشاھ، ۋەزىر - ۋۇزرالار، مۆتىۋەرلەرنىڭ ئالدىغا كىرىپ، ئەدەپ بىلەن سالام بەجا كەلتۇردى. ئاندىن بوسۇغىدىلا تىزلىنىپ ئولتۇردى.

يەتتە ئىقلىمنىڭ پادىشاھلىرى ئۇنى كۆرۈپ بىر - بىرىگە قارىشىپ، قۇلاق يېقىپ پىچىرلىشىپ، بالىنىڭ ھۆسنىنىڭ چىرايلىقلىقىدىن ھەيران قېلىشتى. خەلەپنىڭ شاھزادىسى ئەكبەر ئەلى ئۇنىڭغا ھېچ كۆزىنى ئۇزمەي قارايتتى، كىملەرگىدۇر ئوخشىتاتتى، ئەمما ئېسىگە ئالالمايتتى. زىلۇۋا پادىچى بولسا شاھىنشاھ شەمسىكە، ئۇنىڭ يېنىدا ئولتۇرغان چۇمپەردىلىك سۇمەنىساغا، ئاندىن ئەكبەر ئەلىگە قاراپ چوڭقۇر تىنىپ قويدى. ھەم قىزارغان كۆزلىرىنى ئېلىپ قاچتى. ئۇنىڭ قىسقا ئالا يەكتىكى ئۇستىدىن باغلىغان پوتىسى يېنىغا ئېسىلغان شەمشىرى، پۇتىدىكى پۇرمە چورۇقى، كىچىك جۇغى، سىن - سىپاتى قاملاشقان پادىچى ئىكەنلىكىدىن دېرەك بېرىپ تۇراتتى. بولۇپمۇ كېپەك ئۆرلەپ تۇرغان تاقىر بېشىدىكى كۆك شاپاق دوپپا، قاپقارا يۇمشاق بۇرتى خۇددى ئاپپاق تۇخۇم ئۇستىگە سىزىلغان رەسىمدەك غەلىتىلا كۆرسىتىپ تۇراتتى. ئەمما چاقناپ تۇرغان ئاجايىپ چوڭ كۆزلەر، بوستاندەك ئۇزۇن كىرپىك، ئەگمە قاشلار قىزلاردىنمۇ كەم تېپىلاتتى. ئۇ دەرۋەقە «زىلۇۋا پادىچى» نامىغا مۇناسىپ سەرۋى قامەت، ئاي مەسەللىك يىگىت ئىدى ...

— ھەي، كىتاب ئوقۇغانمۇ سەن؟ — باياتىن بېرى كۆز ئۈزەلمەي قالغان كىرەدەنشا نامىچى قوپاللا تەگدى، — راست گەپ قىل؟

— ئاز - تولا ئوقۇغانمەن تەقسىر، — زىلۋا پادىچىنىڭ كۆزلىرىدىن ئوت چاقنىدى، — بۇنى سوراپ قالدىلا؟

— ئۇنداقتا ساۋاتىڭنىڭ تايىنى يوق، بۇ يەرگە يۈرىكىڭنى قاپتەك قىلىپ نېمىشقا كىردىڭ؟

— شاھ چاقىرىپتىكەن، پەرمانىنى ئۇلۇغ بىلىپ كەلدىم شۇ، — زىلۋا پادىچىنىڭ چىشلىرىنى غۇچۇرلاتقىنى ئېڭەكلىرىنىڭ لىپىلدىشىدىن بىلىندى، — پىسەنتلىرىگە ياقمىغان بولسام چىقىپ كېتەي.

زىلۋا پادىچى ئورنىدىن تۇرۇشى، شەمس قولىنى كۆتۈرۈپ ئەمر قىلدى:

— بولدى، ئولتا بالا، كىرگەنىكەنسەن، بىر نەچچە ئېغىز گەپ قىلمىساڭمۇ بولماس، قانچىلىك بىلسەڭ، شۇنچىلىك قىل، — دېدى شەمس بالىغا مەدەت بېرىپ، — ساڭا شەرت قويىدىغانلارنىڭ ھەددى ئەمەس! ئۆزۈڭنى ئەركىن تۇت!

— ئۆمۈرلىرى ئۇزۇن بولغاي شاھىنشاھ ئالىيلىرى، — زىلۋا پادىچى ئورنىدىن تۇرۇپ قايتا سالام قىلدى، — ئۆزلىرىنى ئادالەت بابىدا يىتۈك زات دەپ ئاڭلىغانىدىم، دەرھەقىقەت ئاڭلىغىنىمچە باركەنلا.

شەمسنىڭ كۆڭلىدىن: «بۇ ئاۋاز ئەجەب تونۇشلىغۇ، بىر يەردە ئاڭلىغاندەكلا قىلىمەن» دېگەن ئوي لىپ قىلىپ ئۆتتى - يۇ، لېكىن ئۇ دەمال ئەسكە ئالالمىدى.

— ئاۋامغا بولغان زەردىلىرى قاچانمۇ تۈگەر، — پەس ئاۋازدا پىچىرلىدى ئەكبەر ئەلى كىرەدەنشاغا، — بۇ دېگەن ياتنىڭ

يېرى، ئېغىزلىرىنى بىردەم يىغىۋالسىلا.

— خوپ، — كىردەنشا نامىچى ئۆزىنىڭ شاھىغا دەھشەت ئالايدى. بۇ چاغدا خەلىپە بۇزرۇك زۇھرۇللا زامانىنىڭ قۇلىقىغا پىچىرلىدى:

— بۇ بالا ئۇلۇغلارنىڭ ئالدىدا ھېچنېمە سۆزلەپ بېرەلمەي بىزنى رەسۋا قىلمىغىيتى.

— ئېيتىپ كۆرسۇن ئۇستاز، — زۇھرۇللا زامانىمۇ ئاستا كۇسۇرلىدى، — كۆپ يىللار مال بېقىپ جاپا ـ مۇشەققەت تارتقان ئادەم كۆپ ئىشلارنى بىلىشى مۇمكىن.

— ئەي يېتىم قۇل، — قۇتبىدىن قۇتيار سورىدى، — قىزىقارلىق ھېكايە ئېيتالامسەن؟

— ھەممىنى ئېيتالايمەن.

— نېمىنى ئېيتالايسەن؟

زىلۋا پادىچى ھېچ ھودۇقماي ۋە ئەيمەنمەي مۇنداق دېدى:

— ئاڭلىغاننى ئېيتايمۇ، بىلگەننى ئېيتايمۇ ياكى بولغاننى ئېيتايمۇ؟

— ئاڭلىغان، بىلگەندىن بولغان ئىشلار ئارتۇق، شۇنى ئېيت، — دېدى خەلەپ پادىشاھىنىڭ شاھزادىسى ئەكبەر ئەلى.

— ھەي، سىلەر بۇ بالىنى ھېكايە ئېيتقۇزغىلى ئەكىرگەنمۇ ياكى سوراق قىلغىلىمۇ؟ — شاھىنشاھ شەمسىنىڭ ئاۋازىدىن ھەممىسى جىمىقتى، — نېمانداق تۇگىمەيدىغان پەلىپەتىش گەپلەر بۇ ... بولۇنۇۋاتقان ئورۇنسىز گۇمان، تېتىقسىز سوراق شاھلىق مەنمەنلىكىدىن كەلگەن ئەۋرەز يۇندىسىدۇر! ھەم شۇ ئادەمنىڭ ساپاسىز، سۇباتسىز، نادان ئېشەك ئىكەنلىكىدىن نىشاندۇر! قېنى ھېكايەڭنى باشلا بالا!

— شاھىنشاھ ئالىيلىرى، — زىلۋا پادىچى ئورنىدىن

تۇردى، — ھېكايە سۆزلەشتىن بۇرۇن ئىككى تەلىپىم بار، دەۋالسام ئىجازەتمىكىن؟

— قېنى سۆزلە!

— مەن بولغان ۋەقەنى سۆزلىگىنىم ئۈچۈن، بەزى تەپسىلاتلار قىسمەن ئادەملەرنىڭ قىلمىش - ئەتمىشلىرىگە ئوخشاپ قېلىشى مۇمكىن. بۇنى ئېغىر ئالمىسا ...

— ھېلىتىن ئادەمنى ئەندىشىگە سالغىلى تۇردۇڭغۇ، — شەمىس كۈلدى، — قېنى ئىككىنچى تەلىپىڭنى دېگىن.

— ھېكايە داۋاملىشىۋاتقاندا، بولۇپمۇ ئېغىر پاجىئە، قانخورلۇق، سۇيىقەست، ھىيلە - مىكىرلەر سۆزلىنىۋاتقاندا ھېچكىمنىڭ تالاغا چىقىشىغا رۇخسەت قىلمىغان بولسىلا ...

— ئىشىكتىكى قاراۋۇللار ئاڭلىدىڭلارمۇ؟ — ۋارقىرىدى شەمىس، — قايسى قاراۋۇل خىلاپلىق قىلسا، جازاسىنى ئۆزى تارتىدۇ.

— ئاڭلىدۇق شاھىنشاھ ئالىيلىرى! ...

زىلۋا پادىچى «رەھمەت» دەپ باش ئەگكەندىن كېيىن جايىغىلا ئولتۇرۇپ شەمىس، سۇمەنىنسا، ئايتۇران، ئابدۇل مۇلۇك، ئەكبەر ئەلىلەرگە مېھرى بىلەن بىر قارىۋەتكەندىن كېيىن، خەلىپە بۇزرۇك قۇتبىدىن قۇتيار، كىردەنشا نامچى ۋە زۇھرۇللا زامانلارغا نەپرەت يامغۇرلىرى يېغىپ تۇرغان كۆزلىرىنى تىككىنچە ھېكايىسىنى باشلىدى:

— مەن بىرنەچچە يىل شاھنىڭ قوي - كالا، تۆگىلىرىنى بېقىش، دەريا - قىرلارنى، ئۆتەك ئايماقلارنى، تاغ - تۇزلارنى، خىلمۇخىل يۇرتلارنى ئارىلاپ، بوۋاي - مومايلاردىن، مويسىپىت زاتلاردىن، تۇل خوتۇن، يېتىم - يېسىرلاردىن نۇرغۇن - نۇرغۇن ھېكايىلەرنى ئاڭلىدىم. ئۇلارنىڭ ھەسرەت نادامەتلىرى

يۈرىكىمنى خۇن قىلىۋەتتى. شۇڭا، بۇرۇنىسدا دېمەيلا قوياي. كۆز ئالدىمىزدىكى يىللاردا بولۇپ ئۆتكەن قارا قىسمەتلەردىن سۆز ئاچايلى. شۇ ۋەھشىيلىكلەر قارار تاپقان چاغلاردا، زامانىدىن زۇھەل دېگەن بىر پادىشاھ بولغانىكەن. ئۇنىڭ ئايسۇلتان دېگەن گۈزەللىكتە يەكتا، ئەقىل - پاراسەت، پەزىلەتتە پەرىشتە سۈپەت بىر قىزى بولۇپ، يەتتە ئىقلىم شاھ دىيارلىرىغا ئۇنىڭ داڭق - شۆھرىتى تارىلىپتۇ. ئەمما بۇ قىز ناھەقچىلىككە، زوراۋانلىققا بولۇپمۇ قانخورلۇققا زادىلا چىداپ تۇرالمايدىكەن. بۇنىڭ ئەكسىچە ئۇنىڭ شاھ ئاتىسى، ناكەس ۋەزىرى قۇلنەزەر قۇتبىنىڭ شۇملۇقلىرىغا ھامى بولۇپ، قىلمىغان ئەسكىلىكى قالماپتۇ. ئۇ كۆڭلىنى ئېچىش، شاھلىق ھۆكۈمرانلىقنى پەش قىلىش، زۇلۇم بىلەن ئۆزىنى كۆرسىتىش ئۈچۈن: «توخۇنىڭ نېمە ئۈچۈن ئەمچىكى يوق؟»، «قوشقارنى قوزىلىتىپ بەر ...»، «تاشتىن ئۆتۈك تىكىپ ئېلىپ كەل»، «ئېشەك نېمىدەپ ھاڭرايدۇ؟»، «ئاسمانغا زەدىۋال توقۇپ بەر ...» دېگەندەك بىمەنە تەلەپلەر ئارقىلىق ئاۋامنىڭ كاللىسىنى ئالىدىكەن، قەتلى قىلىنغانلارنىڭ بالىۋاقىسى زار - زار يىغلاپ، ئاياللىرى تۇل، بالىلىرى يېتىم بولۇپ قاپتۇ.

— بىر تاسقام بار ساراڭمۇ نېمە ئۇ؟ — دېدى تاشئات دىيارىنىڭ شاھى زىكرىيا زاھىت.

— بىر تاسقام ئەمەس، قىپقىزىل ساراڭكەن، — خەلەپ پادىشاھى ئەكبەرئەلى دىمىقىنى قاقتى.

— تىنچلىنىڭلار، — قانداقتۇر شەپىنى سەزگەن شەمس زۇھرۇللا زامانغا لەپپىدە قاراپ قويۇپ، قولىنى كۆتۈردى، — مۇباھىسەنى كېيىن قىلىڭلار.

ھېكايە باشلىنىپ - باشلانماي بېشى مەيدىسىگە ساڭگىلاپ

كەتكەن زۇھرۇللا زامان يەر تېگىدىن ئوغرىلىقچە زىلۋا پادىچىغا قارىدى.

ـــ شاھ ئاتىسىنىڭ قىلىۋاتقان زۇلۇم ـ سىتەملىرىگە چىداپ تۇرالمىغان مەلىكە ئايسۇلتان قانچە قېتىملاپ دادىسىنى توسۇپتۇ، ـــ دەپ داۋام قىلدى زىلۋا پادىچى ھېكايىسىنى، ـــ ھەتتا شاھنىڭ پۇتىغا ھۆل خىش قويۇپ ئۇنى «ئادىل»، «سېخىي»، «دانا» دېگەندەك ماختاشلار بىلەن ئوتتۇنچىدەك، بوزچىدەك نامراتلارنىڭ قىزلىرىنى، ۋەزىرى ئەزەمنىڭ ئەقىللىق قىزى ئەمىنەنى قەتل قىلىش ئالدىدا قۇتقۇزۇپ قاپتۇ.

بىر كۈنى شاھ زاماندىن زۇھەل ئىبلىس سول قول ۋەزىرى قۇلنەزەر قۇتبى بىلەن شىكارغا چىقىپ، ھېچنېمە ئوۋلىيالماي كەيپى ئۇچۇپتۇ. ئۇ ئالدىغا ئۇچرىغان بىر ئوۋچىغا «مەن ئاتىدىغان كېيىكنى سەن ئېتىۋالدىڭ» دېگەن باھانىدە ئۇنى قىيناپ قانغا بويىدى ھەم «دۇنيادا نېمە تاتلىق»، «توغرا جاۋابىنى تاپالىساڭ قۇتۇلىسەن، بولمىسا كاللاڭ كېسىلىدۇ» دەپ ئەقىلگە سىغمايدىغان تەلەپنى قويىدى. «دۇنيادا قەنتمۇ، ناۋاتمۇ، ھەسەلمۇ تاتلىق» دېگەن خىيالغا پېتىپ توغرا جاۋاب تاپالمىغان ئوۋچىغا مەلىكە ئايسۇلتان توغرا جاۋابىنى دەپ بەردى. لېكىن زاماندىن زۇھەل «جاۋابىنى ساڭا كىم دەپ بەردى؟» دېگەن باھانە بىلەن ئۇنى يەنىلا قەتل قىلماقچى بولغاندا، ئايسۇلتان مەردانىلارچە ئوردىغا كىرىپ ئوۋچىنى قۇتقۇزۇپ، ئۇنىڭ ئورنىغا ئۆزىنى ئۆلۈمگە تۇتۇپ بەردى. زاماندىن زۇھەل: «سەن قىز بالا تۇرۇپ، ئەر ـ خوتۇنچىلىقنىڭ تاتلىق بولىدىغانلىقىنى نەدىن بىلىسەن؟ ھەم سەن مېنى بىر ئوۋچى دېۋانىنىڭ ئالدىدا شەرمىسار قىلدىڭ» دېيىش ئارقىلىق قىزىنى قەتل قىلماقچى بولدى. لېكىن ئۇ ۋەزىرلەرنىڭ: «ئادەم ئەلەيھىسسالام زاماندىن

ھازىرغىچە ئايال كىشىنىڭ قىپنى تۆكۈلمىگەن» دېگەندەك نەسىھەتلىرى بىلەن ئايسۇلتاننى زىندانغا تاشلاشتى. بۇنىڭدىن خەۋەر تاپقان ئاق كۆڭۈل ئوڭ قول ۋەزىرى ئابدۇلبارى قىزى ئەمىنە بىلەن زىندان قورۇقچىلىرىغا نۇرغۇن تارتۇق ۋە ئىنئاملارنى بېرىپ، ئايسۇلتاننى بىر بورانلىق كېچىسى قۇتقۇزۇپ ئېلىپ چىقتى.

«ئەسلىدە ئىش مۇنداق ئىكەن.» دېگەن خىيال كۆڭلىدىن كەچكەن زۇھرۇللا زامان پادىچىغا قاراپ گاراڭلا بولۇپ قالدى. «بۇ دىۋانە ئات باقار نەلەردە يۈرۈپ قانداقلارچە بۇ ئىشلارنى شۇنچە ئېنىق ئاڭلاپ كەتتىكىنە؟ بىگىز قاپتا ياتماپتۇ، دېگەندەك مېنىڭ ئىشلىرىمنى پۈتۈن جاھان بىلىپ كەتكەن ئوخشىمامدۇ؟! بۇ پادىچى ئىسمىلىرىمىزنى قەستەن ئۆزگەرتىپ دەۋاتىدۇ ياكى ئۇنىڭغا سۆزلەپ بەرگەنلەر شۇنداق دېگەنمۇ؟ ئەجەب قورقۇنچلۇق تازكىنا بۇ ...»

پۈتۈن ۋۇجۇدىنى سۈس سوغۇق تىترەك ئىلكىگە ئالغان زۇھرۇللا زامان يۈرىكى ئۆيگەن ھالدا پادىچىنىڭ ھېكايىسىغا قۇلاق سالدى.

— ئەتىسىدىن باشلاپ شاھنىڭ پەرمانى بىلەن ئايسۇلتاننى ئىزدەش باشلاندى، — دېدى پادىچى ھېكايىسىنى داۋام قىلىپ، — ئابدۇلبارى ھەم ئۇنىڭ قىزى ئەمىنە چوڭ ساندۇق ياسىتىپ ئايسۇلتاننى شۇنىڭ ئىچىدە يوشۇرۇپ باققانىدى، ئەمما ئوردا لەشكەرلىرى ئۆي بېسىپ ئاختۇرۇشنىڭ بەشىنچى كۈنى خەتەر ئىچىدە قالغان ئابدۇلبارى، ئەمىنە، ئايسۇلتانلار ساندۇقنى ئاتقا سۆرىتىپ دەريا بويىغا قاچتى. شەھەر تەرەپتىن قوغلاپ كېلىۋاتقان لەشكەرلەرنىڭ سانسىزلىغان مەشئەللىرى يېقىنلاپ كەلمەكتە ئىدى. ئۇچەيلەننىڭ ساق قالمايدىغانلىقىنى بىلگەن

ئايسۇلتان ئاتا ـ بالا بىلەن قۇچاقلىشىپ خوشلاشتى ـ دە، ئۆزىنى ساندۇققا سېلىپ ئېقىتىۋېتىشىنى ئۆتۈندى. شۇنداق قىلمايمۇ باشقا چارە يوق ئىدى ... ئابدۇلبارى بىلەن ئەمىنە بوراندەك ياش تۆكۈپ ساندۇق ئاغزىنى ھىم ئەتتى ـ دە، ئۇنى دەريا ئېقىنىغا قويۇۋەتتى ...

*　　　*　　　*

ئەلقىسسە، مەلىكە ئايسۇلتان دەريادا بىرنەچچە كۈن ئاققاندىن كېيىن، بىر قوشنا مەملىكەتكە بېرىپ قالدى. دەريا بويىدا ئوتتۇن كېسىۋاتقان بىر ئوتۇنچى سۇدا لەپەڭلەپ كېلىۋاتقان ساندۇقنى كۆرۈپ قالدى ـ دە، بەلگىچە سۇ كېچىپ ساندۇقنى قىرغاققا ئېلىپ چىقتى. لېكىن ئۇ ئاغزىنى ئېچىشقا جۈرئەت قىلالمىدى. چۈنكى ئۇ بىر كىچىك شىشە قۇتا ئىچىگە بەنت قىلىنغان دىۋە، قاپاققا سولاپ دۇئايىبەت قىلىنغان ئالۋاستى، يالماۋۇز، ساندۇققا تىقىپ دەريا ـ دېڭىزلارغا قويۇۋەتكەن ئەجدىھا، يىلان ھەققىدىكى رىۋايەتلەرنى كۆپ ئاڭلىغانىدى. شۇڭا ئۇ «كاللىمۇ يىمەي، چىشمۇ چاقماي، ئەڭ ياخشى ئامال شاھقا ئاپىرىپ بېرىپ، بىرەر تارتۇق ئالىمدىم» دېگەن ئويغا كېلىپ، ساندۇقنى ئۆي ھارۋىسىغا سالدى. ئوتۇنچى بىرقانچە ساراي نەۋكەرلىرى بىلەن ساندۇقنى ئوردا ئىچىگە ئېلىپ كىردى. «ئۇنىڭ ئىچىدە نېمە باردۇ؟» دەپ دەرگۇماندا بولغان پادىشاھمۇ قورقۇپ يېقىن كېلەلمىدى. نەۋكەرلەرمۇ بىر ـ بىرىگە بەس سېلىپ، ئېچىشقا جۈرئەت قىلالمىدى. ئاخىر ئۇلارنىڭ كۆچى يەنىلا بىچارە ئوتۇنچىغا يەتتى. ئوتۇنچى تىترەپ تۇرغان قوللىرىدا ساندۇق ئاغزىنى ئاچتى. ھەممە يۈپۈرۈلۈپ كېلىپ

قاراشتى ـ دە، «ۋاھ! ...» دەپ ۋارقىرىۋېتىشتى. ساندۇق ئىچىدە ئاي دېسە ئاي ئەمەس، كۈن دېسە كۈن ئەمەس، دۇنيادا يەكتا، تەڭداشسىز بىر ساھىبجامال ياتاتتى. پادىشاھ قىزنى كۆرۈپ، ئەس ـ ھوشىنى يوقاتقاندەك بولدى ـ دە، ئۇنىڭ ناۋاينىڭ يايغۇسىدەك دىقماق، پاكار، مىلىقلاپ تۇرغان سېمىز گەۋدىسى ئىلەڭ ـ سىلەڭلا بولۇپ قالدى. ئوردا مۇلازىملىرى ئۇنى كۆتە ـ كۆتە قىلىشىپ ھەرەمخانىسىغا ئەكىرىپ ياتقۇزۇشتى. بىرقانچە كۈنلەر ئۆتكەندىن كېيىن پادىشاھ مەلىكىنى چاقىرىۋېلىپ، ئۇنى ئۆز نىكاھىغا ئالىدىغانلىقىنى ئۇقتۇردى. قارشىلىق قىلسا ياخشى ئاقىۋەت كۆرمەيدىغانلىقىنى مۇسەللىگەن ئايسۇلتان پاراسەت بىلەن ھىيلە ئىشلەتتى.

— تەلەپلىرىگە قوشۇلاي، — دېدى ئايسۇلتان پادىشاھنىڭ پەكمۇ ئىسكەتسىز سىياقىغا زەن سېلىپ، — ئەمما مېنىڭ شەرتىم بار.

— قېنى دەۋەرگىن، قۇلىقىم سەندە.

— بىرىنچىدىن، سىلىنىڭ مەملىكەتلىرىنى نېمەدەپ ئاتايدۇ؟ ئىككىنچىدىن، ئىسىم ـ شەرىپىلىرىچۇ؟ — ئايسۇلتان غەلىتىلا كۈلۈمسىرەپ قويدى، — مەن بۇلارنى بىلمەي تۇرۇپ ئۆزۈمنى بەخشەندە قىلسام بولماس.

— ۋاي توۋا، شۇمىدى، — شاھ ھىجىيىۋىدى، ساپسېرىق ئاراچ چىشلىرى كۆرۈندى. — مېنىڭ بۇ دۆلىتىمنى «تاشئات» دىيارى پادىشاھلىقى دەپ ئاتايدۇ. ئىسمىم بولسا زەينۇل زاباندۇر!

سورۇندا ئولتۇرغان «تاشئات» دىيارىنىڭ شاھى زىكرىيا زاھىت چۆچۈپ قاردى. ئۇ: «مەندىن ئىلگىرى ئۆتكەن شاھىمكىنە، ئىسمىنى ئەجەب ‹زەينۇل زابان› دەيدىغۇ. مەلىكىنىڭ

ئىسمىغۇ «گۈلسۈمەن» ئىدى. پادىچى بولسا ئايسۇلتان دەۋاتىدۇ. بۇ ئەجەب گادىرماچلا ئىشلارغۇ؟ لېكىن شۇ چاغدىكى يۈز بەرگەن ۋەقەلەر ئەينەن سۆزلىنىۋاتامدۇ ... بۇ پادىچى ئادەمگە ئۆزگەرگەن جىنمۇ، شاياتۇنمۇ؟» دېگەنلەرنى خىيالىدىن ئۆتكۈزگەن زىكرىيا زاھىت ئورنىدا سەل قىمىشىپ قويۇپ، قورقۇپقىنا پادىچىغا قارىدى. بۇ چاغدا پادىچى ھېكايىسىنى يەنە داۋام قىلدى.

— بەك ياخشى بولدى، ئەمدى ئۈچىنچى شەرتىم، — دەپتۇ مەلىكە ئايسۇلتان، — ئالدى بىلەن مەن بۇ يەرگە قانداق كېلىپ قالغانلىقىمنى بىلىۋالاي، ساندۇقنى ئېقىتىپ كەلگەن دەريا بويىغا بېرىپ كېلىشىمگە رۇخسەت قىلغان بولسىلا.

— شۇنچىلىك ئىشمىدى، — زەينۇل زابان خوشلۇقىدا ئالىقانلىرىنى ئىشقىلاپ كەتتى، — مەن بىرقانچە ئادەملەرنى ھەمراھ قىلىپ قوياي.

پادىشاھ ئايسۇلتاننى ئوردا كېنىزەكلىرىگە قېتىپ، چىرايلىق ياسالغان مەپىگە سېلىپ قويىدى. ئۇلار دەريا بويىغا بارغاندىن كېيىن، سەيلى ـ ساياھەت قىلىپ ئايلاندى. ئايسۇلتان دەريانىڭ راسا شاۋقۇنلاپ ئېقىۋاتقان قىرغىقىغا كېلىپ توختىدى. ئۇ چەشمە زىلاللار چاچرىتىپ، قوغلىشىپ كېتىۋاتقان سۈزۈك سۇغا قارىغىنىچە ھەسرەتلىك خىياللارغا پاتتى.

بۇ دۇنيانىڭ نادامەتلىرىنى، قايغۇ ـ ئازابلىرىنى تىرىكلەرگە قالدۇرۇپ، ئۆزىنى سۇغا ئاتماقچى بولغان ئايسۇلتاننىڭ ياۋاش، مۇلايىم، ئاغرىقچان ئانىسى، مېھرىبان، كۆيۈمچان ئىنىكئانىسى كۆڭلىدىن كەچكەندى. راست، ئۇ سىغىنىش ئىچىدە ئۆرتەندى. نېمە ئامال، بۇ دىشۋارچىلىقلار زالىم دادىسىدىن كېلىۋاتسا، ئۇنىڭدىن ھېچ راپاۋەت كۆرمىسە، ئۇنىڭ: «بىر كەمبەغەل

يىگىتكە تېگىپ، دادامنىڭ تەختىگە ۋارىسلىق قىلدۇرىمەن، خەلقنى ئازاب ـ كۈلپەتتىن قۇتۇلدۇرىمەن» دەپ ئىچكەن قەسەملىرى ئۆزى بىلەن بىللە ئۇ دۇنياغا كېتەرمۇ؟ ئاشۇ تولۇم چاشقاندەك شاھقا خوتۇن بولغاندىن ئۆلگىنى تۈزۈككقۇ!

ئايسۇلتان ئۆركەشلەپ ئېقىۋاتقان دەرياغا ئۆزىنى تاشلىۋەتتى. بىللە بارغان كېنىزەكلەر ۋارقىرىشىپ، چۇرقىرىشىپ دەريا قىرغاقلىرىدا بىر ھازا ئايلىنىپ ئوردىغا قايتىشتى. ئەھۋالدىن خەۋەر تاپقان پادىشاھ زەينۇل زابان مەلىكە ئايسۇلتاننىڭ دەردىدە سەرگەردان بولۇپ، ئۇنى ئىزلەپ چۆل ـ باياۋانلارغا چىقىپ كەتتى.

ئارىدىن بىر نەچچە كۈنلەر ئۆتتى. مەلىكە ئايسۇلتاننى يۇتۇپ كەتكەن دەريا سۈيى چىمەنلىك ۋادىلار، گېل قىرغاقلار، قورام تاشلىق جىلغىلارنى ئارقىدا قالدۇرۇپ ئاقماقتا ئىدى. كۆكۈلمەيدانلىق دەريا قاسناقلىرىدا ئاتا ـ بالا بېلىقچىلار سۇغا تور تاشلاپ بېلىق تۇتۇۋاتاتتى. ئوتتۇرا بوي، قارىراق كەلگەن، 20 ياشلار ئەتراپىدىكى يىگىت تۇيۇقسىزلا ۋارقىرىۋەتتى:

— قارىغىنا دادا، سۇدا بىر نېمە ئېقىپ كېلىۋاتىدۇ.

— ۋۇي سالمۇ نېمە؟ — بوۋاي قولىنى كۆزىگە سايىۋەن قىلىپ قارىدى، — ئۈستىدە بىر نېمە باردەك قىلامدۇ ـ نېمە؟

— بىر ئايال كىشى ياتقاندەك قىلىدۇ، — سالدەك بىر نېمە بارغانسېرى يېقىنلاپ كەلدى، — ۋاي دادا، ئاجايىپ يوغان تاشپاقا ئىكەن. ئۇنىڭ ئۈستىدە بىر قىز ياتقاندەك قىلىدۇ.

تاشپاقا قىرغاققا يېقىنلاپ كېلىپ، سۇدىن بېشىنى چىقاردى. ئۇ: «بۇ ناتىۋان بىچارىنى بىرقانچە كۈنلەر بولدى يۇدۇپ يۈرگىنى، ئەمدى سىلەرگە تاپشۇراي ...» دېگەندەك ئاتا ـ بالا ئىككىسىگە قارىدى. يىگىت سۇغا ئۈزۈپ كىرىپ، قىزنى

قوچاقلىغىنىچە قىرغاققا ئېلىپ چىقتى. چوڭ تاشپاقا: «دۇنيادا ئىنساندىن ئۇلۇغ نەرسە يوق، بىر قىزنى قۇتقۇزۇپ ساۋاب ئالدىم، خوش ئەمىسە ...» دېگەندەك ئارقىسىغا قاراپ - قاراپ قويۇپ سۇغا شۇڭغۇپ كىرىپ كەتتى. ئاتا - بالا بېلىقچىلار پۇت - قوللىرىنى تاشلاپ ياتقان پەرىزاتقا قارىغىنىچە، ئېچىنغان هالدا باشلىرىنى چايقاشتى.

بۇ قىز ئوقۇرمەنلەرگە تونۇشلۇق! ئۇ پاراغەتلىك تۇرمۇشتىن قول ئۈزۈپ، ئادالەت، ئەركىنلىك، ھۆرلۈك ئۈچۈن جان پىدا قىلغان قىز ئايسۇلتان ئىدى. ئۇ ئۆزىنى دەرياغا تاشلاپ، بۇرۇقتۇرمىچىلىق ئىچىدە، جان تالىشىۋاتقاندا چوڭ ئانا تاشپاقا ئۇنى دۈمبىسىگە ئېلىپ قۇتقۇزۇۋالغانىدى.

— دادا قارا، ئۇ تېخى تىرىككەن، نەپەس ئېلىۋاتقانلىقى بىلىنىۋاتىدۇ، — دېدى يىگىت ھاياجانلىنىپ، — ئەنە، ئەنە كۆزىنى ئاچتى.

— بالام ئابدۇنەبى، سەن بۇ قىزنى كۆتۈرۈپ ئۆيگە ئاپارغىن، — بوۋاي ئايسۇلتاندىن ئەنسىرەپ تۇراتتى، — ئۇ بەك ئاجىزلاپ كېتىپتۇ. بىر نەچچە كۈن ئوبدانراق باقايلى.

ھەر كۈنى قۇۋۋەتلىك تاماقلار بىلەن بېقىش تاپقان ئايسۇلتان كۈندىن - كۈنگە ئەسلىگە كېلىپ بۇرۇنقى ھۆسنىگە تولۇشقا باشلىدى. بوۋاي بىلەن ئوغلى ئابدۇنەبى ھەر كۈنى سەھەردە بېلىق تۇتۇشقا چىقىپ كېتەتتى. ئايسۇلتان ئۇلار كەلگۈچە ئۆي ئىشلىرىنى قىلىپ، مەززىلىك تاماقلارنى ئېتىپ تەييار قىلىپ تۇراتتى. ئەمما ئۇ بىر ئېغىزمۇ زۇۋان سۈرمەي، سۈكۈت ئىچىدە كۈنلىرىنى ئۆتكۈزەتتى. شۇنداقتىمۇ بېلىقچى بوۋاي ئۇنى ئۆز قىزىدەك ياخشى كۆرەتتى. 20 ياشلاردىن ھالقىغان ئابدۇنەبى بولسا كۆزلىرىنى ئېلىپ قېچىپ قىزغا قاراشقا پېتىنالمايتتى.

ئۇنىڭ ھايالىق، ئەخلاق ـ پەزىلەتلىك يىگىت ئىكەنلىكىگە كۆزى يەتكەن ئايسۇلتان پات ـ پاتلا قەسىمىنى ئەسكە ئالاتتى. بىر كەمبەغەل يىگىتنى دادىسىنىڭ ئورنىغا ئولتۇرغۇزۇپ، ئاۋامنى ياخشى كۈنلەرگە ئېرىشتۈرۈشتىن ئىبارەت ئارزۇسى ئۇنى تەقەززا قىلاتتى. ئايسۇلتان ھەر قېتىم ئابدۇنەبى بىلەن ئۇچراشتى ـ يۇ، بۇ ئارزۇسى تېخىمۇ كۈچىيىپ كېتەتتى. گەرچە يىگىتكە نەپرىتى ياكى مۇھەببىتى بولمىسىمۇ، ئارزۇ ـ ئارمانلار يولىدا ئۆزىنى قۇربان قىلىشتىن يانمايتتى. بىر كۈنى تاماق ئۈستىدە ئولتۇرغاندا ئابدۇنەبى سۆز باشلاپ قالدى.

ـــ دادا، پادىشاھنىڭ بىر يىلدا بىر قېتىم ئالىدىغان چوڭ سېلىقى يېقىنلاپ قالدى، قانداقمۇ قىلارمىز، بولتۇر ئات، كالا، قويلارنى سېتىپ تەستە قۇتۇلغانىدۇق.

ـــ خۇدايىم بار بالام، بىر ئامالى بولار ...

ـــ قانداق چوڭ سېلىقكەن ئۇ؟ ـــ ئايسۇلتان گەپ قىلغانىدى، ئاتا ـ بالا تېڭىرقاپ تۇرۇپ قالدى، ـــ ماڭا دېگىلى بولمامدۇ ـ يە؟

ـــ يا، ياق قىزىم، ـــ بوۋاي قىزنىڭ گەپ قىلغىنىدىن خۇشال بولۇپ كەتكەنىدى، ـــ پادىشاھىمىز زەينۇل زابان ھەر يىلى باغدادنىڭ شاھەنشاھىغا سېلىق تاپشۇرىدۇ. ئۇ بۇ سېلىقنى خەلققە چېچىپ يىغىۋالىدۇ.

ـــ شۇ باھانىدا، ـــ ئابدۇنەبىنىڭ قاپاقلىرى تۈرۈلدى، ـــ بەگلەر بېيىپ كېتىدۇ.

ـــ سىلەرمۇ «تاشئات» پادىشاھلىقىغا قارايدىكەنسىلەر ـ دە؟

ـــ شۇنداق قىزىم، گەرچە بىر قانچە كۈنلۈك يىراقتا بولساقمۇ، شۇلارنىڭ ھۆكۈمرانلىقىدا ياشايدىغان پۇقرالارمىز.

ئايسۇلتان بۇ ياقتىن ساندۇقتىن چىقىپ بولغۇچە، ئۇ ياقتىن «ماڭا تەگ» دەپ تۇرۇۋاتقان، تۇزغاق كالتىكىدەك دىقماق، چىشلىرى لايدىن سۇزۇۋالغان قوزۇقتەك قاپقارا قىرى شاھنى كۆز ئالدىغا كەلتۈردى. لېكىن ئۇنىڭ باغداد شاھىنشاھى شەمسكە بەيئەت قىلىدىغانلىقىنى ئاڭلاپ، كۆڭلىگە ئەمىنلىك يار بولدى.

— بوۋا، بۇ ھالقىنى شەھەرگە ئەكىرىپ سېتىپ كېلىڭ، — دېدى ئايسۇلتان ھالقىسىنىڭ بىر پېيىنى بوۋايغا بېرىپ، — ئېلىپ ـ ساتار، ھايانكەش، مەككارلارغا كۆرسەتمەڭ، پەقەت سەرراپ [1]، ئەتتار [2] دۇكانلىرىغا ئاپارسىڭىز باھاسىغا يېتىپ ئالىدۇ.

— بۇ ... بۇ ... شۇنچە ئەتىۋارلىق نەرسىمۇ؟ ئەمما كۆزى ئەجەب چاقنايدىكەن.

— سىز باھاسىنى دېمەڭ، «چاغلاپ ئېلىڭ، بۇ دېگەن شاھلار تەۋەررۇكى» دەپ جىم تۇرۇڭ، باھا قويسا يەنە جىم تۇرۇۋېلىڭ، ئۇلار باھاسىنى ئۆرلىتىدۇ.

بوۋاي ئايسۇلتاننىڭ دېگىنى بويىچە بىر سەرراپ دۇكىنىنىڭ خوجايىنىغا كۆرسىتىپ تۇرۇشى ئەتراپتىكى سەرراپ، ئەتتار دۇكانلىرىنىڭ خوجايىنلىرى يوپۇرۇلۇپ كېلىشتى. ئۇلار ھالقىنى كۇنگە تۇتۇپ، تىلىنى تەگكۈزۈپ بېقىپ، كۆزلىرى چەكچىيىپ كېتىشتى. بىرى: «پاھ، پادىشاھنىڭ سارىيىغا لايىق ھالقا ئىكەن» دېسە، يەنە بىرى: «كۆزى ساپ گۆھەركەن ئەمەسمۇ» دەيتتى. يەنە كىمدۇر بىرى: «پادىشاھ خانىش، مەلىكىلىرىنىڭ تاقايدىغان ھالقىسىكەن» دەپ تاماقلىرىنى چاكىلدىتاتتى. ئۇلار

[1] سەرراپ ـ ئالتۇن سودىگەرلىرى.

[2] ئەتتار — ئۈنچە ـ مارجان، گۆھەر سودىگەرلىرى.

بىر ـ بىرىدىن قىزغىنىشىپ: « 10 تىللا، 100 تىللا، 1000 تىللا دېيىشىپ ۋارقىرىشىپ كېتىشتى. ئاخىر بىر سەرراپ 1200 تىللاغا سېتىۋالدى. بوۋاي ئۇلارنىڭ ئارىسىدىن تەسلىكتە سۇغۇرۇلۇپ چىقىپ، 1200 تىللانى قويىنىغا سالدى ـ دە، دەرھال غايىب بولدى.

ئەھۋالدىن خەۋەر تاپقان ئايسۇلتان ئىنتايىن خۇرسەن بولدى. ئەمما بوۋاي بىلەن ئابدۇنەبى قىزنىڭ تېگى ـ تەكتىدىن گۇمانلىنىپ قالدى. بولۇپمۇ، سەرراپ ۋە ئەتتار خوجايىنلىرىنىڭ «پادىشاھ سارايلىرىغا مەنسۇپ!»، «خانىش، مەلىكىلەرنىڭ» دېگەن سۆزلىرى ئۇلارنىڭ گۇمانىنى تېخىمۇ كۈچەيتىۋەتتى.

— قىزىم ئۆزلىرى؟! — دېدى بوۋاي سەل تىترەپ، — زا ... زادى كىم بولىدىلا؟

ئايسۇلتان يوشۇرۇپ ئولتۇرمىدى. ئۇ ئۆزىنىڭ شاھ قىزى ئىكەنلىكى، كېنىزەكلەر بىلەن سۇغا چۈمۈلۈۋېتىپ، دەريادا ئېقىپ كەتكەنلىكىنى سۆزلەپ بەردى. ئەسلىدە ھالقىنى پادىشاھ ئۆز خەزىنىسىدىكى ئەڭ قىممەتلىك گۆھەردىن كۆز قويدۇرۇپ ياسىتىپ بەرگەنىدى.

— قىزىم، قايسى مەملىكەتنىڭ پادىشاھى ئۇ؟

— بوۋا، كۆڭلىڭىزگە ئالماڭ. بۇ ھازىرچە خۇپىيانە، كېيىن بىلىپ قالىسىز.

ئايسۇلتاننىڭ سۆزلىرىدىن ئاتا ـ بالا بېلىقچىلار ئەيمىنىپ قېلىشتى. شۇنداقتىمۇ ئۇلار قىزنىڭ ئىلتىجاسى بىلەن شەھەردىن تامچى، ياغاچچى، نەققاشچى ۋە تۆمۈرچى ئۇستىلارنى چاقىرىپ كېلىشتى. ئۇلار دەريانىڭ قىرغىقىغا خۇددى ئايسۇلتاننىڭ دادىسىنىڭ تەختىگە ئوخشاش راۋاق سېلىشتى ھەم ئوردا ئۆيلىرىدەك ھوجرا، سارايلارنى سېلىپ ئاتا ـ بالا

بىلىقچىلارنى ئولتۇرغۇزۇپ قويدى. ئارقىدىنلا ئايسۇلتان يەنە بىر پاي ھالقىسىنى ھەم بىلەزۈكنى سېتىپ، راۋاق ئەتراپىغا ئۆي، ئاشخانا، دۇكان، ھامماملارنى سېلىپ، دەريا بويىدا تارقاق ئولتۇرۇۋاتقان بېلىقچى، چارۋىچى، كاسىپلارنى يىغىپ ئورۇنلاشتۇردى. ئەمدىلىكتە دەريا بويىدا ئۆزى كىچىكرەك بولسىمۇ مېھرى ئىللىق شەھەر بەرپا بولدى. ئايسۇلتان ئابدۇنەبىنى شەھەر ئاتامانى قىلىپ بېكىتتى. بۇ شەھەرگە «شەھىرى ئاۋات» دەپ نام بېرىشتى. ئابدۇنەبىنى پادىشاھ قىلىپ دادىسىنىڭ تەختىگە ۋارىسلىق قىلدۇرۇش قەسىمىنى بىر نەپەسمۇ ئېسىدىن چىقارمىغان ئايسۇلتان بوۋايغا ئۆزى گەپ ئېچىشنى لايىق تاپتى. چۈنكى، بوۋاي بىلەن ئابدۇنەبى شاھ مەلىكىسىگە ئېغىز ئېچىشقا تىلى كۆيەتتى.

— بوۋا، ئوغلىڭىز ئابدۇنەبى بىلەن ئۆمۈرلۈك جۈپتى ھەمراھ بولۇشنى خالايمەن، — دېدى ئايسۇلتان يەرگە باققىنىچە، — بۇنىڭغا رازى بولامسىز؟

بوۋاينىڭ كۆزلىرى چىمچىقلاپ، ئاغزى ئوچۇقلا قالدى. ئۇ بۇنداق ساۋابلىق ئىشنى ئويلىمىدى ئەمەس، ناھايىتى كۆپ ئويلىدى. بىراق ئايسۇلتاندىن ئىبارەت ئېگىز ئوقۇرغا بويى يەتمەسلىكىدىن ئەنسىرەپ چىش يېرىپ بىر نېمە دېمىگەنىدى. مانا ئەمدىلىكتە قىز «مەلىكە» دېگەن لىباسىنى سېلىپ تاشلاپ يۈرەك سۆزىنى دەپ ئولتۇرۇپتۇ. ھەي كۆڭۈل! كۆڭۈل دېگەن شاھ، گاداي، باي - نامرات، يۇقىرى - تۆۋەن دېگەنلەرنى تەرك ئېتىدىكەندە! لېكىن ئوردا بېغىدا ئۆسكەن بۇ گۈل بېلىقچىنىڭ غورىگىل غەمخانىسىدا پۇراق چاچالارمۇ؟ ئاز كۈن ئۆتمەي سولىشىپ قۇرۇپ قالارمۇ؟!

— ئەي قىزىم، — دېدى بوۋاي يىغلاشنى ياكى كۈلۈشنى

بىلمەي، — مەن قول ئىلكىمدە يوق كەمبەغەل بىلىقچىمەن، سىلىنى ئوغلۇمغا ئېلىپ بەرگۈدەك بىساتىم يوق ...

ئايسۇلتان بوۋاينىڭ غەم - قايغۇسىنى بىلىپ تۇرغاچقا،ئۇ گەپنى ئەگىتمەي ئۇدۇللا دېدى:

— بوۋا، ئۇنداق خىياللاردا بولماڭ، سىلەر نېمە كىيسەڭلار مەنمۇ شۇنى كىيىمەن، سىلەر نېمە يېسەڭلار مەنمۇ شۇنى يەيمەن. ئۇنىڭ ئۈستىگە مۇشۇ شەھەر تۇسىنى ئالغان قەسىر سىلەرگە تەئەللۇق ئەمەسمۇ؟

بۇ چاغدا ئىشىك ئېچىلىپ ئېتىلىپ كىرىپ كەلگەن ئابدۇنەبى دادىسىنىڭ تىزلىرىنى قۇچاقلاپ يىغلىۋەتتى.

— دادا، ماقۇل دېگىن! مەن ئايسۇلتانغا ئاشىق! ئۇنىڭسىز ياشىيالمايمەن! ... ، — ئابدۇنەبى ئايسۇلتانغا لەپپىدە قاراپ كۆزىنى قاچۇردى - دە، پەس ئاۋازدا پىچىرلىدى، — رەھمەت ئايسۇلتان، ئەگەر سىز دېمىگەن تەقدىرىڭىزدە، مەن ئۆمۈر بويى ئېغىز ئاچالمايتتىم ... پەزىلىتىڭىزگە، ھىممىتىڭىزگە، پاك ئەقىدىڭىزگە تەشەككۇر! ...

ئابدۇنەبىنىڭ سۆزلىرىدىن ھاياجانغا تولغان ئايسۇلتان ئۈنسىز ياش تۆكتى. ئۇ ئىچىدە: «ھەقىقىي چىن سۆيۈش ئاۋامنىڭ ئاددىي تۇرمۇشىدا ئىكەن» دېگەنلەرنى ئويلىدى. ئىككى ياشنىڭ كۆڭۈل رىشتىلىرىدىن تەسىرلەنگەن بوۋاي ئۇلارنىڭ قوشۇلۇشىغا رازىمەنلىك بېرىپ، بىر نەچچە كۈن توي تەييارلىقى قىلىشنى ئۇقتۇردى.

كونىلار: «بىر كۆلكىنىڭ بىر يىغىسى بار» دەپ بىكار ئېيتماپتىكەن، ئۇلار توي تەييارلىقى قىلىۋاتقان كۈنلەرنىڭ بىرىدە، پۇقراچە كىيىنىپ، يېنىغا قىلىچ ئاسقان دىقماققىنە پاكار بىر ئادەم «شەھىرى ئاۋات» قەسرىنىڭ چوڭ دەرۋازىسى

ئالدىدا توختىدى. ئۇ ئايسۇلتاننىڭ ئىشقى ـ پىراقىدا سەرسان بولۇپ يۈرگەن، «تاشئات» پادىشاھلىقىنىڭ شاھى زەينۇل زابان ئىدى. ئۇ نۇرغۇن شەھەر، قەلئەلەرنى ئايلىنا ـ ئايلىنا، ئاخىر يول بويى سۈرۈشتۈرۈپ، شاھانە گۆھەر ئۈزۈك ساتقان بىلىقچىنىڭ ئۆيىنى تېپىپ كەلگەنىدى. لېكىن بۇ يەرگە ئۆزى كىچىكرەك بولسىمۇ، كۆركەم، چىرايلىق بىر شەھەرنىڭ سىلىنغانلىقىنى كۆرۈپ گۇمانى تېخىمۇ كۈچەيدى. ئۆتكەن ـ كەچكەنلەردىن سورىغانىدى، ئۇلار: مەلىكە ئايسۇلتان ئاپىرىدە قىلغان «شەھىرى ئاۋات» شەھىرى دەپ جاۋاب بېرىشتى. زەينۇل زابان خۇددى گۆھەر تېپىۋالغاندەك خۇشال بولۇپ، دەرۋازىۋەنگە يېلىنىشقا باشلىدى:

ــ بۇ مەلىكە مېنىڭ قولۇمدىن قېچىپ كەتكەن. مەن ئۇنى ماڭ تەسلىكتە ئىزدەپ تاپتىم. مېنى كىرگۈزۈۋەتسەڭلار.

ــ سەن كىم؟ بىز سېنى تونۇمايمىز، نەگە بارساڭ بار، ــ دەپ ۋارقىرىدى دەرۋازىۋەن.

ــ ھەرقايسىڭ تولا ھەددىڭدىن ئاشما، ــ چالۋاقىدى زەينۇل زابان قىلىچىنى ئۇيىنىتىپ، ــ مەن دېگەن شاھ ... ھەرقايسىڭنىڭ شاھىمەن، ئەگەر كىرگۈزمىسەڭ چېپىۋېتىمەن.

بۇ غەۋغادىن خەۋەر تاپقان مەلىكە ئايسۇلتان ئۇنى كىرگۈزۈشكە ئىجازەت بەردى. شاھ كىرىپلا ئايسۇلتانغا:

ــ يۈزۈڭنى ئاچ، مەن بىلەن ئۆيگە كېتىسەن، ــ دەپ قىلىچىنى چىقاردى.

ــ مەن سەن بىلەن نېمىشقا كەتكۈدەكمەن، ــ ئايسۇلتانمۇ بوش كەلمىدى، ــ سېنىڭ ماڭا ئۆتكۈزۈپ قويغان نېمەڭ بار؟

ــ مەن دېگەن شاھ، ــ ۋارقىرىدى زەينۇل زابان، ــ مېنىڭ ھۆكمىم ئاللانىڭ ھۆكمى بىلەن باراۋەر ... بويۇنتاۋلۇق قىلىشقا

ھەددىڭ ئەمەس!

— سەن شاھ بولساڭ، مەنمۇ شاھنىڭ قىزى، ـ ئايسۇلتان ئاچچىقىدا ئاقىرىپ كەتكەنىدى، — ئەگەر ئاتام زامانىدىن زۇھەل ئاڭلىسا، كۇلۇڭنى كۆككە سورۇيدۇ.

— زامانىدىن زۇھەلمۇ ماڭا ئوخشاشلا شاھ، — زەينۇل زابان پەيلىدىن يانىدىغاندەك ئەمەس ئىدى، — ئۇ شاھىنشاھ ئەمەس، ئەگەر ئاتاڭ ئۇرۇشماقچى بولسا، سەن ئۇچۇن جەڭگە ئاتلىنىمەن.

ھېكايىدىكى ۋەقەلەرنى ئاللىقاچان ئۆزگە ئېلىنىۋالغان زۇھرۇللا زامان كىچىككىنە دىيارىنىڭ پادشاھى زەينۇل زاباننىڭ ئۆزگە ئۇرۇش ئېلان قىلماقچى بولغانلىقىدىن زىكرىيا زاھىتقا غىجىنىدى بولغاي، ئىچىدە: «قارا بۇ مىتە قۇرتنىڭ يوغانچىلىقىنى» دەپ تىللىدى. ئاڭغۇچە پادىچىنىڭ ئاۋازى ئۇنى ئەسلىگە كەلتۈردى.

بۇ چاغدا ئىشىك زەرب بىلەن ئېچىلىپ، پالتا كۆتۈرگەن ئابدۇنەبى كىرىپ كەلدى. ئۇ ھېچقانداق گەپ قىلمايلا، چوڭ ساراي ئىچىدە زەينۇل زاباننى قوغلاپ پالتىسىنى شىلتىپ ئۇنى نەچچە پارچە قىلىۋەتكىلى تاسلا قالدى. ئەگەر ئايسۇلتان ئۇنى قۇچاقلاپ تۇتۇۋالمىغان بولسا، زەينۇل زابان قانغا مىلىنىپ يەردە ياتقان بولاتتى. قورقۇپ كەتكەن شاھ غال ـ غال تىترىگىنىچە كېكەچلەپ كەتتى:

— سە ... سەن كىم؟ ... مې ... مېنى نېمە قىلماقچىسەن؟

— بىلىپ قوي قېرى توڭگۇز، ئۇ مېنىڭ بولغۇسى ئايالىم، — ئابدۇنەبىمۇ ئاچچىقىدا تىترەۋاتاتتى، — ئۈچ كۈندىن كېيىن بىزنىڭ تويىمىز بولىدۇ.

— تويىمىز؟! — زەينۇل زابان بىردىنلا سارغىيىپ كەتتى، — بولىدۇ، مەن ... مەن ھەرقايسىڭنىڭ توي قىلغىنىڭنى كۆرۈپ

باقاي ... قاراپ تۇر، توي نېمەتلىرىڭنى مېنىڭ لەشكەرلىرىم يەيدۇ ...

شاھ زەينۇل زابان چىقىپ كەتتى. ئەمما ئەتىسى تويلۇق لازىمەتلىكلىرى ئېلىش ئۈچۈن شەھەرگە كىرىپ كەتكەن ئابدۇنەبى قايتىپ چىقمىدى. شەھەر ئىچىدە ھەر قىسما ئەپقاچتى گەپلەر تارقىلىشقا باشلىدى. بەزىلەر ئۇنى: «بىرنەچچە ئادەم باغلاپ تۇتۇپ كېتىپتۇ» دېسە، يەنە بەزىلەر: «ئۆلتۈرۈپ دەرياغا تاشلىۋېتىپتۇ» دېگۈچىلەرمۇ بولدى. بوۋاي ئالدىدا ئىنتايىن تەڭلىك ئىسكەنجىسىدە بوغۇلۇپ قالغان ئايسۇلتان زەينۇل زابان بىلەن سۆزلەشمەكچى بولۇپ، تەرەددۇتلاندى، لېكىن بوۋاي ئۇنىڭغا يېلىنىپ تۇرۇۋالدى.

— بولدى قىزىم، ئوغلۇم ئابدۇنەبىدىن ئايرىلدىم، ئەمدى سىزدىنمۇ ئايرىلىپ قالمايلى.

— زەينۇل زابان دېگەن تۇلۇم چاشقان بىزنىڭ توي قىلىدىغانلىقىمىزنى ئاڭلاپلا، ئابدۇنەبىنى تۇتۇپ زىندانغا تاشلىغان گەپ.

— زىندانغا تاشلىغان بولسىلا مەيلىتتىغۇ، ئۆلتۈرۈپلىۋەتمىگەن بولسا ...

— خاتىرجەم بولۇڭ بوۋا، ئۇ ئابدۇنەبىنى مەن بىلەن تېگىشىش ئۈچۈن، ئۇنى ھەرگىز ئۆلتۈرۈۋەتمەيدۇ، كۆرۈپ تۇرۇڭ، ئۇ بۈگۈن ـ ئەتىنىڭ ئىچىدە لەشكەرلىرىنى باشلاپ كېلىدۇ.

ئايسۇلتان دېگەندەك زەينۇل زابان ئەتىسى ئەتىگەندە لەشكەرلىرى بىلەن شەھىرى ئاۋاتقا بېسىپ كىردى. ئۇ مەلىكىنى چوڭ ساراي ئىچىگە ئېلىپ كىرگەندىن كېيىن، باشقىلارنى چىقىرىۋەتتى. ئۇنىڭ ئەلپازى ئىنتايىن بۇزۇق بولۇپ، قولىدىن ھەر بالا كېلىدىغاندەك تۇراتتى. زەينۇل زابان زەھەردەك ئاچچىقى

ياندۇچە ساراي ئىچىدە ئېسىۋالغان قىلىچىنى شاراقلىتىپ ئۇياقتىن - بۇياققا ماڭدى. ئۇ بىر چاغدىلا قوناق موندىكىدەك پاپا گەۋدىسىنى رۇسلاپ، مەمەدانلارچە ئايسۇلتاننىڭ ئالدىدا تىك تۇردى.

— قېنى ئەمدى ئايپالتىلىق، پىچاق، چوماق تۇتقان قارانچۇقلىرىڭنى چاقىرمامسەن؟ — دېدى زەينۇل زابان توكۇرۇكلىرىنى چاچرىتىپ، — ھېلىقى سەن تەگمەكچى بولغان ياللاڭتۆش دىۋانە ئەمدى سېنى قۇتقۇزۇۋالمىسۇنمۇ قېنى؟

— سەن ئۇنى زىنداندا تاشلىدىڭ، — ئايسۇلتان تەمكىن ھالەتتە ئىدى، — بىلىپ قوي، بىر كۈنلەر كېلىدۇ، سەن ئۇنىڭ تاپىنىغا سۆيۈپ تۇرۇپ، زىنداندىن ئېلىپ چىقىسەن!

— ئاسماندىكى غازنىڭ شورپىسىغا نان چىلاپ يېمە، — شاھنىڭ كۆزلىرى ئالايدى، — ئەگەر ئۇ ئىككى غۇلاچ قارا يەر تېگىگە كىرىپ كەتكەن بولسىچۇ؟!

— ئۇنداقتا سەن ئىككى يۈز غۇلاچ قارا يەر تېگىگە كىرىپ كېتىسەن!

— چۈشەكەپسەن، سېنىڭ قۇرۇق گەپلىرىڭگە ئىنس - جىن ئىشەنمەيدۇ.

— ھېلى كۆرۈپ قالىسەن، — ئايسۇلتان دىدىللەشتى، — قېنى دېگىنە، سېنىڭ غەرىزىڭ مېنى نىكاھىڭغا ئالماقچىمۇ؟

— بۇنى دېيىش كېتەمدۇ؟

— سېنىڭ نەچچە خوتۇنۇڭ بار؟

— توقاللارنى ھېسابقا ئالمىغاندا، — زەينۇل زابان مەغرۇرلاندى، — 99 خوتۇنۇم بار، سېنىڭ بىلەن 100 بولىدۇ.

— سەن ھايۋاندىن بەتتەر ئىبلىسكەنسەن! تۇفى، — ئايسۇلتان شاھنىڭ يۈزىگە تۈكۈرۈۋەتتى، — ئەركەك ھايۋانمۇ

سەندىن ياخشى!

زەينۇل زابان دەرھال قىلىچىنى قىنىدىن سۇغۇرۇپ ئېلىپ ئايسۇلتاننىڭ بويىنىغا تەڭلىدى. ئۇنىڭ قوللىرى تىترەپ، چىرايىغا قانخورلۇق تۇرمانلىرى سوقۇلدى، لېكىن كۆزى قىيالمىدى. شۇنچە ئۇزۇن ۋاقىت سەرسان بولۇپ ئىزدەپ ۋىسالىغا يېتەلمىگەن گۈزەلنى ئۆلتۈرۈش ئۇنىڭ قولىدىن كەلمەيتتى.

— قېنى چاپماسەن ... — ئايسۇلتان بويىنىنى تۇتۇپ بەردى، — سەن مۇشۇنداق زورلۇق - زومبۇلۇق قىلىپ، ئۆلۈم ۋەھىمىسى بىلەن قورقاق سېلىپ ئارزۇلىرىڭغا يەتمەكچىما؟ بىلىپ قوي، ئىشق ئەھلى يۈرەك ھۆكمى بىلەن گۈزەلنىڭ كۆڭۈل بوستانلىرىغا كىرەلمەيدۇ.

— بولدى قوي ئۇنداق ۋازۇھا گەپلىرىڭنى، مەن بىلەن ماڭ.

— بولىدۇ، مەن سەن بىلەن ماڭاي، لېكىن مېنىڭ بىرلا شەرتىم بار.

— ئۆزۈڭنى يەنە دەرياغا تاشلىمايدىغانسەن؟

— ياق، مۇشۇ يەردىلا بىر ئېغىز جاۋابىڭ بىلەن ھەل بولىدۇ.

— قېنى دېگىن؟

— مەن باغداد شاھىنشاھىغا ئادەم ئەۋەتىشىم كېرەك. ئۇ بىزنىڭ نىكاھىمىز ئۈستىدە بىللە تۇرسۇن!

— نېمە؟ — زەينۇل زابانىنىڭ كۆزلىرى چەكچەيدى، — بىزنىڭ نىكاھىمىز بىلەن ئۇنىڭ نېمە ئىشى؟

— ئۇ مېنىڭ ئاكام تۇرسا!

— ماڭا تولا قورقاق سالما؟

— ئىشەنمىسەڭ ئادەم ئەۋەت، ئۇ مېنىڭ ئىسمىمنى ئاڭلاپ، تەختتىن چاچراپ تۇرۇپ كەتمىسە، مەن سېنىڭ بوسۇغاڭدا بىر ئۆمۈر چاكار بولاي.

— نېمە، بۇ ... بۇ ... ، — زەينۇل زابان سەتلا ھىجايدى، — ھەي سەن مېنى تولا كولدۇرلاتما ... شاھىنشاھنىڭ سېنىڭ ئاكاڭ بولۇشى مۇمكىنمۇ؟

— دېدىمغۇ، ئادەم ئەۋەت، ئۇلارنىڭ بېرىپ - كېلىشىگە بىر ئاي كېتىدۇ. شۇ چاغقىچە مەن سېنىڭ ھۇزۇرۇڭدا تۇراي.

زەينۇل زابان ئايسۇلتاننىڭ گەپلىرىگە ئىشەندى. ئۇ قىلىچىنى گىلەم ئۈستىگە تاشلاپ قويۇپ، ئۇن - تىنسىز ئولتۇرۇپ كەتتى. قارىمامدىغان بۇ تەتۈر پەلەكنى! بۇ ياش شاھىنشاھنىڭ قەھرىمۇ، زەھىرىمۇ، ھىممىتىمۇ بار يىگىت ئىدى. ئۇ بىر يىلدا بىر قېتىم ئۆزىگە قاراشلىق شاھلارنى كېڭەشكە چاقىرغاندا: «شەھۋەتخورلۇقتىن ساقلىنىش، خوتۇن كۆپەيتمەسلىك، ئاۋامنىڭ نارەسىدە قىزلىرىغا چېقىلماسلىق، ئادالەت يولىنى مىزان قىلىش» ھەققىدە تەكىتلەيتتى. ھەتتا ئۇ زورلۇق بىلەن نىكاھىغا ئالغان 12 ياشلىق قىزنىڭ ئۆزىنى ئۆلتۈرۈۋالغان پاجىئەسىنى ئۆزى قازىلىق قىلىپ سوراپ، ھېلىقى شاھنىڭ كاللىسىنى ئون كۈن سازايى قىلغانىدى. ئەمما ئۇ ئىسكەندەرنىڭ بىھېساب خەزىنىسىگە ئىگە بولغانلىقى ئۈچۈن ھەرقايسى دىيار شاھلىرىنىڭ كەم يەرلىرىنى تولدۇرۇپ بېرەتتى. شۇڭا شاھلارمۇ ئۇنىڭ قائىدە - نىزاملىرى بويىچە ئىش كۆرەتتى.

— شاھ ئالىيلىرى، — خىيالغا پېتىپ قالغان زەينۇل زابان ئايسۇلتاننىڭ ئاۋازىدىن چۆچۈپ كەتتى، — قانداق، باغداد شاھىنشاھىغا ئادەم ئەۋەتەمدۇق؟

— يا ... ياق ئەۋەتمەيلى، — شاھ ئوڭايسىزلىق ئىچىدە ھىجايدى، — مەن ... مەن ئىشەندىم ... سىز ... سىلى يالغان ئېيتمايلا؟

— كۆڭۈللىرىگە كەلمىسۇن، ئاكامنىڭ ئاچچىقىنى مۆلچەرلىمەك تەس، — ئايسۇلتان شاھقا ئوغرىلىقچە قاراپ قويدى، — ئۇ «ئەگەر تويۇڭغا مېنى چاقىرمىساڭ مەندىن ياخشىلىق كۈتمە، ئالىمادىس سېنى بىرەر كىم بوزەك قىلسا دەرھال خەۋەرچى ئەۋەت، مەن ئۇنىڭ روزغارىنى تۇپا ـ توزانغا ئايلاندۇرۇپ، دىيارىنى تۈزلىۋېتىمەن ...» دېگەنىدى. مەن شۇنىڭغا ئاكامدىن بىسوراق ئىش قىلمايمەن ...

— خوش، مەن كېتەي، ئاكىلىرىغا مەكتۇپ يازسىلا مېنىڭ ئىككى ئېغىز ياخشى گېپىمنى قىلىپ قويالا، — شاھ قىلىچىنى ئېلىپ ئورنىدىن تۇردى، — ئارىمىزدا ئۆتۈلگەن ئۇقۇشماسلىقلارنى كۆڭۈللىرىگە ئالمىغان بولسىلا.

— بولىدۇ، بۇ قولۇمدىن كېلىدۇ، — ئايسۇلتان كۈلۈۋەتكىلى تاسلا قالدى، — ئەمدى ئابدۇنەبىنى قويۇپ بېرەلا.

— ئەلۋەتتە شۇنداق بولىدۇ، ئەمما ئوردا ئۈچ كۈنلۈك يول، بىر ئاز ھايال بولۇپ قالارمىكىن.

— كارايىتى چاغلىق، ساقلايمىز.

«شەھىرى ئاۋات» تىكى بېلىقچى، چارۋىچى، كاسىپ ـ ھۈنەرۋەنلەر خۇشاللىقىدا دوپپا، چاپانلىرىنى ئاسمانغا ئېتىپ چەكسىز شاد ـ خۇراملىقتا چۆمدى. شۇ كۈنى كېچىسى ئۇلار گۈلخانلارنى يېقىپ بەزمە ـ مەشرەپ قىلىشتى. ئەمما ئەتىسى ئەتىگەندىلا شەھىرى ئاۋاتقا بىر مۇنچە ئاتلىقلار توپ ـ توپ قىلىشىپ كىرىپ كەلدى. ئۇلارنىڭ ھەممىسى شاھى تون، ئەركانلار لىباسلىرىنى يېپىنغان بولۇپ، ئۇلارنىڭ ئارىسىدا

ئايالىلارمۇ بار ئىدى. بېشىدا تاج، ئۇچىسىدا شاھى تون، بوغماق بارماقلىرىغا قوشلاپ ئۈزۈك سالغان، كەكە ساقال بىرى قامچىسىنى شىلتىپ ۋارقىرىدى:

— بۇ قەسىرنىڭ ئاتامانى كىم؟ باغدادتىن مېھمانلار كەلسىمۇ سالامغا چىقمايدا، ۋۇ ئەدەپسىزلەر!

مۇلازىملاردىن بىرى ئىچكىرى سارايغا كىرىپ، خەۋەر قىلدى. ئايسۇلتان: «باغدادتىن شاھىنشاھ ئاكام، خانىش ھەدەملەر كەلگەن چېغى» دەپ ئالدىراپ چىقىپ پەلەمپەي ئۈستىدە توختاپ قالدى. چۈنكى ئۇ شاھ ئاتىسى زامانىدىن زۇھەل، ھاجى خەلپەت، زەھەرخەندە قۇلنەزەر قۇتبىلارنى كۆرۈپ داڭقېتىپ قالغىنىچە نېمە قىلارىنى بىلمەي قالدى. تەرەببا كېچە - كېچىلەپ ئۆي ئاختۇرۇپ، مەشئەللەرنى ياندۇرۇپ قوغلىغان لەشكەرلەر ئۇنىڭ كۆز ئالدىدا ئايان بولدى. كۆزلىرى جامدەك ئېچىلغان زامانىدىن زۇھەلمۇ بۇ ئوغۇممۇ - چۈشۈممۇ دېگەندەك گاڭگىراپ قالدى.

— ئايسۇلتان! — زامانىدىن زۇھەل ئاتتىن چۈشتى، — قىزىم سەن ھاياتمۇ؟ بۇ يەردە نېمىش قىلىسەن؟

ھەممىسى ئاتتىن چۈشۈشتى. ئاڭغۇچە ئىككى كېنىزەك قولتۇقلىرىدىن يۆلىۋالغان ئاغرىقچان ئانا ئۇن سىلىپ يىغلىغىنىچە ئايسۇلتاننى باغرىغا باستى:

— جېنىم قىزىم! ئالتۇن ئاي قىزىم!! باغرىم، جىگىرىم … جاپا - ئازابلار ئۈستىگە تۇغۇلغان قىزىم …

بۇ ئەسنادا ياشىنىپ قالغان ئىنىكئانا ھاسىسىنى توكۇلدىتىپ كەلدى - دە، ئايسۇلتاننى قۇچاقلاپ، تارام - تارام ياش تۆكتى.

— ئاھ ناتىۋان، ناتىۋانىم! … شوخ، تېتىك، شەرەنداز قىزىم … تەقدىر پېشانەڭگە جاپا - مۇشەققەتلەر پۈتۈلگەنمۇ؟ قىسمەت

تارازىلىرىڭدا ئازاب ـ ئوقۇبەتلەر تارتىلغانمۇ؟ ئاھ قىزىم ... يالغۇز بېشى مۇڭلۇق مىسكىنىم! ...

مېھمانلار سارايغا باشلاندى. ئابدۇنەبىنىڭ دادىسى مۇلازىملارغا «ئۇنى ئال، بۇنى قوي، ھاردۇق ئېشى تەييارلاڭلار» دەپ ئولتا ـ قوپ بولۇشۇپ كېتىشتى. تۆردىكى قۇلنەزەر قۇتبى، ھاجى خەلپەتنىڭ ئوتتۇرىسىدا ئولتۇرغان زامانىدىن زۇھەل قاپاقلىرى تۈرۈك ھالدا، ئالدىدىكى ھۆل ـ قۇرۇق نازۇ ـ نېمەتلەرگە ھومىيىپ قارايتتى. خانىش ئانا بىلەن ئىنىكئانىسىنى ئوتتۇرىغا ئالغان بىرقانچە كېنىزەكلەرمۇ يىپەك كۆرپىلەردىن ئورۇن ئالغاندى.

ـــ ساڭا بىر خۇش خەۋەر قىزىم، ـــ دېدى زامانىدىن زۇھەل ساقىلىنى تۇتاملاپ قويۇپ، ـــ باغدادتىكى خانىش ھەدەڭ ئوغۇل تەۋەللۇت قىلدى.

ـــ مۇبارەك بولسۇن! مۇبارەك بولسۇن![1]

ـــ بىز بالىنىڭ بۆشۈك تويىغا بارغاندۇق، ـــ دېدى خانىش ئانا زەئىپ ئاۋازدا، ـــ بېرىپ، قايتىشىمىز تويلار بىلەن بولۇپ 3 ئاي بولۇپ قاپتۇ.

يول ئازابى تارتقان مېھمانلار غىزالىنىپ بولغاندىن كېيىن پاتلا يېتىپ قېلىشتى. لېكىن زامانىدىن زۇھەل، قۇلنەزەر قۇتبى، ھاجى خەلپەتلەر ئايسۇلتاننى ئېلىپ كېتىش ئۈچۈن راست ـ يالغانلارنى قوشۇپ نەسىھەت قىلماقتا ئىدى. بۇنىڭسىزمۇ يەمەن ئېلىدە «شاھ ئۆز قىزىنى ئۆلتۈرمەكچى بولغاندا قېچىپ كېتىپتۇ»، «ئايسۇلتان دادىسىنىڭ زۇلۇمىغا چىدىماي ئۆزىنى دەرياغا تاشلىۋاپتۇ ...» دېگەندەك ئالدى ـ قاچتى گەپلەر تارقىلىپ كەتكەنىدى. ھەتتا ئۇنىڭدىنمۇ سېسىق

---

① ئوغۇل تۇغۇلسا قوش مۇبارەكلەيدىغان ئادەت بار.

گەپلەر ئۇزلۇكسىز كۆپىيىپ، زاماندىن زوھەل يۈزىنى كۆتۈرۈپ يۈرەلمەس بولۇپ قالدى. شۇڭا ئوردىدىكىلەر ئايسۇلتاننى «باغدادتىكى خانىش ھەدىسىنىڭ ھۇزۇرىغا كەتتى» دېگەن يالغان گەپنى تارقاتتى. ئەمدى بۇ قېتىم ئۇنى ئېلىپ كەتكەندە يالغان گەپ راستقا ئايلىنىپ يۈزى يورۇق بولاتتى ۋە ئاۋامنىڭ ئاغزى بېسىقاتتى. بىراق، ئايسۇلتان كەتمەيمەن دەپ تاش چىشلەپ تۇرۇۋالدى. زاماندىن زوھەل: «بۇنىڭدىن كېيىن سېنى ئۆز ئىختىيارىڭغا قويۇۋېتىمەن. نېمە قىلساڭ قىل» دەپ ۋەدە بەرگەن بولسىمۇ ئايسۇلتان زادىلا يۇمشىمىدى. شاھ ئاتىسىنىڭ لەۋزىنى ئىلىك ئالمىغان يەردە قۇلنەزەر قۇتبى، ھاجى خەلپەتلەر نېمىمۇ دېيەلەيتتى. ئۇلارمۇ بىرمۇنچە ۋالاقىلىغاندىن كېيىن ھېرىپ ھالىدىن كېتىشتى.

زاماندىن زوھەل خانىش بىلەن ئىنىكئانىنى ئىندەككە كەلتۈرۈپ قويۇپ، ئۆزى ئابدۇنەبىنىڭ دادىسىنىڭ قېشىغا چىقىپ كەتتى. ئايسۇلتان دادىسىغا قاتتىقلىق قىلغىنى بىلەن ئانىسى بىلەن ئىنىكئانىغا يۈز كېلەلمىدى، گەرچە ئۇ: «بوپتۇ، سىلەر بىلەن كېتەي» دېمىگەن بولسىمۇ، سىپايىگەرچىلىك، يۇمشاق سۆزلىرى ئارقىلىق ئۇلارنى رەت قىلدى.

— جېنىم قىزىم، مېنىڭ كۆڭلىرىم ساناقلىقلا قالدى، — دېدى خانىش ئانا يۇم - يۇم ياش تۆكۈپ، — مەن سېنىڭ قۇچىقىڭدا خۇداغا ئامانەتنى تاپشۇرغۇم بار، مېنى لەھەتكە ئۇزىتىپ قويۇپ ئاندىن قايتىپ كەل، بولامدۇ؟

— ئوبدان قوزام، — ئىنىكئانا ئايسۇلتاننىڭ بېشىنى سىلىدى، — گەرچە مەن سېنى ئاق سۈت بېرىپ باقمىساممۇ، ئەتلىمە گۆش ۋاقتىڭدىن باشلاپ يېنىمدىن ئايرىماي باقتىم ... سېنىڭ بالىلىق مېھرىڭ يۈرىكىمنىڭ قات - قاتلىرىدا ... مېنى

ئۇ دۇنياغا سەن ئۇزاتمىساڭ، كىم ئۇزىتىدۇ؟ مېنىڭ كۆزلىرىم تاڭلا قىيامەتكىچە يۇمۇلارمۇ؟

بوسۇغىدا ھەممە گەپنى ئاڭلاپ تۇرغان بوۋاي ساقاللىرىغا تامچىلىغان ياشلىرىنى سۈرتمەي، ئۇلارنىڭ ئالدىغا كېلىپ ئولتۇردى. ئۇ مىچىلداپ يىغلىغىنىچە مۇنداق دېدى:

— قىزىم، ئاتا - ئانىنى رەنجىتكەنلىك ياخشى ئىش ئەمەس. توغرا، شەھىرى ئاۋاتنى ئۆز قولىڭىز بىلەن ئەھيا قىلغانىدىڭىز ... بۇنىڭغا كۆزىڭىز قىيمايدۇ. شۇنداقتىمۇ كېتىشىڭىز كېرەك. بۇ يەردىكى ئىشلارغا مەن بار. ئابدۇنەبى قايتىپ كەلسە، ئارزۇ - ئارمانلىرىڭىزنى داۋام ئەتتۈرىدۇ. ئەگەر ئاللا خالىسا سىزمۇ كېلىپ كۆرەرسىز. بۇ يەرلەرگە رىزقىڭىز چېچىلغان بولسا تۇرۇپمۇ قالارسىز ...

خانىش ئانا، ئىنىكئانىلارنىڭ كۆز ياشلىرى، زار - زار يىلىنىشلىرى، بوۋاينىڭ نەسىھەتلىرىگە بەرداشلىق بېرەلمىگەن ئايسۇلتان سۇسقىنا بېشىنى ئېغىتتى ... شۇنداقتىمۇ ئۇ:

— بوۋا، ئابدۇنەبىنى زىنداندىن ئازاد قىلمىسا ياكى بېشىغلارغا دىشۋارچىلىق كەلسە، باغدادتىكى شاھىنشاھ ئاكامنى ئىزدەڭلار. ئۇنىڭغا «بىزنى ئايسۇلتان ئەۋەتتى» دېسەڭلار، دەردىڭلارغا يېتىدۇ ... ، — دېدى.

قىزنى تېپىپ كۆڭلى تىنغان شاھ زامانىدىن زۇھەل ئەتىسى تاڭ سەھەردە سەپەرگە ئاتلاندى. بىر كېچە ئارام ئالغان ئاتلار توپا - توزانلارنى كۆتۈرۈپ چۆل ئارا غايىب بولدى ...

* * *

ئارىدىن بىر يىل ئۆتتى. 16 ياشقا قەدەم ئالغان ئايسۇلتان

بىلەن ئاتىسى زامانىدىن زوھەل ئوتتۇرىسىدا بىرقانچە قېتىم كۆڭۈلسىز ئىشلار يۈز بەردى. ئۆگەنگەن خۇي ئۆلگۈچە دېگەندەك شاھ ئۆزىنىڭ بىمەنە، تېتىقسىز ئىشلىرى بىلەن كۆڭۈل ئېچىپ كەلدى. خانىش خېنىم ئۆلۈپ كەتكەندىن كېيىن، ئۇ ھەر كۈنى دېگۈدەك دېدەك كېنىزەكلىرى ۋە توقاللىرى بىلەن مەي ـ شاراب ئىچىپ ئىشرەت پاتقىقىغا پاتتى. بۇنداق ناشايان ئىشلارنى كۆرۈپ تۇرۇپمۇ، كۆرمەسكە سېلىش، سۈكۈت قىلىش گۇناھى كەبىر بولىدۇ دەپ بىلگەن ھاجى خەلپەت شەھەر سىرتىدىكى باغۇ ـ بوستانلىق ئارامگاھىغا قايتىپ كەتتى. ۋەزىر ئەزەم ئابدۇلبارىمۇ كېڭەش، مەسلىھەتكە چاقىرسا باراتتى، بولمىسا ئوردىغا ئانچە قەدەم باسمايتتى. ئەمما ئەجنەبىي سودىگەر، سەيياھلار كېلىپ قالسا ئۇنى چاقىرماي قالمايتتى. چۈنكى ئابدۇلبارى «پەرەڭ تىلماچ» دېگەن نامى بىلەن مەشھۇر ئىدى.

زامانىدىن زوھەل ھازىرمۇ سول قول ۋەزىر قۇلنەزەر قۇتبى بىلەن ئېغىز ـ بۇرۇن يالىشىپ، شەھۋەتخورلۇق ئەۋرەزلىرىگە چىلىشىپ، ھاكىمىيەت ۋە ئاۋام تەقدىرىنى ئويلاپمۇ قويمايتتى. شۇ تۇرقىدىمۇ بۇ چىگىش ۋە قەدىناس ئىككى «دوست» ئوردا ھەرەمخانىسىدا شاراب ئىچكەچ، مۇڭداشماقچى ئىدى. زامانىدىن زوھەل كەيپى بەكمۇ چىگىش بولۇپ، قاپىقىدىن قارا بوران يېغىپ تۇراتتى. ئۇنىڭ بۇنداق غالجىر ئىتتەك بولۇپ قېلىشىغا يەنىلا ئايسۇلتانىنىڭ «زۇۋاندار» لىقى سەۋەب بولغانىدى.

زامانىدىن زوھەل تۈنۈگۈن بىر چېقىمچىنىڭ گېپىگە ئىشىنىپ، بوز توقۇيدىغان بىر ھۈنەرۋەنگە، «ئاسمانغا زەدىۋال بولغۇدەك بوز توقۇپ بەرمىدىڭ» دېگەن باھانىدە ئۇنىڭ كاللىسىنى ئالغانىدى. ھۈنەرۋەننىڭ ئۇششاق باللىرى ئوردا قوۋۇقى ئالدىدا ھازا ئېچىشتى. نارەسىدىلەرنىڭ يىغا ـ زارىغا

چىدىمىغان ئايسۇلتان ئوردىغا كىرىپ تەختتە ئولتۇرغان دادىسىغا تىل سالدى.

— سىلى نېمانچە قانخور ھەم ياۋۇز، — ئايسۇلتاننىڭ كۆزلىرى خەنجەردەك قادىلىپ تۇراتتى، — سىلىگە چېقىم قىلغان ئاشۇ «غەمماز»① مۇ بوزچى ھۈنەرۋەن، ئۇ نائۇستا بولغاچقا، كەسىپدىشىنى كۆرەلمەي «سىلىنى، مەن بولمىسام، پادىشاھ كىيىمسىز قالىدۇ» دېدى، دېگەندەك چېقىمنى كۆتۈرۈپ كەلسە، بىچارە ھۈنەرۋەنگە ئەقىلگە سىغماس تەلەپنى قويۇپ، كاللىسىنى ئالدىلا! بۇ نېمىدېگەن ۋەھشىيلىك!

— يوقال قانجۇق، — شاھ خەلق غەزىپىدىن قورقۇپ، جاللات دېيەلمەس بولۇپ قالغانىدى، شاھ ئاتاڭنى قانخور، ياۋۇز، ۋەھشىي دېگۈچى بولدۇڭما؟

— بۇ تىللارمۇ ئازلىق قىلىدۇ سىلىگە، — ۋارقىرىدى ئايسۇلتان، — «قامقاق نەگە بارىدۇ؟»، «تاشتىن ئۆتۈك تىكىپ بەر»، «ئەڭ يۇگۈرۈك»، «ئەڭ ئاچچىق»، «ئەڭ تاتلىق»، «ئەڭ قاتتىق» نەرسىلەر نېمە دېگەندەك تۇتۇرۇقسىز تەلەپ، سوئاللار بىلەن ئۆلتۈرگەن ئادەملىرى ئازما؟

ئەگەر ئوردا مۇلازىملىرى ئايسۇلتاننى ئەتتىرىپ ئەچىقىپ كەتمىگەن بولسا، ئۇ يەنە نېمىلەرنى دەيتتىكىن، بىلگىلى بولمايتتى. بۇ شەپشەك ئالۋاستىنى زادى قانداق قىلىش كېرەك؟ زاماندىن زۇھەل ئىككى يىلنىڭ ئالدىدىكى ھېلىقى خورلۇقنى ئۇنتۇپ قالغىنى يوق! ئابدۇلبارىنىڭ قىزى ئەمىنە، ئوتۇنچىنىڭ قىزى شەرىگۇللەر ئۇنى گەپتە ئولتۇرغۇزۇپ، رەسۋايىئالەم قىلغان بولسىمۇ، لېكىن مۇشۇ ئايسۇلتان دېگەن ئازازۇل ئۇلارنى تارتۇقلاتقۇزدى ئەمەسمۇ!

① غەمماز — چىقىمچى، ئوت قويرۇق.

— شاھىم، — دېدى قۇلنەزەر قۇتبى كاسىلارغا شاراپ قۇيۇپ، — بۇنداق خىيال قىلىشۇەرسىلە مۇبارەك تەنلىرىنى كېسەل چېقىپ كېتىدۇ. مېنىڭ كاللامغا ناھايىتى نازۇك بىر پىلان كېلىۋاتىدۇ ...

— قېنى دېگىن ۋەزىرىم، — شاھ ئوتقاشتەك قىزارغان كۆزلىرىنى تىكتى، — مۇشۇ ئازازۇلنىڭ پاسكىنا ئاغزىنى يىغىشتۇرىدىغانلىكى ئىش بولسا قىلايلى.

— شەھەردىن ئانچە يىراق بولمىغان بىر يەردە مەنزىرىلىك جاي بار، — دېدى قۇلنەزەر قۇتبى، — مانا ئەشەگە بىر باغ سالدۇرۇپ، مەلىكەمنى ئاشۇ يەرگە ئاپىرىپ قويساق قۇلاق تىنچامىكىن دەيمەن. ئۇ، باغ ئىچىدىكى ئويۇن - تاماشا، نەغمە - ناۋا بىلەن بولۇپ كېتىپ، ئۆزلىرىنىڭ ئاۋام ئارىسىدىكى ئەسكىلەرگە قوللىنىۋاتقان چارە - تەدبىر، ئاقىلانە ئەدەپلەشلىرىدىن خەۋەرسىز قالامدۇ؟

— توغرا دەيسەن ۋەزىرىم، — شاھنىڭ شادلىقتىن كۆزلىرى قىسىلدى، — بۇ دانا ئامالنى نېمىشقا بۇرۇنراق ئويلىمىغان بولغىيتتۇق.

زاماندىن زۇھەل پۇتۇن يەمەن شەھىرىدىكى تامچى، سۇۋاقچى، نەققاشچى، تۆمۈرچى ئۇستىلارغا ۋە مەدىكارلارغا يارلىق چۈشۈرۈپ ھەممىنى يىغدى. ئۇ باغ ۋە قورۇلۇشنى قىسقا ۋاقىت ئىچىدە، «كۆڭۈلگە لايىق» پۈتتۈرۈپ چىقىشقا پەرمان چۈشۈردى. خۇددى ھاشار چۇمۇلىسىدەك كۆپ ئادەملەر كېچە - كۈندۈز توختىماي ئىشلەپ، ئىككى ئاي ئىچىدە شەھەردىن يەتتە چاقىرىم يەردىكى بىر چىمەنزارلىققا مەخسۇس چاھارباغ ياسىدى. باغنىڭ ئوتتۇرىسىغا تولىمۇ چىرايلىق ئاق بىنا، يېشىل راۋاقلار چۈشتى. ئۇنىڭ تاملىرى مەرمەردىن بولۇپ، باغقا نەچچە يۈز خىل

گۈل ۋە مېۋە كۆچەتلىرى تىكىلىپ، ئېرىقلىرىدا مەرۋايىتتەك سۈزۈك سۇلار ئېقىشقا باشلىدى ...

چاھارباغ تەييار بولغاندا، 50 كېنىزەك، ئون ئاشپەز ۋە بىر ئىنىكئانىسى بىلەن مەلىكە ئايسۇلتاننى كۆچۈرۈپ ئاپىرىشتى. كېنىزەكلەرنىڭ كۆپلىرى غەزەلخان، نەغمىچى، ھەزىلكەشلەردىن بولغاچقا، مەلىكە ئۈچۈن كۈندە خىلمۇخىل نەغمە ـ ناۋا، ئويۇن ـ كۈلكىلەر بولۇپ تۇراتتى. ئەمما پادىشاھنىڭ قامچىسىدىن قان تامىدىغان قورۇقچىلىرى چاھارباغنى كېچە ـ كۈندۈز قوغداپ، ھېچكىمنى كىرگۈزمەيتتى ۋە سىرتقا چىقارمايتتى.

بىر قات ئېتىدىن چۈشۈپ جۇدەپ قالغان ئايسۇلتان دادىسىنىڭ زالىملىق، قانخورلۇق، ۋەھشىيلىكلىرىنى كۆرمەي، ئاڭلىماي قۇلىقى تىنچىپ قالدى. شۇڭا ئۇ بىردىنلا، بۇرۇنقى گۈزەل، لاتاپەتلىك، ئاي يۈزلۈك ئايسۇلتانغا ئايلاندى. دەرۋەقە، ئۇنىڭ نۇر يېغىپ تۇرغان جامالى، قاپقارا يالتىراپ تۇرغان قاش، كۆز، كىرپىكلىرى، سۈزۈك ھال رەڭ لەۋلىرى، تۇخۇمدىن ئەمدىلا چىققان چۈجىدەك يۇمران قوش ئېڭەكلىرى، مەڭزىدىكى چوڭقۇر زىناقلىرى قىز ـ چوكانلارنىڭ ھەۋەس ـ ھەسىتىنى قوزغىسا، يىگىتلەرنىڭ جېنى ئۈچۈن ئاپەت ئىدى. بىر كۆرگەن ئەر ئۆلۈپ قالمىغان تەقدىردىمۇ ھوشىنى يوقىتىپ، نەچچە كۈن سۇ ئىچمەس، كېچە ـ كۈندۈز نان يېمەس بولۇپ، گېلىدىن ھېچنېمە ئۆتمەيتتى ...

بىر كۈنى ئايسۇلتان ھەرەمخانىسىدا ئارام ئېلىپ ئولتۇرۇپ خىيالغا پاتتى. ئۇ ئۆزى سالدۇرغان «شەھىرى ئاۋات» قەلئەنى، بىلىقچى بوۋاي ھەم ئابدۇنەبىنى ئەسلەپ كۆزلىرىگە ياش ئالدى. ئەمما ئۇ «ئىجازەتمىكىن» دېگەن زىل ئاۋازنى ئاڭلاپ «ئىجازەت» دېدى ـ دە، ئالمان ـ تالمان ياشلىرىنى سۈرتتى. ئاڭغۇچە

ھەرەمخانىغا پەتنۇستا چەينەك، چىنە ۋە تاتلىق - تۈرۈملارنى كۆتۈرگەن كېنىزەك كىرىپ كەلدى. ئۇ قولىدىكى پەتنۇسنى ئەدەپ بىلەن شىرەگە قويغاندىن كېيىن، قولىنى قوشتۇرۇپ، تەزىم قىلىپ ئېگىلىپ تۇردى. غۇنچە بوي، سىن - سىپاتى نازۇك، تولىمۇ ئۇماق، دۇپىدۇگىلەك قارا كۆزلىرى يەر بېقىپ تۇرغان قىزغا زوقى كەلگەن ئايسۇلتان كۆڭلىدە: «12 ~ 13 ياشلاردا بولسا كېرەك» دەپ مۆسەللىدى.

— نەچچە ياشقا كىردىڭ؟

— ئەمدىلا 13 ياشقا قەدەم قويدۇم.

— ئەجەب بۇ چاغقىچە سېنى كۆرمەپتىكەنمەن.

— پادىشاھىمىز ماڭا ئۇخشاش ئون قىزنى سىلىنىڭ ئاتىلىرىغا تارتۇق قىلىپ بەرگەن.

— پادىشاھىڭ كىمۇ؟

— «تاشئات» دىيارىنىڭ شاھى زەينۇل زابان.

— نېمە؟ — چاچراپ ئورنىدىن تۇرغان ئايسۇلتان قىزنى يېنىدا ئولتۇرغۇزدى، — قېنى دېگىنە، تاشئات دىيارى ھەققىدە بىلگەنلىرىڭنىڭ ھەممىسىنى دە؟

— نېمىنى دەيمەن مەلىكەم؟

— «شەھرى ئاۋات» قەلئەسى، بېلىقچى بوۋاي، ئابدۇنەبى ۋە باشقىلار ھەققىدە نېمىنى بىلسەڭ دېگىن.

— ئابدۇنەبى ئاكام ئاتامان بولۇپ قەلئەنى ئوبدان باشقۇرۇۋاتىدۇ. ئۇنىڭدىن بېلىقچىلار، چارۋىچىلار، كاسىپ - ھۈنەرۋەنلەرنىڭ ھەممىسى رازىمەندە، — قىز بېشىنى لەپپىدە كۆتۈردى، — ئۇ ئۆيلۈك - ئوچاقلىق بولدى. ئىككى ئاينىڭ ئالدىدا خوتۇنى قىز تەۋەللۇت قىلدى.

— نېمە، ئۆيلەندى؟

— شۇنداق، ئۆيلۈك - ئوچاقلىق بولۇپ، ساقال - بۇرۇت قويمىسا، ئاتامان بولۇشقا شەرتى توشمايدىكەن.

— مۇنداق دېگىن. ئۇ ئۆيلىنىپتۇ - دە ... ساقلاشقا ئۆرپ - ئادەت يول قويماپتۇ، — پىچىرلىدى ئايسۇلتان.

— نېمە دەۋاتىسىز مەلىكەم؟

— ھېچنېمە، ھە ئېيتىڭ نېمە؟

— زۇلەيخا ...

— خويمۇ چىرايلىق ئىسمىكەن.

زۇلەيخا چىقىپ كەتتى. ئايسۇلتان ئاچچىقىنە كۈلدى. كونىلار: «ئىشتانغا چىققان كۆڭۈلگە تايىن» دېگەندەك زورلۇق ۋە شۇملۇقلىرى ئۆزىگە ئايان بولغان زەينۇل زابان باغدادتىكى شاھىنشاھ ھەم زامانىدىن زۇھەللەردىن ئەنسىرەپ قالغاندەك قىلاتتى. شۇڭا ئۇ ئون قىزنى تارتۇق قىلىش ئارقىلىق تىكتىكلاپ كەلگىنى ئوچۇقلا تۇرمامدۇ.

«ھالۋىنى كۈندە يېسەڭ لاۋزا تېتىيدۇ» دېگەندەك، تاغ - تۇرا، دەريا ۋادىلىرى، يات شەھەرلەرنى كېزىپ كۆنۈپ قالغان ئايسۇلتان چاھارباغنىڭ ھەر كۈنى تەكرارلىنىۋاتقان تۇرمۇشىدىن زېرىككەنلىك ھېس قىلاتتى. چاھارباغ گويا ئۇنىڭغا بەكمۇ چىرايلىق زىننەتلەنگەن تۆمۈر قەپەزگە ئوخشايتتى. چاھار باغدا بولۇۋاتقان نەغمە - ناۋا، ناخشا - ئۇسسۇللار بۇ قەپەزنىڭ سوغۇق مېھرىنى ئىللىتالمايتتى. پەقەت پادشاھنىڭ ئەمرى بىلەن 40 كۈندە بىر قېتىم شەھەر ئايلىنىشلا مەلىكە ئايسۇلتاننىڭ كۆڭلىنى ئاچالايتتى. ئاتلارغا مىنگەن كېنىزەكلەر ئارقىدا، ئاق نار تۆگە ئۈستىگە بېكىتىلگەن تەختىراۋاندا ئايسۇلتان ئولتۇرغاچقا ھەممىدىن ئېگىز ئىدى. ئۇ چۈمپەردىسىنى ئېلىۋېتىپ ئەتراپنى كۆرۈپ ماڭغاچقا، پەرمان بويىچە شەھەردە

ئەركەك زاتى قالماي ئۆزلىرىنى دالدىغا ئالاتتى. بولمىسا قاتتىق جازالىناتتى.

بىر كۈنى ئەتىگەنلىكى شەھەر ئايلىنىشقا تەييارلانغان كېنىزەكلەر ئاتلىرىنى توقۇپ، چىرايلىق كىيىملىرىنى كىيىپ، خۇشال هالدا هازىرلانماقتا ئىدى. ئاق نار تۆگە ئۈستىدىكى تەختىراۋانمۇ ئالا - يېشىل يىپەكلەر، رەڭگارەڭ گۈللەر بىلەن بېزەلگەن بولۇپ، كۆز چاقنىتىپ تۇراتتى. چاهارباغنىڭ هەيۋەتلىك دەرۋازىسى غارىلداپ ئېچىلدى. ئەڭ ئالدىدا قىلىچ، نەيزە، ئايپالتىلار تۇتقان قورۇقچىلار، نەغمىچىلەر، ئۇلارنىڭ ئارقىسىدىن ئاق نار تۆگە ھەم ئىككى قاتار ئاتلىق كېنىزەكلەر كوچىغا چىقىشتى.

— هاي، هاي نامەھرەملىك گۇناھىدىن ھەزەر ئەيلەڭلار ... ئەركەك زاتى بولسا دەرهال يوقال! ...

قورۇقچىلار جار سالغاچ شەھەر تەرەپكە قاراپ يول ئالدى. ئۇلار هەيۋەت بىلەن ئەنە شۇنداق كېتىۋاتقاندا، «خەلەپ» مەملىكىتىدىن كەلگەن بىر كەمبەغەل بالا هېچ ئىشتىن خەۋىرى يوق هالدا، شەهەردە ئىش ئىزدەپ يۈرەتتى. ئۇ هېلى دۇكاندارلارغا، هېلى ئاشخانا، چايخانا غوجايىنلىرىغا يېلىنىپ، «مەن قىلغۇدەك ئىش - كۈشلىرى بارمىدۇ؟» دەپ سورايتتى. ئۇلارنىڭ بەزىلىرى چىرايلىق گەپ بىلەن ئۆزرە ئېيتسا، بەزى مەلئۇنلار ئاغزىنى بۇزۇپ: «بەك چىرايلىق بالىكەنسەن، بەچچىلىك قىل» دەپ قاقاقلاپ كۈلۈشەتتى. دېمىسىمۇ 17 ~ 18 ياشقا كىرگەن بۇ بالا ئېيتقۇسىز چىرايلىق ئىدى. ئات يۈزلۈك، قىزغۇچ چىرايىدىن بىر خىل پەزىلەت نۇرلىرى چاقنايتتى. قاتمۇقات جىيەكلىك چوڭ كۆزلىرىدىن مۇلايىملىق، ئاق كۆڭۈللۈك چېقىنلىرى چاقنايتتى. قاغا پېيىدەك قاپقارا تۇم

قاشلىرى، ئۇزۇن كىرپىكلىرى، ناچىدەك بۇرۇنلىرى قامەتلىك سىيماسىغا شۇنچىلىك ياراشقانىدىكى، نامراتلىق ئەخلەتلىرى ئىچىگە تۆكۈلگەن گۆھەر دېسە بولاتتى.

بالا دۇكان، رەستىلەرنى ئايلىنا ـ ئايلىنا يېمىش بازىرى ئالدىغا كېلىشى بىراقتىن ئاڭلانغان قاتتىق ئاۋازدىن چۆچۈپ توختىدى:

— پوش ـ پوش! ھاي ـ ھاي، ئەركەك بولساڭ ئۆزۈڭنى تارت! خان مەلىكەمنىڭ ئاي يۈزى ئوچۇقتۇر! نامەھرەملىك گۇناھىنى يۈدۈۋالما! ...

كوچا ـ رەستىلەردىكى تاغار يۈدىگەن، ئوتۇن كۆتۈرگەن، قوي يېتىلىگەن ئادەملەر ئوپۇر ـ تopۇر بولۇشۇپ ھەر تەرەپكە قېچىشقا باشلىدى. دۇكاندارلار دۇكانلىرىنى تاقاپ قاياققىدۇر غايىب بولۇشتى. بىردەمدىلا بازار ئىچىدە ئەركەك زاتى قالمىدى. نېمە قىلارىنى بىلمىگەن بالا ھاڭ ـ تاڭ بولۇپ تۇرۇپ قالدى. ئۇزۇن رەستىنىڭ ئۇ بېشىدىن داقا ـ دۇمباق، نەغمە ـ ناۋانىڭ ئاۋازى ياڭراپ، بىر توپ نەغمىچىلەر، قورۇقچىلار، ئاق تۆگە ۋە ئاتلىق كېنىزەكلەر كۆرۈندى. ھودۇقۇپ قالغان بالا يوغان بىر تۇپ قاپاق تېرەككە يامىشىپ، ئۆگزىگە چىقىپ يېتىۋالدى. ئاق نار تۆگە ئۈستىدىكى ئاجايىپ زىننەتلەنگەن تەختىراۋاندا ئولتۇرغان مەلىكە ئەتراپقا تويماي قاراپ كېلىۋاتاتتى. «شۆھرەت داڭقى دۇنياغا تارىلىپ كەتكەن مەلىكە زادى قانچىلىك گۈزەلدۇ؟» دەپ قىزىققان بالا ئاق تۆگە نەق ئۆگزىنىڭ قېشىغا كېلىشى، بىرلا قاراپ داڭقېتىپ تۇرۇپلا قالدى. مەلىكە ئايسۇلتانمۇ بالىنى كۆرۈپ ئورنىدىن تۇرۇپ كەتتى. لېكىن، بالا مەيدىسىنى قاماللىغىنىچە «ئاھ» دېدى ـ دە، ھوشىدىن كېتىپ يىقىلدى. مەلىكىمۇ چىرايلىق كۆكسىگە ئالىقانلىرىنى قويۇپ،

تەختىراۋاننىڭ پەردىسىنى قايرىپ ئارقىسىغا قارىغىنىچە ئۇزاپ كەتتى. لېكىن ئۇنىڭ يۈرىكىنى نېمىدۇر قامالللىۋالغاندەك «ئۇھ، ئەجەب بولۇپ كېتىۋاتىمەنا ...» دەپ پىچىرلىدى.

مەلىكە ئايسۇلتان چاھارباغقا قايتىپ كەلگەندىن كېيىن چىرايى سارغىيىپ، ياستۇققا باش قويدى. بۇنى سەزگەن ئىنىكئانا ئۇنىڭ ھالىدىن خەۋەر ئېلىپ يېنىدىن زادى ئايرىلمىدى. ئەمما قىزنىڭ ھالى بارغانسېرى خارابلىشىپ ئىنىكئاننى ئەنسىرىتىپ قويدى.

— قىزىم، نېمە بولدىڭىز؟ بىردەمدىلا بىر قىسما بولۇپ قالدىڭىزغۇ، — دەپ سورىدى ئىنىكئانا بىسەرەمجان بولغان ھالدا، — مەندىن تارتىنماڭ ھەم يوشۇرماڭ، كىچىككىنە ئۆمرىڭىزدە نۇرغۇن ھەرەج تارتتىڭىز، سىزنىڭ كۆڭۈل خۇشلۇقىڭىز، ئارزۇ ـ ئارمانلىرىڭىز يولىدا قېرى جېنىم پىدا!

— ئانا، مېھرىبان ئانا، — ئايسۇلتان كۆڭۈل ئارزۇسى يولىدا راست گېپىنى قىلدى، — يېمىش بازىرىنىڭ يېنىدىكى ئۆگزىدە پەرىشتە سۈپەت بىر يىگىتنى كۆردۈم ... شۇ يىگىتنىڭ خەۋىرىنى ئېلىپ كەلسىڭىز ... ئۇ مېنى كۆرۈپ ھوشىدىن كەتكەنىدى، ئېسىگە كەلدىمۇ، بىلمەيمەن.

— بولىدۇ قىزىم، سىز جەننەت ھۆرلىرىدەك قىز، — ئىنىكئانا ئورنىدىن تۇردى، — سىزنىڭ ئېتىقادىڭىز پاك، ئىمانىڭىز پاكىز بولغاچقا، يۈرىكىڭىز، كۆڭلىڭىز سىزنى ھەرگىز ئالدىمايدۇ.

— ئوبدان ئانا، باشقىلاردىن خۇپىيە بولسۇن، پەقەت زۇلەيخا دېگەن كىچىك قىزنىلا ئېلىۋېلىڭ.

— كېنىزەكلەر ئىچىدە خېلى ئىشەنچلىك دوستلىرىڭىز بار ئىدىغۇ.

— قىز بالىنىڭ دوستى بولمايدۇ. بولۇپمۇ كۆڭۈلگە تالىق ئىشلاردا ...

تۇرمۇش ئىشلىرىدا تەجرىبىلىك ئىنىكئانا كېنىزەكلەرگە تارقىتىدىغان كىيىملەردىن بىر قۇر ئېلىپ بوپلىدى. ئاندىن زۇلەيخا بىلەن مەيگە چۈشۈپ شەھەرگە قاراپ يول ئالدى. ئۇلار يېمىش بازىرىنىڭ دوقمۇشىدىكى قاپاق تېرەك تۈۋىدە مەيدىن چۈشۈپ ئەتراپقا نەزەر تاشلىدى. ئاندىن موماي زۇلەيخانى يۆلەپ پاكار ئۆگزىگە چىقاردى. ئېسىگە كېلىپ، بېشىنى ساڭگىلىتىپ يىغلاپ ئولتۇرغان بالا چىرايلىق كىيىنگەن قىزنى كۆرۈپ، ھەيرانلىق ئىلكىدە تەلمۈردى.

— ئوغۇل بالىمۇ يىغلامدۇ؟ — دېدى زۇلەيخا تاتلىققىنا كۈلۈپ، — تۇرۇڭ ئورنىڭىزدىن.

— نەگە بارىمىز؟

— سىزنى يىغلاتقان قىز بىلەن ئۇرۇشقىلى بارىمىز. شۇنداق سۇباتلىق يىگىتنىمۇ يىغلاتقان بارمۇ؟

— مېنى ... مېنى ھېچكىم يىغلاتمىغان تۇرسا، — غودۇڭشىدى بالا ئىزا تارتقىنىدىن قىزىرىپ، — سىز ... سىز كىم بولىسىز؟

— مېنىڭ كىملىكىمنى سورىماي، «مېنى يىغلاتقان كىم؟» دەپ سورىڭە، — زۇلەيخا پوسۇقىدە كۈلۈۋەتتى، — سورىمايسىزغۇ؟

— ۋاي بولدىلا، ماڭا ... ماڭا ھېچنېمە بولمىدى.

— مەن سىزنىڭدىن قورقمايمەن، قوناقلىقتىن چىقمايمەن، دېگەندەك «ھېچنېمە بولمىدى» دەيسىزا، چىرايىڭىزغا قاراپ بېقىڭا، شوراپ تاشلىۋەتكەن شوخلىدەك بولۇپ كېتىپسىز ... ئىسمىڭىز نېمە؟

— خوجاۋاپا.

— ۋاي قوۋۇرغام، بۇ يىغلاڭغۇنىڭ ئىسمىنىڭ چىرايلىقلىقىنى ...

خوجاۋاپا بىلەن زۇلەيخا يوغان قاپاق تېرەكنىڭ پۇتاق، چۇقاتماقلىرىغا دەسسەپ يەرگە چۈشتى. مەيگە قاراپ تۇرغان ئىنىكئانا خوجاۋاپانىڭ قولىقىغا بىرمۇنچە پىچىرلىغاندىن كېيىن قولىدىكى بوپىنى تۇتقۇزۇپ، بوكىدە كۆچەتلىك ئىچىگە كىرگۈزۈۋەتتى. ئارىدىن خېلى بىر ۋاق ئۆتكەندىلا كۆچەتلىك ئىچىدىن خام يەۋالغۇدەك بىر قىز چىقتى. ئۇ شۇنچىلىك بەرنا، شۇنچىلىك زىبا ئىدىكى، ئۇنى كۆرگەن يىگىتلەر ئەقلىدىن ئېزىپ، ساراڭ قېتىش بولۇپ قالاتتى.

ئىنىكئانا خوجاۋاپانى قىز بالىدەك ياساندۇرۇپ، مەيگە سالدى - دە ئېلىپ كەتتى. ئۇ دەرۋازىدىكى قاراۋۇللارغا تۆيدۇرماي چاھارباغقا ئېلىپ كىرگەندىن كېيىن، مەلىكە ئايسۇلتان بىلەن كۆرۈشتۇردى. ئۇلار بىرنەچچە كۈن ھەمسۆھبەتتە بولۇپ، بىر - بىرىدىن ئايرىلالمايدىغان ئاشىق - مەشۇقلاردىن بولۇپ قالدى. خوجاۋاپا بۇ يەردە ھېچقانداق باھانە - سەۋەبسىز تۇرۇۋېرىشكە بولمايتتى. شۇڭا ئۇنى مەلىكىنىڭ مېۋىلىرىگە قارايدىغان قول سوپەتلىك ياساپ، چاھارباغقا ئەكىرىپ قويدى. ئۇلار شۇنىڭدىن باشلاپ شېرىن سۆھبەتلەردە بولۇپ، پات - پات ئۇچرىشىپ تۇردى.

كۈنلەر ئۆتتى، ئايلار ئۆتتى، بىر كۈنى مەلىكە خوجاۋاپانى چاھارباغدىكى راۋاقتا باشلاپ كېلىپ، ئۇنىڭ قولىغا ئون سەر ئالتۇننى تۇتقۇزۇپ كۆڭۈل سۆزىنى ئىزھار قىلدى:

— سىز مۇشۇ ئالتۇننى ئېلىپ، ئۆز شەھىرىڭىز خەلەپكە قايتىپ، ئېسىل ئىمارەت سالدۇرۇڭ. مالباراڭ قىلىڭ. سىز

شاھى زاتى بولمىغانلىقىڭىز ئۈچۈن ئاتام رازىلىق بەرمەسلىكى مۇمكىن. شۇنىڭ ئۈچۈن ئالدى بىلەن ئاتامنىڭ يېقىن كىشىلىرىنى چاقىرىپ زىياپەت بېرىڭ، — ئايسۇلتان زاماندىن زۇھەلنىڭ يېقىن ئۆتىدىغان كىشىلىرىنىڭ ئىسمىنى دەپ بەردى، — ئاتام ئۇلارنىڭ سۆزىنى يەرمايدۇ. ئارىدىن بىر ئاي ئۆتكۈزۈپ، ئاندىن ئاتامغا ئەلچى ئەۋەتىڭ.

— چوقۇم سىزنىڭ دېگىنىڭىزدەك قىلىمەن، — دېدى خوجاۋاپا كۆزلىرىگە ياش ئېلىپ، — قادىر ئاللا ئىشىمىزنىڭ ئاخىرىنى خەيرلىك قىلغاي!

بىر جۈپ ئاشىق - مەشۇق بىر - بىرىدىن ئايرىلىشقا كۆزى قىيماي ھىجران ياشلىرىنى تۆكۈپ خوشلاشتى ھەم ئۇلار: «بىر - بىرىمىزگە مەڭگۈ سادىق بولىمىز» دېيىشتى.

خوجاۋاپا پىيادە ئۈچ ئايلىق يولنى يارام ئارغىماقتا بىر ئايدا بېسىپ خەلەپ دىيارىغا يېتىپ كېلىپ، ئاتا - ئانا، قوۋم - قېرىنداشلىرىنى زادىلا تاپالمىدى. خوجاۋاپا ئۇلارنى بىر ھەپتە ئىزدەپ ھېچ دېرىكىنى ئالالمىدى. ئاخىر ئۇ بۇرۇنقى قوشنا، بۇرادەرلىرىنى تېپىپ، شۇلاردىن ئاتا - ئانىسىنىڭ ئەھۋالىنى ۋە نەدە تۇرۇۋاتقانلىقىنى بىلىۋالدى. ئەسلىدە ئاتا - ئانىسى خەلەپ ۋەزىرى كېرەمشاھ نەبىيۇللانىڭ زۇلۇمىدىن ئۆي - ماكانلىرىدىن ئايرىلىپ، ھېچ نەرسىسى قالماي، شەھەر سىرتىدا گەمە كولاپ، يولدىن ئۆتكەن كارۋانلاردىن سەدىقە تىلەپ تۇرمۇش كەچۈرۈۋاتقانىكەن. خوجاۋاپا ئۇلار بىلەن دىدارلىشىپ خۇشاللىق ياشلىرىنى تۆكتى ھەم ئاتا - ئانىسىنى پايتەختكە كۆچۈرۈپ كېلىپ شەھەرنىڭ ئوتتۇرىسىدىن يەر سېتىۋېلىپ، ئاجايىپ ھەيۋەتلىك بىنا سالغۇزدى.

بىنانىڭ پۈتۈش شەرىپىگە زىياپەت بەرمەكچى بولۇپ، يەتتە

ئىقلىمدىن سازچى، ئۇسسۇلچى، ئويۇنچىلارنى، يېقىن كۆرگەن ـ بىلگەنلىرىنى چاقىردى. ئايسۇلتان ئالاھىدە تاپىلىغان زامانىدىن زوھەلنىڭ يېقىنلىرىدىن ھاجى خەلىپە بىلەن يەمەن قازىسىغا پەيتون ئەۋەتتى.

مېھمانلار دېگەن قاراردا يېتىپ كېلىشتى. ئۇلار يېڭى سېلىنغان ئېسىل سارايلاردا ھەرخىل نازۇ نېمەتلەرنى يەپ، نەغمە ـ ناۋالاردىن ھوزۇر ئېلىپ پۇخادىن چىقىشتى. زىياپەت ئاخىرلىشىپ يۇرت ئەھلى تارقىلىشقا باشلىغاندا، ئايسۇلتاننىڭ يۇرتىدىن كەلگەن ھاجى خەلىپە ۋە يەمەن قازىسىغا نۇرغۇن ئالتۇن ئىنئام قىلىپ ئۇلارنى ئېيتقۇسىز خۇشال قىلىۋەتتى. باشقا يۇرتلاردىن كەلگەن مېھمان، سازەندە، ئۇسسۇلچى، ئويۇنچىلارنىمۇ تولۇق رازى قىلىپ يولغا سالدى. ھەممەيلەن خوجاۋاپادىن رازىمەندە بولۇشۇپ ئۆز يۇرتلىرىغا راۋان بولۇشتى. بۇنىڭ بىلەن ئۇنىڭ داڭقى يەتتە ئىقلىمغا پۇر كەتتى. بۇ خەۋەردىن چەكسىز شادلىققا تولغان ئايسۇلتان ئولتۇرالمايلا قالدى. يەنە بىر تەرەپتىن خوجاۋاپانى سېغىنغانىدى. ئۇ بىر ئەتىگەنلىكى شاھ ئاتىسى زامانىدىن زوھەل بىلەن كۆرۈشۈپ، خانىش ھەدىسىنى ھەم ئۇنىڭ بالىسىنى كۆرۈش ئۈچۈن باغدادقا بارىدىغانلىقىنى ئېيتتى، «ياق» دەپ ھۆددىسىدىن چىقالمايدىغانلىقىنى بىلگەن شاھ نائىلاج ماقۇل بولدى. ئۇ سەۋەب كۆرسىتىشكە ئامالسىز ئىدى.

ئايسۇلتان كۆڭلى يېقىن كېنىزەكلەردىن زولەيخا ۋە خۇلقارنى ئۆزىگە ھەمراھ قىلىپ، ئۇچار تۇلپارلاردىن ئۈچ ئارغىماققا مىنىشتى. ئەرەنچە كىيىنىپ، يېنىغا قىلىچ ۋە شەمشەرلەرنى ئاسقان بۇ ئۈچ مەزلۇمنى ھېچكىم قىزلاركەن دېمەيتتى. ئۇلار تۇلپارنى بولۇشىغا قويۇۋېتىپ خەلەپ دىيارىغا

20 كۈن ئەتراپىدا يېتىپ كەلدى. شەھەر مەركىزىگە سىلىنغان ئاجايىپ كۆركەم ھال رەڭ بىنانى كۆرگىنىدە ئايسۇلتان «مۇشۇ شۇ!» دەپ ۋارقىرىۋەتتى. شەھەردە بۇنداق بىنالار كۆپ بولسىمۇ، مەشۇقە قىزنىڭ يۈرىكى تونۇغانىدى. ئاڭغۇچە خوجاۋاپا پەلەمپەيلەردىن تاراقلاپ يۈگۈرۈپ چۈشۈپ كەلدى. لېكىن ئۇلار ئەدەپ ۋە ھايا ۋەجىدىن «ئامانمۇسىز؟»، «تىنچمۇسىز؟» دېگەن سۆز بىلەنلا كۇپايىلەندى.

خوجا ۋاپا ئۇلارنى خەلەپنىڭ ئەڭ مەنزىرىلىك جايلىرىدا ئۈچ كۈن ئويناتقاندىن كېيىن باغدادقا يولغا سېلىپ قويدى ھەم بىر ئايدىن كېيىن يەمەنگە ئەلچى ئەۋەتىدىغانلىقىنى پىنھان جايدا دەۋالدى. ئايسۇلتانمۇ:

— ئۇ چاغقىچە مەنمۇ يەمەنگە بېرىپ بولىمەن، — دەپ پىچىرلىدى ...

*                    *                    *

— ئۇلۇغ ئاپتاپى ئالەم، شاھ ئالىيلىرى، — دېدى تەشرىپتار چوڭقۇر تەزىم بىلەن، — خەلەپ دىيارىدىن ئەلچىلەر كەپتىكەن، ئۆزلىرىدىن ئىجازەتمىكىن!

— ئىجازەت!

كاتتا ساراي بوسۇغىسىدىن «بىسمىللا» دەپ ئۈچ كىشى كىرىپ كەلدى ـ دە، جايىغىلا موككىدا چۈشۈپ پېشانىلىرىنى گىلەمگە يېقىپ يەر سۆيدى. ھەمدە بىر ھازا ئۇلۇغلاش قەسىدىلىرىنى ئېيتقاندىن كېيىن يۈكۈنۈپ پەستە ئولتۇرۇشتى. زامانىدىن زۇھەل ئۇلارنى مەنسىتمىگەندەك كۆز غەلۋىرىدىن ئۆتكۈزدى. ئاپپاق كىيىملەرگە پۈركىنىپ چەتتە ئولتۇرغىنى 60

ياشلارنىڭ قارىسىنى ئالغان ئايال بولۇپ، چىرايىدىن تەقۋادارلىقى چىقىپ تۇراتتى. ئوتتۇردىكى شالاڭ ئاق ساقاللىق، يۈزلىرىنى قورۇق باسقان دۇمچەكرەك ئادەممۇ 65 ياشلارنىڭ قارىسىنى ئالغاندەك قىلاتتى. چەتتىكى تەتۈر ئۆستىخان، ئېگىز بوي، ئاق سېرىق ئۆڭلۈك، كورەك ساقال ئادەم ياشىنىپ قالغىنىغا باقماي ساقىلىغا خېنە قويۇۋالغانىدى.

— هە، سىلەرنى نەدىن سورايمىز؟ — خىرقىرىدى زاماندىن زۆھەل، — ئاڭلىسام ئەلچى ئىكەنسىلەر، يىگىتنىڭ ئىش ـ ۋەجى نېمە؟

— ئاتا ـ بوۋىلىرىمىز «ئەلچىگە ئۆلۈم يوق» دەپ خويمۇ ئوبدان گەپ قىپتىكەن، — دېدى ئايال ئەلچى، — شۇڭا يۈرىكىمىزنى قاپتەك قىلىپ سەلتەنەتلىك ھۇزۇرلىرىغا قورقماي كىرىپ كەلدۇق.

— بىز خەلەپ دىياردىن ئۇزۇن يوللارنى بېسىپ تۇغقان بولۇشقا كەلدۇق، — شالاڭ ساقال دوكراق بوۋاي تامىقىنى قىرىپ قويدى، — شاھ ئالىيلىرىنىڭ خىلى بولمىساقمۇ، «نىكاھ غايىب» دېگەن شۇ ئوخشايدۇ. بۇمۇ ئاللانىڭ ئىرادىسى ئىكەن ...

— ئۆزلىرىگە ئوغۇل بولغۇچى، ئىش ـ ئوقىتى روناق تاپقان كاتتا سودىگەر، — كورەك ساقال گەپ ياسىدى، — يەتتە ئىقلىمدا «مەرد ھاتەم» دەپ نامى بار. پەزىلەتتە پەرىشتىدۇر. ھۆسن كامالەتتە يۈسۈپ ئەلەيھىسسالامدۇر.

— پاھ، پاھ، پاھ، ئاپىرىن تەھسىن، — زاماندىن زۆھەلنىڭ ئاۋازىدىن مەسخىرە چىقىپ تۇراتتى، — ئالامەتكەن، قالتىسكەن ... بەرىكەت تاپقۇر ... ئەمما مېنىڭ قىزىم بەكمۇ ئەركە ئۆسكەن ... ئۇنىڭ دېگىنى دېگەن، قىلغىنى قىلغان ... بەكمۇ زۇۋاندار. شۇڭا مېنىڭ دېگىنىم ھېساب ئەمەس، قىزىم خالىسا، ئىختىيارى

شۇنىڭدا، قارشىلىقىم يوق ...

زامانىدىن زۇھەل ئاغزىدا شۇنداق دېگەن بىلەن كۆڭلىدە: «ھەي ... يەتتە ئىقلىمنىڭ مەن ـ مەن دېگەن شاھزادىلىرىگە كۆز قىرىنى سالمىغان ئايسۇلتان سېنىڭدەك سېسىق سودىگەرنى پۇتىغا پايتىما قىلماس» دەپ ئويلىدى.

ئەلچىلەر پادىشاھنىڭ گەپ ئۇرانىدىن نېمىلەرنى ئويلاۋاتقانلىقىنى پەملەپ، ئۆزلىرىنىڭ بىھۇدە ئاۋارە بولغانلىقىنى تونۇپ يېتىشتى. ئۇلار سىرتقا چىققاندىن كېيىن بىر ـ بىرىگە تاپا ـ تەنە قىلىشقا باشلىدى:

ــ ئاۋارە بولمايلى، مۇشۇ يەردىنلا قايتىپ كېتەيلى، ــ دېدى دۇمچەك شالاڭ ساقال، ــ بۇ ئىشتىن زەررىچە ئۈمىد يوق.

ــ مەن خەلەپتىكى چاغدىلا بۇ ئىشنىڭ رويابقا چىقمايدىغانلىقىنى مۆسەللەپ بولغان، ــ كورەك ساقال مۇنەججىملەردەك باش ئېغىتتى، ــ ئەلمىساقتىن تارتىپ شاھ بىلەن گاداي بىر قازاندا قاينىغان نەدە بار؟

ــ سىلەر ئەر كىشى تۇرۇپ، ئاياللاردەك ئىشتان بېغىڭلار يانغا ئۆتۈپ قالدىغۇ؟ ــ موماي سېسىقنى چىقاردى، ــ شۇنچە ئۇزۇن يوللارنى بېسىپ كەلگەنىكەنمىز، مەلىكىنىڭ ئۆز ئاغزىدىن جاۋاب ئاڭلاپ باقايلى، بىزدىن يىپ بىلەن مومىنىڭ پۇلى كېتەمتى؟!

ــ ئۇنداقتا سىلى كىرىپ باقسىلا، ــ دېدى دۇمچەك بوۋاي بويىنىنى تولغاپ، ــ مەن كىرمەيمەن، ئەمما دەشنەملىرىنى يەپ چىقسىلا، بىزدىن كۆرمىسىلە.

ــ مەنمۇ كىرمەيمەن، ــ كورەك ساقال تەتۈر قارىۋالدى، ــ بىكاردىن ـ بىكار تىل ئاھانەت ئىشتىكىلى مېنىڭ بېشىمنى ئېشەك غاجىلىۋالمىغان.

— مېنىمۇ ساراڭ پېت چېقىۋالمىغان، — موماي ئالىقانلىرىغا ئۇردى، — خوجاۋاپا بالىمىزنىڭ بىزگە قىلغان كۆڭۈل سوۋغىلىرىنى دېمەيلا قوياي، ئۇچىمىزنى قانچىلىك چىقىملار بىلەن يولغا سالغان. ئىمانىڭ بولمىسىمۇ ئىنسابىڭ بولسۇن دېگەن گەپ بار.

— ئەمدى قارىسىلا.

— بولدى، بولدى، ماڭا ئېزىپ ئىچۇرمەي قويۇڭلار، مەن كىرسەم بولىدىغاندۇ؟ مەلىكە مېنى «هاپىلا» قىلىپ يەۋالماس.

ئايال ئەلچى مەلىكىنىڭ هۇجرىسى ئالدىغا كېلىپ، ئايسۇلتاننىڭ ئىنىكئانىسى بىلەن كۆرۈشۈپ، ئۆزىنىڭ نەدىن، نېمە ۋەجىدىن كەلگەنلىكىنى بايان قىلدى. بۇ ئىشتىن ئالللىقاچان خەۋەردار بولغان ئىنىكئانا خۇش مۇئامىلە كۆرسىتىپ، كىچىك ھەرەمخانىغا كىردى ـ دە، خوجاۋاپادىن ئەلچى كەلگەنلىكىنى مەلىكىگە يەتكۈزدى. ئايسۇلتان.

— ئىنىكئانا، نېمىشقا ئۆزلىرى بىلەن بىللە ئەكىرمىدىلە، تېز بولسىلا، ساقلاپ قالمىسۇن، ـ دەپ ئىجازەت بەردى.

ئايال ئەلچى ھەيۋەتلىك ياسالغان ھەرەمخانىغا كىرىپلا پۇتلىشىپ يىقىلغىلى تاسلا قالدى. چۈنكى ئۇ ئۆي ئىچىدە، چىرايىدىن نۇر يېغىپ تۇرغان تەڭداشسىز بىر نازىنىننى كۆرۈپ ھوشىنى يوقاتقىلى تاسلا قالغانىدى. ئۇنىڭ تولۇن ئايدەك ھۆسن ـ جامالىغا تىكىلىپ قالغان ئايال ئەلچى:

«ئۇ ئادەممۇ ـ پەرىمۇ؟! خۇدايا، نېمىدېگەن گۈزەل قىز بۇ! مەلىكە يىگىتنىڭ تەلىپىنى ھەرگىز قوبۇل قىلمىغۇدەك، ئەڭ ياخشىسى مەنمۇ ئاستاغىنا يولۇمغا راۋان بولسام بولغۇدەك، ئاۋۇ قېرىلار بىلىپ ئۆزىنى چەتكە تارتىپتىكەندە ...» دېگەن تەشۋىشلەر ئىچىدە قالغاندا، مەلىكە تەمكىن ھالدا سۆز باشلىدى. ئۇنىڭ ئاۋازى بەكمۇ يېقىملىق ئىدى:

— ئانا، سىز ئەنسىرىمەڭ، مەن سىزنى خۇشاللىق بىلەن قارشى ئالىمەن ھەم تەلپۈنگىزگە قوشۇلىمەن.

— نېمە ... نېمە ... نېمە دېدىلە خان ئايىم، — قولاقلىرىغا ئىشەنمەي قالغان ئايال ئۆز ئورنىدا بىر نەچچىنى پىرقىرىۋەتتى، — ۋاي خۇدايىم، مەن نېمە بولدۇم. ئەجەب بىر بولۇپ قالدىما؟!

— مەن سىلىگە، — مەلىكە كۈلۈۋەتتى، — خوجاۋاپانىڭ تەكلىپىنى قوبۇل قىلدىم، دېدىمغۇ ...

ئايال ئەلچى يەرگە يىقىلدى - دە ئۆمىلەپ كەلگىنىچە مەلىكىنىڭ ئاياغلىرىنى سۆيدى ھەم مۆل - مۆل ياش تۆكتى. مەلىكىنىڭ خەلەپلىك ئەلچىلەرگە «ماقۇل» جاۋاب بەرگەنلىكىنى ئىنىكئانا دەرھال پادىشاھقا يەتكۈزدى. زامانىدىن زۇھەل بۇ خەۋەرنى ئاڭلاپ، خۇددى قولاقلىرى ئىچىدە بىرمۇنچە ھەرىلەر غوڭۇلداۋاتقاندەك، تېڭىرقاپ تۇرۇپ قېلىپ، دېمى ئىچىگە چۈشۈپ كەتتى. ئۇ دەرھاللا ۋەزىرلىرىدىن قۇلنەزەر قۇتبى، ئابدۇلبارىلارنى ۋە ئۆلىما، يېقىنلىرىنى چاقىرىپ بۇ «غەيرىي» خەۋەرنى يەتكۈزگەندى. ئابدۇلبارىدىن باشقىسىنىڭ چىرايلىرى ھېلىلىدەك قورۇلۇپ كېتىشتى. ھەركىم ھەر نېمە دېيىشتى. پادىشاھنىڭ قولاق - مېڭىسىنى يەپلا كەتتى. قۇشقاچىلاردەك جاۋىلدىشىۋاتقان بۇ ئادەملەردىن بىزار بولغان شاھ ئۇلارنىڭ ھەممىسىنى چىقىرىۋېتىپ ئابدۇلبارىنى ئېلىپ قالدى.

— سىلى خەلپە بۇزرۇك بىلەن يەمەن قازىسىنى ئېلىپ ئوردىغا بىللە كىرسىلە، — دېدى شاھ قاپاقلىرىنى تۈرگەن ھالدا، — بۇ كۈرۈك توخۇلار بىلەن بىر ئىشنى باشقا ئېلىپ چىقماق تەس ئوخشايدۇ.

ئابدۇلبارى «قۇللۇق شاھىم» دەپ ئارقىچە مېڭىپ چىقىپ

كەتتى. ھاجى خەلپىنىڭ ئارامگاھى شەھەرنىڭ بۇ چېتىدە بولسا، يەمەن قازىسىنىڭ ئۇ بېشىدا ئىدى، ئابدۇلبارى ۋەزىرى ئەزەم ئۆلارنى پەيتونغا سېلىپ ئېلىپ كەلگەندە، نامازشام ۋاقتى بولۇپ قالغانىدى. شاھنىڭ تۇتۇلۇپ كەتكەن چىرايى ئۇستازى ھاجى خەلپىنى، يېقىن دوستى يەمەن قازىسىنى كۆرۈپ ۋىللىدە ئېچىلدى. ئۇ تەختتىن تۇرۇپ ئالاھىدە ئىلتىپات كۆرسەتتى. ئاندىن كۆڭلىنى خىرە قىلغان ئىشنى بايان قىلدى. تاۋار كۆرپىلەردىن ئورۇن ئالغان ئۈچ مۆتىۋەر باشلىرىنى لىڭشىتىپ كۈلۈمسىرەپ قويۇشتى.

— خوجاۋاپا شاھ زاتىدىن بولمىسىمۇ، شاھزادىلەرگە تېگىشكۈسىز يىگىتكەن، — دېدى يەمەن قازىسى بىر باغلام بېدىدەك يوغان ساقاللىرىنى تۇتاملاپ، — ئۇنىڭ ئوچۇق - يورۇقلۇقى، مەرد - سېخىيلىقى، پاك پەزىلىتى مېنى تولىمۇ ھەيرەتتە قالدۇردى. بۇ خاسىيەتلىك قوشۇلۇشقا ئىجازەت بەرگەيلا شاھىم!

— ئۇنىڭ ئۆي - ئەشيالىرى، باغبارالىرى تولىمۇ كۆركەم، بەھەيۋەت ئىكەن، — ھاجى خەلپە بېشىنى گىلدىڭلىتىپ سۆز ئارىلىدى، — يەتتە ئىقلىم مۆتىۋەرلىرى ئۇنىڭدىن بەكمۇ مەمنۇن بولۇشتى. «ئوغۇل بولسا، مانا شۇنداق بولسا» دېيىشىپ ئۇنىڭغا ھەمدۇسانالار ئوقۇشتى. ئىككىلەنمىگەيلا شاھىم!

— شاھ زاتى، ئاۋام زاتى بولسا نېمە بوپتۇ، — دېدى ئابدۇلبارى ئېغىر تىنىپ قويۇپ، — قىزلىرىمىزنىڭ مەيلى بولسا، كۆڭلى ئېچىلسا، ئاتا ئۈچۈن شۇ غەنىيمەت ئەمەسمۇ! دۇئا قىلسىلا شاھىم، بالىلىرىمىزنىڭ بەختىگە! ...

كۆڭلى ئەمىن تېپىپ يېپىپېنىكلا بولۇپ قالغان شاھ دۇئادىن كېيىن ئۆلارنى ئۇزىتىپ قويدى. ئەمما ئەتراپنى گۆگۈم پەردىسى

قاپلاپ قاراڭغۇ چۈشكەندە شاھنىڭ ھەرەمخانىسىغا قۇلنەزەر قۇتبى ئالدىراپ كىرىپ كەلدى. ئۇ گىلەمدىلا يۈكۈنۈپ ئولتۇرۇپ گەپ باشلىدى:

— شاھىم، ئالدىراپلا دۇئاغا قول كۆتۈرۈپلا، بۇ ئىش سەل چاتاقتەك قىلىدۇ، — دېدى قۇلنەزەر قۇتبى ئاۋازىغا سىرلىق تۈس بېرىپ، — خوجاۋاپا دېگەن بۇ بەتبەخت ئەسلىدە مەلىكىنىڭ چاھار بېغىدا مېۋىلەرگە قارايدىغان قۇلكەن ئەمەسمۇ!

— نېمە؟ — شاھنىڭ كۆزلىرى چەكچەيدى، — نەدىن ئاڭلىدىلا؟

— كېنىزەكلەر ئىچىدە بىرى بۇ خەۋەرنى يەتكۈزدى

— كېنىزەكلەر ئىچىگە ئادەم قويۇپتىكەنلىدە ـ ھە؟

— بۇمۇ سىلىنىڭ ئامانلىقلىرى، خاتىرجەملىكلىرى ئۈچۈندە؟

— ئۇ كىمۇ؟

— دىلئەسما!

— ھېلىقى ئات باقار بىلەن زىنا قىلماقچى بولۇپ تۇتۇلۇپ قالغان بۇزۇقما؟

— ئۇ ... ئۇ ئۇقۇشماسلىق ... ئۆسەك گەپ ...

— يالغان بولسا، ئات باقار خوتۇنى بىلەن ئۇرۇشۇپ قولىنى سۇندۇرۇۋېتەمدۇ؟ مەن شۇ چاغدىلا بىر تەرەپ قىلاتتىم. ئۇنى قوغداپ قالغىنى سىلى.

— ئەمما خەۋەر ئىشەنچلىكتە.

زاماندىن زۇھەل ئويلىنىپ قالدى. ياناي دېسە دۇئاغا قول كۆتۈرۈپ بولدى. شاھنىڭ بىر ئېغىز لەۋزى شەرئىي قانۇندۇر! ياناي دېسە، بىر قۇلغا قىز بېرىش سەلتەنەتكە چېپىلغان يۇندىدۇر. زادى قانداق قىلىش كېرەك؟ زاماندىن زۇھەل بۇ

قېتىم ئەلچىلەرگە ماقۇل بولۇپ، كۆڭلى ئەمىن تاپقانىدى. قىزى ئايسۇلتان توي قىلىپ نەچچە ئون كۈنلۈك يەرگە كەتسە شاھقا پۈتلىكاشاڭ بولىدىغان، ئىشلىرىدىن ئېۋەن تاپىدىغان بىر كۆشەندىدىن قۇتۇلاتتى. ئەمدى بۇ تويدىن يانسا، ئەلچىلەر قاچان كېلىدۇ؟ كەلگەن تەقدىردىمۇ ئايسۇلتان تاش چىشلەپ تۇرۇۋالسا، ئۇنى نېمىمۇ قىلالايدۇ. توغرا، بۇ قۇلنەزەر قۇتبى نېمانداق غەلىتە؟ ئۇ ئايسۇلتاننى بەزىدە ئەيىبلەپ قارىلايدۇ. بەزىدە ئۇنىڭغا ياخشىچاق بولۇپ كېتىدۇ. ئۇغۇ ئىشرەتخور ئادەم. پات ـ پاتلا كېنىزەك، دېدەكلەر بىلەن كۆڭۈل ئېچىپ تۇرىدۇ. ئۇ ئايسۇلتانغا خام تەمەدە بولۇپ، پەيت كۈتۈپ يۈرەمدۇ ـ يە؟

— شاھىم، سۈكۈت قىلىشنىڭ ئۆزى رازىلىقنىڭ ئالامىتىدۇر، — دېدى قۇلنەزەر قۇتبى، — ئەقىل بىلەن ئىش قىلىپ، بۇ توينى توسۇشلىرى كېرەك.

— بولىدىلا، — شاھ ۋەزىرىنىڭ كۆزلىرىگە قارىدى، — ئۇستازىم ھاجى خەلىپە، قەدىناس بۇرادىرىم قازى كالان ئالدىدا ئەھدە قىلىپ بولدۇم. ئايسۇلتاننىڭمۇ يېشى چوڭىيىپ 16 گە كىرىپ قالدى.

— بۇ؟ ...

شاھ «ئاڭلىغۇم يوق» دېگەندەك قولىنى كۆتۈردى. بىردىنلا غۇژژىدە گەجگىسىدىن قورۇغان قۇلنەزەر قۇتبى ئىچىدە: «قېنى كۆرىمىز، بۇ گۈزەل جاناننىڭ مېغىزىنى كىم چاقىدىكىن؟» دەپ ئويلىغىنىچە ھەرەمخانىدىن چىقىپ كەتتى.

پادىشاھ زامانىدىن زۇھەلنىڭ ئەمر ـ پەرمانى بويىچە ئارىدىن بىرەر ئاي ئۆتمەيلا يەتتە ئىقلىمغا زىياپەت بېرىپ، قىرىق كېچە ـ كۈندۈز توي بولدى. مەلىكە ئايسۇلتانغا ھەمراھ بولۇپ بىر توپ لەشكەرلەر بىلەن كېنىزەكلەر بىللە يولغا چىقتى. قۇلنەزەر

قۇتبى لەشكەرلەرگە باش بولۇپ ماڭغان قىرىق ياشلاردىكى بەگزادىنى خالىي جايغا ئەكىلىپ خېلى كۇسۇرلىغاندىن كېيىن، ئالتۇن سېلىنغان تېرە ھەميانىنى ئۇنىڭغا تۇتقۇزدى.

— ئىش تۈگىگەندىن كېيىن، قىزنى مەن دېگەن يەرگە ئېلىپ كەتكىن، — دېدى قۇلنەزەر قۇتبى پىچىرلاپ، — خۇش خەۋىرىڭدىن كېيىن قالغان ھەققىڭنى بېرىمەن.

— خوپ، ۋەزىرى ئەزەم ئالىيلىرى ...

توي كۆچۈرگۈچىلەر يولغا چىقتى. ئۇلار ئۆتەڭ، قونالغۇ ۋە كىچىك - كىچىك ئايماقلاردا قونۇپ ئون كۈن ماڭغاندىن كېيىن، ئادەم ئايىغى باسمىغان چۆل - جەزىرە، قۇملۇقلارغا كىرىپ كەتتى. ئايسۇلتان تۆگە ئۈستىگە ئورۇنلاشتۇرۇلغان تەختىراۋاندا بولۇپ، ئۇنىڭ ئارقىسىدىكى تۆگىدە كۆيۈ ئوغۇل خوجاۋاپا بار ئىدى. ئۇلار 14 - كۈنى قۇم بارخانلىرى ئېدىرلىرىغا چېدىر ۋە كىگىز، پالاز ئۆيلىرىنى تىكلەپ تۇنەپ قېلىشتى ... ئەمما ئەتىگەنلىكى يولغا چىقىش تەييارلىقى بولۇۋاتقاندا خوجاۋاپا يوق ئىدى. ئۇنىڭ چېدىرىنى يىغىشتۇرۇش ئۈچۈن بارغان كېنىزەكلەر بىردىنلا چىرقىرىشىپ قېچىپ چىقىشتى. ئارقىدىن بىرقانچە ئەر - ئاياللار بېرىپ ئۇلارمۇ ۋارقىرىۋېتىشتى. بوغۇزلانغان خوجاۋاپا ئورۇن - يوتقانلىرى ئۈستىدە قانغا چىلىشىپ ياتاتتى ... بۇ ئەسنادا قاياقتىندۇر ھاسىراپ يېتىپ كەلگەن دىلئەسما، زۇلەيخانىڭ بىلىكىدىن كاپلا تۇتۇپ بىر يۇلغۇن ئارقىسىغا ئاپاردى:

— تېز ... تېز بول، مەلىكە ئايسۇلتانغا خەۋەر قىل، ئۇ قېچىپ كەتسۇن، بولمىسا ئۇنى ئېلىپ قاچىدۇ.

— سەن ... سەن ... نەدىن بىلىسەن؟ ساڭا كىم دېدى.

— مەن كېچىدىن كىچىك تەرەتكە چىقىپ، بۇككىدە

يۇلغۇنلار ئىچىدە بىر نەچچە ئادەمنىڭ دېيىشكەن گەپلىرىنى ئاڭلىدىم ... خوجاۋاپانى ئۆلتۈرگەنلەرمۇ شۇلار.

زۇلەيخا ئۇچقاندەك يۈگۈرۈپ خۇلقارنى تاپتى. ئۇنىڭغا ھېچنېمە دېمەيلا قولىدىن سۆرەپ ئايسۇلتاننىڭ قېشىغا ئاپاردى. زۇلەيخا بولغان قانلىق ۋەقەنى قىسقىلا سۆزلەپ يىغلىۋەتتى. ئۇ ئايسۇلتاننى ئۆزىنىڭ ئېتىغا مىندۈردى ـ دە، ئاتنىڭ ساغرىسىغا زەربى بىلەن قامچا ئۇردى. ئات قۇملارنى چاچرىتىپ دەشت ـ باياۋانغا كىرىپ كەتتى. ئاڭغۇچە بىر توپ پۇقراچە كىيىنگەن ئاتلىقلار كېلىپ ئايسۇلتاننى ئىزدەپ تاپالماي ئۇلارمۇ قۇملۇق ئىچىگە ئات سالدى.

خەلەپتىن كەلگەن توي ئىگىلىرى كۈننىڭ ئىسسىقىدا مېيىتنى يۆتكەپ ماڭغىلى بولمىغاچقا، يىغلا ـ يىغلا خوجاۋاپانى شۇ يەرگە دەپنە قىلىۋېتىپ ئۆزلىرى يۇرتىغا قايتىپ كېتىشتى.

ئەلقىسسە، ئەمدى گەپنى ئايسۇلتاندىن ئاڭلايلى، چۆل ـ باياۋاندا يولدىن ئېزىپ كەتكەن ئايسۇلتان ئاش ـ ئوزۇقى، سۈيى تۈگەپ كېتىپ چۆللەردىكى ئاچچىق، قىرتاق بولسىمۇ بۆرە قوغۇن، ئىت تاۋۇزى، جىغان مېۋىلىرىنى يەپ، شەمشەر بىلەن توغراق غوللىرىنى ئويۇپ، قىپقىزىل قېرىق سۇلارنى شوراپ قىرىق كۈندەك ئۆتۈپ كەتتى. ئۇنىڭ ئېتى ئۇسسۇزلۇقتىن ئاللىقاچان ئۆلۈپ قالغانىدى. ئۇ بىر ئەتىگەنلىكى قۇم دۆڭلۈكلىرىدىن ھالقىپ، قەدىمكى ئىككى تۈپ توغراق قېشىغا كېلىپ قالدى. ئەتراپىغا زەن سېلىپ قاراپ خۇشاللىقىدا ۋارقىرىۋەتتى.

ــ مەن تاپتىم ... مەن يولۇمنى تاپتىم! ...

ئۇ بۇنىڭدىن بەش ئاي ئىلگىرى خوجا ۋاپانى سېغىنىپ ھەم ئۇنىڭ سالغان ئۆي ـ ئەشيالىرىنى كۆرۈش ئۈچۈن، دوستلىرى

زۇلەيخا، خۇلقارلار بىلەن خەلەپكە ماڭغاندا، مانا مۇشۇ يەردە ئاتلىرىدىن چۈشۈپ ئارام ئالغانىدى. بۇ يەردىن خەلەپكە بىرەر كۈندە بارغىلى بولاتتى. ئەمدى مۇشۇ يەرگە كېلىپ قالغانىكەن. خوجاۋاپانىڭ مەلىكە ئۈچۈن سالغۇزغان ئۆيلىرىدە تۇرۇپ، ئۇنىڭ نەزىر ـ چىرىغىنى ئۆتكۈزۈپ، ئاتا ـ ئانىسىغا تەسەللى ـ خاتىرە بېرىپ، كېلىنلىك بۇرچىنى ئادا قىلمىسا بولامدۇ؟

ئايسۇلتان يولىنى داۋام قىلىپ خەلەپ دىيارىغا ئەتىسى سەھەردە كىرىپ كەلدى. ئۇ مۇرادى ھاسىل بولمىغان ئېرىنىڭ تىنىقلىرى تارقىغان ماكانىنى كۆرۈشكە ئالدىراپ شەھەر مەركىزىگە يېتىپ كەلدى. ھېلىقى كۆركەم ھال رەڭ بىنا يەنىلا قەد كۆتۈرۈپ تۇراتتى. ئۇ دەرۋازا ئالدىغا كېلىشى قاپىقى يامان قاراۋۇل ئۇنىڭ ئالدىنى توستى:

ـــ جان كېرەك بولسا قايت ئارقاڭغا، ـــ قاراۋۇل قىزنىڭ يىرتىلغان كىيىملىرىگە، كىرلەشكەن مەينەت يۈزلىرىگە قاراپ يەرگە تۈكۈردى، ـــ نەدىن كەلگەن قاسماق دىۋانە بۇ ... ماڭ ـ ماڭ ئادەمنىڭ كۆڭلىنى ئېلىشتۇرماي.

ـــ بۇ كىمنىڭ جايى؟ ـــ سورىدى ئايسۇلتان يېلىنغان قىياپەتتە، ـــ ھازىر كىم ئىگىدارچىلىق قىلىۋاتىدۇ.

ـــ خەلەپ ۋەزىرى كېرەمشاھ نەبىيۇللا ھەزرەتلىرىنىڭ!

ـــ بۇرۇن كىمنىڭ جايى ئىدى؟

ـــ بىلمەيمەن، يوقال!

ـــ جېنىم ئاكا، مەن بۇ شەھەرگە مۇساپىر، بۇ يەرنىڭ شاھى كىم بولىدۇ؟

ـــ ئەمدىلا 17 ~ 18 ياشقا كىرگەن ئەبۇلئەسەد ئالىيلىرى بولىدۇ، ـــ قاراۋۇل قىزنىڭ بىچارە ھالىتىگە ئىچى ئاغرىپ قالدى بولغاي، سەل مۇلايىملاشتى، ـــ ئۇنىڭ ئۇلۇغ شاھ دادىسى

ئالتە يىلدىن بېرى ئورۇن تۇتۇپ يېتىپ قالغاچقا، ئوغلى 12 ياشقا كىرگەندىلا شاھلىقنى ئۆتكۈزۈپ بەرگەن. ئەمما ئۇنىڭ ئوڭ قول ۋەزىرى كېرەمشاھ نەبىيۇللا ئەڭ ھوقۇقلۇق جاناب!

ئايسۇلتان شەھەر كوچىلىرىدا تىلەمچىلىك قىلغاچ قورسىقىنى تويغۇزۇپ، بىر كۈن ئايلاندى. شەھەردىكى كوچا ۋە رەستىلەر پۇتۇنلەي خارابىلىككە ئايلانغان بولۇپ، كوچا ـ كوچىلاردا يۈزلىگەن، مىڭلىغان ئادەملەر ماكانسىز، كىيىمسىز، ئاچ ـ زېرىن يۈرۈشەتتى. ئۇلار «كېرەمشاھنىڭ قورۇقچىلىرى كەلدى!» دېگەن ھامان تەرەپ ـ تەرەپلەرگە قېچىشاتتى. بۇ رەھىمسىز ۋەزىر ئۆز ئالدىغا باج ـ سېلىق يىغىپ خەلەپ ئاۋامىلىرىنى خۇرجۇنسىز دىۋانىلەرگە ئايلاندۇرۇۋەتكەنىدى. خوجاۋاپانىڭ ئاتا ـ ئانىلىرىمۇ سەرسان بولۇپ، چۆللەرگە چىقىپ كەتكەنىدى.

ــ ئاھ خۇدا، قىسقىغىنە ۋاقىتتا بۇ شەھەرگە نېمە ئاپەت بولغاندۇ ـ ھە؟ كېرەمشاھ نەبىيۇللا دېگەن بۇ ياۋۇز مەخلۇق بالا شاھنى ئېتىكىدە ئوينىتىدىكەندە، ئاۋام تىنالمىغۇدەك زۇلۇمغۇ بۇ ...

ھېكايە مۇشۇ يەرگە كەلگەندە خەلەپ پادىشاھلىقىنىڭ ئوڭ قول ۋەزىرى كىردەنشا نامچى ئورنىدىن تۇرۇپ تالاغا ماڭغانىدى، زىلۋا پادىچى شاھىنشاھقا قاراپ:

ــ شاھىنشاھ ئالىيلىرى، سىلىنىڭ ئەمر ـ پەرمانلىرى شەرئىي قانۇندۇر! كىمكى ئۇنىڭغا تەركىي ھۆرمەت قىلسا كاللىسى بىلەن ئويناشقانلىق بولامدۇ قانداق؟ ــ ھېكايە تەسىرىدىن ئېغىر خىيالغا پاتقان شاھىنشاھ شەمسىنىڭ قاپاقلىرى تۈرۈلگەن ھالدا كىردەنشا نامچىغا قارىدى:

— تەقسىر، بىز باشتىلا پادىچى بالىنىڭ تەلەپ ـ شەرتلىرىگە قېتىلغان، جايلىرىغا بېرىپ قىسىپ ئولتۇرسىلا.

— خوپ، خوپ ... ئەمدى شۇ زەرە قىلاي دەپ ... ، — ساقاللىرى تىترەۋاتقان كىردەنشا نامىچى جايىغا كېلىپ ئولتۇردى ـ دە، پادىچىغا ئالىيىپ قاراپ قويدى. ئاندىن پادىچى بالا ھېكايىسىنى داۋام قىلدى.

ئايسۇلتان خوجاۋاپانىڭ ئۆلۈمىنىڭ تېگىگە زادىلا يېتەلمىدى. ئۇنى زادى كىملەر ئۆلتۇردى، پۇقراچە كىيىنىپ، قىلىچلىرىنى ئوينىتىپ، ئايسۇلتاننى قوغلىغانلار كىم؟ ئۇلار چۆل قاراقچىلىرىمۇ؟ ياكى مەلىكىنى ئۇزۇندىن بېرى پايلاپ يۈرۈپ پېيىگە چۈشكەن قىزئوغرىلىرىمۇ؟ بۇ ... بۇ ... بۇ ... دادىسىنىڭ ئويۇنلىرى بولۇپ قالسىچۇ؟

ئايسۇلتان ئويلا ـ ئويلا ئاخىر بۇ ئىشنى يۇرتى يەمەنگە بېرىپ ئېنىقلىماقچى بولدى. شۇڭا ئۇ سەپەر تەييارلىقىنى قىلىپ، بىر كۈنى تاڭ سەھەرلىكى كارۋان يولىغا چۈشتى ...

*　　　　*　　　　*

ئەمدى گەپنى يەمەن پادىشاھى زاماندىن زۇھەلدىن ئاڭلايلى:

چوڭ قىزىنى قارا دېۋە ئېلىپ قېچىپ، كۆپ ھەرەج تارتقان شاھ زاماندىن زۇھەل ئايسۇلتان يوقاپ كېتىپ، ئىككىنچى قېتىم يۈرىكى زەردابقا تولدى. ئاچچىقى كەلگەندە، شاھلىق سەلتەنەتىگە شىكەستە يەتكەندە كۆزىگە ھېچنېمە كۆرۈنمىگىنى بىلەن يامانلىقنىڭ ئوتى يامان دېگەندەك، شوخ، زۇۋاندار قىزىنىڭ چۆل ئىچىدە غايىب بولۇشى بىر ئاتىنىڭ يۈرىكىنى خۇن قىلماي قالارمۇ؟

زاماندىن زوھەل «بۇ ئىشنىڭ سەۋەبكارى قۇلنەزەر قۇتبى بولۇشى ھەر ئېھتىمالغا يېقىن» دەپ گۇمان قىلسىمۇ تۇتقۇدەك ساپاق يوق ئىدى.

زاماندىن زوھەل قىزى ئايسۇلتاننى ئىزدەش ئۈچۈن بىر تۈركۈم لەشكەرلەرنى تەييارلاپ، بۇنىڭغا ۋەزىرى ئەزەم ئابدۇلبارىنى باش قىلىپ تەيىنلىدى. بۇنىڭدىن خەۋەر تاپقان قۇلنەزەر قۇتبى ئولتۇرالمايلا قالدى. يەنە بىر تەرەپتىن ئۇنى قورقۇنچ بېسىۋالدى. خوجاۋاپانى قەتل قىلغان بەگزادە ئەسلىدە لەشكەرلەر ئىچىدە يۈز بېشى بولۇپ، قۇلنەزەر قۇتبىغا شىرەم تۇغقان كېلەتتى. ئۇ ھەر قېتىم لەشكەر تەمىناتى تارقىتىلغاندا يېرىمىنى چۆنتىكىگە سېلىپ، يېرىمىنى لەشكەرلەرگە ئىشلىتەتتى. ھەتتا تارتۇق پۇل، كىيىم - كېچەك، يېمەك - ئىچمەكلەردىنمۇ قايرىپ تۇراتتى. بۇلارنىڭ ھېساباتى قۇلنەزەر قۇتبىدا بولغاچقا، بەزىدە ئۇنىمۇ قۇرۇق قويماي شېرىنكانىسىنى ئايرىپ بېرەتتى. شۇڭا ئۇلار ئۆزئارا «بار تاۋۇقىم، يان تاۋۇقىم» قىلىشىپ، ئوردا خەزىنىسىنى ئېتىز چاشقىنىدەك كولايتتى.

بەگزادە مەي - شارابقا ئامراق ئىدى. ئۇ كەيپ بولۇپ قالسىلا ئاغزىنى باشقۇرالماي، نېمە دەپ، نېمە قويغىنىنى بىلمەيتتى، ئۇنىڭ ئاغزىدىن چىققان بىرەر شەپىنى زاماندىن زوھەل سېزىپ قالمىغان بولسا، ئايسۇلتاننى ئىزدەپ تېپىشقا ئابدۇلبارىنى باش قىلارمىدى؟ ھەسسىنا، بەگزادە دېگەن شارابخور ناكەسنى نېمىشقىمۇ ئۆز ۋاقتىدىلا جەھەننەمگە يوللىمىغان بولغىيتتى؟ ئۇنىڭ تۇتقاقلىق كېسىلى تۇتقاندىلا بېشىنى سۇغا تىقىپ، گېلىنى سىقىپ ياكى يۈزىگە تەكىينى بېسىپ گۇماندىن خالىي بىر تەرەپ قىلغىلى بولاتتىغۇ! خەپ، بەگزادە سېنىڭ

تىرىكلىكىنىڭ، مېنىڭ ئەجىلىمنى چىللاپ كەلگۈدەك!

ساراسىمىگە چۈشۈپ قالغان قۇلنەزەر قۇتبى زامانىدىن زۇھەلنى چېكىپ بېقىش ئۈچۈن ئوردىغا كىردى. ئۇ ھېچنېمىنى بىلمىگەن، ئاڭلىمىغان قىياپەتتە ئايسۇلتاننى ئىزدەپ تېپىش ئىشىنى دېگەنىدى. شاھ مىيىقىدا كۈلۈپ قويۇپ، ئورۇنلاشتۇرۇپ بولغانلىقىنى ئېيتتى.

— ۋۇي، مەن ئەجەب خەۋەرسىز قاپتىمەنا، — قۇلنەزەر قۇتبىنىڭ ئۆڭگەنلىكىنى شاھ سېزىپ قالدى، — كىم باش بولۇپ بارىدىغان بولدى؟

— ئابدۇل مۇلۇك.

— ۋەزىرى ئەزەم ياشىنىپ قالغان تۇرسا، — قۇلنەزەر قۇتبى شاھقا سىنچى كۆزلىرىنى تىكتى، — ئايسۇلتان مەلىكىنى ئۆزۈم تېپىپ كېلىمەن، دېگەن ئۈمىدىم بار ئىدى.

— ئوردىدىكى ئىشلارمۇ سىلىگە يېتىپ ئاشىدۇ. ئاۋارە قىلماي دېدىم شۇ.

قۇلنەزەر قۇتبى يەنە گەپ قىلىشنى بىئەپ كۆردى بولغاي، ئۈن چىقماي كۈلۈپ قويدى. لېكىن كۆڭلىدە: «قارا بۇ قېرى تۈلكىنىڭ گەپ يورغىلىتىۋاتقىنىنى» دەپ ئويلىدى.

ئەتىسى، ئايسۇلتاننى ئىزدەش ئۈچۈن ئابدۇلبارى باشچىلىقىدىكى بىر توپ لەشكەرلەر يولغا چىقىشتى. ئۇلار قۇملۇق چۆل ـ دەشتى ـ سەھرا، پايانسىز ئېپتىدائىي توغراق ئورمانلىرىنى بېسىپ ئۆتۈپ، يول بويى يولۇچى، سودىگەر، كارۋانلاردىن سوراپ ماڭدى. لېكىن ھېچ خەۋىرىنى ئالالمىدى. سەپەرنىڭ ئون بىرىنچى كۈنى ئابدۇلبارى ئادەملىرىنى ئۈچ بۆلەككە بۆلۈپ، ئۈچ يولغا كىرىپ كېتىشتى. ۋەزىرى ئەزەم باش

بولغان ئادەملەر خەلەپ تەرەپكە ماڭدى. چۈنكى خوجاۋاپانىڭ ئايسۇلتان ئۈچۈن خەلەپ شەھىرىگە بىنا سالدۇرغانلىقىدىن ئابدۇلبارىنىڭ خەۋىرى بار ئىدى. ئۇ، مەلىكە: «خوجاۋاپانىڭ نەزىر - چىرىغىنى ئۆتكۈزۈش ئۈچۈن، شۇ تەرەپكە قاراپ يول ئالغانلىقى ئېنىق» دەپ قارايتتى.

يولغا چىققانلىقىنىڭ ئون يەتتىنچى كۈنى بىپايان دەشت - قۇملۇقنىڭ كۈنپېتىش تەرىپىدىن توپا - توزان كۆتۈرۈلۈپ، تۆگە كولدۇرمىلىرىنىڭ سۈس كولدۇرلىغان ئاۋازى ئاڭلاندى. ئارقىدىنلا ئۇزۇنغا سوزۇلغان تۆگە كارۋانلىرىنىڭ قارىسى كۆرۈندى. ئابدۇلبارىنىڭ ئادەملىرى ئاتلىرىنىڭ تىزگىنىنى سىيرىپ شۇ تەرەپكە قاراپ قويۇندەك چاپتى. چار ساقال كارۋان بېشى ئۇلارنى «قاراقچى» دەپ بىلىپ، ھەر تەرەپكە قاراپ قېچىشقا باشلىدى. ئاڭغىچە يېتىپ كەلگەن ئابدۇلبارى كارۋانبېشىنىڭ ئالدىنى توسۇپ سالام بەردى.

— ئەسسالامۇ ئەلەيكۇم تەقسىر ... سەپەرلىرى ئاق يول بولسۇن!

— ئېيتقانلىرى كەلسۇن، ئاق كۆڭۈل سەيياھ! — چارساقال كارۋانبېشى قوللىرىنى كۆكسىگە قويدى.

— مەن جاھان كېزىپ يۈرگەن سەيياھ ئەمەسمەن، — دېدى ئابدۇلبارى ئاتتىن چۈشۈپ، — تېنەپ كەتكەن پادىشاھ مەلىكىسىنى ئىزدەپ يۈرىمەن.

— شاھ مەلىكىسى؟ — كارۋانبېشى ساقىلىنى تۇتاملاپ كۈلدى، — شاھ مەلىكىسى ئۇچراتمىدۇق، ئەمما ئاچلىق ۋە تەشنالىقتىن ئۆلۈم قۇچىغىدا يېتىپ قالغان بىر دىۋانە قىزنى تېپىۋالدۇق.

— ئۇ قېنى؟

— ئارقىدىكى تۆگىگە ئارتىلغان كاجۋادا[1].

ئابدۇلبارى بىرنەچچە ھەمراھلىرى بىلەن ئات چاپتۇرۇپ بېرىپ، تۆگىدىكى كاجۋانى يەرگە ئالدى. پۇتلىرىنى ئۇزۇن سۇنۇپ، قوللىرىنى تاشلاپ ياتقان ئايسۇلتان تونۇغۇسىز ئۆزگىرىپ كەتكەنىدى. ئۇنىڭ چىرايى كۆكىرىپ، بەجايىكى كونا مېيىتقىلا ئوخشايتتى. قاپاقلىرى ئولتۇرۇشقان، بۇرۇنلىرى قىڭراق بىسىدەك، قوۋۇزلىرى چۆككەن، قاشلىرى قىيىلغان، بوستان چاچلىرى چۇۋۇلغان ھالدا بىقۇل، بىنەزەر كۆزلىرىنى يۇمۇپ ياتاتتى. ئابدۇلبارى يىغلىۋەتتى. باشقىلارمۇ ئۆزلىرىنى تۇتۇپ ئالالمىدى ...

... زىلۋا پادىچىنىڭ ئۆپكىسى ئۆرۈلۈپ گەپ قىلالماي قالدى. ئۇ گىلەمدىكى قېتىپ قالغان چۆپتەك بىر نېمىنى تاتىلغان بولۇپ، ئۇزۇن ئولتۇردى. لېكىن ئۇنىڭ بىلەكلىرىگە تەرمۇ ياكى ياشمۇ ئەيتاۋۇر ئۇششاق سۇ تامچىلىرى تېمىۋاتاتتى ... ۋەزىرى ئەزەم ئابدۇل مۇلۇكمۇ شايى پوتىسىدا كۆزلىرىنى سۈرتۈپ، بېشىنى توختىماي چايقايتتى. بۇ ئېچىنىشلىق كۆرۈنۈشلەر ھوشيار شاھىنشاھ شەمسىنىڭ نەزىرىدىن چەتتە قالمىدى. ئۇ، بېشى ساڭگىلاپ چاتىرىقىغا كىرىپ كەتكەن زوھرۇللا زامان، قۇتبىدىن قۇتيار، ئۆلىما خەلپە بۇزرۇكلەرگە ئۆچمەنلىك نەزەردە تىكىلدى.

— ئوبدان ئىنىم، — دېدى شاھىنشاھ شەمس پادىچىغا قاراپ، — كۆڭلۈڭنى يېرىم قىلما. كۆپ ئىشلاردىن خەۋەردار ئىكەنسەن، ئېيتقانلىرىڭنىڭ تېگىگە يېتىۋاتىمەن. يەتكەنسېرى

---

① كاجۋا — ئات، ئېشەك، تۆگىلەرنىڭ ئىككى يېنىغا ئارتىپ يۈك توشۇيدىغان ئۇزۇن ھەم چوڭقۇر سېۋەت.

شاھ، ۋەزىر، ئەركانلاردىن نومۇس قىلىۋاتىمەن.

— بىچارە ئاجىزە ئايسۇلتانغا، — پادىچىنىڭ ئاۋازى غاراڭ - غۇرۇڭ چىقتى، — كەلگەن كەلگۈلۈك، ئاۋامىلىرىمىز گويا مەككىگە بېيئەت قىلغاندەك تېۋىنىدىغان پادىشاھ - سۇلتانلاردىن، ۋەزىر - ئۆلىمالاردىن كەلدى. ئەمدى ... ئەمدى كىمگە ئىشەنگۈلۈك! ... ئەلگە زۇلۇم قىلغۇچە، ئۆزۈمگە زۇلۇم قىلاي، دەيدىغان شاھلارمۇ ئۆتەرمۇ كاشكى ... !!!

— ئەي پادىچى بالا، گەپلىرىڭ باغرىمنى نەشتەردەك تىلدى! بولدى بەس، ھېكايەڭنى سۆزلە، — دېدى شاھىنشاھ شەمس. — ئابدۇلبارى ۋەزىر ئايسۇلتاننى قۇتقۇزۇۋالغان يەرگە كەلگەنغۇ دەيمەن، مېنى مەلىكىنىڭ ئاقىۋىتى تەقەززا قىلىۋاتىدۇ.

— خاتىرىلىرىگە تەسەننا شاھىنشاھىم، — زىلۋا پادىچى بېشىنى كۆتۈردى، — ۋەزىرى ئەزەم ئابدۇلبارى ھەزرەتلىرى يېرىم جان بولۇپ قالغان ئايسۇلتاننى شاھ ئاتىسى زامانىدىن زۇھەلگە تاپشۇردى. قىزنىڭ ئەرۋاھتەك بولۇپ كەتكەن سېيماسىدىن پادىشاھ قورقۇپ كەتتى. گەرچە ئۇنىڭ كۆزىدىن تامچە ياش تاممىغان بولسىمۇ، چىرايى پورۇشۇپ، ساقىلىنى تۇتاملاپ، بېشىنى ئۇزۇنغىچە چايقىدى.

تېۋىپ، ھۆكۈمالارنىڭ كېچە - كۈندۈز ئەمەلمىشى، كېنىزەكلەرنىڭ قۇۋۋەتلىك غىزالار بىلەن بېقىشى، ئىنىكئانىنىڭ تەنگە شىپا نەسىھەت، تەسەللىلىرىدىن ئايسۇلتان بىر ئاي بولغاندا سىھەت تېپىپ ئورنىدىن تۇردى. ئۇ ئوردا ئىچىدىكى ساراي، ھۇجرا، كۇتۇپخانا، راۋاقلاردا ئايلىنىپ يۈرگەچكە، پادىشاھ زامانىدىن زۇھەل ماقال - تەمسىل، تېپىشماق ھەم ئەقىلگە سىغماس تەلەپ - شەرتلىرى ئارقىلىق ئاۋامغا زۇلۇم سالىدىغان ئىشلارنى قىلالمىدى. ئۇنىڭ ئەڭ

بۇرۇقتۇم بولۇۋاتقىنى كېنىزەك، دېدەكلەر بىلەن شارابخورلۇق قىلىپ كۆڭۈل ئاچالمايۋاتقانلىقى ئىدى. ھەر قېتىملىق يالىڭاچ شەھۋەتخورلۇق سورۇنلىرىدا ئالتۇن زىبۇزىننەتلەر، قىممەت باھالىق جاۋاھىراتلاردىن «تارتۇق»، «ئىنئام» ئېلىپ دەندەپ قالغان ساھىبجامال كېنىزەكلەر، ئون نەچچە ياشلىق دېدەكلەر ھەر قېتىم قاش - كۆزلىرىنى ئوينىتىپ، ئۇياتسىز ئىما - ئىشارىلەرنى قىلغاندا شاھنىڭ نەلىرىدۇر قۇتراپ، ئولتۇرالماي قالاتتى. ئەمما ئۇ يۈز - خاتىرنى بىلمەيدىغان «يۈزىدە تۈكى بار» قىزىدىن قورقۇپ، ئەمدىلىكتە ئىنامىغا پاتقانىدى.

زاماندىن زۇھەل ئايسۇلتاننى شەھەر سىرتىدىكى چاھار باغقا ئاپىرىۋېتىشنى ئويلاشقان بولسىمۇ، لېكىن قورقۇپ قالدى. كونىلار: « قىز بالا ئەسكىلىك قىلىمەن دېسە، ئېشەك تىزىكى دالدا» دەپ خويمۇ توغرا دەپتىكەن. قامچىسىدىن قان تامىدىغان قاراۋۇللار، قورۇقچىلار شۇنچە قاتتىق ئىسكەنجىگە ئېلىپ تۇرسىمۇ، چاھارباغقا خوجاۋاپادەك دېۋانىلەرنى ئەكىرىۋالغانلىقىنى كۆرمەمدىغان، تېخى ئۇنىڭغا «مېۋىلەرگە قارايدىغا قول» دېگەن تونىنى كىيگۈزۈپ قويغىنىنى قارا!

زاماندىن زۇھەلنىڭ ئەنسىرەيدىغىنى بۇلا ئەمەس ئىدى. خوجاۋاپا بوغۇزلىنىپ، ئايسۇلتان كىملەر تەرىپىدىندۇر تۇتقۇن قىلىنماقچى بولغان پاجىئە شاھنى راستتىنلا چۆچۈتۈپ قويغانىدى. ئۇ ئۆزىگە تەسەللى بېرىپ، كۆڭلىنى ئالداپ باقسىمۇ، يۈرىكىگە لاي سۇدەك تىنىپ قالغان قۇلنەزەر قۇتبى ھەققىدىكى گۇمان زادىلا پەسەيمىدى. ئۇنىڭ پادىشاھنىڭ ئىجازىتىسىز چاھارباغقا ئايغاقچى قويۇشى پەقەت ئايسۇلتاننى نازارەت قىلىش ئۈچۈن ئىدى. ئۇ ئەپلىك پۇرسەتتە مەلىكىنى تۇتقۇن قىلماي قالمايتتى. شۇڭا ئايسۇلتاننى چاھارباغقا ئاپىرىپ

قويۇش، خۇددى چۈجىنى تۇلكىنىڭ ئۇۋىسىغا ئاپىرىپ بەرگەندەكلا نادانلىق ئىدى.

زاماندىن زۇھەل ئۇيان ئويلا، بۇيان ئويلا ئاخىر ئايسۇلتاننى ئۇستازى ئۆلىما ھاجى خەلىپىنىڭ ھۇزۇرىغا ئاپىرىپ قويۇشنى لايىق كۆردى. ئۇ يەردە ئۇستازىنىڭ تەربىيىسىگە سۇ بېرىپ ساۋاب ئالسا، يەنە بىر تەرەپتىن، بىلىم ئېلىپ، ئەقىللىق، دانا قىزلاردىن بولمامدۇ؟!

ھاجى خەلىپە ئۇزۇن ئۆمۈر كۆرگەن، يەتتە ئىقلىم بويىچە مۇرىتى نەچچە مىڭغا يەتكەن، ناھايىتى تەقۋادار موللا، ئۆلىما كىشى بولۇپ، كۆپ پادشاھلار ئۇنىڭ مۇرىتى ئىدى. زاماندىن زۇھەل ھەر جۈمە كۈنى ئۇنى مەپە بىلەن ئەكېلىپ، ئۇنىڭدىن دەرس ئاڭلاپ، ئەقىل ئۆگىنەتتى. ئۇ، خانىش ئۆلۈپ شاھ ئەيش ـ ئىشرەت، كەيپ ـ ساپاغا بېرىلىپ كەتكەندىن كېيىن، ئانچە كەلمەس بولۇپ قالغانىدى. بىر كۈنى زاماندىن زۇھەل ئۇنىڭغا مۇنداق ئىلتىجا قىلدى:

— پىر ئۇستازىم، خوجاۋاپا بوغۇزلىنىپ، قىزىم قاراقچىلار تەرىپىدىن تەھدىتكە ئۇچرىغاندىن بېرى، كۆڭلۈم بەك پەرىشان. ئۇنى ئوردىدا ساقلاشتىنمۇ قورقۇپ قالدىم. شۇڭا ئۇنى سىلىگە تاپشۇرسام، تاھارەتلىرىگە سۇ بەرگەچ، سىلىدىن ئەلىم ـ تەلىم ئالسا دېگەن ئويدا بولۇۋاتىمەن.

— ئايسۇلتان قىزىمىز ئۇچۇن، ئاتايىتەن چاھارباغ سالدۇرغانىدىلىغۇ؟

— چاھارباغ شەھەر سىرتىدا بولغاچقا، كۆڭۈل تىندۇرالمىدىم ...

— كۆڭۈللىرىدىكىنى دېمىدىلە، — ھاجى خەلىپە ئاچچىققىنە كۈلۈمسىرىدى، — راست گەپنى قىلغاندا بەزى ئاچكۆز بۆرىلەرنىڭ كۆزىدىن نېرى تۇرسۇن دېمەكچىغۇ سىلى.

— پاھ، ئەۋلىيادەك گەپ قىلدىلە ئۇستازىم، — زاماندىن زۇھەل ئاستاغىنە پىچىرلىدى، — ئۆزلىرىمۇ ئاز - تولا سېزىپتىكەنلىدە.

— ئاز - تولا ئەمەس، خېلىلا كۆپ مۇسەللىگەنمەن، — ھاجى خەلىپە گېلىنى قىرىپ قويدى، — سىلى سەزدىلىمىكى، ئۆزلىرى قىزلىرى بىلەن مۇباھىسە قىلىپ ۋار - ۋۇر ۋارقىراشقاندا، ئۇ بۆرە ياخشىچاق بولۇپ ئايسۇلتانغا ئاغدۇ. ئەمما ئۇ يوق يەردە، يامان گېپىنى قىلىپ، ئەدىپىنى بېرىش، جازالاش ۋەھاكازالار ھەققىدە گەپ ئۇرىدۇ.

— بۇ ... بۇ ... نېمە ئۇچۇن ئەمدى؟

— ئۇنىڭدا چوڭقۇر تەسىر قالدۇرۇش ئۇچۇن، ئالدىدا ئۇنى قۇتقۇزغان بولىدۇ، ئۇ يوق يەردە سىلىگە جازالىتىپ يېتىم قالدۇرۇشنى كۆزلەيدۇ. ھەماتىسىز، زۇلۇم ئىچىدە خورلانغان ھەرقانداق ئاجىزە بېشىغا كۈن چۈشكەندە سايىۋەن بولغان ئالۋاستىنىمۇ شاپائەتچىم، دەپ سەجدە قىلىدۇ ...

— پاھ، پاھ، دانا، دانا، — شاھ تەسىرلەنگىنىدىن بېشىنى گىلدىڭلىتىپ كەتتى، — ھەزرەتلىرىنىڭ ھەر قەترە لەۋزى ئەقىل - ئەزىمنىڭ ئاجايىپ مېۋىسىدۇر ...

— شاھ ئالىيلىرى، مەن مەمنۇنمەن، ناھايىتى مەمنۇنمەن، — ھاجى خەلىپىنىڭ قاپاقلىرى سوزۇلدى، — سىلى ئويغىنىپلا، كۆزلىرى روشەنلىشىپتۇ ... پاسىق بەندىلەرنىڭ كۆپۈر نىيەتلىرىنى سېزىۋاپتىلا ... ئۆگەنگەنلىرى بىكار كەتمەپتۇ ...

— بۇمۇ سىلىنىڭ ئىلىم - كارامەتلىرىدىن بولغان. شۇڭا قىزىمنى ئالتۇنغا يېقىن يۈرسەك چىڭگى يۇقىدۇ دەپ ئۆزلىرىگە تاپشۇرماقچى بولۇۋاتىمەنغۇ!

— بەلەن ئويلاپلا، — ھاجى خەلىپە غۇرتتىدا يۇتۇندى، —

مېنىڭ ئارامگاھىم مىسلىسىز چوڭ، ھۆجرا ـ ئايۋانلىرىم بەھىشتە باشقا؛ سىلىنىڭ قىزلىرى مېنىڭ قىزىمغا ئوخشاش ... ئامانەتلىرىنى ياخشى ساقلاپ ئۆزلىرىگە ئامان ـ ئېسەن تاپشۇرۇش ناھايىتى ئۇلۇغ ۋە ساۋاب ئىشتۇر.

ئەمما زاماندىن زۇھەل قىزى بىلەن سۆھبەتلىشىپ ئۇنى ھاجى خەلىپىنىڭ ھوزۇرىغا بېرىشقا كۆندۈرەلمىدى. شاھ يىغلىدى، يالۋۇردى، نۇرغۇن نەسىھەتلەرنى قىلدى. ئايسۇلتان قايىل بولمىدى. ئاخىر ئامالسىز قالغان زاماندىن زۇھەل ئۆزى ئۆچ كۆرىدىغان، ئۆلۈمگە بۇيرۇپ قىزى تەرىپىدىن بىكار قىلىنغان، ھۇرۇن دىۋاننى شاھ قىلىپ، خەلقىئالەم ئالدىدا يۈز كۆتۈرەلمەس رەسۋا قىلغان ئابدۇلبارى ۋەزىرنىڭ قىزى ئەمىنەنى مىسال قىلىپ كۆرسەتتى:

— قارالىق قىزىم، دوستىڭىز ئەمىنە چېغىدا بىر دانا پازىلنىڭ قولىدا بىلىم تەھسىل قىلىش ئۈچۈن ھىرات شەھىرىگە كېتىپتۇ. ئۇ قايتىپ كەلسە، ئۇنىڭ بىلىمى ئالدىدا يەرگە قاراپ قالسىڭىز ئېيتقۇسىز نومۇسقۇ!

— ئۆلىما ھاجى خەلىپە راستىنلا ماڭا ساۋاق بېرەمۇ؟

— بۇنىمۇ سوراش كېتەمدۇ؟

— بوپتۇ، باراي.

— ھەببەللى، مانا ئەمدى بولدى، ئات باقار سىزنى ئەتىلا پەيتۇن بىلەن ئاپىرىپ قويسۇن.

ئايسۇلتان خەلىپىنىڭ ھوزۇرىغا بېرىپ بىرنەچچە كۈن ئۆتە ـ ئۆتمەيلا ھاجى خەلىپە ئۇنى «نامەھرەم» بولىسىز، دەپ تالا ـ تۈزلەرگىمۇ چىقارمىدى. بارا ـ بارا ئۇ خەلىپىنىڭ قاپىقىدىن ئەندىكىپ بوسۇغا ئاتلاپ چىقالمايدىغان بولدى. خەلىپىنى چاقىرىدىغان يەرلەر كۆپ بولغاچقا، ئالدىراشچىلىق ئىچىدىلا

ئۆتەتتى. ئايسۇلتانمۇ ئۇنىڭ ساۋاق بېرىشىنى كۈتۈپ، ھۇجرا ئىچىدە تەنھالىق، زېرىكەرلىك كۈنلەرنى ئۆتكۈزۈشكە باشلىدى. ئەمما ھاجى خەلىپە قاچانكى پەيدا بولسا ئايسۇلتاننىڭ ھۇجرىسىغا كىرىپ ئۇنى يوقلاشنى ئۇنتۇمايتتى. ھەتتا يۈزىنى، بېشىنى سىلاپ ئەركىلىتىپمۇ قوياتتى. بىر كۈنى ئۇنىڭ قولى چوقچىيىپ تۇرغان ئالمىدەك كۆكسىگە كېلىشى، ئايسۇلتان خۇددى ھەرە چېقىۋالغاندەك چۆچۈپ ئارقىغا داجىدى.

ئارىدىن بىر ئاي ئۆتتى. ھاجى خەلىپە قىزغا ساۋاق بېرىشنى ئۇنتۇپ قالغاندەك خىيالىي يۈرەتتى. ئايسۇلتان باغدا تۈۋۈنگە چۈشكەن ئالمىلارنى سېۋەتكە تېرىپ يۈرگەن بىر كۈنى، مەھەللىدىكى بىرقانچە قىز ـ چوكانلار باغقا كىرىپ كەلدى. ئۇلار ساۋاب تېپىش ھەم ماللىرىغا ئوت ئېلىش ئۈچۈن ئارىلاپ ـ ئارىلاپلا خەلىپىنىڭ چوڭ بېغىدا ئوت ئوتايتتى. ئېرىق ۋە قىرلارنى چېپىپ رەتلەيتتى. خەلپە ئۇلارغا ھېچقانداق ھەقمۇ بەرمەيتتى. يالغۇزچىلىقتا زېرىكىپ نېمە قىلارىنى بىلمەيدىغان ئايسۇلتان ئۇلار بىلەن بىردەم ـ يېرىمدەم پاراڭلاشسا كۆڭلى ئېچىلىپ قالاتتى. شۇڭا ئۇ سېۋەتكە تەرگەن ئالمىلارنى ئۇلارنىڭ ئالدىغا قويۇپ، ئۆزىمۇ قىر بېشىدا ئولتۇردى.

ـــ ئايسۇلتان قىز، ـــ دېدى دىقماققىنا چوكان، ـــ ئۆزىڭىز پەرىزاتتەك چىرايلىقكەنسىز ھەم بەگنىڭ قىزىدەكمۇ قىلىسىز، شۇنداق تۇرۇقلۇق بوۋىڭىزدەك ئادەمگە تەگكىنىڭىز نېمىسى؟

ـــ راست، ـــ ئاق سېرىق قىز قولىدىكى ئالمىنى يېگەچ گەپ قىلدى، ـــ سىزدىكى چىراي ۋە لاتاپەت مەندە بولىدىغان بولسا، شاھزادىگە تېگەتتىم.

ـــ ۋاي خۇدايىم، نېمە دەۋاتىسىلەر، ـــ ئايسۇلتان خاپا بولدى، ـــ مەن بۇ يەرگە ھاجى خەلپىدىن ساۋاق ئالغىلى

كەلگەن تۇرسام، نېمانداق بىمەنە گەپلەرنى قىلىسىلەر.

قىز ـ چوكانلار ئايسۇلتاننىڭ ئۆتكەنلىكىدىن خىجىل بولۇپ، تىللىرىنى چىقىرىپ بىر ـ بىرىگە قاراپ قويۇشتى. لېكىن باشتا گەپ باشلىغان دىقماق چوكان ئۆزىنى ئاقلىماقچى بولغاندەك ئاستا غودۇڭشىپ قويدى:

ــ ھاجى خەلىپىنىڭ يېزا ـ سەھرالاردا نىكاھلاپ ئالغان قىزلىرى خېلى كۆپ. ھەتتا بەزى ئادەملەر ساۋاب تاپىمىز دەپ ئۆزلىرىنىڭ نارەسىدە قىزلىرىنى دۇئا قىلدۇرىدۇ ...، ــ دېدى چوكان ئۇزۇن چېچىنى ئارقىغا تاشلاپ، ــ شۇڭا ئالدى قورۇ بىلەن كەينى قورۇغا كىرگەن ھەرقانداق قىز خەلىپىنىڭ دېدىكى، توقىلى ياكى خوتۇنى بولىدۇ.

ــ ئالدى قورۇدىلا بەش خوتۇنى بار، ــ قاپاقلىرىنى سۈزدى قارا چوكان، ــ يەنە خوتۇنغا تويمايدىكەن بۇ ئۆلمەيدىغان قېرى ...

ئۇلار «ئۆھۆ» دەپ يۆتەلگەن ئاۋازدىن چۆچۈپ ئورۇنلىرىدىن تۇرۇشتى ـ دە، ھاجى خەلىپىنى كۆرۈپ چوڭقۇر تەزىم قىلىشتى. خەلىپە ئۇلارغا تىكەندەك قادىلىپ تۇراتتى.

ــ يۈزلىرىڭنى نېمىشقا يېپىشمىدىڭ مۇرتەد[1] لەر، ــ ۋارقىرىدى خەلىپە، ــ نامەھرەملىك گۇناھىنى سادىر قىلغانلار دوزىخىدۇر، يوقىلىش!

شۇنىڭدىن كېيىن خەلىپە سىرتتىن خوتۇنلارنى قورۇغا كىرگۈزمەيدىغان ھەم ئايسۇلتاننىڭ ئۇلار بىلەن كۆرۈشۈشىنى چەكلەيدىغان بولدى. ئۇ بۇنىڭدىنمۇ خاتىرجەم بولالماي مەلىكىنى ئىچكىرىدىكى بىر ئۆيگە بەنت قىلدى. ئادەتتە ئۈچ كۈندە بىر قېتىم مەلىكىنىڭ ھۆسن ـ جامالىدىن بەھرە ئالىدىغان خەلىپە ئەمدىلىكتە ھەر كۈنى ئۇنى يوقلايدىغان، ئىشقى ـ سەۋدا ھەققىدە

[1] مۇرتەد ــ دىنىدىن ئازغان، دىنسىز، دىنغا ئاسىيلىق قىلغان مەنىدە.





لاۋزا گەپلەرنى قىلىدىغان بولدى. بارا ـ بارا ئايسۇلتاننى كۆرمىسە يۈرىكى چىدىمايدىغان ئەھۋالغا چۈشۈپ قالدى.

كۈنلەردىن بىر كۈنى كەچلىك گۇگۇم ۋاقتىدا خەلىپە باغدىن قايتىپ چىقىۋېتىپ، ئايسۇلتاننىڭ ئايدەك جامالىنى غۇۋا كۆرۈپ قالدى. مەلىكە بېشىغا رومال ئارتىپ يۈزلىرىنى ئورىۋالغاچقا، ئۇنىڭ كىم ئىكەنلىكىنى بىلەلمەي قالدى. ئەلەڭ ـ سەلەڭلا بولۇپ قالغان خەلىپە:

— ئاھ خۇدا، ئۇ پەرىمىدۇ ياكى ئادەممىدۇ؟ — دېگىنىچە پالاقلىدە يېقىلىپ ھوشىدىن كەتتى ...

... زىلۋا پادىچى سۆزلەپ، مۇشۇ يەرگە كەلگەندە، باياتىن بېرى سورۇندا ياۋامۇشۇكتەك چەكچىيىپ ئولتۇرغان ئۆلىما خەلىپە بۇزرۇك ئۆڭۈپ ـ تاتىرىپ، خۇددى «خۇدۇكى بارنىڭ مونكى بار» دېگەندەك ئورنىدىن چاچراپ تۇرۇپ كەتتى:

— ھەي يالغانچى، شۇم كاززاپ، نېمىلەرنى بىلجىرلاپ يۈرىسەن؟ ئەجەبمۇ يالغان ـ ياۋىداقلارنى توقۇشقا ئۇستىكەنسىنا، مېنىڭ زادى تاقىتىم قالمىدى، — ۋارقىرىدى ھاجى خەلىپە، — ئەمدى سېسىق ئاغزىڭنى يىغىشتۇرۇپ، دەرھال بۇ يەردىن يوقال!

— نېمە بولدى بۇزرۇكۋارىم، — شاھەنشاھ شەمسىنىڭ ئاچچىقى كەلگەندى، — ھېكايىدىكى ھاجى خەلىپە سىلى بولامدىلا نېمە؟

— يو ... يوقسۇ، شاھەنشاھىم ...

غەزەپ ئاچچىقىدا شاھەنشاھنىڭ بارلىقىنى ئەستىن چىقىرىپ قويغان خەلىپە بۇزرۇك ئۆزىنى ئاشكارىلاپ قويغانلىقىنى بىلمەي قالدى. ئۇ ئەمدى ئۆزىنى ئاقلاپمۇ ئاقلاپ بولالمايتتى.

— سە ... سەت بولدى مېھمانلار، — ئۇ غەلىتىلا ھىجايدى، — ھاجى خەلىپە دېگەن مەخلۇققا ئاچچىقىم كېلىپ ...

— بۇنداق «مەخلۇق»لار ئارىمىزدىمۇ بار، — مەسخىرىلىك كۈلدى شەمىس، — بۇنىڭ ھەيران قالغۇچىلىكى يوق ...

— ئەجەب كەيىپنى ئۇچۇردى بۇ ئادەم، — ئەكبەر ئەلى غودۇڭشىدى، — ئېيت بۇرادەر، ئېيتقىن، بىز سېنىڭ ئاغزىڭغىلا قاراپ قالدۇق.

— ئېيتسۇن، ئېيتسۇن — ھەممەيلەن تەرەپ - تەرەپتىن ۋارقىراشتى. بۇ قورقۇنچلۇق، ھەر كەلىمە سۆزلىرىدىن ئەجەل پۇراپ تۇرىدىغان ھېكايىدىن ئۇنلىرى ئىچىگە چۈشۈپ، تۇنجۇقۇپ ئولتۇرۇشقان قۇتبىدىن قۇتيار، كىردەنشا نامىچى، خەلىپە بۇزرۇك، زۇھرۇللا زامان، زىكرىيا زاھىتلار ئېغىر ئەندىشىگە چۈشۈپ قالغانىدى. ئەمما باشقا شاھ ۋە مۆتىۋەر زاتلار پادىچى بالىنىڭ ئاغزىغا قاراپ ئولتۇراتتى.

پادىچى شاھىنشاھ شەمىسنىڭ پەرمانىدىن جانلىنىپ ھېكايىسىنى داۋاملاشتۇردى:

باغدا ھوشىدىن كەتكەن ھاجى خەلىپە بىر چاغدىلا ھوشىغا كېلىپ، ئىنجىقلاپ ئاران ئورنىدىن تۇردى - دە، ئۆيىگە كىرىپ خوتۇنلىرىدىن:

— بايا باغدىن سۇپۇرگە ئېلىپ ماڭغان قايسىڭ، — دەپ سورىدى.

— ئايسۇلتان سۇپۇرگە كۆتۈرۈپ يۈرەتتى، بەلكىم شۇ دۇر، — دېدى چوڭ خوتۇن.

— ھە، شۇنداقمۇ؟

خەلىپە شۇ كۈندىن باشلاپ ئايسۇلتانغا ئاشىق بولۇپ، قىزنىڭ ئەھۋالىنى كۈندە ئىككى - ئۈچ قېتىم سوراپ، جامالىنى كۆرۈپ

تۇرىدىغان بولدى. ئايسۇلتان خەلىپىنىڭ مۇنداق ھەددىدىن زىيادە ئۆچكە ياغلىرىنى ئېرىتىپ كېتىشىدىن گۇمان قىلىشقا باشلىدى. خەلىپە كۈندىن ـ كۈنگە قىزنىڭ ئىشقىدا كۆيۈپ مەسچىتكىمۇ ۋە چاقىرغان يەرلەرگىمۇ بارمايدىغان بولدى. ئۇ ھەر كۈنى ئەپلىك پۇرسەت ئىزدەپ، ئىككىلا قورۇنىڭ خالىي قېلىشىنى تىلەيتتى. بىر كۈنى ئۇ، خېلىدىن بېرى كۆڭلىگە پۈكۈپ كېلىۋاتقان خىيالىنى ئەمەلگە ئاشۇرۇش ئۈچۈن خوتۇنلىرىنى چاقىردى. ئېگىز ـ پەس، ئورۇق ـ سېمىز، ئاق ـ قارا بەش خوتۇن ئۇنىڭ ئالدىدا تەق بولدى.

— كېچىدىن چۈشۈمگە تېرەك مازاردىكى ئىنىم رەخمىدىنلەر كىرىپ قاپتۇ، سىلەر بۇگۈن شۇلارنىڭ ئۆيىگە بېرىپ، ھال ـ ئەھۋاللىرىنى سوراپ، مېنىڭ ئەۋەتكەنلىكىمنى ئېيتىپ مېھمان بولۇپ كېلىڭلار، — دېدى ھاجى خەلىپە بېشىنى گىلدىڭلىتىپ، يولدا ئۆتكەن ـ كەچكەنلەرگە ئارتۇقچە قارىماڭلار، يۈزۈڭلار يەردە بولسۇن، ئانچە كەچ قالماي قايتىپ كېلىڭلار.

خەلىپە بۈزرۈكتىن كۆڭۈل خۇشى تاپالمايدىغان بۇ بەش چوكان خۇشلۇقتىن يېرىلىپ كەتكىلى تاسلا قالدى. خەلىپىنىڭ بۇ كەڭچىلىكى كۈندە بولۇپ تۇرمىغاچقا، ئۇلار كۆزلىرىگە سۈرمە تارتىپ، يۈزلىرىدىكى سېرىق تۈكلەرنى موچىندا ئېلىپ، ئۇپا ـ ئەڭلىكنى بولدى دېگۈچە سۈرتۈپ ياساندى. بۇ بەش خوتۇن ياش ۋە ئوتتۇرا ياشلاردا بولغاچقا، ئۆزىگە تەئەللۇق بىر ئېرىنىڭ بولۇشىنى قەۋەتلا خالايتتى. لېكىن ھاجى خەلىپىنى بەشكە بۆلگىلى بولمايتتى. بۆلگەن تەقدىردىمۇ بۇ ئورۇق، دوك، نىمجان قېرىنىڭ نېمىسى قالاتتى ... شۇنداقلىقىغا باقماي ئۇنىڭ كۈنداشلىقىنى دېمەيلا قويۇڭ، بازاردىن چاي ـ تۇز، كۆكتات، يىپ ـ

يىڭنە، بىر پارچە رەخت ئېلىش ئۈچۈن، بەش خوتۇننى بىر ـ بىرىگە قارانچۇق قىلىپ ئەۋەتتى. ئۇلارنىڭ ھەرقايىسى جايلاردا ئويناپدىغان ئويۇنى، ئىش ـ پۇشقىنى چىقىرىدىغان ئەرمىكى بولغاچقا، تەرەپ ـ تەرەپكە تارىلىپ كېتىپ، كەچتە ھەممىسى بىر يەرگە يىغىلىپ قايتىپ كېلەتتى ـ دە، ئوتتۇز يالغاننى ئېيتىپ يۇمشاقباش خەلىپىنى ئىشەندۈرەتتى. مانا شۇ تۇرقىدىمۇ ئۇلار ئېلىپ ماڭىدىغان سوۋغا ـ سالاملارنى تەييارلىغاچ، بىر ـ بىرىگە قاش ـ كۆزلىرىنى ئوينىتىپ ئىما ـ ئىشارىلەرنى قىلىشىۋالدى.

خەلىپە بۇزرۇك خوتۇنلىرىنى مەيگە سېلىپ يولغا سالغاندىن كېيىن، دەرۋازىنى مەھكەم تاقاپ، ئۇدۇل ئايسۇلتاننىڭ ھۇجرىسىغا كىرىپ كەلدى.

— قىزىم، — ھاجى خەلىپىنىڭ ئاۋازى تىترەپ چىقتى.

— لەببەي، — خەلىپىنىڭ يامان نىيىتىدىن خەۋەرسىز ئايسۇلتان يېنىك قەدەملەر بىلەن يېتىپ كەلدى، — نېمىگە بۇيرۇيدىلىكىن؟

— ناماز ۋاقتى بولدى، ئاپتۇۋىنى ئېلىڭ.

... بۇ چاغدا قوقاستا ئولتۇرغاندەك تولغىنىپ بولالماي قالغان خەلىپە بۇزرۇك ئورنىدىن تۇرۇپ تالاغا ماڭدى. پۈتۈن دىققەت ـ ئېتىبارى ھېكايىدا قالغان مېھمانلار ئۇنىڭغا دىققەت قىلمىغانىدى. لېكىن چېچەن پادىچى ھېكايىسىنى توختىتىپ ئۇنىڭغا قارىدى:

— تەقسىر، شاھىنشاھنىڭ ئىجازىتىسىز سىرتقا چىقىشقا بولمايدىغانلىقى ئۆزلىرىگە ئايانغۇ دەيمەن، — پادىچى «شۇنداقمۇ؟» دېگەندەك باشقىلارغا قاراپ قويدى، — قارىسىلا، ئىشىكتىكى قاراۋۇللارمۇ سىلىگە ئالىيىۋاتىدۇ ...

— ئا ... ھېكايىنىڭ پەيزىنى قاچۇرماي، جايىلىرىدا كۆتلىرىنى بېسىپ ئولتۇرسىلا، — دېدى شەمس قوپال ئاۋازدا، — بىردەم بىر نېمە دەپ چالۋاقايىلا، بىردەم ئورۇنلىرىدىن تۇرۇۋالىدىلا، بۇ ھېكايە پۇشقاقلىرىغا پىت سېلىپ قويمىغاندۇ؟ ...

— ئەمدى شۇ زەرە قىستاپ ...

— سۇيدۇكنى تۇتالماسلىق شەھۋەتخورلاردا بولىدىغان كېسەللىك، — شاھىنشاھ يۈز - خاتىر قىلمىدى، — سىلى تەقۋادار، تېقىمى پوق خەلپىلەردىن بولمىسىلا ...

— ئولتۇرسىلا دەيمەن، — ھېكايىغا بېشچە كىرىپ كەتكەن خەلەپ شاھزادىسى ئەكبەر ئەلى جىلە بولۇپ ۋارقىرىدى، — خوشلاشمىغان مېھماندەك ئۆرە تۇرۇۋالماي.

خەلپە بۇزرۇك تېلىقىپقىنا كېلىپ جايىغا ئولتۇردى - دە، پادىچىغا قىنقىماس رەقىبلەردەك ئالايدى ھەم ئېغىر پۇشاڭشىپ قويدى. ئاڭغۇچە پادىچى ھېكايىسىنى داۋاملاشتۇردى.

... ئايسۇلتان ئاپتۇۋنى ئېلىپ ئۇنىڭغا سۇنۇشىغا، خەلپە قىزنىڭ بىلىكىنى كاپلا قىلىپ تۇتۇۋېلىپ، سۆيمەكچى بولدى، دەھشەت سەسكىنىپ كەتكەن مەلىكە بىرلا يۇلقۇنۇپ، ئۇنىڭ چاڭگىلىدىن ئاجراپ چىقتى - دە، بىرنەچچە قەدەم نېرىدا خەلپىنىڭ خۇنۇك چىرايىغا نەپرەت بىلەن تىكىلدى:

— ھەي، قايسى يۈزۈڭ بىلەن ماڭا خىيانەت قىلىۋاتىسەن، قېرى دەللە! ۋۇي قاقباش مۇناپىق، — ئايسۇلتان خەلپىنىڭ چۇمبەردىسىنى يىرتىۋەتتى، — «ئۆلىما»، «بۇزرۇك» نىقابلىرىغا پۈركۈنۈۋالغان ياۋۇز مەخلۇق!

ئىشنىڭ چاتاقلىقىنى سەزگەن خەلپە دەرھال دىنىي مىزانلار بىلەن ئايسۇلتانغا قورقاق سالدى.

— سۇف، سۇف، سۇف! تووۋا قىل، ھازىر تووۋا قىل! ماڭا

ھاقارەت قىلغىنىنىڭ ئۈچۈن، تەقسىراتقا كېتىسەن. دەرھال تـوۋا قىل ... ، — دېدى ھاجى خەلىپە قوللىرىنى شىلتىپ، — ھازىر توۋا قىلساڭمۇ ئۆلگۈرىسەن، بولمىسا جەننەت يۈزى كۆرەلمەي، دوزاختا بىر سىقىم كۆلگە ئايلىنىسەن بەتبەخت ...

— تـوۋا قىلمـايمەن ... سېنىڭدەك قـارا يۈز، زىنـاخـورلار ئۈچۈن گۇناھكار بولسام بـولاي! — ئايسۇلـتان يىغلىـۋەتتـى، — ئۆلىـما، خەلـىپە، بۇزرۇك دېگـەنلەر سەنـدەك بولىـدىغان بولسـا، لەنەت سەنلەرگە!

— ئەخمەق، ئۇنۇڭنى چىقارما، نېمانچە ۋارقىرايسەن؟

خەلـىپە دوڭغـاسـلاپ بارغىنىـچە مـەلىكىنـى بىر كـاچـات سېلىۋەتـتى. بۇ خورلـۇقتىن پۈتۈن ۋۇجۇدى لەرزىـگە كەلـگـەن ئايسۇلتان:

— مۇناپىق پوق ساقال، يوقال كۆزۈمدىن! — دەپلا قولىدىكى مىس ئاپـتۇۋىنى خـەلـىپـىگە زەردە بىلـەن ئاتقـانـدى، ئاپـتـۇۋا خـەلىپـىنىڭ پېشانىسـىگە تېگىپ، يوغـانلا يەرنى يېرىۋەتـتـى. ئېتىلـىپ چىققان قان كۆز يـۇمۇپ ـ ئاچقـۇچە خەلـىپىنـىڭ يۈزلىرىنى قىپقىزىل بوياپ، ساقاللىرىدىن تامچىلاپ چۈشمەكتـە ئىدى. خەلىپە شۇ يەردىلا ھوشسىزلىنىپ يىتىپ قالدى ...

... ھېكايە ئاڭلاپ ئولتۇرغۇچىلارنىڭ ئىچىدە بىـر بۇلۇڭـدا بېشىنى قولتۇقىغا تىقىۋالغان ئۆلىما خەلىپە بۇزرۇك ھېچكىمگە قارىيالماي تۇگۈلۈپ ئولتۇراتتى. زۇھرۇلـلا زامان ئۇنىـڭغا تـىل بىلەن ئىزھار قىلـىپ بولالـمىغۇدەك ئۆچمەنلىك نەزىرىدە تىكىلدى. شۇنچـە زامانلار «ئۆلـىما»، «پىـر ئۇستاز»، «بـۇزرۇك»، «دانىشمەن» دەپ بەيئەت قىلغان، قول بېرىپ مۇرىت بولغان ھەم چوقـۇنىدىغـان ئادىمىنىڭ ئاقـارغان ساقىلى، ياشىغان يېشـى، ئۆگـەنگەن ئەھلى ئىلمى، دىنىي ئۇنۋانلىرىغا باقماي، نەۋرىسىدەك

قىزغا، يەنە كېلىپ يېقىن دوستى، شاگىرتىنىڭ ئامانىتىگە خىيانەت قىلماقچى بولغانلىقى ئۇنى يەتتە قات ئاسماندىن تاشلىۋەتكەندەك بولدى. ئۇ: «تووۋا!» دەپ ياقىسىنى تۇتۇپ، تۈكلۈك لەۋلىرىنى چىشلىدى، ئادەم دېگەن مال ـ دۇنيا، مەنپەئەت، ئىمتىياز بولۇپمۇ گۈزەل قىزلار دوقىلىغا دۇچ كەلگەندە خۇدايىم جەننەتنى ۋەدە قىلىپ تۇرسىمۇ، ئاتلاپ ئۆتۈپ كېتىدىكەن! تووۋا، تووۋا، تەڭرى بۇ ئەركەك ـ چىشى بەندىلەرنىڭ تۇز ـ تەمىنى تەڭشەپ، شەربەت قىياملىرىدا قاينىتىپ، شېرىن ئازاب ئوچاقلىرىدا تاۋلاپ، ھەتتا ياراتقان ئىگىسىنى تونۇمىغۇدەك، نېمانچە تاتلىق يارىتىۋەتكەن بولغىيتتى!

زۇھرۇللا زامان خەلىپە بۇزرۇككە نەپرەت بىلەن تىكىلىپ قالغان مۇشۇ پەيتتە، مېھمانلارنىڭمۇ كۆزى خەلىپىنىڭ پېشانىسىدىكى يېرىم ئايسىمان تارتۇققا قادالغانىدى! ئاڭغۇچە پادىچى بالا ھېكايىسىنى مۇنداق ئۇلاپ كەتتى.

... ئايسۇلتان بېشىغا پۈركەنجىسىنى ئارتىپ، دەرۋازىدىن چىققان پېتى كېچىلەپ دادىسىنىڭ ئۆيىگە يېنىپ كەلدى ـ دە، ھېچنېمە كۆرمىگەن ـ بىلمىگەن بولۇپ تۇرۇۋالدى، بۇنى كۆرگەن زامانىدىن زۇھەل:

— قىزىم، نېمىشقا كېچىلەپ يېنىپ كەلدىڭ؟ — دەپ سورىغانىدى. مەلىكە دادىسىغا:

— بىرنەچچە كۈندىن بېرى كۈندىلا چۈشۈمگە كىرىسىلەر. شۇڭا سىلەرنى سېغىنىپ يېنىپ كەلدىم، — دەپ راست گەپنى دېيىشكە يۈزى چىدىمىدى.

— قىزىم، كېچىلىرى تالا ـ تۈزلەرگە چىقما، بالا ـ قازاغا ئۇچراپ قالىسەن، پەخەس بول؟ — شاھ يەنىلا قۇلنەزەر قۇتبىدىن ئەنسىرەپ تۇراتتى، — خوجاۋاپانىڭ قانداق پاجىئەلىك ئۆلۈپ

كەتكەنلىكىنى ئۇنتۇپ قالما ...

— بىلىمەن دادا، مەندىن ۋايىم يېمە.

— قىزىم، كۆڭۈلسىز ئىشلارغۇ ئۆتۈپ كەتتى، — شاھ قىزىنى چېكىپ كۆرمەكچى بولدى، — شۇنداقتىمۇ سورىغۇم كېلىۋاتىدۇ.

— نېمە ئىشتى دادا، قېنى سوراۋەرگىن.

— ئەسلىدە خوجاۋاپا چاھار بېغىڭدىكى مېۋىلەرگە قارايدىغان بىر قول ئىكەنغۇ، ئۇنى مەن ئېنىق كۆردۇم. بىر شاھ مەلىكىسى ئەرزىمەس قۇلغا ئۆزىنى بەخشەندە قىلسا، ئۇ قىزنىڭ ئەخلاق - پەزىلىتىنى، غۇرۇر - ئىپتىخارىنى نېمە بىلەن ئۆلچەش كېرەك؟

— دادا، ئۇ ئەسلىدە قول ئەمەس.

ئايسۇلتان خوجاۋاپا بىلەن تونۇشقان جەرياننى ئەينەن سۆزلەپ بەرگەن بولسىمۇ، ئەمما ئىنىكئانىسىنى ئاياپ راست گەپ قىلمىدى. ئۇ خوجاۋاپانى كېچىسى چاھار باغ تېمىدىن ئارتىلىپ چۈشۈپ، يەنە شۇ تامدىن ئارتىلدۇرۇپ باغقا ئېلىپ كىرگەنلىكىنى سۆزلەپ بەردى. لېكىن شاھنىڭ ئىچىدىن ئۆرلىگەن ئوغا يۇزىگە تەپتى. بىر شاھ مەلىكىسى بۇزۇق ئاياللاردەك كېچىلىرى تامدىن ئارتىلىپ، بىرلا قېتىم كۆرگەن يالاڭئاياغ دىۋانىلەرنى يۆلەپ - تارتىپ ئۆز ھۇزۇرىغا ئەكىرىپ، باغ پىنھانلىرىدا ناشايان قىلىقلارنى قىلىپ يۈرسە، ئۇنى قانداقمۇ ئىپپەت - نومۇسلۇق، شەرم - ھايالىق قىز دېگىلى بولسۇن! ھەي، ھەي، قىز بالا دېگەننى 11 - 12 ياشقا كىرگۈزۈپلا يېڭى ئۈزگەن پىدىگەندەك چىڭ ۋاقتىدا تالالىق قىلىۋەتكۈلۈككەن. 15 - 16 ياشقا كىرىپ قالدى - يۇ، بۇرنىغا جىگدە پۇراپ، يامان يوللارغا مېڭىپ قالىدىكەن. مانا، ئايسۇلتان

قاردا قالغان پىدىگەندەك سولىشىپ، بەزلىشىپ، قىپلىنلىشىپ كېتىپتۇ ئەمەسمۇ! بۇ قىزنى قاتتىق ئىسكەنجىگە ئالماي بولماپتۇ. ھېلىمۇ ئۇنىڭ شۇنچىلىك بۇزۇلغىنىنى يېتەر! ...

— دادا، جىمىپ كەتتىڭىزغۇ؟ — ئايسۇلتان ئەركىلىگەندەك شاھنىڭ قوللىرىنى تۇتقانىدى، شاھ دەرھاللا قولىنى تارتىۋالدى، — بولدىلا ئەمدى، ئۇلار ئۆتۈپ كەتكەن ئىشلارغۇ، ئەمدى ئۇنداق بولمىغۇر ئىشلارنى قىلمىسام بولمىدىمۇ؟

«بولمىغۇر ئىشلار»نى قىلغانلىقىڭنى ئۆز ئاغزىڭ بىلەن ئىقرار قىلدىڭ؟ ئەمدى ئىچىڭدىن چىقىرالمىغان «يامان ئىشلىرىڭ قانچىلىك؟» دېگەن ئوي كۆڭلىدىن كەچكەن زاماندىن زۇھەل «قىزىم راستىنلا بۇزۇلۇپ كېتىپتۇ، ئەمدى شاھلىق سەلتەنەتىگە داغ چۈشىدىغان بولدى. ئۇنى بىر ئاماللاپ يىراقلارغا يولغا سېلىۋەتسەم بولغۇدەك ...» دېگەن قارارغا كەلدى.

— ئەتىلا ھاجى خەلپەتنىڭ ھۇزۇرىغا قايت، — شاھنىڭ بىردىنلا ئەلپازى بۇزۇلدى، — بولمىسا ياخشى ئاقىۋەت كۆرمەيسەن!

— بارمايمەن، — ئايسۇلتان يۈزىنى ئۆرىدى، — ئۇ ئەسكى قېرىكەن.

— ئاغزىڭنى تارت نائەھلى، ئۇ سېنىڭ ناشايان ئىشلىرىڭغا يول قويمىدىكەن؟

— ئۇ ... ئۇ ... ، — خەلپىنىڭ قىلغان ئىشلىرىنى دېيىشكە ئايسۇلتاننىڭ قىزلىق نومۇسى يول قويمىدى، — قىسقىسى ئەسكى ئادەمكەن ...

كېچە بىر ۋاق بولۇپ كەتكەندى، قىزى بىلەن تاكاللىشىۋېرىپ چوڭ غەۋغا كۆتۈرۈلۈشتىن ھەزەر ئەيلىگەن

زامانىدىن زۇھەل ھەرەمخانىسىغا كىرىپ كەتتى. لېكىن ئۇنى ئاچچىق تۇتۇۋالغاچقا، ئۇزۇنغىچە ئۇخلىيالمىدى.

ئەمدى بىز كەينىمىزگە قايتىپ خەلىپە ھۇزۇرىدا نېمە ئىشلار بولۇپ كەتتى، كۆرۈپ باقايلى. بېشىغا ئاپتۇۋا تېگىپ ھوشىدىن كەتكەن ھاجى خەلىپە ئېسىگە كېلىپ ئەتراپقا زەن سېلىپ قارىغىدى، ھېچكىم كۆرۈنمىدى، ئۇ ئاستا ئورنىدىن تۇرۇپ، باش ـ كۆزلىرىنى يۇيۇپ، قان بولۇپ كەتكەن كىيىملىرىنى ئالماشتۇرۇپ، ئاندىن يوغان ئاق لاتا بىلەن بېشىنى تېڭىپ كېچىنى كىرپىك قاقماي «ۋاي ـ ۋاي»لاپ ئۆتكۈزدى. ھەممە ئىشتا قاغدالما بولۇپ كەتكەن بۇ قېرى تۈلكە، ئەتە شاھ ئالدىدا نېمىلەرنى دېيىش كېرەكلىكى ھەققىدە كېچىچە ئويلىنىپ چىقتى. ئۇ تاڭ سۈزۈلۈشى ھامان ئورنىدىن تۇرۇپ، قانغا بۇلغانغان كىيىملىرىنى قايتىدىن كىيدى، ئاندىن ھاسىسىنى توكۇلدىتىپ پادىشاھنىڭ ئوردىسىغا قاراپ يۈرۈپ كەتتى.

زامانىدىن زۇھەل ئەمدىلا ئوردىغا كىرىپ، تەختكە ئولتۇرا ـ ئولتۇرمايلا ھاجى خەلىپە دەلدۈگۈنۈپ، سەنتۈرۈلۈپ، ئەلەڭ ـ سەلەڭ كىرىپ كەلدى. ئۇنىڭ قىپقىزىل بويىلىپ كەتكەن كىيىملىرى، قان داغلىرى قېتىشىپ قالغان بېشىدىكى سەللىدە سارغىيىپ كەتكەن چىرايلىرىنى كۆرگەن پادىشاھ دەھشەتلىك قورقۇپ كەتكىنىدىن ھودۇقۇپ، تەمتىرەپ، نېمە قىلارنى بىلمەي قالدى.

— ۋاي نېمە بولدىلا، كەلسىلە، ئولتۇرسىلا، قېنى ئولتۇرسىلا، — پادىشاھ خەلىپىنىڭ قولتۇقلىرىدىن يۆلەپ تەختكە ئولتۇرغۇزۇپ، — ئاھ خۇدا، بۇ نېمە ئىش، نېمانداق قانغا بويىلىپ كەتتىلە؟

بۇ ئەسنادا ۋەزىر، ئۆلىمالار توپلىنىشىپ كىرىپ كەلدى. ئۇلارمۇ خەلپىنىڭ بىچارە ھالىتىدىن ئېچىنىپ ياقىلىرىنى تۇتۇشتى. ئېسىت ئەيلەپ باشلىرىنى چايقاپ، ساقاللىرىنى تۇتاملىدى، بۇنىڭدىن ئۈمىد تورلىرى يېپىلغان ھاجى خەلپە ھېلىلا ئەرزائىلغا جېنىنى تاپشۇرىدىغاندەك، «ئاھ - ئۇھ»لاپ زەئىپ ئىڭراپ ھەممىنى قورقۇتۇۋەتتى.

— ئېيتىسىلا خەلپەم، — دەپ پادىشاھ غەزەپلىنىپ ۋارقىرىدى، — قېنى ئېيتسىلا، مېنىڭ زامانىمدا سىلىنى تاك ئېتىپ چېكىدىغان قانداق مەخلۇقكەن ئۇ؟

— ئېيتسام سەت بولىدۇ، — دېدى خەلپە بېشىنى تۇتقان ھالدا، — ئېيتمىسام دەرد بولىدۇ ... بۇ ئىش ... بۇ سەت ئىش ئادەمنىڭ ئەقلىگە زادىلا سىغمايدۇ ... شاھىم! ھۆ ... ھۆ ... ھۆ ...

ھاجى خەلپە «ھۆ» تارتىپ يىغلىۋەتتى. ئەمما ۋەزىرى ئەزەم ئابدۇلبارى بىلەن قۇلنەزەر قۇتبى ئۇنىڭ كۆزلىرىدىن قەترە ياش ئاقمىغانلىقىنى كۆرۈپ بىر - بىرىگە قارىشىپ قويۇشتى.

— بۇزرۇكۋارىم ئېيتىسىلچۇ، — شاھ ئۇنىڭغا ئېگىشتى، — ئۇ قانداق ئىش؟ سەت ئىش دېگەنلىرى زادى قانداق ئىش؟!

— ئەل ياتار ئالدىدا تەرەتكە چىقسام، — ھاجى خەلپە ئۆلۈم ئالدىدا ۋەسىيەت قىلىۋاتقاندەك ئىڭراپ ئارانلا سۆزلەشكە باشلىدى، — باغنىڭ ئارقىسىدا ئىككى نەرسىنىڭ قارىسى كۆرۈندى، پادىشاھنىڭ ئامانەت قىزىنى ئوغرىلاشقا كەلگەن بىر نېمىلەر بولمىسۇن يەنە، دەپ ئاستا ماراپ بارسام، قىزلىرى بىر يىگىت بىلەن ئوينىشىپ، كۈلۈشۈپ تۇرغانىكەن، مېنى كۆرۈپ ھېلىقى قارا مەخلۇق تاش بىلەن بېشىمغا بىرنى ئۇرۇۋىدى، ھوشۇمنى يوقىتىپ شۇ يەرگىلا يىقىلىپتىمەن. بىر ھازادىن

كېيىن ئورنۇمدىن تۇرسام ئىنس ـ جىنمۇ يوق. مانا بولغان ئىش ...

— جاللات!

پادىشاھ دەرغەزەپ بولۇپ ۋارقىرىغاندى، قىلىچلىرىنى يالىڭاچلىغان ئىككى جاللات ھازىر بولدى. ئۇلارنىڭ كۆزلىرىدىن قان تېمىپ چۇپۇر باسقان ۋۇجۇدىدىن ئەجەل ھىدى كېلىپ تۇراتتى.

— ئايسۇلتان دېگەن نائەھلىنى ئېلىپ چىقىپ كاللىسىنى ئېلىڭلار!

... ھېكايە مۇشۇ يەرگە كەلگەندە، باياتىن بېرى يۇرىكى سىرقىراپ تۇرغان خەلىپە بۇزرۇك ئۆزىنى باشقۇرالمىغان ھالدا ۋارقىرىۋەتتى:

— ھەي دىۋانە! ھەممىسى يالغان! يالغاننى ئېيتىپ بىزنى مەسخىرە قىلما! تۇل خوتۇنلارنىڭ غەيۋەت ـ شىكايەتلىرىغۇ بۇ!

ئېچىنىشلىق ۋەقەنىڭ يېشىلىپ كېلىۋاتقانلىقىنى بايقاپ، يۇرىكى تەرتىپسىز ئۇرۇۋاتقان شاھىنشاھ شەمس ئاچچىقىدا قاتتىق ۋارقىرىۋەتتى:

— نېمانداق كۆتىگە يانتاق تىكەن قىستۇرغان ئېشەكتەك چىچاڭشىۋېرىدىلا؟ پەرمانغا يەنە بويسۇنمىسىلا خانلىق قىلىچى ئادەم تونۇمايدۇ!

— قانداق دېگەن سەپرا قېرى بۇ؟ — خەلەپ شاھزادىسى ئەكبەر ئەلى چىداپ تۇرالمىدى، — ئاڭلىغىلىرى كەلمىسە، قۇلاقلىرىنى يوپۇرۇۋالسىلا، ئەمما بىزگە كاشىلا قىلمىسىلا.

— قېنى پادىچى بالا ھېكايەڭنى داۋاملاشتۇر، — دېدى شەمس مۆل ـ مۆل يىغلاۋاتقان خانىش سومەننىساغا قاراپ قويۇپ، — بولدى يىغلىماڭ. مېنىڭچە سىڭلىڭىز ھىراتقا

ئوقۇشقا كەتمىگەن، ئۇ بىزنىڭ ئارىمىزدا بار.
زىلۋا پادىچى ھېكايىسىنى مۇنداق داۋاملاشتۇردى:
ئىككى جاللات ئايسۇلتاننى ئۆلتۈرۈش ئۈچۈن قىلىچلىرىنى شىمايلاپ، چىشلىرىنى غۇچۇرلىتىپ، قەدەملىرىنى چوڭ ئېلىپ مېڭىشقا تەمشەلگەندە، ئوڭ قول ۋەزىر ئابدۇلبارى ھەزرەتلىرى قورقماي ئارىغا چۈشتى:
— پادىشاھى ئالەم، ئايسۇلتاننى ئۆلتۈرۈش سىلى ئۈچۈن ئابروي ئەمەس، — ئابدۇلبارى ئىنتايىن تەمكىن ئىدى، — ئالەم بىنا بولۇپ بىرەر شاھ ياكى ھۆكۈمدار ئاجىزە قىزغا تىغ ئۇرۇپ باقمىغان. ئەگەر ئىجازەت قىلسىلا، مەن ئايسۇلتان قىز بىلەن ئايرىم سۆھبەتلىشىپ باققان بولسام.
— بولمايدۇ، تېگىل بولمايدۇ، — دېدى ھاجى خەلىپە پۇت - قوللىرى تىترىگەن ھالدا، — يولدىن ئازغان قىزغا شاھنىڭ پەرمانى شەرئىي قانۇندۇر ... !
— ئۇنىڭ بىلەن سۆھبەتلىشىشكە ھەرگىز بولمايدۇ، — پادىشاھنىڭ جەھلى قاتقاندەك قىلاتتى، — ئۇنىڭ ئەدەپ - ئەخلاقتىن، مۇسۇلمان مىزانلىرىدىن قانچىلىك يىراقلاپ كەتكىنى ئۆزۈمگە ئايان ... ئۇنىڭ توقسىنى تولدى!
— ئاپتاپى ئالەم، شاھ ئالىيلىرى، ئابدۇلبارى ھەزرەتلىرى ئېيتقاندەك، ئاجىزەنى ئۆلتۈرۈش شاھلىق سەلتەنەتىگە داغ چۈشۈرمەكلىك بىلەن باراۋەردۇر، — دېدى قۇلنەزەر قۇتبى ھەممىگە تەكشى قاراپ، — ئەڭ ئەپلىك چارە قىزنى بىرەر جاڭگالغا ئاپىرىۋېتەيلى. شۇ يەردە ئۇنى يىرتقۇچلار تالاپ يەپ تۈگەتسۇن! ھايۋانلىق قىلغان بەندىنىڭ جازاسىنى ھايۋانلار بەرسۇن ...
— نۇرى قۇياشنى خىرە قىلغۇچى ئۇلۇغ شاھىمىز،

پەيلىلىرىدىن يانغايلا ... كۆڭۇل ـ كۆكسىلىرىنى كەڭ تۇتقايلا، ھىممەت ئاسمانلىرىنى بۇلۇت قاپلىمىسۇن! ... دېگەندەك ئاۋازلار تەرەپ ـ تەرەپتىن ئاڭلانماقتا ئىدى. پادىشاھ زامانىدىن زۇھەل ئۇلارنىڭ ئىلتىجاسىنى قوبۇل قىلىپ ئايسۇلتانىنى تاغارغا سېلىپ ھېچكىم تاپالماس ۋە يول تېپىپ چىقالماس جاڭگالغا ئاپىرىپ تاشلىۋېتىشنى پەرمان قىلدى. لەشكەرلەر مەلىكىنى شاھ بۇيرۇغاندەك چوڭ تاغارغا تىقىپ، ئايرىم بىر ئاتقا ئارتتى ـ دە، سەپەرگە ئاتلاندى. ئۇلار يەتتە كېچە ـ كۇندۇز يول يۇرۇپ، ئايسۇلتانىنى بارسا كەلمەس جاڭگىلى مازاندىرانغا ئاپىرىپ تاشلىۋېتىشتى.

*　　　*　　　*

مەلىكە چىشلەپ، تىماغداپ يۇرۇپ، تاغاردىن ئاران چىققاندا تۇن قاراڭغۇسى ئىدى، ئاسماندىكى سانسىزلىغان يۇلتۇزلارنىڭ يورۇق تۇمانغا ئايلانغان گىرىمسەن نۇرى ئەتراپنى سۇس ھاۋارەڭ يورۇتۇپ تۇراتتى. جاڭگىلى مازاندىراندىكى قەدىمكى توغراق، شەمشاد، دوپ، تۇخۇمەك يەنە قانداقتۇر ئىسمى نامەلۇم بولغان ئىپتىدائىي دەرەخلەر كېچىكى تۇندە ئاجايىپ ـ غارايىپ مەخلۇقلارغا ئوخشايتتى. تولغىشىپ ـ تولغىشىپ ياتقان بەقەملەر بەجايىكى بوغما يىلاننىڭ ئۆزىلا ئىدى. قورام تاشلاردەك قەد كۆتۇرگەن توغراقلارنىڭ قاغجىرىغان شاخلىرى ھەر تەرەپكە شاخاراپ قانداقتۇر يىرتقۇچلارنىڭ ئۆتكۇر تىرناقلىق پەنجىلىرىگە ئوخشاپ كېتەتتى. ئەسىرلەر بويى ئۆسكەن، قۇرۇغان، يىقىلغان دەرەخلەر چاتقاللىشىپ ئوتۇن تاغلىرىغا ئايلانغانىدى.

ئايسۇلتان كىچىككى تۇنىدە نە يول ئىزنالىرى بولمىغان جاڭگاللىق ئىچىدە تىمىسقىلاپ يۈرەتتى. ئۇنىڭ كۆڭلەكلىرىنى تىكەنلەر ئىلىپ، يۈزلىرىنى جىجايتتى. قەيەردىندۇر ھۇۋقۇشنىڭ شۇم ھۇۋلىشى ئاڭلانسا، بۇككىدە ئازغانلار ئارىسىدىن قانداقتۇر قۇشنىڭ «كۇ ... كۇ ... كۇ ...» قىلىپ سايرىشى تەنلەرنى شۈركەندۈرەتتى. نىمىدۇر ئاياغ ئاستىدىن «شىپ - شىپ» قىلىپ ئۆتۈپ كەتتى. ئىگىز ئورمانلار ئارقىسىدىن خۇددى ئوت شارىدەك ئاي كۆتۈرۈلۈش بىلەن جاڭگىللى مازاندىران تىخىمۇ سۈرلۈك، قورقۇنچلۇق تۇسكە كىردى. كۆكۈچ نۇر ئىلكىدە ھەممىلا نەرسە جىن - ئالۋاستى، دىۋە - يالماۋۇز شەكىللىرىدە كۆرۈنەتتى. ئايسۇلتان يىقىلىپ قوپۇپ، قاياققا ماڭالىسا شۇ تەرەپكە كىتىۋاتاتتى. ئۇنىڭ قورسىقى ئىچىپ ھەم ئۇسساپ پۇتلىرىدا مىسقالچە مادار قالمىغانىدى. ئۇ تۇيۇقسىزلا جاڭگاللىق ئىچىدە قىزغۇچ رەڭلىك پاكار - پاكار يارلىق، دۆڭلۈكلەرنى كۆرۈپ قالدى. ئۇلارنىڭ باغىرلىرىدا قاپقارا - قاپقارا ئىزنالارمۇ كۆزگە چېلىقاتتى. ئايسۇلتان ناھايىتى تەسلىكتە يىقىن بارغانىدى، ھىلىقى قارا نەرسىلەر چوڭ - كىچىك ئۆڭكۈر، غارلار ئىكەنلىكى مەلۇم بولدى. مەلىكە تەۋەككۇل قىلىپ، بىر ئۆڭكۈرنىڭ ئىچىگە تىمىسقىلاپ كىردى. ئۆڭكۈرنىڭ ئىچى قانداقتۇر ھايۋانلارنىڭ تېزەكلىرى بىلەن تولغان بولۇپ، زەي ھەم بەتبۇي پۇرايتتى. شۇنداقتىمۇ ئايسۇلتان قۇرىغان تېزەكلەرنى، ھايۋان سۆڭەكلىرىنى بىر تەرەپكە دۆۋىلەپ قويۇپ، ياتقۇدەك يەر ھازىرلاپ، ئاندىن ئۆڭكۈر ئىچىدىكى يوغان - يوغان تاشلارنى يۆمىلىتىپ، ئۆڭكۈر ئاغزىنى مەھكەم ئىتىۋەتتى.

ئىغىر ھاردۇق يەتكەن ئايسۇلتان يىنى يەرگە تىگىپ بولغۇچە ئۇخلاپ كەتتى، «ئۇيقۇ يەر تاللىماس» دەپ كونىلىرىمىز خويمۇ

توغرا دەپتىكەن. ئۇنىڭ ئاستىدىكى قاتتىق تاشلىق يەر ـ ماموق ياستۇق، تاۋار كۆرپىلەردىنمۇ ئارتۇق ھوزۇر بىلىندى ...

ئايسۇلتان ئۇيقۇدىن يېشىلگەندە، ئۆڭكۈر ئىچىنىڭ يورۇپ قالغانلىقىنى كۆردى. چۈنكى ئۆڭكۈر ئاغزىدىكى تاش ئارىلىقلىرىدىن چۈشكەن قىزغۇچ بىنەپشە نۇر تاش ئۆڭكۈرنىڭ ئىچىنى نۇرغا تولدۇرغانىدى. ئايسۇلتان سىرتقا چىقىپ ئەمدىلا كۆتۈرۈلگەن قۇياشقا قاراپ كۆزىنى ئاچالمايلا قالدى. بىراق ئۇنىڭ قورسىقى بەكمۇ ئېچىپ كەتكەنىدى. شۇڭا جاڭگالغا ئىچكىرىلەپ ماڭغانسېرى تىكەنلىك، تىكەنسىز چاتقاللار ئارىسىدا ھەرخىل ياۋا مېۋىلەر ئۇچراشقا باشلىدى. ھەتتا بەزىلىرى قۇرۇپ، قورۇلۇپ قاق بولۇپ قالغانىدى. ئۇلار سېرىق، قىزىل، ئاق، قوڭۇر، سۆسۈن رەڭلەردە بولۇپ، چوڭ ـ كىچىكلىكىمۇ ئوخشىمايتتى. بەزىلىرىنى يېگىلى بولغان بىلەن بەزىلىرى ئاچچىق، قىرتاق ئىدى. ئايسۇلتان ئالدىغا ئۇچرىغان ياۋا مېۋىلەرنى تېتىپ بېقىپ، يېگىلى بولىدىغانلىرىنى راسا يېدى. ئۇنى بەكمۇ خۇشال قىلىۋەتكىنى، كېچىچە چوڭ يوپۇرماقلار ئۈستىگە يىغىلىپ قالغان شەبنەم سۇلىرى بولدى. ئۇ قەيەردە چوڭ يوپۇرماقلىق دەرەخ، چاتقاللىق بولسا شۇ يەرگە يۈگۈردى. يېيىشلىك قاق ياكى مېۋە ئۇچرىغاندا ئۇنىڭغا پايلىمىغان ئايسۇلتان چوڭ ھەم قېلىن يوپۇرماقتىن ئىككىنى جۈپلەپ، چۆرىسىنى تىكەندە تېشىپ، ئۇنىڭغا سېرىق يۆگەي ۋە يۆگمەچ يىپلىرىنى ئۆتكۈزۈپ تىكتى. ئۇنىڭ ئىچىگە مېۋە قاچىلىغاندىن كېيىن ئىككى يوپۇرماقنىڭ ساپاقلىرىدىن تۇتۇپ، بىر ئەپلىك خالتا قىلىۋالدى.

بىراق ئايسۇلتان بۇ قورقۇنچلۇق جاڭگالدىن چىقىپ كەتمىسە بولمايتتى. شۇڭا ئۇ بېشى قايغان، پۇتى تايغان تەرەپكە

قاراپ، كۆن چىقىش يۆنىلىشىنى مۆسەللەپ ماڭدى. ئۇ يوللاردا ئېزىپ، يول ئىزنالىرىنى تاپالماي، ئېزىقتۇ ئېزىقتۇرغاندەك بىر ماڭغان يۆنىلىشتە نەچچە قېتىم مېڭىپ، 12 كۈن بولغاندا جاڭگال شالاڭلىشىپ، چەكسىز چۆل ـ جەزىرە ئايان بولۇشقا باشلىدى. ئۇنىڭ ئالدىنى ئېگىز تاغ ـ داۋانلار توسسا، بەزىدە سۇسىز قۇملۇقلار قارشى ئالاتتى. ئۇ ماڭا ـ ماڭا ئاياغ ئۇچى كۆرۈنمەس قومۇشلۇقلارغا كىرىپ كەلگەندە، شاكراپ شورلۇق سۇلارنى ئىچىپ، قومۇش يىلتىزلىرىنى كولاپ يەپ، يولنى داۋام قىلاتتى. ئۇ ئەنە شۇنداق گىياھلارنىڭ يوپۇرماق، قوۋزاق، يىلتىزلىرىنى يەپ ئۈچ كۈن دەشت ـ چۆللەردە ئاچ ـ توق ئېزىپ يۈردى! ...

— ... بارىكاللا پادىچى بالا، — ھاياجانلانغان شاھىنشاھ شەمس چاۋاك چېلىۋەتتى. — ئايسۇلتاننىڭ بېشىغا كەلگەن ئېغىر قىسمەتلەرنى ئۆزۈڭ كۆرگەندەكلا سۈرەتلەپ بەردىڭا ... مەلىكە ساراڭ قېتىش دادىسىنىڭ دەردىنى شۇنچىمۇ تارتقان بارمۇ؟

— شاھىنشاھ ئالىيلىرى، — دېدى پادىچى ئوڭ قولىنى كۆكسىگە قويۇپ، — مېھمانلار سىرتقا چىقىپ بىرەر نەپەس ئۆزلىرىنى تەڭشەپ ئالسا بولارمۇ؟

— ھەي، ھەي پادىچى، زەپمۇ ئەقىللىق نېمىكەنسەن، — شەمس ھەر قېتىملىق سۆزىدە «پادىچى» دېگەن سۆزنى قەستەن قىلاتتى، — سەن ھېكايە سۆزلەشتىلا ئەمەس، كۆڭۈلدىكىنى تېپىشقىمۇ ئۇستا ئىكەنسەن.

مېھمانلار سىرتقا چىقىپ كېتىشى پادىچى شاھىنشاھقا مەنىلىك قاراپ قويدى. بۇنى سەزگەن شەمس قاراۋۇللار باشلىقىنى چاقىرىپ، قۇلىقىغا كۇسۇرلىدى.

— ئەگەر مېھمانلاردىن بىرى كەم بولسا، كاللاڭنى قولتۇقۇڭغا قىستۇرۇپ كىر. سۆزۈمنى ئۇقتۇڭمۇ؟

— ئۇقتۇم، كىبرەملىك شاھ، پەرمانلىرى بويىچە ئىش كۆرىمەن! ساراي قورۇسىنىڭ ئەتراپلىرىدا، دەرۋازىنىڭ ئىككى تەرىپىدە قىلىچ ۋە نەيزە تۇتقان لەشكەرلەر بولغاچقا، ھېچكىم سىرتقا چىقىپ كېتەلمىدى. مېھمانلار بىردەم پۈت - قوللىرىنى ھەرىكەتلەندۈرۈۋالغاندىن كېيىن، قاراۋۇللارنىڭ نازارىتى ئاستىدا مېھمانسارايغا كىرىپ، ئۆز ئورۇنلىرىغا كېلىپ ئولتۇرۇشتى. ئۇلار بىردەم - يېرىمدەم ئۆزئارا پاراڭلىشىۋالغاندىن كېيىن، شاھىنشاھ شەمىس پادىچى بالىغا ھېكايىنى باشلاشقا ئىجازەت بەردى. پادىچى ھېكايىسىنىڭ داۋامىنى مۇنداق ئۇلىدى:

ئايسۇلتان پىتىرغىرىم تومۇز ئىسسىقتا دەشت - چۆل ئارا كېلىۋاتقىنى ئون كۈندىن ئاشتى. ئۇ ئاغزىغا بىر چىشلەم نان سالماي، بىر يۇتۇم سۇ ئىچمەي، شۇنچە كۈنلەر توختىماي مېڭىۋاتقاچقا، يالىڭاياغ پۇتلىرى يېرىلىپ، گەز باغلىغان كالپۇكلىرى قاناپ، كۆزلىرى گۆردەك ئولتۇرۇشۇپ، قورساقلىرى ئىچىگە تارتىلىپ، چۆلۋۇردەك تىتىلىپ كەتكەن كۆڭلەكلىرى چۆل شاماللىرىدا توزۇپ، «سۇ ... سۇ ... سۇ ...» دەپ نالە قىلىپ كېلەتتى. ئۇ يىقىلىپ - قوپاتتى ... بەزىدە ئورنىدىن تۇرالماي خېلى ئۇزۇن يېتىپ ئاندىن بىلەك - پۇتلىرىغا تايىنىپ ئارانلا ئۆرە بولاتتى. مۇدۇرۇپ، دەلدۈگۈنۈپ، ئۈمىد بىلەن يىراقلارغا باقاتتى.

بىردىنلا ئۇ كۆز يېتىم يەردىكى چىنار دەرىخىنى كۆرۈپ قالدى. ئۇنىڭ كۆپكۆك يوپۇرماقلىق شاخلىرى ئۈستىدىن بىر توپ قاغىلار يەرگە لەپپىدە چۈشۈپ، يەنە ئۇچۇپ چىنارغا

قوناتتى. «ئاشۇ يەردە سۇ بولۇشى كېرەك، بولمىسا بۇ جانىۋارلار قانداق ياشايدۇ؟» دېگەن ئۈمىد يۇلتۇزى كۆڭلىدە يانغان ئايسۇلتان جېدەللەپ يۈرۈپ كەتتى. لېكىن ئۇ ھالسىزلىنىپ يەرگە يىقىلدى. بىر چاغدىلا ئۇ بېشىنى ئارانلا كۆتۈرۈپ، نۇر كەتكەن گۇنسىز كۆزلىرىنى چىنار تەرەپكە تىككەنىدى، كۆنىنىڭ ئۆتكۈر نۇرىدا بىر سۇزۇك سۇ ئېقىنىنىڭ يۇلتۇزلادەك جىمىرلاۋاتقانلىقىنى كۆردى. ئورنىدىن تۇرۇشقا ماجالى قالمىغان ئايسۇلتان ئۆمىلەپ، يەر بېغىرلاپ، سىلجىپ ئالغا ئىلگىرىلىدى. لېكىن سۇغا ئازلا قالغاندا ھوشىدىن كېتىپ، ئۆلۈكتەك يېتىپ قالدى ...

ئەمدى بىز زاماندىن زۇھەل شاھ ئالىيلىرىنىڭ پايتەختى يەمەنگە بارايلى. قىزىنى چۆللەرگە تاشلىۋەتكەن باغرى تاش ئاتا نېمىلەرنى ئويلاۋاتىدىكىن؟ قىزىنى بۇزۇقچىلىقتا ئەيىبلەپ ناھەقتىن ـ ناھەق جازالىغان شاھ كېيىنكى كۈنلەردە ئازراق بولسىمۇ ۋىجدان ئازابى تارتقاندۇ؟! ئەلۋەتتە بالىنىڭ تىرنىقى كېسىلسە، ئاتىنىڭ يۈرىكى تىلىنىمامدۇ؟! بولۇپمۇ ئاتا قىزغا، قىز ئاتىغا ئامراق بولىدىغانلىقى ئەلمىساقتىن تارتىپ ھەممىگە ئايانغۇ؟! ئۇنىڭ «قىزىم يامان يولغا كىرىپ كەتتى»، «شاھلىق يۈزۈمنى تۆكتى»، «سەلتەنەتكە داغ چۈشۈردى» دېگەنلىرى ئۆزۈنغا چىقسۇن! ھەممىسى كاسات بازاردا بىر كۆشۈككە ئالمايدىغان ئالدى ـ قاچتى گەپلەر ... گەپنىڭ پوسكاللىسى ئۇ ئەيش ـ ئىشرەت، كەيپ ـ ساپالاردىن كۆز قىيالمىدى. ئەخمىقانە خۇن تۆكۈشلەرنى خۇمارداپ قالدى ... «زۇۋاندار» قىزىنىڭ تەقىپ قىلىشلىرىدىن بىزار بولدى ... دېسەك لىللا گەپ قىلغان بولىمىز ... !

— ياشاپ كەت پادىچى، — شاھىنشاھ شەمس ئۆزىنى

تۇتـۇۋالـمـىدى، ــ دۇنـيادا نۇرغـۇن شـاھلار ئۆتـكـەن، لېكــىن ئۇلارنىڭ ھەممىسى ئۇنتۇلۇپ كەتتى! بىراق نوشىرۋان ئادىلدەك، سۇلايمان پادىشاھتەك، سەددى ئىسكەنـدەردەك، ئاتا ـ ئانـىسىنى ئۇلۇغـلىغان، پـەرزەنتلـىرىگە مېـھرىبـان، ئـاۋامنىـڭ بېشىـنى سـىلىغان شـاھلارلا ئۇنتـۇلماي يادلـىنىـپ كـەلدى! ... بۇ دۇنـيا ئۆتكۈنچىدۇر، ھەممە ئۆلـىدۇ ... لېكىن ئۆلمەيدىغان بىرلا نەرسە بار، ئۇ بولسىمۇ ــ ياخشـىلـىق ۋە ھـىممەتـتۇر! ... ھـىمـمەتتـىن قانىتى بولغان قۇش ئېگىز ئۇچالايدۇ، ئالىقىنى ھىمـمەت بىلـەن ئېچـىلغـان شـاھ مەڭگـۈ ئـۆلمەيـدۇ ... ئـەبەدىلـئـەبەد تـىلـلاردا يادلىنىدۇ! ...

يۇم ـ يۇم يىغلاۋاتقان سۇمەنـنىـسا قـىيا بېقـىـپ دادىسىغا قارىدى. ئەمما زۇھرۇللا زامان قاپقانغا چۈشۈپ ھالىدىن كەتكەن يىرتقۇچتەك يـەردىن ئۇسـتـۇن قارىماي ئـولتۇراتتـى. ئۇنىڭ بـۇ ھالىدىن ھەممە باشلىرىنى چايقاشتى. بۇ چايقاشلارغا ئېچىنىش، نەپرەت، خەيرخاھلـىق، ئۆكۈنۈش، زەھـەر ـ زوقۇملىـرى تىنىـپ قالغاندى.

ــ قېنى پادىچى، ئادەمنى بىتاقەت قىلماي سۆزلە، ــ دېدى شاھىنشاھ قولىنى كۆتۈرۈپ، ــ بىرەر كىچىـك ۋەقەمۇ مۇبـارەك نەزىرىڭدىن چەتتە قالمىسۇن!

... بىـر كۈنى كەچـتە شاھ زامانـىدىن زۇھەل ئـارام ئېلىش ئۈچۈن ئەمدىلا ھەرەمخانىسىغا كىرىـپ ئولتۇراتـتى. ئىنـىكئانـا كىرىپ كەلدى. ئۇ گەرچە 76 ياشلارغا كىرىپ قالغان بـولسـىمۇ، گەپ ـ سۆزلىرى راۋان، قەدەملىرى تېز، كۆزى ئىتتىك، تولىمۇ ھوشيار چېچەن موماي بولۇپ، 7 ~ 8 ئاينىڭ ئالدىدا خەلەپتىكى ئۇرۇق ـ تۇغقان، ئوغۇل ـ قىزلىرىنىڭ قېشىغا كېتىـپ، تېخـى تۈنـۈگۈنلا قايـتىـپ كەلـگەنىدى. ئـۇنىڭ زۇۋال ۋاقتـىدا كـىرىـپ

كېلىشىنىڭ سەۋەبىنى ئىچىدە بىلىپ بولغان شاھ ئېرەنشىمىگەندەك بېشىنى لىڭشىتىپ قويدى.

— كىرىپ قاپىلا ئىنىكئانا، — دېدى پادىشاھ ئەسنىگەن بولۇپ، — بۇ كەچتە دېمىسە بولمايدىغان قانداق ئىش ئىدى؟

— شاھ ئالىيلىرى، قىزىم ئايسۇلتاننى سېغىنىپ كەلسەم كۆرۈنمەيدۇ، ئالدىمغىمۇ چىقمىدى، — ئىنىكئانا كۆزىدىن سىرغىپ چۈشكەن ياشنى روملىدا سۈرتتى، — باشقىلاردىن سورىسام غەلىتە گەپلەرنى ئاڭلايمەنا ...

— ئىنىكئانا، سىلى ئۇ مۇناپىقنى قىزىم دېمىسىلە، — زامانىدىن زۇھەل بىردەم تۇرۇۋالدى، — ئۇ ھايۋانغا ئوخشاش قىلىق قىلغانلىقى ئۈچۈن خۇدا ئۇنىڭ تېگىشلىك جازاسىنى بەردى.

— ئايسۇلتاننىڭ ئۇنداق قىلىشىغا شەيتانمۇ ئىشەنمەيدۇ، — دېدى ئىنىكئانا، — شاھىم بىھۇدە جازالاشتىن كېلىپ چىقىدىغان پۇشايمانلىق ئازاب بەك يامان بولىدۇ جۇمۇ، خاتا قىپتىلا، بەك خاتا بوپتۇ.

— مەن خاتا قىپتىمەنما؟ — شاھنىڭ كۆزلىرى ئالايدى، — بۇ گەپ ئېغىزلىرىغا قانداق پاتتى - ھە؟

زامانىدىن زۇھەل خوجاۋاپانى كېچىلىرى تام ئارتىلىپ چاھار باغقا ئېلىپ كىرگەنلىكى، ئۇنى قول سىياقىدا ياساپ ناشايان ئىشلارنى قىلغانلىقى، ھەتتا ھاجى خەلىپىنىڭ ئۇنى تون نىسپىدە تۇتۇۋالغانلىقىنى سۆزلەپ، قىزى ئايسۇلتاننى ئۇياتسىز بۇزۇقتا چىقىرىۋەتتى. بۇنى ئاڭلىغان ئىنىكئانا ھېچ ئىشنى يوشۇرماي خوجاۋاپانى ئۆزىنىڭ قانداق ئەكىرگەنلىكى، لېكىن ئۇلارنىڭ شەرم - ھايا، پەزىلەت بىلەن سۆھبەتلەشكەنلىكىنى سۆزلەپ بەردى. قىزنىڭ ئىنىكئانىسىنى ئاسراش يۈزىسىدىن

يالغان ئېيتقانلىقىنى بىلىپ، ئايسۇلتاننىڭ پەزىلىتىگە ئىچىدىن قايىل بولدى. ئەمما ئۇ ھاجى خەلىپىنى يارىلاندۇرغانلىق ئىشىنى زادىلا كەچۈرەلمەيتتى.

— سىلى ھاجى خەلىپىنىڭ گەپلىرىگە ئىشەندىلىما؟

— ئىشەنمەي بولامدۇ، ئۇ دېگەن ئۆلىما، دانىشمەن، پازىل، ئەۋلىيا سىياق زاتتۇر!

— ئۆلىما، دانىشمەن، ئەۋلىيامىش تېخى، — ئىنىمكىئانا شاھتىن تەپ تارتىپ ئولتۇرمىدى، — شۇنچە ئۇلۇغلۇقتا نائىل بولغان ئادەم، تائەت ـ ئىبادىتىنى قىلماي شەھۋەتخورلۇق يۇندىلىرىغا چىلىشىپ قالامدۇ؟ ئۇنىڭ بەش خوتۇنى تۇرۇپ يېزا ـ سەھرالاردىن نىكاھلاپ ئالغان، دۇئا قىلىپ ئىگىلىۋالغان نارەسىدە قىزلار سىلىنىڭ كېنىزەك، دېدەكلىرىدىن كۆپ.

— نېمە، بۇنداق تۇتۇرۇقسىز گەپلەرنى نەدىن ئاڭلىدىلا؟

— ھەربىر يېزا ـ سەھرالاردىن كەلتۈرۈلۈپ، ئوردىدا خىزمەتتە بولۇۋاتقان قىزلاردىن سوراپ باقسىلا، ئۇلارنىڭ كۆپلىرى ھاجى خەلىپىنىڭ ھەرەمخانىسىدا چېچەكلىرى تۆكۈلگەن ...

— مۇنداق دېسىلە، مەن تېخى ئۇنى كۆڭۈلگە تالىق ئىشلاردىن مۇستەسنا دەپ يۈرۈپتىمەن، — شاھ چۆچۈپ كەتتى، — ئۇنداقتا ئايسۇلتان ئۇ ...

— مېنىڭچە ھاجى خەلىپىنىڭ بېشىنىڭ يېرىلىپ كېتىشىدە چوقۇم بىر سىر بار ... ئۇ ئايسۇلتانغا زورلۇق قىلغان، مەلىكەم بولسا ئېپىپتىنى ساقلاش ئۈچۈن قولىغا چىققان بىر نەرسە بىلەن ئۇرغان گەپ، — ئىنىمكىئانىنىڭ قاپاقلىرى مىژژىدە تۈرۈلدى، — لېكىن قورقىقان ئاۋۇال مۇشت كۆتۈرگەندەك بۇ قېرى زىناخور ئەتىگەندە كېلىپ سىلىگە





دادلىغان ...

— ئەمما ئايسۇلتان خەلىپىنىڭ ئۆيىدىن قېچىپ كەلگەندە، قانچە كوچىلاپ سورىساممۇ ئۇ «ئەسكى قېرىكەن» دېگەن گەپتىن باشقىسىنى قىلمىدى؟

— ھەي شاھىم، بىر قىز بالا ئاتىسىنىڭ ئالدىدا ناشايان ئىشلارنى ئۇچۇر - بۇچۇرلىرىغىچە سۆزلەشكە يۈزى قانداق چىدايدۇ. بولۇپمۇ ئايسۇلتاندەك ھايالىق قىزلار ئاتا ھۆرمىتى ئۈچۈن ئۆزىنى قۇربان قىلىشتىن يانمايدۇ!

قىزى ئايسۇلتان ئىشىدا پۇشايمان زەردابىنى ئىچكەن زاماندىن زۇھەل چاندۇرمىغىنى بىلەن ئىچىدىن تۇتەپ كەتتى. بولۇپمۇ ئۇزۇن يىللاردىن بېرى «ئۇستازىم»، «ئۆلىما»، «بۇزرۇك» دەپ بەيئەت قىلىپ، قول بەرگەن ھاجى خەلىپىنىڭ «شەھۋەتپەرەس»، «خوتۇنپۇرۇش»، «قېرى بۇزۇق» ئىكەنلىكىدىن خەۋەر تاپقىنىدا ئوتقا چۈشكەن قىلدەك تولغىنىپ كەتتى. قارا بۇ زىناخورنىڭ يۈرىكىنىڭ قارىلىقىنى! ئوردىدىكى كېنىزەك، دېدەكلەرنىڭمۇ كۆكىنى ئورۇپ بوپتىكەن ئەمەسمۇ! ...

زاماندىن زۇھەل ئىنىكئانىنىڭ ئايسۇلتان، ھاجى خەلىپە توغرىسىدا يەنە گەپ ئېچىپ قېلىشىدىن ئەنسىرەپ، دەرھاللا سۆھبەت ئېتىنىڭ تىزگىنىنى باشقا ياققا قايرىدى:

— ھە ئىنىكئانا، خەلەپ پادىشاھلىقىدا 7 ~ 8 ئاي تۇرۇپ كەلدىلە، — دېدى شاھ ئېغىر تەلەپپۇزدا، — ئۇ يەردىكى ئەمر - پەرمان، ئاۋام تۇرمۇشى قانداقراق ئىكەن.

— ئوھۇي، سورىمايلا قويسىلا شاھىم، — ئىنىكئانا باش چايقىدى، — خەلەپنىڭ پادىشاھى 5 ~ 6 يىلدىن بېرى ئورۇن تۇتۇپ يېتىپ قالغاچقا، 12 ياشلىق ئوغلى ئەبۇلئەسەدكە شاھلىق تاجىسىنى كىيگۈزۈپتۇ. ئاغزىدىن ئانا سۈتى تېمىپ تۇرغان بۇ

نارەسىدە شاھلىقنىڭ ھۆددىسىدىن چىقالىسۇنمۇ؟ شۇڭا ئوڭ قول ۋەزىر كېرەمشاھ نەبىيۇللا دۆلەتنىڭ چوڭ ـ كىچىك ئىشلىرىنى ئالىقىنىغا ئاپتۇ. بىراق، بۇ قارا يۈرەك ۋەزىر ئالۋان ـ ياساق، باج، سېلىق، ئۆشرە ـ زاكات يىغىش باھانىسىدە دەھشەت بېيىپ كېتىپتۇ. ئەمما خەلەپ ئاۋامىلىرى يوقسۇزلۇق، ئاچارچىلىق، ئاغرىق ـ سىلاق ئازابىدا قاپتۇ ...

— خەلەپنىڭ شاھى ياخشى ئادەم ئىدى، — دېدى شاھ كەكە ساقىلىنى سىيپاپ قويۇپ، — كېرەمشاھ نەبىيۇللا دېگەن بۇ مەلئۇن بالا شاھنى بوزەك قىپتۇ ـ دە.

— شۇ ئەمەسمۇ، — ئىنىكئانا ئېغىر تىنىدى، — ئۇ بالا بۇ يىل 17 ~ 18 ياشقا كىرگەن چېغى.

ئەمدى بىز خەلەپ پادىشاھلىقى دىيارىغا بېرىپ، كۆزىتىپ باقايلى. بۇ ئاي، بۇ كۈنلەردە 18 ياشلىق شاھ ئەبۇلئەسەد بەكمۇ خىيالچان، كەم سۆز، شاھلىق بىلەن خۇشى يوق بولۇپ قالغانىدى. ئۇنىڭ سارغايغان چىرايىدىن قانداقتۇر بىر دەرد يۈرىكىنى ئۆرتەۋاتقانلىقى بىلىنىپ تۇراتتى. شۇڭا بىر كۈنى ئوڭ قول ۋەزىر كېرەمشاھ نەبىيۇللاغا دەرد ـ ھەسرەتلىرىنى تۆكۈپ يىغلىدى. ئۇ ئۈچ ئاي ئىلگىرى چۈشىدە بىر ئاي پەرى قىزنى كۆرۈپ ئويغىنىپ كەتكەنىدى. شۇنىڭدىن بېرى ئىشتىھاسى ئازلاپ، ئېسىل تائاملارمۇ گېلىدىن ئۆتمەيتتى. ئاتىسىغا دېيىشكە يۈزى چىدىمايتتى. شۇڭا ئۇ ئاشۇ پەرىنى ئۇنتۇش ئۈچۈن ئۆزىنى ئويۇن ـ تاماشاغا ئۇرۇپلا تۇراتتى. شاھلىق، سەلتەنەت، ھۆكۈمرانلىق دېگەنلەر ئېسىگىمۇ كىرىپ چىقمايتتى. ئۇ ھېچ تاقەت قىلالمىغانلىقتىن، بۈگۈن ۋەزىر كېرەمشاھ نەبىيۇللاغا كۆڭلىدىكىنى دېگەنىدى. ۋەزىر پىسسىڭىدە كۈلۈپ قويۇپ خىيالغا پاتتى.

بالا شاھ ئەبۇلئەسەدنىڭ چۈشىدىكى قىزغا ئاشىق بولمىقى ۋەزىر ئۇچۇن تېپىلغۇسىز ئامەت ئىدى. شاھزادە ئاشۇ غايىۋانە قىزغا كۆيۈپ پىشىپ يۈرۈۋەرسە، ئۇنى ئۇنتالمىغانسېرى ئويۇن – تاماشا بىلەن بولسا، پۈتۈن خەلەپىنىڭ شاھلىقى، خەزىنىسى، يىغملىدىغان باج – سېلىق، ھۆرمەت ۋە شەرەپ كېرەمشاھ نەبىيۇللاغىلا مەنسۇپ بولمامدۇ، كىم بىلىدۇ، خۇدانىڭ تەقدىر – قىسمەتلىرى تۇرلۇك – تۈمەندۇر، كەيپ – ساپا، ئەيش – ئىشرەت سورۇنلىرىدا بىرەر بەتنىيەتنىڭ قولىدا ئۆلەمدۇ؟ ئىشقىلىپ بۇ بالا شاھنىڭ ئويۇن – تاماشاغا بېرىلىشى كېرەمشاھ نەبىيۇللا ئۇچۇن تېپىلغۇسىز پۇرسەتتۇر!

— ئۇنداقتا شاھ ئاتىڭىزدىن رۇخسەت ئېلىپ، — دېدى كېرەمشاھ نەبىيۇللا ئىچى ئاغرىغان قىياپەتتە، — 40 ~ 50 دوستلىرىڭىز بىلەن شىكارغا چىقىڭ. ئوۋ ئوۋلاش كىشىنىڭ بەھرىنى ئېچىپ، ئىچىدىكى دەرد – پىراقلارنى يۇيىدۇ. ئۇنتۇلدۇرىدۇ، ئادەم ۋۇجۇدى يېنىكلەپلا قالىدۇ.

— ئەمدى بۇ پىتلىق پادىچى ھۇجۇمنى ماڭا قاراتتى، — دەپ ئويلىدى ھېكايە سورۇنىدىكى كېرەمشاھ نامىچى، — بۇ نېمىدېگەن يامان ئاۋاق، ئادەمنىڭ ئىچىگە كىرىپ چىققاندەك گەپلەرنى قىلىدىكىنا. بۇ ... بۇ ... تېزەك پۇرايدىغان قەلەندەر ھېلىقى ئىشلارنىغۇ بىلمەس ...

شاھ ئەكبەر ئەلىنىڭ سول تەرىپىدە ئولتۇرغان كېرەمشاھ نامىچى «قاچىدىغان يەر» ئىزدەۋاتقاندەك سورۇننىڭ ھەممە بۇلۇڭ – پۇشقاقلىرىغا بويۇنداپ قارىدى. بۇ چاغدا ئەكبەر ئەلىنىڭ كۆڭلىدىن مۇنداق خىياللار كەچتى:

«ئاجايىپ خىسلەتلىك پادىچىكىنا بۇ، خەلەپ ئوردىسىدا بولغان ھەم مېنىڭ بېشىمدىن ئۆتكەن ئىشلارنى خۇددى پال سالغاندەك

دەۋاتىدىغۇ، ئەمما ئۇ مېنىڭ ئىسمىمنى (ئەبۇلئەسەد) دېگىنى نېمىسى؟ ھە بىلدىم ... ئۇ مۇشۇ سورۇندىكىلەرنىڭ ئىسىملىرىنى ئۆزگەرتىپ دەۋېتىپتۇ - دە، ئۇنداقتا مۇشۇ يەردىكىلەرنىڭ ھەممىسى ھېكايە بىلەن مۇناسىۋەتلىكمىدۇ؟! ... توۋا، تازلارنى ئەقىللىق دەيدىغان، راستىلا بۇ قوماق تاز ئەۋلىيانىڭ ئۆزىكىنا ...»

ئەكبەر ئەلى يەنە قانچىلىك خىياللارنى سۈرەر ئىدىكىن؟ ئەمما ئۇنىڭ ئوي - پىكىرلىرىنى پادىچىنىڭ زىل ئاۋازى تېرىقتەك چېچىۋەتتى.

— ... شۇنداق قىلىپ دادىسىنىڭ رازىلىق دۇئاسىنى ئالغان شاھزادە 40 يىگىتنى ئېلىپ شىكارغا چىقىپتۇ، — دېدى پادىچى پىيالىدىكى چايدىن بىر ئوتلاپ قويۇپ، — ئۇلار چۆل - جەزىرىلەرنى، ئورمان - توقايلارنى ئايلىنىپ ھېچ نەرسە ئوۋلىيالماپتۇ. بىرەر ياۋا توشقاندەك نەرسىنىمۇ قولغا چۈشۈرەلمىگەن شاھزادە بەك خاپا بولغان ھالدا يىگىتلەرگە مۇنداق دەپتۇ:

— دوستلىرىم، چۆل - باياۋاننى ئاختۇرغىنىمىزغا بىر ئايدىن ئاشتى. ھېچقانداق جانىۋار يولۇقمىدى. ئاتلىرىمىز ھاردى، تايغانلىرىمىز چارچىدى، ئۆزىمىزمۇ ھالىمىزدىن كەتتۇق. بۇ ياخشىلىقتىن بېشارەت بولمىسا كېرەك. ئەمما شۇنچە ئاۋارە بولۇپ، شەھەرگە قۇرۇق قول كىرسەك يۈزىمىزگە سەت بولىدۇ. يېقىن - يىراق، ئەل - ئاغىنىلەر ئالدىدىمۇ ئۇياتتا قالىمىز.

— ئېيتقانلىرى بەرھەق شاھىم، — دېدى تۇماقلىق يىگىت، — شەھەرگە ئادەم ئەۋەتىپ ئوزۇق - تۈلۈك ئەكەلدۈرۈپ، يەنە بىرنەچچە كۈن ئوۋ ئوۋلاپ كۆرەيلى.

شۇ ھازادا شاھزادىنىڭ قۇشباشلىق ئېگىرىدىكى بۈركۈت بىر نېمىنى سەزگەندەك قانات قېقىپ، تىپىرلاپ، يىراققا قاراپ چىرىلداپ سايراپ كەتتى. شاھزادە دەررۇ ئۇنى قويۇۋەتكەندى، ئۇ بىردىنلا پەرۋاز قىلىپ ناھايىتى تېز ئاسمانغا كۆتۈرۈلدى ـ دە، ئاندىن بىر جىلغىغا قاراپ ئوقتەك ئېتىلىپ چۈشۈپ كەتتى. ئارقىدىن ئات سالدۇرۇپ بارغان يىگىتلەر ھېچ يەردە بۈركۈتنىڭ قارىسىنى كۆرەلمىدى. شۇ ئەسنادا بىر يىگىت ۋارقىرىۋەتتى.

— قاراڭلار ئەنە!

بۈركۈت يىراقتىكى بىر تۈپ چىنار ئۈستىدە قاناتلىرىنى كېرىپ، «چىر ... چىر ...» سايراپ تۇراتتى. يىگىتلەر ئاتلىرىنى چاپتۇرۇپ يېتىپ بارغاندا، بۈركۈت قاناتلىرىنى سالپايتىپ، ئاغزىنى يوغان ئېچىپ تۇراتتى. يىگىتلەر ھەرقانچە ئامال قىلىپمۇ بۈركۈتنى چۈشۈرەلمىدى. شاھزادە ئەبۇلئەسەد چىنارنىڭ تۈۋىگە بېرىپ ئاتتىن چۈشتى ـ دە، خۇرجۇنىدىن بىر پارچە گۆشنى ئېلىپ:

— گاھ، گاھ، قېنى كەل جانىۋارىم .. گاھ، گاھ، گاھ! — ... دەپ گۆشنى قۇشقا كۆرسەتسىمۇ، لېكىن ئۇ زادىلا چۈشمىدى، — ئۇنىڭغا نېمە بولغاندۇ؟ بۇ چاغقىچە ھەرگىز ئۇنداق قىلمايتتى.

شاھزادە ئىككىنچى قېتىم «گاھ، گاھ» دەپ باقماقچى بولۇپ تۇرۇشى بۈركۈت لەپپىدە كۆتۈرۈلۈپ، يۈز قەدەم ئارىلىقتىكى بىر قۇملۇققا چۈشتى. شۇ چاغدىلا شاھزادە ئۇ يەردە بىر ئادەمنىڭ ياتقانلىقىنى كۆرۈپ، يۈگۈرۈپ يېتىپ كەلدى. ئۇ پۇت ـ قوللىرىنى تاشلاپ ياتقان پەرى سىياق قىزنىڭ بېشىغا كېلىپ، قۇمغىلا تىزلاندى ـ دە، قىزغا زەن سالدى.

قىيىلغان قاش، چۈۋۈلغان چاچ، ئولتۇرۇشقان بادام قاپاقلار، پىچاق بىسىدەك قاڭشارلىق بۇرۇنلار، گەز ـ گەز يېرىلغان

لەۋلەردىن ئاققان قانلار، يىرتىلغان ـ تىتىلغان كىيىملەر، تەر بىلەن ئاي يۈزلەرگە چاپلاشقان قۇملار قىزنىڭ گۈزەللىكىنى خىرەلەشتۈرەلمىگەنىدى. شاھزادە قىزنىڭ بېشىنى قۇچىقىغا ئالدى ـ دە، يىگىتلەرگە سۇ ئەپ كېلىشنى بۇيرۇدى. بىر يىگىت تېرە تۇلۇمدىن جامغا سۇ قۇيۇپ ئېلىپ كەلدى. شاھزادە سۇنى ئاز ـ ئازدىن قىزنىڭ لەۋلىرىگە تېمىتتى. گەز باغلاپ قان چىقىۋاتقان لەۋلەر ئېچىشتى بولغاي، ئويماقتەك ئېغىز ئاز ـ تولا مىدىرلىدى. شاھزادە ئەمدى سۇنى كۆپرەك تېمىتتى. ئاجىزلاپ كەتكەن قىز سۇنى تەسلىكتە يۇتتى.

— خۇرجۇندىكى شايى پوتامنى سۇغا چىلاپ ئېلىپ كېلىڭلار، — دېدى شاھزادە يىگىتلەرگە، — تېز بولۇڭلار.

شاھزادە ناتىۋاننىڭ يۈز بويۇنلىرىنى پاكىز سۈرتتى. بىر ئاز نەملىك ۋە سالقىنلىق تەسىر قىلغان قىزنىڭ قاپاقلىرى مىدىرلىدى. ئاندىن ئۇ تولىمۇ زەئىپ ئاۋازدا ئىڭرىدى:

— سۇ ... سۇ ... سۇ ...

شاھزادە قىزنىڭ بېشىنى تېخىمۇ ئېگىز كۆتۈرۈپ، سۇ ئىچۈرگەنىدى، ئۇ ئاچ كۆزلۈك بىلەن غۇرتۇلدىتىپ ئىچىشكە باشلىدى. شۇ چاغدىلا ئۇ شەھلا كۆزلىرىنى ئارانلا ئاچتى. شاھزادە ئىزتىراپ ئىچىدە نېمە دەۋەتكەنلىكىنى بىلمەي قالدى.

— ئاھ خۇدا، شۇ ... شۇ ... دەل ئۆزى ... مەن چۈشۈمدە كۆرگەن قىزنىڭ ئۆزى شۇ! ...

بىر چاغدىلا ئەسلىگە كەلگەن قىز يات بىر يىگىتنىڭ قۇچىقىدا ياتقانلىقىدىن سەسكىنىپ ئورنىدىن تۇرۇپ كەتتى.

— خانقىز، سىز كىم بولىسىز؟ سىز ئادەممۇ ياكى پەرىمۇ؟ — شاھزادە ئۈمچەيگەنىدى، — قېنى ئېيتىڭا، سىزنىڭ بىر ئېغىز سۆزىڭىزگە تەشنامەن ...

— مېنىڭ ئىسمىم ئايسۇلتان ...

— ياق، ياق، خاتالاشتىڭ پادىچى، — ھېكايە سورۇنىدا ئولتۇرغان شاھ ئەكبەر ئەلى ۋارقىرىۋەتتى، — ئۇ قىزنىڭ ئىسمى ئايسۇلتان ئەمەس!، مېنىمۇ خاتا ئاتىدىڭ، ئاشۇ چاغدا قىزنى قۇتقۇزۇۋالغان شاھزادە مەن بولىمەن.

ھېكايىنى ھەقدادىغا يەتكۈزمەي، ئىشنى بۇزۇۋاتقان شاھزادىگە ئاچچىقى كەلگەن پادىچى قوپاللا تەگدى:

— ھەزرەتلىرىنىڭ ئىسىم شەرىپلىرى كىم بولىدىكىن؟

— ئەكبەر ئەلى!

— ئەپۇ قىلسىلا ئەكبەر ئەلى، مېنىڭ سۆزلەۋاتقىنىم سىلى ئەمەس، بەلكى ئەبۇلئەسەدتۇر!

بۇ چاغدا كۈلۈپ سالغىلى تاسلا قالغان شاھىنشاھ شەمس ئەكبەر ئەلىگە «گەپ قىلما» دېگەندەك ئىشارە قىلىپ، كۆزىنى قىسىپ قويۇۋىدى، ئۇمۇ بىر ئىشنى سەزگەندەك ئۆزىنى تۇتۇۋالدى. پادىچى بالا ھېكايىسىنى داۋام قىلدى:

— ئەي، ئايسۇلتان پەرىشتە، — دەپتۇ شاھزادە يېلىنغان قىياپەتتە، — سىز قايسى باغنىڭ گۈلىسىز؟ قايسى بوستاننىڭ بۇلبۇلىسىز؟ نېمە ۋەجىدىن چۆل - باياۋانلارغا تاشلاندىڭىز؟

— ئۆزلىرى كىم بولىدىلىكىن؟

— مەن خەلەپ دىيارىنىڭ شاھى ئەبۇلئەسەد بولىمەن!

— ئەپۇ قىلغايلا، مەن يات بىراۋلارغا سىرىمنى ئېيتىشنى خالىمايمەن.

— بەك ئاجىزلاپ كېتىپسىز، مەن بىللە كېتىپ، ئەسلىڭىزگە كېلىشنىڭىزنى خالايدىغانسىز؟

— مەرھەمىتىڭىزگە تەشەككۈر، مېنىڭ بارار - تۇرار يېرىممۇ يوق ئىدى.

شاھ ئەبۇلئەسەد ھەمراھلىرى بىلەن ئايسۇلتاننى شەھەرگە ئېلىپ كەتتى. ئۇ ئوردىغا كىرگەندىن كېيىن ئايسۇلتاننى خانىش ئانىسى ئايپاشا خېنىمغا تاپشۇرۇپ، مۇنداق ئىلتىجا قىلدى:

— خانىش ئانا، بۇ قىزنى ھامامدا پاكىز يۇيۇندۇرۇپ، مەلىكىلەردەك كىيىندۇرۇپ، جابدۇپ قويۇشلىرىنى سورايمەن، — دېدى ئەبۇلئەسەد قىزىرىپ، — ئاندىن ياخشى كۆتۈنمىسە بولمايدۇ، بۇ كۆپ ئازاب چەككەن ناتىۋان. ماڭا قانداق ئېتىباردا قارىغان بولسىلىرى، بۇ قىزغىمۇ شۇنداق ئىلتىپات بىلەن قارىغان بولسىلا.

— بولىدۇ ئوغلۇم، مەن قاچانمىتەم سېنىڭ تەلەپ - ئارزۇلىرىڭغا سەل قارىغان، — خانىش ئانا مەنىلىك كۈلۈپ قويدى، — سەن بۇنداق دېگەنىكەنسەن، بۇ قىز شۇنداق قىلىشقا مۇناسىپتۇر.

— رەھمەت خانىش ئانا، ئاللا سىلىگە كۆڭگە ئوخشاش ھايات بەخشەندە قىلسۇن!

— تىلەكلىرىڭنى ياراتقان ئىگىسى مەقبۇل ئەتسۇن، ئوغلۇم.

ئەبۇلئەسەد چىقىپ كېتىشى بىلەن خانىش ئانا ئىشەنچلىك ئىككى كېنىزەكنى چاقىرىپ ئۇلارغا ئايسۇلتاننى تاپشۇردى. كېنىزەكلەر قىزنى ئېلىپ ھامامغا چىقىپ كەتكەندىن كېيىن، خانىش ئۇلارنىڭ ئارقىسىدىن ئاستا پىچىرلىدى:

— ۋاي توۋا، بۇ قىز ئادەم بالىسىمۇ ياكى ئادەمگە ئۆزگىرىپ قالغان ھۆرلەردىنمۇ؟ شۇنچە مەينەتچىلىك ھەم جۇلدۇر كېپەنلەر ئىچىدىمۇ تېگى - تېگىدىن ھۆسن كامالىنىڭ بەرقارارلىقى چىقىپ تۇرىدۇ! ئەمما شاھلارغا خاس مۇشۇنداق لاتاپەت

ساھىبىنىڭ چۆللەرگە تاشلانغىنى ھەرگىز ياخشىلىقتىن دېرەك بەرمەيدۇ.

خانىش ئانا ھەر ئېھتىمالنى كۆزدە تۇتۇپ ئىسرىق سالىدىغان نەرسىلەرنى ساقلايتتى. ئۇ ئۆزىنىڭ ھۇجرىسىغا كىرىپ، ئادراسمان، سەندەل، كېپەك، يەنە قانداقتۇر پۇراقلىق نەرسىلەرنى تەييارلىدى. ئۇلارنى ئارىلاشتۇرۇپ بىر پەتنۇسقا دۆۋىلەپ قويدى ھەم تەقەززالىق بىلەن ھامماغا كىرىپ كەتكەن كېنىزەكلەرگە ساقلىدى. ئۇلارمۇ خېلى بىر چاغدىلا ئوردا سارايغا كىرىپ كېلىشتى. خانىش ئانا ئاپپاق يىپەك كۆڭلەك كىيىپ، سۇس ھال رەڭ لىباس يېپىنغان، ھۆسنى تاڭ سەھەردىكى گۇلدەك ئېچىلغان ئايسۇلتاننى كۆرۈپ ئاغزىنى تۇتتى. كۆزلىرى چوڭ ئېچىلىپ ھەيرانۇ ـ ھەسلىكتە قېتىپ قالدى. ئۇ بىر چاغدىلا كېنىزەكلەرگە:

— قىزلار، ئىسرىقداننى ئېلىپ كېلىڭلار، — دەپ ۋارقىرىدى.

ئىسرىقدان تەييارلاندى. خانىش ئانا ئۆز قولى بىلەن تەييارلانغان نەرسىلەرنى ئىسرىقدان قاچىسىغا سېلىپ، ئۇنىڭ ئوتتۇرىسىغا چوغ سالدى. ئادراسمان، سەندەل، كېپەك، يول تەرمەچلىرىدىن قويۇق ئىس كۆتۈرۈلۈپ ساراي ئىچىنى ئىللىق بۇي قاپلىدى. خانىش ئانا ئىسرىقداننى كۆتۈرۈپ يۇرۇپ ئايسۇلتاننى ئايلاندى. ئۇنىڭ كۆڭلەك ئېتەكلىرى ئاستىنىمۇ ئىسلىدى. ئۇ نېمىلەرنىدۇر دەپ پىچىرلايتتى.

— ھەي مازايىۇ ـ ماشايىقلار، كۆزى يامانىنىڭ كۆزىدىن، سۆزى يامانىنىڭ سۆزىدىن، كۆرۈنەر ـ كۆرۈنمەس بالا ـ قازالاردىن نېرى قىلغايسەن ... سۇف ... سۇف ... سۇف! ...

خانىش ئانا كېنىزەكلەرگە ئايسۇلتاننى ھەركۈنى ياخشى

تائاملار بىلەن ئوزۇقلاندۇرۇشنى ھەم كۈتۈشنى بۆيرۇپ بولۇپ چىقىپ كەتتى. ئۇ ئالدىراپ ـ تېنەپ شاھ ئورۇن تۇتۇپ ياتقان ھۇجرىغا كىرىپ كەلدى. ياشانغان بىمار شاھمۇ خانىشنى كۈتۈپ تۇرغاندەك، قوش ياستۇقتا يۆلىنىپ تاۋار يوتقان، يىپەك يېكەندازلار ئۈستىدە ئولتۇراتتى. ئاڭغۇچە خانىش چوڭ كاتىنىڭ قىرىغا كېلىپ ئولتۇردى.

ــ خانىش ئايىم، ــ دېدى شاھ ئاپپاق پاخما قاشلىرى ئاستىدىكى قىياق كۆزلىرىنى تىكىپ، ــ ساراي غوجىدارىدىن بىر گەپ ئاڭلايمەنغۇ، بۇ راستىمۇ؟

ــ قانداق گەپ ئاڭلىدىلا؟ ــ خانىش خۇپسەنلىك قىلدى، ــ قېنى دېمەملا؟

ــ ئوغۇللىرى شىكارغا چىقىپ، بىر قىزنى ئوۋلاپ كەپتىغۇ.

ــ ئوۋلاپ كېلىدىغان ئۇ كېيىك، بۇغا ياكى جەرەن بولمىسا، ــ خانىش كۈلدى، ــ بىپايان چۆلدە ھوشسىز ياتقان يېرىدىن تېپىپ ئەكەپتۇ.

ــ چۆلدە نېمىش قىلىدىكەن ئۇ قىز؟

ــ مەن نەدىن بىلەي؟

ــ ئادەم ئەپتىدىن بىلىنەر دېگەندەك، ئۇ قىز تۇرقىدىن قانداقراقكەن؟

ــ ئېيتىشقا تىلىم ئاجىزلىق قىلىدۇ. ئۇ شۇنداق چىرايلىق، لاتاپەتلىك، نازىنىن قىزكەنكى، ھۆر ـ پەرىلەر قولىغا سۇ قۇيۇپ بېرەلمەيدۇ. بىر كۆرۈپلا مېنىڭمۇ ئۇنىڭغا مېھرىم چۈشۈپ قالدى.

ــ شۇنداقمۇ؟

ــ شۇنداق بولمايچۇ، ھەتتا مەن ئۇنىڭغا كۆز تەگمىسۇن دەپ ئىسرىقداپ قويدۇم.

— ئۇ شۇنچىلىك جەزبىدارمىكەن؟
— بىر كۆرسىلە ئاندىن بىلىدىلا، — خانىش ھەزىل قىلدى،
— يەنە ئوغۇللىرىنى قويۇپ سىلى ئاشىق بولۇپ قالمىسىلا؟
— ئۇۋۇي، — شاھنىڭ يۈزلىرى پۈرۈشتى، — ئادەمنىڭ ئۆپكىسى تۆگەپ، كانىيى قالغاندا، نېمە دەيدىغاندۇ بۇ خوتۇن!
— يا دەيمىنا، گۆرگە كىرىپ كېتىشۋاتقان مېيىت قايرىلىپ قارىغۇدەك قىزكەن ئەمەسمۇ!
— پاھ، پاھ، پاھ، گەپكە كۆز چىقىرىشقا ئۇستا خوتۇندە بۇ.
بۇ ماختاش، مەدھىيەلەرنى ئاڭلىغان شاھنىڭ نېمە ئۈچۈندۇر كۆڭلى خىرە بولدى. خەزىنە بار يەردە يىلان بار. ئاپتى بولمىغان ئامەت يوق دەپ ئاتا - بوۋىلىرىمىز بىكار ئېيتمىغان. شۇنچە چىرايلىق قىزنىڭ ئوردا، شەھەرلەرگە پاتماي، دەشتۇ - قۇملۇققا تاشلىنىشى نېمىدىن دېرەك بېرىدۇ؟ ئۇ بىرەر ناشايان ئىشلارنى قىلىپ دىنىي ئەقىدىلەرگە توغرا تۇرمىغان بولسا، ئۇنىڭ بېشىغا مۇشۇنداق كۈلپەتلەر ياغارمىدى؟
— ھە، جىمىپ كەتتىلىغۇ، شاھ دادىسى، — دېدى خانىش ئېرىنىڭ چىرايىغا زەن سېلىپ، — چىرايلىرى كەكرى يۇتۇۋالغاندەك پۈرلىشىپ كەتتا!
— خوتۇن، مەن بىر ئاز ئەنسىرەپ قالدىم، — سەن بىلسەن، قىزلار قانداق ۋاقىتتا چالما - كېسەك قىلىنىدۇ ياكى چۆلگە پالىنىدۇ!
— زىنا قىلغاندا، دىنىي مىزانلارغا داغ چۈشۈرگەندە!
— سۆزۈڭ يوللۇق، — شاھ خىيالغا پاتتى، — مېنىڭچە بۇ قىزدا كىشىلەرگە ئېيتىپ بولمايدىغان بىر سىر بار. ئوغلىمىز نادانلىق قىلىۋاتىدۇ.
— ئۇنداق بولسا، ئوغۇللىرى بىلەن ئۆزلىرى سۆزلىشىپ

كۆرسىلە.

خەلەپ پادىشاھى ئەتىسى ئەتىگەندە ئەبۇلئەسەدنى يېنىغا چاقىرىپ گەپ ئېلىپ باقتى:

— ئوغلۇم، ئاناڭدىن ئاڭلىسام، ئۇۋ قىلىش جەريانىدا بىر قىزنى ئۇچرىتىپ قېلىپ ئۇنى بىرگە ئەكەپسەن، شۇنداقمۇ؟

— راست شاھ ئاتا، شۇنداق بولدى.

— ھىم! ... — شاھنىڭ ئاچچىقى كەلگەنلىكى چىرايىدىن مەلۇم بولدى، — ئۇ كىمنىڭ قىزىكەن، قانداق سەۋەبلەر بىلەن ئۇنى ئېلىپ كەلدىڭ؟

شاھزادە كىچىككىدىن تارتىپ يالغان ئېيتىپ ئادەتلەنمىگەنىدى. شۇڭا ئۇ قىزنى چۆل - جەزىرىدىن تېپىۋالغانلىقىنى، ئۇنىڭ ھايات كەچۈرمىشلىرىدىن خەۋىرىنىڭ يوقلۇقى، ئەمما نىكاھقا ئېلىش ئارزۇسىنىڭ بارلىقىنى ئىزھار قىلدى. غۇززىدە ئاچچىقى كەلگەن شاھ يالغۇز ئوغلىنىڭ كۆڭلىنى ئاياپ، ئوشۇقچە چېچىلىپ كەتمىدى.

— ئوغلۇم، سەن دېگەن يەتتە ئىقلىمدا ئەڭ ئابرۇيلۇق پادىشاھنىڭ ئوغلى، باياۋاندىن تېپىۋالغان ئىگە - چاقىسىز تاشلاندۇق قىزنى ئالساڭ شاھزادىلىك شان - شەۋكىتىڭ بۇلغانمامدۇ؟ تولا گۆدەكلىك قىلما.

— شاھ ئاتا، مەن بۇنچىۋالا چوڭقۇر ئويلاپ كەتمىدىم، — ئەبۇلئەسەد تۈنجى قېتىم ئاتىسىغا كۆڭلىگە تالىق سۆز قىلىۋاتاتتى. شۇڭا ئۇ قىزىراتتى، دۇدۇقلايتتى، — مەن ئۇ قىز ئۈچۈن شاھلىقنى، شاھزادىلىكنى ھەم ئوردا ھاياتىنى تەرك ئېتەلەيمەن ...

— نېمە دەۋاتىسەن تۈزكور، — شاھ ئاچچىقىدا ئوغلىنى تىللىۋەتتى، — ئاتا - بوۋىلار «بىر بالاسى بولمىسا چۆلدە

قۇيرۇق [1] نەقىلدۇر؟» دەپ سەندەك ھاماقەتلەرگە بېشارەت بەرگەن. ئەگەر ئۇ قىز ئېيتقاندەك نومۇسىنى بۇلغاپ رەسۋايىئالەم بولغان، شۇ ۋەجىدىن جازالىنىپ، چۆللەرگە پالانغان بولسا، يۈزۈڭنى قانداق كۆتۈرۈپ يۈرىسەن؟

— مۇمكىن ئەمەس ئاتا، — شاھزادە ھاقارەتلەنگەندەك جۇدۇنى ئۆرلىدى، — ئۇ قىزنىڭ ھۆسن - لاتاپىتىدىن پارلىغان نۇردا، ئۇنىڭ ئىچكى دۇنياسىنى كۆرەلەيلا! ئۇ خۇددى دېڭىز قەھرىدىكى قۇلۇلە قارنىدا دۇرغا ئايلانغان گۆھەردەك قىزدۇر!

ئوغلىنىڭ چىرايىدىكى ئىشەنچ، ئۈمىد، پاكىز ئېتىقاد زەرلىرىنى كۆرگەن شاھ سەل ئويلىنىپ پەسكويغا چۈشتى.

— ئىشەنچىڭ كاملمۇ ئوغلۇم!

— ئاتا، مەن 3 ~ 4 ئايدىن بېرى شاھلىقتىن ۋاز كېچىپ، تەركىدۇنيالىق يولىغا ماڭدىم. قانچە - قانچە نەسىھەتلەرنى قىلىپ، تەنبىھلەرنى بەردىلە. لېكىن پىسەنتىمگە ئالمىدىم. ئۇنىڭ سەۋەبىنى بىلگۈلىرى بارمۇ؟

— ئەلۋەتتە بىلگۈم بار. چۈنكى ئۇ كۈنلەردە مېنى تولىمۇ ئۈمىدسىزلەندۈرگەنىدىڭ.

— ئاتا، راستىمنى ئېيتسام، مەن ئىلگىرى چۈشۈمدە كۆرگەن بىر قىزغا ئاشىق بولغانىدىم. مانا ئاردىن 4 ئاي ئۆتكەندە ئۇنى ئۇچراتتىم. شۇنداق جەزم قىلالايمەنكى، بۇ تەڭرى كۆڭلۈمگە سالغان ئىشقى سەۋدادۇر. شۇڭا مەن ئۇ قىزدىن ئايرىلالمايمەن.

پادىشاھ خەلەپ بۇ سۆزدىن كېيىن ئويلىنىپ قالدى ھەم تەبئىتىدە بىر ئاز يېنىكلىك ھېس قىلدى.

— بولدى بالام، سۆزلىرىڭگە ئىشەندىم، ئەمدى چىقىپ

① قۇيرۇق — قوينىڭ قۇيرۇق مېيى كۆزدە تۇتۇلىدۇ.

تەختىڭدە ئولتۇر، — دېدى شاھ كۆڭلى ئەمىن تاپقاندەك بولۇپ، — مەن سېنى مۇرادىڭغا يەتكۈزەي ...

— شاھ ئاتا، — شاھزادە ئېگىلىپ تەزىم قىلدى، — ئوڭ قول ۋەزىر كېرەمشاھ نەبىيۇللا توغرۇلۇق كۆپ ئەرز - دادلارنى ئاڭلىدىم. خەلىپ ئەھلى ئۇنىڭ ئازابىدىن جاق تويدى. ئۇ سىلىنىڭ شان - شۆھرەتلىرىگىمۇ داغ چۈشۈرۈۋاتىدۇ.

— خەۋىرىم بار بالام، لېكىن ۋاقتى ئەمەس، سەن بىر نەچچە يىل شاھلىقتا ئوبدان پىشىپ يېتىل، ئاستا - ئاستا تۈيدۈرماي پۈتۈن ئەركانلارنى يېنىڭغا تارت، — دېدى شاھ پەس ئاۋازدا، — كېرەمشاھ نەبىيۇللا بوش ئادەم ئەمەس. پۈتۈن ئوردا ئەھلىنى ئۆزىگە قارىتىۋالدى. ھازىر قول سالساڭ، تەقدىرىڭ خەۋپ ئىچىدە قالىدۇ.

شاھزادە ئەبۇلئەسەد ئاتىسىغا شىپالىق تىلەپ قايتىپ چىققاندىن كېيىن ئۇدۇل ئايسۇلتاننىڭ ھۇجرىسىغا كىردى - دە، ئۇنىڭ خىزمىتىنى قىلىۋاتقان ئىككى كېنىزەكنى چىقىرىۋېتىپ، گىلەمگە سېلىنغان كۆرپىدە يۈكۈنۈپ ئولتۇردى. مەلىكە ئۆزىنىڭ شاپائەتچىسى، قۇتقۇزغۇچىسى شاھزادىنىڭ ئالدىدا يۈزىگە چۈمبەل تارتمىدى. ئەبۇلئەسەد ئىچىدە: «يائاللا، ئۇنىڭ ھۆسنى - جامالى يىگىتلەر ئۈچۈن ئاپەت ئىكەن» دېگەنلەرنى ئويلىدى. دېمىسىمۇ ئايسۇلتان كۈندىن - كۈنگە تولۇپ، يېتىلىپ، جەننەت ھۆرلىرىنىمۇ ھەسەتتە قالدۇرغۇدەك گۈزەللىككە يار بولغانىدى. ئۇ شاھزادە ئەبۇلئەسەدنىڭ سىلىق، مۇلايىملىقى، سۆزلىرىدىكى ئەخلاق - پەزىلەت، ھايا بىلەن كۆزلىرىنى ئېلىپ قېچىشى قاتارلىق مۇئامىلىلىرىدىن ئۇنىڭ تەربىيە كۆرگەن، ئەھلى ئىلىملىك يىگىت ئىكەنلىكىنى ھېس قىلىپ يەتتى. شۇ تۇرقىدىمۇ ئايسۇلتان ئۇنىڭغا ئىللىق

تەبەسسۇم بىلەن قاراپ كۈلۈمسىرەپ تۇراتتى. ئەبۇلئەسەد ئۇنىڭدىن بىر قۇر ھال ـ ئەھۋال سورىغاندىن كېيىن بىر پەس جىمىپ قالدى.

— ئەتىگەنلا ئەھۋالىمنى سوراپ چىقىپ كەتكەنىدىڭىزغۇ؟ — دېدى يىگىتكە خېلىلا ئۆزلىشىپ قالغان قىز ئۇنى سىزلەپ، — شۇنىڭغا قارىغاندا، ماڭا دەيدىغان باشقا سۆزلىرىڭىزمۇ بار ئوخشىمامدۇ؟

— ماڭا مەددەت بەرگىنىڭىزگە رەھمەت. بولمىسا گەپنىمۇ ئوڭشاپ قىلالمايتتىم، — يىگىت يەر بېقىپ سۆزلەۋاتاتتى، — بۈگۈن مەن جاسارەتكە كېلىپ سىزگە تەلەپ ـ ئارزۇلىرىمنى قويماقچىمەن.

— تەلەپ ـ ئارزۇنىڭ خىللىرى كۆپ بولىدۇ، — قىز پىسىڭىدە كۈلدى، — بىلمىدىم، سىز قايسى خىلدىكىنى دېمەكچىسىز؟

— مەن ئۆمۈر مۇساپەمنى سىز بىلەن بىللە ئۆتكۈزۈشنى شۇنچە خالايتتىم. سىزنىڭ بىر ئېغىز جاۋابىڭىز مېنىڭ بېشىمنى كۆككە يەتكۈزىدۇ ھەم يەر بىلەن يەكسان قىلىدۇ ...

— مېنىڭغۇ بېشىڭىزنى يەتتىنچى ئاسمانغا يەتكۈزگۈم بار. بىراق، ماڭا ئىشىنەلەمسىزكىن؟ — ئايسۇلتان بىردىنلا مۇڭلاندى، — چۈنكى دەشتۇ ـ سەھرادىن تېپىۋالغان قىزنىڭ نامى يامان بولىدۇ ...

— مېنىڭ سىزنى چۆلدىن قۇتقۇزۇپ ئېلىپ كېلىشىم، سىزگە يەتكۈزۈۋاتقان ئەجىر ـ ئېھسانلىرىم ئىشىنىشتىن مۇستەسنا ئەمەستۇ؟ ...

— مىننەت قىلىۋاتامسىز؟ — قىز يىگىتنى سىناپ باقماقچى بولدى، — «مىننەتلىك ئېشىڭدىن قارنىمنىڭ ئېچى

ياخشى» دېگەن گەپمۇ بار جۇمۇڭ ...

— بۇ تەبىرىڭىز ئەھلى - ئىلىملىك تەبىئىتىڭىزگە پەقەتلا خوپ كەلمىدى جۇمۇڭ، چىرايلىق ئاغزىڭىزدىن بۇنداق گەپنىڭ چىقىشىنى زادىلا ئويلىماپتىمەن.

قىز يەڭگىلتەكلىك قىلىپ قويغىنىدىن ئۇيۇلۇپ قىزاردى.

— ھەزىل قىلدىم، — ئايسۇلتان دەرھال ئۆزىنى ئوڭشىۋالدى، — قارىسام بەك مۇلايىم ئىكەنسىز، «بۇ يىگىتنىڭ ئاچچىقىمۇ بارمىدۇ» دېگەن ئويدا چىقىشىپ قويسام قارىڭا ھۆپپىدە ئېسىلىپ كەتكىنىڭىزنى ...

— ئەپۇ قىلىڭ ئايسۇلتان، — مەن تۇپتۇزلا چوڭ بولغان بالا. قوش بىسلىق سۆز ئويۇنلىرىنىڭ تېگىگە ئانچە يېتىپ كېتەلمەيمەن. قانداق، مېنىڭ تەكلىپىمگە تېخى جاۋاب بەرمىدىڭىزغۇ؟

— مېنىڭ تاقىقا - تۇققا سۆزلىرىمنىڭ ئۆزى جاۋاب ئىكەنلىكىنى سېزەلمىدىڭىزما؟

— ئەسلىدىغۇ بىرەر نامرات بالىغا تېگىپ، كۈنۈمنى شۇنىڭ بىلەن ئۆتكۈزەرمەن دېگەنىدىم، خەير بوپتۇ، ئەزەلدىن تەقدىر - پېشانەمگە پۈتۈلگىنى شۇ ئوخشايدۇ، — ئايسۇلتان نامرات بالىنى دادامنىڭ ئورنىغا شاھ قىلماقچى ئىدىم، دېيىشنى بىئەپ كۆردى، — ئەمىسە مېنىڭمۇ ئەرزىمەس تەلەپ - شەرتلىرىم بار، ئاڭلاپ باقامسىز؟

— قېنى سۆزلەڭ.

— مېنىڭ ئۆتمۈشۈمنى كوچىلاپ سورىمايسىز، — ئايسۇلتان ئېغىر خورسىندى، — چۈنكى ئۇ قاباھەتلىك جاراھەتلىرىمنى قايتا تاتىلاپ، ئۇنى قانىتىپ ئازابلانغۇم يوق. ئەسلىگىمۇ كەلمەيدۇ، ۋاقتى كەلگەندە ئۆزۈم دەپ بېرىمەن.

لېكىن خۇداغا ئايانكى، مەن گۆھەردەك ساپ قىز ...

— شۇلىما؟

— شۇ، ئارتۇق تەلىپىم يوق، — ئايسۇلتان كۈلدى، — لېكىن مەن تېگىگە يېتەلمىگەن بىر ئىش بار؟

— سوراڭ، قۇلىقىم سىزدە.

— شاھلار قىزلاردىن سوراپ، يېلىنىپ ئولتۇرماي، نىكاھ قىلىپلا ئەمرىگە ئالىدىغان، لېكىن سىز؟ ...

— مەن ئۇنداق تېنىگە ئىگە بولۇپ، كۆڭلىدىن مەھرۇم بولىدىغان ھايۋانىي نەپسىدىن بىزار! ... ئەۋلىيالىرىمىزمۇ: «قىزلارنى رازىلىقسىز، جۇۋانلارنى رايىسىز ئەرگە بەرمەڭلار» دېگەن ئەمەسمىدى!

ئايسۇلتان يىگىتنىڭ پەزىلىتىدىن، ئادىمىيلىك خىسلىتىدىن ئېيتقۇسىز رازىمەندە بولۇپ، كۆڭلى كۆكلەردە پەرۋاز قىلدى.

ياشانغان شاھ خوتۇنى خانىش بىلەن باللارنىڭ ئىشىنى مەسلىھەتلىشىپ، بىر قارارغا كەلگەندىن كېيىن ئايسۇلتاننى كېنىزەكلەر شاھنىڭ ھۇجرىسىغا باشلاپ كىردى. قىز تەزىم بەجا كەلتۈرۈپ بولغاندىن كېيىن خانىش ئۇنىڭ يۈزىدىكى چۈمبەردىنى ئارقىسىغا قايرىۋېتىپ:

— بۇ سىنىڭ شاھ ئاتاڭ بولىدۇ، نامەھرەم ئەمەسسەن، ئۇ بولغۇسى كېلىنىنىڭ چېھرىنى كۆرسۇن ... — دېدى.

قىزنىڭ ھۆسن - جامالىدىن ھەيرانۇ - ھەس بولغان شاھ ئوردا ئەركانلىرىنى يىغىپ توي مەسلىھەتىنى قىلىشتى. ئاندىن قىرىق كېچە - كۈندۈز توي قىلىپ ئايسۇلتاننى ئوغلىغا نىكاھلاپ ئېلىپ بەردى.

تويدىن كېيىن ئەبۇلئەسەد شاھ تەختىدە ئولتۇرۇپ، خەلىپ

شاھلىقىدا بولۇۋاتقان ناھەقچىلىكلەرنى ئادىل سوراپ، ئاۋامنىڭ دەردىگە يەتتى. ئۇ ھەتتا كىملەر تەرپىدىندۇر تارتىپ ئېلىنغان دېھقان يەرلىرىنى، ھۈنەرۋەن، كاسىپ، سودىگەرلەرنىڭ دۇكانلىرىنى، ئۆي - مۈلۈكلىرىنى ئۆز ئىگىلىرىگە قايتۇرۇپ قايتىدىن تەرتىپ ئورناتتى. بۇنىڭدىن دەھشەتلىك ئىزتىراپقا چۈشكەن كېرەمشاھ نەبىيۇللا شاھزادىنىڭ بۇنداق جاسارەتكە كېلىشىنى ئايسۇلتاندىن كۆردى. چۈنكى بۇ «زۇۋانىدار، تەدبىرلىك، ئەقىللىق» دەپ تەرىپلىنىۋاتقان قىزنىڭ شاھ ئېرىگە ھەمراھ بولۇشى، ئەقىل ئۆگىتىشى تۇرغانلا گەپ ئىدى. نېمىشقىمۇ شاھزادىنى شىكار قىلىشقا دەۋەت قىلغان بولغىيتتى. ئۇنىڭغا بۇ قىزنىڭ ئۇچراپ قېلىشى خۇددى يولۋاسقا قانات چىققاندەك بولدى - دە! ھەي ... ھەي ... ئۆزىدىن ئۆتۈپ كەتتى! ...

كونىلار: «بەتنىيەتنىڭ قازىنى تۆشۈك» دەپ بىكار ئېيتماپتىكەن، «شىكاردا، ئەيش - ئىشرەت سورۇنلىرىدا ئۆلتۈرۈلسە، پۈتۈن خەلەپ ماڭا قالامدۇ» دەپ چوتنى خاتا سوققان كېرەمشاھ نەبىيۇللانىڭ ئاتقان ئېشى قاڭقىپ كېلىپ ئۆزىنىڭ قاڭشىرىغا تېگىشىنى كىم ئويلىغان؟

بۇ شەرەنداز ئايالنى بىر كۆرۈشنى قەيت قىلغان كېرەمشاھ نەبىيۇللا قانچە - قانچە ھەرىكەتلەرنى قىلىپ كۆردى، لېكىن كۆرەلمىدى. ئۇ شاھقا مۆھۈر باستۇرۇش، بىر ئىشنى مەسلىھەت قىلىشتەك باھانىلەردە شاھنىڭ ئۆيىگە، ھويلىسىغا، سارايلىرىغا كىرىپ باقتى. لېكىن ئايسۇلتاننىڭ يۈزىدە چۈمپەردە بولغاچقا، ئۇنىڭ چېھرىنى كۆرۈشكە مۇيەسسەر بولالمىدى. شۇنداقتىمۇ ئۇ: «پاھ ... پاھ ... ، يۇملاق مۇرىلەر، چوقچايغان كۆكسىلەر، ئىنچىكە بەل، يۇملاق ساغرىلار ... ئەجەب سۈيىكى چىرايلىق

مەزلۇمكىنا ...» دەپ تاماقلىرىنى تاشلاپ، ئالىقانلىرىنى ئىشقىلاپ كەتتى. تور چۈمپەردە ئىچىدىن كىرەمشاھ نەبىيۇللانى ئاشكارا كۆرگەن ئايسۇلتان، «خوجاۋاپانىڭ بىنالىرىنى تارتىۋېلىپ، ئاتا ـ ئانىلىرىنى سەرسان قىلغان قارا يۈرەك ئىبلىس مۇشۇكەندە» دەپ ئويلىدى ھەم ئۇزۇن قارا ساقاللىق، قاپقارا يۈزى تاپلىما تېزەكتەك چوقۇر، قىياق كۆز، قىڭراق بۇرۇن، 54 ياشلاردىن ئاشقان، قاتمال تەلەتىدىن شۇملۇق يېغىپ تۇرغان، زەھەرخەندە بىر قىياپەت ئايسۇلتانىنىڭ نەپرەت قارىچۇقلىرىغا سىڭىپ قالدى ...

*　　　*　　　*

كۈنلەر ئۆتتى، ئايلار ئۆتتى، بىر كۈنى كەچ ئوردا قورۇسىدا شاھزادىنىڭ ئىككى قات بولۇپ خېلىلا ئېغىرلىشىپ قالغان ئايالى ئايسۇلتاننى پەيتۇنغا يۆلەپ چىقىرىۋاتقانلىقىنى كۆرگەن كىرەمشاھ نەبىيۇللا ساقىلىنى تۇتاملاپ تۇرۇپ قالدى. ئۇ كۆڭلىدە: «بىرەر دەۋا ـ داستۇر قىلغان سودىگەر، كاسىپلاردىن ئەھۋال ئىگىلىگىلى ماڭدى» دېگەنلەرنى ئويلاپ ئىچىگە جىن كىردى. ئۇ قاراڭغۇ چۈشكەندە، پەيتۇنكەشنىڭ ئۆيىگە باردى. لېكىن پەيتۇنكەش ھېچنېمە دېگىلى ئۇنىمىدى. كىرەمشاھ نەبىيۇللا ئۇنىڭ قولىغا بىر دىنار تۇتقۇزغانىدى. ئۇنىڭ كۆزلىرى چەكچىيىپ ھەممىنى دەپ بەردى:

ئۇلار شەھەر ئىچىنى بىر قۇر ئايلىنىپ، بىر ھال رەڭ بىنا ئالدىدا توختاشتى. خانىش ئايسۇلتان: «بۇ بىنا ئەسلىدە خوجاۋاپا دېگەن بىر نامرات بالىنىڭ ئىدى. لېكىن كىرەمشاھ تارتىۋېلىپ، ئاتا ـ ئانىسىنى سەرسان قىلىۋەتتى» دېدى.

— شاھ ئەبۇلئەسەد نېمە دېدى؟

— «بۇنى سىز قانداق بىلىسىز؟» دەپ سورىغانىدى، خانىش «مەن بىر يىلنىڭ ئالدىدا تۇغقان يوقلاپ خەلەپكە كەلگەنىدىم» دەپ جاۋاب بەردى.

كېرەمشاھ نەبىيۇللا قايتىپ كەتتى. ئەمما ئۇنىڭ ئىچىدە ئوغا قايناپ پۈتۈن ۋۇجۇدى لەرزىگە كەلدى. ئەلھەزەر، بۇ خوتۇننىڭ بىلمەيدىغىنى يوقكىنا؟ ھېلىمۇ ياخشى خوجاۋاپا ئۆلۈپ، ئاتا ـ ئانىسى سەرسان بولۇپ چىقىپ كەتكىنى، بولمىسا ئۇلارنى كۆشكۈرتۈپ، شاھزادىنىڭ كۆتىگە ئوت قويۇپ، بالا ـ قازانىڭ قېپىنى يارىدىغان چېغى!

كېرەمشاھ نەبىيۇللا ئەتىسى سەھەردىلا ھال رەڭ بىناغا بېرىپ، ئۆزىنىڭ يېقىن بۇرادەرلىرىدىن بىرىنى ئولتۇرغۇزۇپ ئۇنىڭغا:

— ئەگەر بىرەر كىم بۇ بىنانىڭ ئىگىدارچىلىقىنى سورۈشتە قىلىپ كەلسە، خوجاۋاپا دېگەن بىر ئادەمدىن سېتىۋالغان، دېگىن، — دەپ يېنىپ كەلدى.

ئايسۇلتان بۇ ھال رەڭ بىنا توغرۇلۇق ئويلاپ زادىلا تېگىگە يېتەلمىدى. ھازىر ئۇنى تارتىۋالغان تەقدىردىمۇ خوجاۋاپانىڭ ئاتا ـ ئانا، قېرىنداشلىرىنى نەدىن تاپىدۇ. دەۋاگىرى بولمىغان بۇنداق دەۋانى قازىلارمۇ سورىمايدۇ. يەنە تېخى شەھەردىكى قازىلاردىن تارتىپ بەگلەرگىچە كېرەمشاھنىڭ ئالىقىنىدا تۇرسا، بولدى، بۇ ئىشلارمۇ تەقدىرنىڭ ئىرادىسى بىلەن ھەل بولىدىغان كۈنلەر كېلەر.

ئايسۇلتان بىر سەھەرلىكى ئوغۇل پەرزەنت تەۋەللۇت قىلدى. ئوردىدىكىلەر شادلىققا چۆمۈپ تەنتەنە قىلىشتى. كۈنلەرنى ئايلار، ئايلارنى يىللار قوغلىشىپ ئۆتۈپ تەخت ۋارىسى زىياھنىڭ

«دادا، ئاپا» دەپ تىلى چىقتى. ئۇنىڭغا ياشانغان شاھ بىلەن خانىش موماي تولىمۇ ئامراق ئىدى. زىياھمۇ ئۇلارنىڭ ئۆپچۆرىسىدىن نېرى كەتمەيتتى. بالا 4 ياشقا كىرگەندە ئۇنىڭغا مەخسۇس ئۇستاز تەكلىپ قىلىپ، ئوردا مەدرىسەدە ئوقۇشقا باشلىدى. زىياھ دانىشمەن، ئالىم، پازىللارنىڭ ھېكمەتلىرىنى يادلاپ، ئىبرەتلىك ھېكايىلىرىنى ئوقۇپ ئەقىللىق، چىرايلىق چوڭ بولۇشقا باشلىدى. 16 يېشىدا تويى بولغان ئايسۇلتان ھازىر 21 ياشلىق ھۆسن ـ كامالىغا يەتكەن، ئۆتكۈر پىكىرلىك خانىش ئىدى. بەزى ئاياللارغا تۇغۇت يارىشىدۇ، دېگەن گەپ راست ئوخشايدۇ. ئايسۇلتان تۇغۇتىدىن كېيىن تېخىمۇ بەرنا، تېخىمۇ سۇباتلىق، ئاجايىپ گۈزەل لاتاپەتلىك بولۇپ كەتتى.

بىر كۈنى ئايسۇلتان ئوغلىنى ھويلىدا ئوينىتىپ يۈرگەندە، كېرەمشاھ نەبىيۇللا تۇيۇقسىزلا كىرىپ قالدى. خانىش ئۆزىنى چەتكە ئېلىشقا ئۈلگۈرەلمىدى. ئۇنىڭ يۈزىدە چۈمبەل يوق ئىدى. كېرەمشاھ نەبىيۇللانىڭ ئۇزۇن قارا ساقاللىرى چارلاشقان بولسىمۇ، لېكىن ئۇ ھېلىمۇ ئوتتۇرا ياشلىق ئادەملەردەك بەردەم، سالماق ئىدى. كېرەمشاھ ئايسۇلتاننى كۆرۈپ ئورنىدا ئەلەڭ ـ سەلەڭ بولۇپ، يۈرىكى قاتتىق سوقۇپ كەتتى. ئۇ ئىچىدە: «توۋا، ئۇ ئەقىل ـ پاراسەتتىلا ئەمەس، ھۆسن ـ رۇخسارىدىمۇ پەرىشتە سۈپەت ئىكەن. پاھ، پاھ، ئۇ سۇزۇكلۇكتە ئاق قاشتېشى، چاچلىرى قۇندۇز، قاش ـ كىرپىكلىرى قىياق، لەۋلىرى بىر جۈپ ھال رەڭ جىنەستە، كۆزلىرى تاڭدا بالقىغان چولپان ئىكەنغۇ! ...» دېگەنلەرنى ئويلاشقا ئۈلگۈردى!

شۇنىڭدىن باشلاپ كېرەمشاھ نەبىيۇللانىڭ ئىشتىھاسى تۇتۇلۇپ، ئۇيقۇدىن بىدار بولۇپ، ئوي ـ پىكىرلىرى چېچىلىپ،

ئۆزىچىلا «ئايسۇلتان» دېگەن ئىسىمنى زىكرى قىلىدىغان بولۇپ قالدى. بۇ كۈنلەردە ياش شاھ ئەبۇلئەسەد ئوردا ئىشلىرى بىلەن ياكى شىكارغا چىقىپ كەتكۈدەك بولسا ئايسۇلتان ئوغلىنى ئوينىتىپ چوڭ ئارامگاھ باغ، ھەيۋەتلىك قورۇ ئىچىدە يالغۇز قالاتتى. بۇنداق چاغلاردا ئۇنى غېرىبلىق بېسىپ باغرى تاش دادىسىنى، ئۆلۈپ كەتكەن خانىش ئانىسىنى، ئىنىكئانا ھەم ھەدىسىنى ئەسلەپ كۆز ياش تۆكەتتى. بىر كۈنى ئۇ ئەنە شۇنداق يىغلاپ ئولتۇرغانىنىڭ ئۈستىگە شاھ ئەبۇلئەسەد كىرىپ كەلدى. ئۇ خانىشىنىڭ يۈزىدىكى ياش يۇقىلىرىنى كۆرۈپ ئەندىكىپ سورىدى:

— ئايسۇلتان ئەزىزىم، يىغلاپسىزغۇ؟ — ئەبۇلئەسەد ئۇنىڭغا ئېگىلدى، — نېمە، بىر كىم كۆڭلىڭىزنى ئاغرىتقان ئوخشىمامدۇ؟

— ياق، ھېچكىم كۆڭلۈمنى ئاغرىتمىدى، — ئايسۇلتان ئېسەدەپ كەتتى، — نېمىشقىكىن بېشىمدىن ئۆتكەن ئىشلار ئېسىمگە كېلىپ ...

— «ئۆتمۇشۇمگە تەئەللۇق ئىشلارنى سورىماڭ» دېگەن ئۆمىدىڭىزگە ھۆرمەت قىلىپ مەنمۇ سورىماپتىمەن، چۈنكى دەۋاتقانلىرىڭىز ئۆتمۇشىڭىزگە مۇناسىۋەتلىكقۇ دەيمەن؟

— شۇنداق، — ئايسۇلتان خىجىل بولۇپ يەرگە قارىدى، — ئەمما مۇشۇ كۈنلەردە ئۇلار ئېسىمگە چۈشىدىغان، چۈشلىرىمگە كىرىدىغان بولۇپ قالدى.

— كىملەر ئۇ؟

— كەچۈرۈڭ شاھىم، مەن ئەسلىدە شاھنىڭ قىزى بولىمەن! ھازىرغىچە سىزدىن يوشۇرۇپ كەلدىم.

— شاھىنىڭ، — ئەبۇلئەسەد ئايسۇلتاننىڭ يېنىغا كېلىپ ئولتۇردى، — قېنى دەڭا، قايسى شاھىنىڭ؟

— يەتتە ئىقلىم شاھلىرىنىڭ ئىچىدىكى شۆھرەتلىك شاھ زاماندىن زۇھەل بولىدۇ ...

— نېمە، يەمەن پادىشاھىمۇ؟

— شۇ، بېشىمغا كەلگەن بارلىق دىشۋارچىلىق، سەرسانلىق، ئازاب - ئوقۇبەتلەر زالىم، باغرى تاش ئاتامدىن كەلگەن، — خانىش ئايسۇلتان چوڭقۇر خورسىندى، — ئېسىڭىزدىمۇ، سىز ماڭا توي تەكلىپىنى قويغان چېغىڭىزدا، مەن: «ئەسلىدە بىر نامرات بالىغا تېگىشنى ئويلىغان» دېگەنىدىم. مېنىڭ مەقسىتىم ئۇ بالىنى دادامنىڭ ئورنىغا شاھ قىلىش ئىدى ...

ئايسۇلتان زاماندىن زۇھەلنىڭ زالىملىقلىرى، قانخورلۇقلىرى، ئۇنىڭغا تاقابىل تۇرۇش جەريانىدا نەچچە قېتىم ئۆلۈمگە بۇيرۇلغانلىقى، ساندۇق بىلەن دەرياغا تاشلىنىپ، بېشىدىن كەچكەن كەچمىشلەر، ئاخىرىدا نېمە سەۋەب بىلەن چۆلگە ئاپىرىپ تاشلانغانلىقى، جاڭگالدا يولۋاس ۋە ئەجدىھالاردىن قۇتۇلۇپ قالغانلىقى، كۆرگەن كۈنلىرىگىچە سۆزلەپ بەردى.

ياش شاھىنىڭ ئاغزى ئوچۇقلا قالدى. ئۇ بىچارە مەھبۇبىسى ئايسۇلتاننى باغرىغا بېسىپ، ئۆزىمۇ ياش تۆكتى. دۇنيادا مۇنداقمۇ ئاتا ۋە شاھلار بولىدىكەن، دەپ ياقىسىنى چىشلىدى.

— شۇنداق تۇرۇقلۇق يەنە شۇنىڭ ئۈچۈن ياش تۆكتىڭىزمۇ؟

— ھەيران بولۇپ سورىدى ئەبۇلئەسەد، — بۇ ئەرزىمدۇ؟

— ئالەمشۇمۇل ئازابلارنى سالغان تەقدىردىمۇ، ئۇ يەنىلا مېنىڭ ئاتام - دە! مېنى يوقلۇقتىن دۇنياغا ئاپىرىدە قىلىپ، كۈننىڭ سىرىقىغا نائىل قىلغان شۇ تۇرسا! مەن ئۇنىڭدىن تاڭلا

قىيامەت كۈنىمۇ تانالمايمەن!

— ئەقىدىڭىزگە، پاك ئېتىقادىڭىزغا، ئادىمىيلىك خىسلىتىڭىزگە ئاپىرىن! سىز بىر ساپ گۆھەر ئىكەنسىز؟

— 15 يېشىمدا خانىش ئانام ئۆلۈپ كەتتى، — ئايسۇلتاننىڭ يېشى شاھنىڭ مەيدىلىرىنى ھۆل قىلىۋەتتى، — ئۇنىڭدىن باشقا ئىنىكئانام، بىر يالغۇز ھەدەم بار ... ئۇلارنى سېغىنماي تۇرالامدىم؟

يۈرەك - باغرى ئېزىلگەن ئەبۇلئەسەد ئەتىسى تاڭ ئاتقاندا شاھ ئاتىسىنىڭ يېنىغا كىرىپ، سالامدىن كېيىن مۇنداق دېدى:

— شاھ ئاتا، كېلىنىڭىزدىن ئېچىلمىغان سىر ئەمدى ئېچىلدى. ئۇ يەتتە ئىقلىم شاھلىرى ئىچىدىكى زامانىدىن زۇھەلنىڭ قىزىكەن، 15 يېشىدا خانىش ئانىسى ئالەمدىن ئۆتۈپتۇ. ھازىر دادىسى، ئىنىكئانىسى، بىر ھەدىسى بار ئوخشايدۇ. شۇلارنى سېغىنىپ، بىر كۆرۈشنى ئارزۇ قىلىپ يىغلايدىكەن.

— بىز بۇ ئىشلارنىڭ تېگى - تەكتىنى بىلمىگەنلىكىمىز ئۈچۈن، تۇغقانلىرىغا خەۋىرىنى بېرەلمەپتىمىز، — دېدى شاھ ئاپپاق ساقاللىرىنى تۇتاملاپ، — ئەمدى بىز ئۇلارنىڭ ئالدىغا بېرىشىمىز ھەقلىق.

خەلەپ شاھى 15 كۈن ئەتراپىدا سەپەر تەييارلىقىنى قىلىپ، كاتتا سوۋغا - سالاملارنى ھازىرلاپ ئات - تۆگىلەرگە ئارتىشتى. بىرقانچە ئايلىق ئاش - ئوزۇق، سۇلارنى تاغار، ساندۇق، تۇلۇملارغا قاچىلاپ تەييارلىدى. ئاندىن چوڭ خانىش بىلەن ئايسۇلتاننىڭ خىزمىتىگە بەش كېنىزەك بەلگىلەندى. ئۇلارنى خېيىم - خەتەرسىز ئاپىرىش ئۈچۈن، 200 لەشكەرگە ئوڭ قول

ۋەزىر كېرەمشاھ نەبىيۇللا باش بولۇپ، سەپەرگە ئاتلاندى. ئۇلارنىڭ ئىچىدىكى باقاۋۇل [①]، تۇتقاۋۇل [②]، چابىس [③]، ساۋچى [④]، مىرشەپ [⑤]، ئوتاچى [⑥] قاتارلىق بەگلەرنىڭ ھەممىسى كېرەمشاھ نەبىيۇللانىڭ ھىممەت، ساخاۋەتلىرىنى كۆپ كۆرگەن، سىزغان سىزىقىدىن چىقمايدىغان، ئاقنى قارا، قارىنى ئاق قىلالايدىغان بىر توپ پېرىخون باخشىلاردىن ئىدى.

ئۇزۇنغا سوزۇلغان كارۋان چۆل - جەزىرىدە، پايانسىز قۇملۇق، ئىپتىدائىي ئورمانلىق، تاغ - تۇرا، چاتقاللىقلارنى ئارقىدا قالدۇرۇپ، بىر ئاي يول يۈردى. بىر كۈنى چىڭقى چۈش مەزگىلى بولغاندا، ئۇلار ھېلىقى بۇركۇت قونۇۋالغان بىر تۈپ چىنار تۈۋىگە يېتىپ كېلىپ، 31 - كېچىنى شۇ يەردە تۈنىدى. ئايسۇلتان ئالاھىدە تىكىلگەن، خانىش ئانا سېرىق يىپەك ئورالغان، قىزلار ۋە قاراۋۇللار ئادەتتىكىدەك چېدىرلارغا ئورۇنلاشتۇرۇلدى. خانىش ئانا ۋە ئايسۇلتاننىڭ چېدىرلىرى ئەتراپىغا قاراۋۇللار قويۇلدى. ئۇلار ئوچاق ياساپ، قازانلارنى ئېسىپ كەچلىك تاماقنى يەۋالغاندىن كېيىن بالدۇرلا چېدىرلىرىغا كىرىپ يېتىپ قېلىشتى. ئايسۇلتان 5 ياشلىق ئوغلى زىياھ بىلەن ياتقىدا بىردەم ئارام ئېلىپ، ئوغلى ئۇخلاپ قالغاندىن كېيىن، ئورنىدىن تۇرۇپ، بۇنىڭدىن نەچچە يىللار بۇرۇن چىنار تۈۋىدە تارتقان ئازاب - ئوقۇبەتلىرىنى ئەسكە

① باقاۋۇل ــ «نازارەتچى، پوست» مەنىلىرىنى بىلدۈرىدۇ.
② تۇتقاۋۇل ــ «قاقۇنلارنى تۇتقۇچى چېرىكلەر باشلىقى» نى كۆرسىتىدۇ.
③ چابىس ــ «لەشكەر بېشى» مەنىسىنى بىلدۈرىدۇ.
④ ساۋچى ــ قەدىمكى دەۋردە خەۋەرچى شۇنداق ئاتالغان.
⑤ مىرشەپ ــ كېچىلىرى ئوغرى - قاراقچىلارنى تۇتقۇچى مەنسەپ.
⑥ ئوتاچى ــ قەدىمكى ئۇيغۇر تىلىدا دوختۇرنى كۆرسىتىدۇ. ئۇ كېيىنچە «ئەمچى» دەپمۇ ئاتالغان.

ئېلىپ، كۆزلىرىدىن تاراملاپ ياش تۆكۈلدى. ئۇ چېدىردىن چىقىپ، چىنار تۈۋىگە كەلدى.

چۆل ئاسمىنى بوياقچىنىڭ ئېدىشى ئۆرۈلۈپ كەتكەندەك كۆپكۆك تاۋلىنىپ تۇراتتى. سانسىزلىغان يۇلتۇزلار دۇرى - گۆھەرلەردەك يالتىرايتتى. گۈزەلنىڭ قېشىدەك ئىنچىكە ئاي ئورغىقى ئاسماننىڭ ئېگىز بىر يېرىدە پەسلەرگە قاراپ ئاھ ئۇرغاندەك قىلاتتى. پايانسىز چۆل كېچىسى تۈندە روشەن بولمىغان ئاۋازلارغا ھەمراھ ئىدى. ھۇقۇيتقاندەك، ئىڭرىغاندەك، يىغلىغاندەك شەپىلەر يۈرەكلەرگە ئەنسىزلىك سالاتتى. دەشتۇ قۇملۇقنىڭ ئۇزۇلمەس سەلكىن شامىلى قامقاقلارنى يۇمىلىتىپ، نەلەرگىدۇر ئېلىپ كېتەتتى. ئاسمان قەھرىدە بىر يۇلتۇز ئۇزۇن قۇيرۇق قالدۇرۇپ كۆچتى - دە، يىراق تامانلاردا ئېرىپ يوقاپ كەتتى.

شۇنداق! ئايسۇلتاننىڭمۇ ھاياتى ئەنە شۇ كۆچكەن يۇلتۇزدەك بارار - تۇرار يېرىنى بىلمەي سەرسانلىقتا ئۆتتى، چۆللەردە ئازدى، دەريالاردا ئاقتى، يات شەھەرلەردە خارلاندى. تەڭرى ئۇنىڭ «نامرات بولسىمۇ بىرەر قاياش بەرگىن!» دېگەن ئارزۇ - نىيازلىرىنىمۇ مەقبۇل ئەتمىدى. بېلىقچىنىڭ ئوغلى ئابدۇنەبى، خەلەپىلىك بالا خوجاۋاپا تولىمۇ رايىش ئوبدان بالا ئىدى! ھازىر ئۇلار نەدە؟ ئايسۇلتانچۇ؟ خوجاۋاپا سوغۇق يەر تېگىدىن ئورۇن تۇتۇپ، مۇبارەك تېنى قۇم چۆللىرىدە قالدى. ئابدۇنەبى بالىلىق بولۇپ، شەھىرى ئاۋات قەلئەسىدە ئاتامان بولۇپ ياشاۋاتىدۇ، ھەي، بۇ دۇنيا تۇرلۇك - تۈمەن قىسمەتلەرگە تولغانىكەن. ئادەم بالىسى بىر قېلىپتا ئۆتۈپ كېتىمەن دېيەلمەيدىكەن. كىم بىلىدۇ، ئايسۇلتاننى يەنە قانداق تەقدىر - ئەزەللەر كۈتۈپ تۇرىدۇ.

ئېغىر خىياللار ئىسكەنجىسىدە كۆڭلى ئەلەمزىدە بولغان ئايسۇلتان تەنلىرى ئېغىرلاشقان ھالدا ئارقىسىغا قايتتى. ئۇ چېدىرنىڭ ئىككى تەرىپىدە تۇرغان قاراۋۇللارغا لەپپىدە قاراپ قويۇپ، چېدىر ياپقۇچىنى ئاچتى.

تۈن نىسپى بولۇپ قالدى، ئوڭ قول ۋەزىر كېرەمشاھ نەبىيۇللا ئورنىدىن تۇرۇپ چېدىردىن چىقتى. ئۇ ئەتراپتا ئايلىنىپ يۈرگەن باقاۋۇلنىڭ قولىقىغا ئازراقلا كۇسۇرلىغانىدى، ئۇ ئايسۇلتاننىڭ چېدىرىنىڭ ئەتراپىدىكى قاراۋۇللارنى ئېلىپ كېتىپ چوڭ خانىشنىڭ چېدىرىنىڭ ئەتراپىغا ئەكېلىپ ئورۇنلاشتۇردى. بىر ئايدىن بېرى يول ئازابىنى تارتقان لەشكەر، كېنىزەك، چوڭ خانىش ۋە سەپەرگە مەسئۇل بولغان مەنسەپدارلارنىڭ ھەممىسى ھېچنېمىنى بىلمەي قاتتىق ئۇيقۇغا كەتكەنىدى.

ئوڭ قول ۋەزىر كېرەمشاھ نەبىيۇللا ئاستا ئورنىدىن تۇرۇپ، ئەتراپنى بىر قۇر كۆزىتىپ كەلگەندىن كېيىن، دەرھال ئۆز چېدىرىغا كىرىپ، ئاق ئىشتان، ئاق كۆڭلەك كىيىپ، ئاق لىباسنى يېپىندى. ئاندىن بىر بېسىپ، ئىككى بېسىپ، خەلەپ پادىشاھىنىڭ كېلىنىنىڭ چېدىرىغا يېقىنلاشتى. كېرەمشاھ تۆت ئەتراپىقا راسا قارىۋېتىپ، چېدىر ياپقۇچىنىڭ بىر چېتىنى قايرىپ، يەر بېغىرلاپ ئېڭىشىپ چېدىرغا كىرىۋالدى ...

... پادىچى سۆزلەپ مۇشۇ يەرگە كەلگەندە، ھېكايە ئاڭلاۋاتقانلار جىددىيلىشىپ، ئاغزىلىرى ئوچۇق قېلىشتى، بۇ جىمجىتچىلىقنى كىردەنشا نامچىنىڭ تىترىگەن ئەنسىز ئاۋازى بۇزۇۋەتتى:

— ھەي تاز، يالغان جۆيلىمە، سەن يالغاننى توقۇشقا نېمانچە ئۇستا! گەپ قىلمىسا ئەجەب ھەددىڭدىن ئاشتىڭا.

— نېمانچە كاركىرايسەن قېرى ئەبلەخ، — هېكايىنىڭ ئىچىگە كىرىپ كەتكەن شاهىنشاھ شەمس كەيپىنى بۇزغان كىردەنشانى قاتتىق سەتلىۋەتتى، — ئەگەر قورسىقىڭدا دۇكۇك بولسا ئالدىرىماي تۇر، ئەدىپىڭنى يەيسەن!

شاهىنشاھنىڭ ئاخىرقى سۆزىدىن جېنى تۇمشۇقىغا كېلىپ قالغان كىردەنشا نامىچى، زۇھرۇللا زامان، قۇتبىدىن قۇتيار، خەلپە بۇزرۇك، زىكرىيا زاھىتلارنىڭ قول - پۇتلىرى تىترەپ، ئېڭەكلىرى كاسىلداپ توختىماي «ھېق» تۇتقىلى تۇردى. هېكايە ئېچىدىن ئۆز تەقدىرى، ئاياللىنىڭ ئېغىر پاجىئەسىنى كۆرۈۋاتقان خەلەپىنىڭ ياش پادىشاھى ئەكبەر ئەلى زادىلا چىداپ تۇرالماي ئۆزىنىڭ ۋەزىرىگە يۈز - خاتىر قىلمىدى:

— سىلىنىڭ بالىنى چەكلەشكە ھېچ ھەققىلىرى يوق، — قوللىرىنى شىلتىدى ئەكبەر ئەلى، — ئۇنىڭ ئېيتىۋاتقان هېكايىسى ھەقىقەتنىڭ نىشانىسى! قانداق دېگەن قاملاشمىغان ئادەم بۇ ...

— ئېيت ئوغلۇم، ئېيتىۋەر، — دېدى ئابدۇل مۇلۇك، — دەرۋەقە، بېشىڭدىن كۆپ ئىشلار ئۆتكەن يىگىتكەنسەن ... قىڭغىر قىلساڭ 40 يىلدىمۇ تۈتۈلىسەن، دېگەن هېكمەتنى شەرھلىدىڭ.

شاهىنشاھ شەمس، ۋەزىرى ئەزەم ئابدۇل مۇلۇك ۋە ئەكبەر ئەلىلەرنىڭ مەدەتلىرىدىن غەيرەتكە كەلگەن پادىچى هېكايىسىنى داۋاملاشتۇردى:

چېدىر ئىچىدە خەلەپ پادىشاهنىڭ كېلىنى ئايسۇلتان تاتلىق ئۇخلاۋاتقان ئوغلىنىڭ بېشىنى سىلاپ يانپاشلاپ ياتاتتى. ئۇ ئۆتمۈشتىكى كۈنلىرىنى، ئىنىكئانا ۋە ھەدىسىنى ئويلاپ، تاشبېغىر ئاتىسى بىلەن كۆرۈشكەندە يۈز بېرىدىغان ئىشلارنى

كۆز ئالدىغا كەلتۈرۈپ تېخى ئۇخلىمىغانىدى. ئايسۇلتان ئۆڭ يېنىغا ئۆرۈلۈپ ياتاي دېگەندە، بېشىدىن ئايىغىغىچە ئاپپاق كىيىنىۋالغان بىر سېيمانى كۆرۈپ، قورققىنىدىن «ۋاي ئانام» دەپ دەرھاللا ئاغزىنى تۇتتى. ئۇ: «تەڭرىنىڭ ئىرادىسى بىلەن ماڭا كەلگەن خىزىر بوۋاي بولسا كېرەك» دېگەن ئويغا كەلدى ـ دە، ئورنىدىن تۇرۇپ تەزىم بەجا كەلتۈردى:

ـــ ئەسسالام ھەزرەتلىرى، سىلى كىم بولىدىلا؟

ـــ مەن جېنىم! ... مەن ... مەن ۋەزىر كېرەمشاھ بولىمەن! مەن سىزنىڭ ئوت پىراقىڭىزدا كۆيۈپ يۈرگىنىمگە ئىككى يىلدىن ئاشتى. بۈگۈن ئاران پۇرسەت تاپتىم. جېنىم، مېنى قوبۇل قىلىڭ ...

كېرەمشاھ نەبىيۇللا ئېيتىلىپ كېلىپ ئايسۇلتاننى قۇچاقلىغانىدى، مەلىكە خانىش ئۇنى زەربىپ بىلەن ئىتتىرىۋەتتى. ۋەزىرنىڭ شۇم نىيىتىنى سەزگەن ئايسۇلتان:

ـــ بەس! سىلى مېنىڭ ئاتامدەك ئادەم، بۇ نېمدېگەن ئېپلاسلىق! ـــ دەپ ۋارقىرىدى.

ـــ ئۇنۇڭنى چىقارما! ياخشىلىقچە گېپىمگە كىر، ـــ ۋەزىر كېرەمشاھ غەزەپ بىلەن قىلىچىنى سۇغۇرۇپ ئالدى، ـــ بولمىسا بالاڭ بىلەن ھەر ئىككىڭلارنى چېپىپ تاشلايمەن.

ـــ بىلىپ قوي مۇناپىق، ئۆلسەم ئۆلىمەنكى، مەن ئېرىمگە خىيانەت قىلمايمەن! سەن ئۆزۈڭچە مېنى نېمە كۆرۈپ قالدىڭ؟

ـــ يوقال زىناخور ئەبلەخ، ـــ ئايسۇلتان كېرەمشاھنىڭ كاچىتىغا بىرنى ئۇرۇۋەتتى، ـــ ھەي قاراۋۇللار!

كېرەمشاھ ئايسۇلتاننىڭ تايىقىغا قارىغاندا ئۇنىڭ قاتتىق ۋارقىرىشىدىن ئەنسىزچىلىككە چۈشۈپ قالدى. ئەگەر ئەتراپتىكىلەر بولۇپمۇ خانىش موماي ئويغىنىپ كەتسە، ئىككى

يىل ئەجىر تارتىپ تەستە قولغا كەلگەن پۇرسەت ئۇنىڭغا ئەجەل ئېلىپ كېلەتتى. شۇڭا ئۇ بېشىغا كەلگەننى كۆرمەكچى بولدى.

— ئۇنداق قىلما جانان، بىر قېتىم گېپىمگە كىر، بولمىسا قىلىچىم ئادەم تونۇمايدۇ.

— ئۇنداق بولسا ئالدى بىلەن بالامنى ئۆلتۈر، ئاندىن كېيىن مېنى ...

ئايسۇلتان كۆڭلىدە: «ئۇ بالىغا قول تەگكۈزەلمەيدۇ. ئۇنىڭ شاھ ئاتىسىنىڭ يۈزىنى قىلىپ بولسىمۇ، يامان نىيىتىدىن ياندۇ» دەپ ئويلىغانىدى. ئەمما قارا يۈرەك ۋەزىر شەھۋانىي نەپسى بالاسىدا، ھېچ ئىككىلەنمەيلا بالىنىڭ كاللىسىنى چېپىپ تاشلىدى. چېدىرنىڭ ئىچى نارەسىدىنىڭ قېنى بىلەن بويالدى! ...

... پادىچى بالا سۆزلەپ مۇشۇ يەرگە كەلگەندە، ئۆزىچىلا ھېكايىسىنى توختىتىپ يەرگە قارىغىنىچە ئۈن - تىنسىز جىمىپ كەتتى. ئولتۇرغانلارنىڭ ھەممىسى دېگۈدەك داڭقېتىپ، نەپەسلىرى ھەتتا يۈرەكلىرى ئۇرۇشتىن توختىغاندەك پۈتۈن ساراي ئىچى سۈكۈت ئىچىدە قالدى. پەقەت بۇ تىمتاسلىقنى ئەكبەر ئەلىنىڭ بۇقۇلداپ يىغلىغىنى، «بالام»، «جىگىرىم»، «ئوغلۇم» دەپ نالە قىلغىنى بۇزۇپ تۇراتتى ...

— ماڭا بىر پىيالە سوغۇق سۇ بېرىڭلار، — دېدى پادىچى بېشىنى يېرىم كۆتۈرۈپ، — مېنى جۇدالىق، تەشنالىق چاڭقىتىۋەتتى ...

— مانا، ئالغىن پادىچى يىگىت، — شاھ ئەكبەر ئەلى ئورنىدىن تۇرۇپ پىيالىنى قوش قوللاپ سۇندى، — ساڭا سۇ ئەمەس، ئابىزەمزەم بەرسەممۇ ئەرزىيدۇ.

پادىچى بالا ئورنىدىن تۇرۇپ، شاھزادىنىڭ قولىدىكى پىيالىنى قوش قوللاپ ئالدى - دە، بىر بۇلۇڭدا تۇگۈلۈپ،

چىرايى مۇردىدەك بولۇپ كەتكەن كىردەنشا نامىچىغا نەپرەت بىلەن قارىدى. ئاندىن پىيالىدىكى سۈنى تىنماي ئىچىۋەتتى. ئۇ «ئۇھ! ...» دەپ چوڭقۇر بىر تىنىغاندىن كېيىن، پىيالىنى شاھزادىگە قايتۇرۇپ بېرىپ ئۇنىڭ قارىچۇقلىرىغا ئېيتقۇسىز مېھىر بىلەن قارىدى ھەم كۆزىدىن تۆكۈلۈۋاتقان ياشلىرىنى پېشى بىلەن سۈرتۈۋېتىپ ھېكايىسىنى داۋام قىلدى:

ۋەزىر ئايسۇلتاننىڭ پەريادىدىن چۆچۈپ قويۇندەك يۈگۈرۈپ ئۆز چېدىرىغا كىرىپ كەتتى. ئۇ ھېچ نەرسە كۆرمىگەن، بىلمىگەن بولۇپ يېتىۋالدى. ئايسۇلتان ئوغلىنىڭ قانغا بويىلىپ ياتقانلىقىنى كۆرۈپ، دەھشەتلىك چىرقىرىغىنىچە كىيىملىرىنى قولتۇقلاپ سىرتقا ئۆزىنى ئاتتى. بىراق چېدىر ئەتراپىدا تۇرغان قاراۋۇللارنىڭ بىرىمۇ كۆرۈنمەيتتى. ئەتراپ شۇنچە جىمجىت ئىدىكى، ئۇنىڭ سۈرىدىن تەنلەر شۈركىنەتتى.

ئايسۇلتان دەرھال خەلەپكە ئاتلىنىپ بۇ پاجىئەدىن شاھ ئەبۇلئەسەدنى خەۋەرلەندۈرمەكچى بولدى ـ دە، ئاتلار باغلانغان يۇلغۇنلۇق تۇۋىگە كەلدى. تۇيۇقسىزلا ئۇ، ئوغلى ئۆلتۈرۈلگەن چېدىرغا بىر قارا كۆلەڭگىنىڭ لىپلا قىلىپ كىرىپ كەتكەنلىكىنى كۆرۈپ قالدى. بۇ سىرلىق كۆلەڭگە ھايال بولمايلا چېدىردىن قايتىپ چىقتى ـ دە، ئىككى قولىنى ئېگىز كۆتۈرۈپ ئاۋازىنىڭ بارىچە ۋارقىرىدى:

ـــ خانىش ئايسۇلتان بالىسىنى ئۆلتۈرۈپ چۆلگە قاچتى! ... دەرھال كېلىڭلار! ... بالىسىنى ئۆلتۈرۈۋەتتى ... ئۆز كۆزۈم بىلەن ئوغلىنى بوغۇزلىغىنىنى كۆردۈم!! ...

كىيىملىرىنى قولتۇقلىۋالغان ئايسۇلتان دەرھاللا بۇككىدە توغراق تۈپى ئاستىغا ئۆمىلەپ كىرىۋالدى. ئۇ بۇگۈن كېچىدىكى قانلىق پاجىئەنىڭ تاسادىپىي ئەمەس، بەلكى پىلانلىق،

مەقسەتلىك ئۇيۇشتۇرۇلغانلىقىنى بىلىۋالدى. ئۇ چېدىر ـ چېدىرلاردىن چىقىپ تۇپلىنىۋاتقان ئادەملەرنى كۆرۈپ، بەزىلىرىنى ئاۋازىدىن، بەزىلىرىنى بەستى ـ قامىتىدىن تونۇدى. تىك كۆتۈرۈلگەن ئاي ئوغلى ياتقان چېدىر ئەتراپىدىكى ئادەملەرنى يورۇتۇپ تۇراتتى. بىر چاغدىلا ۋەزىرلىك قارا تونىنى كىيگەن كېرەمشاھ نەبىيۇللا كېرىلىپ، ئەسنەپ يېتىپ كەلدى. ئۇ چۇرقىرىشىپ يىغلىشىۋاتقان كېنىزەكلەرگە: «سەۋر قىلىڭلار ... سەۋر قىلىڭلار» دېگەچ چېدىر يېنىغا كېلىشى، ئۇنىڭ ئەتراپىغا باقاۋۇل، تۇتقاۋۇل، چابىس، ساۋچى، مىرشەپ، ئوتاچى قاتارلىق ۋەزىپىدار باشلىقلار يىغىلدى.

— باقاۋۇل، سىنىڭ ۋەزىپەڭ زادى نېمە؟ — ئۈنلۈك ۋارقىرىدى كېرەمشاھ، — ئەمدى شاھقا نېمە دەيمىز؟ يۈزىگە قانداق قارايمىز؟

— ۋەزىرى ئەزەم، خانىش ياتقان چېدىرغا كىرىشكە ھەددىمىمۇ، — دېدى باقاۋۇل، — پەقەت كىچىك بالىنىڭ چىرقىرىغان ئاۋازىنى ئاڭلاپلا، ئېتىلىپ كىرسەم خانىش ئايسۇلتاننىڭ يۈز ـ باشلىرى، كىيىم ـ كېچەكلىرى قان، قولىدا پىچاق ئوغلىنى بوغۇزلاۋېتىپتىكەن. كۆزى قانغا تولغان بۇ خوتۇننىڭ مېنىمۇ بوغۇزلىۋېتىشىدىن قورقۇپ قېچىپ چىقىپ ۋارقىرىدىم شۇ.

— ھەي، ھەي، چۆلدىن تېپىۋالغان خوتۇن نېمە بولماقچىدى. ئۇ ئادەم سىياقىغا كىرىۋالغان ئالۋاستى ياكى جىن ... بولمىسا ئۆزىنىڭ بالىسىنى ئۆلتۈرەمدۇ؟

بۇ چاغدا خانىش ئانا كېچىكى تۈننى زىلزىلىگە سېلىپ، يىقىلىپ ـ قوپۇپ، يىغلاپ يېتىپ كەلدى. ئىككى كېنىزەك ئۇنىڭ قولتۇقلىرىدىن يۆلىۋالغانىدى. ئۇ «ئوماق نەۋرەم»،

«ئاپپاق قوزام»، «خانىدانىمىزنىڭ چىرىغى بالام..» دېگىنىچە چېدىرغا كىرىپ كەتتى. ئۇنىڭ ئارقىسىدىن كېرەمشاھ، باقاۋۇل ۋە تۇتقاۋۇللار كىردى. كالللىسى ئۈزۈلگەن بالا قانغا چىلىشىپ قالغانىدى. ئۇنىڭ يېنىدا قىپقىزىل بويالغان پىچاق تۇراتتى. خانىش ئانا كىچىك جەسەتنى قۇچاقلاپ ھۆر - ھۆر يىغلايتتى. قوشاق قېتىپ نالە قىلاتتى.

— سەۋر قىلسىلا خانىش ئايىم، — دېدى كېرەمشاھ ئاۋازىغا مۇڭلۇق تۈس بېرىپ، — ئاللا سەۋر قىلغۇچىلار بىلەن بىرگىدۇر.

خانىش ئانا بىردىنلا جىمىپ قالدى. كېنىزەكلەر ئۇنى كىچىك جەسەت ئۈستىدىن كۆتۈرۈپ ئالغاندا، ئۇ ھوشىدىن كەتكەنىدى. باشقىلار ئۇنى كۆتۈرۈپ چېدىر ئالدىغا ئېلىپ چىقىشتى - دە، يۈزلىرىگە سوغۇق سۇ پۈركىدى. كۆزلىرىنى ئېچىپ ئۆزىنىڭ نېمە بولغانلىقىنى بىلەلمىگەن خانىش ئانا بىردىنلا ئۇن سېلىپ يىغلاپ، ئەسەبىيلىكى تۇتتى:

— نەۋرەمنى بوغۇزلىغان قوللىرىڭ ئۈزۈلۈپ كەتكۈر ئىلاھىم، ۋۇي ئالۋاستى خوتۇن، دوزاخ ئوتىدا كۆيۈپ كۈل بولۇپ كەتكۈرسەن؟ سەن جالاپ خوتۇننىڭ ئاشنىلىرىڭ، ئوينىشلىرىڭ بولمىسا، ئۆز بالاڭنى ئۆلتۈرەرمىدىڭ؟

— خانىش ئايىم، — دېدى تۇتقاۋۇل كېرەمشاھنىڭ ئىشارىتىدىن كېيىن، — ئۇ ئادەم بالىسى بولسا ھەرگىز ئۆز بالىسىنى ئۆلتۈرمەيتتى. ئۇنى ئادەم دېگەن تەقدىردىمۇ چۆلدە ئالۋاستى ياكى جىن چاپلاشقان گەپ. ئۇ ئاشۇ ئىنس - جىنلارنىڭ ۋەسۋەسىگە سېلىشىدىن كۆزىگە ھېچنېمە كۆرۈنمىگەن گەپ.

— ئاھ، خۇدا! يالغۇز ئوغلۇمغا نەدىن چاپلاشقان جىندۇ بۇ؟ خانىش ئانا يەنە ھوشىدىن كېتىپ يىقىلدى. كېرەمشاھنىڭ

ئەمرى بىلەن ئۇنى كۆتۈرۈپ چېدىرغا ئېلىپ كەتتى.

— ئوتاچى، — ۋارقىرىدى كېرەمشاھ، — سەن خانىش ئاننىنى ئەملەشكە مەسئۇل بول.

— قۇللۇق، ۋەزىر ھەزرەتلىرى.

چېدىر ئالدىغا توپلىشىۋالغانلار ئىچىدە قالايمىقان ۋارقىراش - جارقىراشلار كۆتۈرۈلدى:

— ئايسۇلتاننى ئۆلتۈرۈش كېرەك!

— ئۇنىڭ كالىلىسىنى نەيزىگە سانجىپ خالايىق ئالدىدا سازايى قىلايلى!

— گۇلخانغا تاشلاپ كۆيدۈرەيلى!

— دارغا ئاسايلى!

كېرەمشاھ ئۆزىنىڭ يېقىن ئادەملىرىدىن بىرقانچىسىنى ئادەملەر توپىدىن يىراقلاشتۇرۇپ ئاتلار باغلانغان يۇلغۇنلۇققا ئېلىپ كەلدى. يۇلغۇن تۈپى ئارىسىغا كىرىۋالغان ئايسۇلتان ئۇلارنىڭ پۇتلىرىنى بىرنەچچە قەدەم ئارىلىقتا كۆرۈپ تۇراتتى.

— باقاۋۇل، — دېدى كېرەمشاھ نەبىيۇللا، — سەن 50 لەشكەرنى ئېلىپ يەمەن دىيارىغا يۇرۇش قىل، ھەممىڭلار پۇقراچە ياسىنىپ زامانىدىن زۇھەلنىڭ ئوردا ئەتراپىنى قورشاڭلار. ئايسۇلتاننىڭ قارىسى كۆرۈنگەن ھامان كالىلىسىنى ئېلىپ دەرھال قايتىڭلار.

— باش ئۈستىگە ۋەزىرى ئەزەم!

— تۇتقاۋۇل، سەن 50 ئەسكەرنى ئېلىپ خەلەپكە ئاتلان. ئايسۇلتان ئوردىغا كىرىپ كەتسە، ئۇنىڭ ئورنىغا ئۆزۈڭنىڭ كالىلىسىنى بەرسەڭمۇ بولىدۇ.

— خوپ، ۋەزىرى ئەزەم، ئوردا ئىچىگە ئۇچار قانات، جان - جانىۋارلارنىمۇ كىرگۈزمەيمەن!

— تولا لاپ سۆزلىمە. ئايسۇلتاننى چىلىقتۇرغان ھامان گەپ سوراپ ئولتۇرماي كاللىسىنى ئال! مەن كاللىنى كۆرمىگۈچە ئىشەنمەيمەن ...

— پەرمانبەردارمەن جانابلىرى!

— چابىس!

— خوپ، — چۇپۇر يۈز، خام سېمىز، پۇتلىرى قىسقا چابىس تەق تۇردى.

— سەن 50 لەشكەرنى باشلاپ، چۆل - جەزىرە، قۇملۇق، دەشتلەرنى ئالا قويماي ئاختۇرۇپ، ئايسۇلتاننى نەدىن بولسا تاپ. ئاندىن قانداق قىلىشنى دەپ ئولتۇرمىساممۇ بولا؟

— كاللىسىنى ئاتقا سۆرىتىپ ئېلىپ كېلىمەن.

— يوق يېمە تەلۋە، بىرەر كارۋانغا ئۇچراپ قالساڭ، خۇنخورلۇقۇڭ جاھانغا تارىلىپ كەتمەمدۇ؟ ئۇ چاغدا زامانىدىن زۇھەل قوشۇن تارتىپ كېلىشتىن يانمايدۇ.

— خوش، دانالارنىڭ داناسى!

كېرەمشاھ نەبىيۇللا، ساۋچىغا بىر ئات بىر قامچا بولۇپ خەلەپ شاھلىقىغا خەۋەر يەتكۈزۈش پەرمانىنى چۈشۈرگەندىن كېيىن، مىرشەپنى مەشەدىكى كارۋانغا باش قىلىپ بېكىتتى. ئاندىن ئۇلار كەينىگە قايتىپ چېدىرلىرىغا كىرىپ كېتىشتى.

يۈلغۇن ئىچىدە تىزلىرىنى قۇچاقلاپ ئولتۇرغان ئايسۇلتان بىر قانچە كېنىزەكلەرنىڭ، ئوغلىنىڭ جەسىتىنى كېپەنلىككە ئوراپ چېدىردىن ئېلىپ چىققانلىقىنى كۆرۈپ بۇقۇلداپ يىغلىدى. ئۇ زىياھنىڭ نارەسىدە رۇخسارىغا ئاخىرقى بىر قېتىم قارىۋېلىشنى، دىدارىغا قېنىۋېلىشنى قانچە ئارزۇ قىلسىمۇ مۇمكىن ئەمەس ئىدى. ئۇنى ھەممىسى ئالۋاستى - جىنغا چىقىرىۋەتتى. قېيىنئانىسى چېغىدا قارغاپ، تىللاپ ھەتتا

«جالاپ» دەپ ھاقارەتلىدى. ھەممىدىن قورقۇنچلۇقى ئادەملەرنىڭ بىردەك «ئۆلتۈرەيلى»، «كاللىسىنى نەيزىگە سانجىپ سازايى قىلايلى»، «ئوتقا تاشلاپ كۆيدۈرەيلى»، «دارغا ئاسايلى» دەپ ۋارقىراشلىرىدىن كىرەمشاھنىڭ خىلىلا پۇختا تەييارلىق قىلغانلىقى چىقىپ تۇراتتى. قانداق قىلىش كېرەك؟ خەلەپكە قايتالمىسا، يەمەنگە بارالمىسا، ئايسۇلتان نەگە بېرىپ، نەدە جان ئېتىشى كېرەك. ھەممىلا يەرنى كىرەمشاھنىڭ كاللا كېسەر جاللاتلىرى قاپلاپ كەتكەن تۇرسا! كىرەمشاھنى بىخۇدلاشتۇرۇش ئۈچۈن بىر مەزگىل يوقاپ كېتىش كېرەك! ئاندىن يوشۇرۇن ھەرىكەت قىلىپ، ئەبۇلئەسەد ۋە ياشانغان شاھقا بولغان ۋەقەنى چۈشەندۈرگەندىلا، كىرەمشاھنىڭ ئەدىپىنى بەرگىلى بولىدۇ. ئۇنداقتا نەگە يوشۇرۇنۇپ، قەيەردە جان ئەتسۇن؟ يەنە جاڭگىلى مازاندىرانغا قايتىپ كەتسەنمۇ؟ يوپۇرماقلاردىكى شەبنەم سۈيىنى شوراپ، ياۋا مېۋە قاقلىرىنى يەپ ھاياتىنى ساقلاپ قالالارمۇ؟

ئايسۇلتان بىردىنلا «سەمەندەر» يايلىقىنى ئەسكە ئالدى. بۇ يايلاق يەمەن شەھىرىدىن ئىككى كۈنلۈك يىراقلىقتىكى پاكار تاغلار ئارىسىدا بولۇپ، دادىسى زامانىدىن زۇھەلنىڭ ئۆزىگە قاراشلىق ماللىرى بېقىلاتتى. ئايسۇلتان 13 ياشلىق چاغلىرىدا بۇ يايلاققا دوستلىرى بىلەن ئوينىغىلى چىققاندا، دادىسىنىڭ ماللىرىنى نامانقۇل، ئىگەمقۇل دېگەن ئاتا ـ بالىلار باقاتتى. بۇ يەر ھېچكىمنىڭ يادىغا كەلمەيتتى. ھەتتا شاھنىڭ ئۆزىمۇ نەچچە يىللاپ ئۇنتۇپ قالاتتى.

كۈنچىقىش تەرەپ ئاقىرىپ، تاڭ ئېتىشتىن دېرەك بېرىپ تۇراتتى. مۇشۇنداق ھەممە قاتتىق ئۇيقۇدىكى چاغدا، تۈيدۈرماي كېتىۋېلىشنى كۆڭلىگە پۈككەن ئايسۇلتان يۇلغۇن ئارىسىدىن ئۆمىلەپ چىقتى. ئۇ ئەتراپقا راسا بىر قارىۋەتكەندىن كېيىن

ئوغلىنى مىندۈرۈپ قويغان كۆل رەڭ ئارغىماقنى يېتىلەپ، ئۇنى «شەپە چىقارما» دېگەندەك پېشانىلىرىنى سىلاپ، قۇم بارخانلىرى ئىچىگە ئېلىپ كىرگەندىن كېيىنلا ئارغىماققا مىنىپ، قۇم دەشتكە كىرىپ كەتتى.

تاڭ قاراڭغۇلۇقىدىن كەچكىچە يول ماڭغان ئايسۇلتان گۈگۈم چۈشكەندە، بۈككىدە سۆگەتلىك ئۆتەڭگە كەلدى. بەكمۇ شالاڭ ئورۇنلاشقان ئۆيلەردىن قارىغاندا بۇ يەردە بەش ـ ئالتە ئائىلىلىك ئادەم بارلىقى بىلىنىپ تۇراتتى. لېكىن ئايسۇلتان ئادەملەرگە كۆرۈنمەسلىك ئۈچۈن، ئۆتەڭگە كىرمەي ئايلىنىپ ئۆتۈپ كەتتى. ئۇ بىرەر ئاش پىشىم ماڭغاندىن كېيىن سۇزۇك بىر كىچىك ئېقىن ئېقىۋاتقان قومۇشلۇققا كەلدى. بىرەر كارۋان، سودىگەر ياكى يولۇچىنىڭ كۆزىگە چېلىقىپ قېلىشتىن ئېھتىيات قىلغان ئايسۇلتان ئېتىنى يېتىلەپ، قومۇشلۇق ئىچىگە كىرىپ كەتتى. ئۇ قومۇشلارنى يىقىتىپ، يۇمشاق ئورۇن ھازىرلىغاندىن كېيىن ئاتنىڭ ئېگىرىگە غانجۇغىلاپ قويغان خۇرجۇننى ئالدى. بۇ خۇرجۇن ئوغلى زىياھنىڭ بولۇپ، ھەر كۈنكى قونالغۇدا «تابۇغچى» [1] يېمەكلىكلەرنى تولۇقلاپ بېرەتتى. ئايسۇلتان خۇرجۇندىن بوغۇرساق، قۇرۇتقان توقاچ، كىچىك تۇلۇمدا سۇ ھەم خورما قاقلىرى قاتارلىق ھەرخىل تاتلىق ـ تۈرۈملەرنى ئېلىپ قورسىقىنى تويغۇزدى.

ئايسۇلتان كىشىلەردىن ئۆزىنى قاچۇرۇپ توققۇز كۈن بولغاندا «سەمەندەر» يايلىقىغا يېتىپ كەلدى. ئۇ توغراق، مۇشا (تاغ سۆگىتى)، شەمشاد دەرەخلىرىنى بەلگە قىلىپ، نامانقۇل، ئىگەمقۇللارنىڭ تۇرالغۇسىنى تاپتى. بۇرۇنقىدەكلا پاخال ساتما، كونا كەپە يانباغىر غولىدا قىڭغىيىپ تۇراتتى. ئۇنىڭ ئالدىدىكى

---

[1] تابۇغچى ــ «خىزمەتچى» مەنىسىنى بىلدۈرىدۇ.

قارا تاشتا ئولتۇرغان بىر يىگىت تاش پىرقىرىتىپ يۈك يىپ ئىگىرىۋاتاتتى. ئايسۇلتان ئۇنىڭغا بىرلا قاراپ تونۇدى. ئەينى يىللاردا 18 ~ 19 ياشتىكى ئىگەمقۇل ھازىر 25 ~ 27 ياشلاردىكى بەردەم، قاۋۇل يىگىت بولۇپ، ئىنچىكە بۇرۇتمۇ قويۇۋالغانىدى.

— ئەسسالامۇ ئەلەيكۇم ئىگەمقۇل ئاكا، ئوبدان تۇردىڭىزمۇ؟

— ۋوي ... بۇ ... بۇ ... ئۆزلىرى؟ ...

ئاجايىپ سۈباتلىق، گۈزەللىكتە تەڭداشسىز، جەننەت ھۆرلىرىدەك چوكاننى تونۇيالمىغان ئىگەمقۇل ھودۇققىنىدىن ئوشۇق گەپ قىلالمىدى. بۇ چوكاننىڭ ئۈستىدىكى كىيىم - كېچەكلىرى، ھەتتا ئېتىنىڭ جابدۇقلىرىمۇ شاھانە بېزەلگەنىدى.

— مېنى تونۇيالمىدىڭىزما؟ — ئايسۇلتان كونا تونۇشلاردەك گەپ قىلىۋاتاتتى، — بۇنىڭدىن يەتتە، سەككىز يىللار ئىلگىرى تاغ سۈيىدىن ھاپاش قىلىپ ئۆتكۈزۈۋېتىپ يىقىتىۋەتكەن قىز ئېسىڭىزگە كەلدىمۇ؟

— ئوھوي! — ئىگەمقۇل پېشانىسىگە ئۇردى، — ۋاي مەن ئۆلەي، مەن ئۆلەي، مەلىكىزادىنى تونۇماي قاپتىمەن ئەمەسمۇ، سىزنىڭ ئېتىڭىز نېمىتى خۇدايىم؟

— ئايسۇلتان.

— ئايسۇلتان؟ — يىگىت تېڭىرقاپ قالدى، — يا ... ياق باشقىچىرەك بىر ئىسمىتى.

— ئېسىڭىزدىن چىقىپ قاپتۇ. ئايسۇلتان ئىدى. ھە، دادىڭىز ناماتقۇل كۆرۈنمەيدىغۇ؟

— دادام ئۈچ يىلنىڭ ئالدىدا قازا قىلىپ كەتكەن ...

— ۋاي خۇدا، ئەجەب دىلكەش، ئوبدان ئادەمتى، — ئايسۇلتان دۇئاغا قول كۆتۈردى، — ياتقان يېرى جەننەتتە

بولسۇن.

— رەھمەت مەلىكەم، بۇرۇنقىدەكلا ئاق كۆڭۈل ئىكەنسىز.

ئىگەمقۇل ھايىنى ھوي دەپ بولغۇچە پاقلاندىن بىرنى سويۇپ قازانغا سالدى. گۆش پىشىپ بولغۇچە ئۇلار بىر-دەم - يېرىم-دەم مۇڭداشتى:

ئىگەمقۇل ئەسلىدە ئىدىقۇتلۇق بالا بولۇپ، ئۇ 10 ياشقا تولغان يىلى سول قول ۋەزىر قۇلنەزەر قۇتبىنىڭ لەشكەرلىرى بېسىپ كېلىپ شەھەرنى بىر ھەپتە بۇلاڭ - تالاڭ قىلدى، ئاندىن نەچچە يۈزلىگەن ئەر - ئايال، بالىلارنى بىر - بىرىگە چېتىپ قۇل قىلىپ، نەچچە ئايلىق يوللاردىن پىيادە ئېلىپ كەلدى. شۇ چاغلاردا ئاتا - بالا ئىككىسىنىڭ ئىسىملىرىنىڭ ئارقىسىغا «قۇل» قېتىلىپ «نامانقۇل»، «ئىگەمبەردى قۇل» دەپ ئاتىلىپ قالدى.

— يۇرتىڭىزنى سېغىنمىدىڭىزمۇ؟ — سورىدى ئايسۇلتان، — باشقا قېرىنداشلىرىڭىز باردۇ؟

— سېغىنمامدىغان مەلىكەم، — ئىگەمقۇل تاغ باغرىدا ئوتلاۋاتقان ماللارغا قارىغىنىچە ئاستا سۆزلەشكە باشلىدى، — دادام بىلەن ئىككىمىزنى باغلاپ ئېلىپ ماڭغاندا ئىككى سىڭلىم 7 ~ 8 سەككىز ياشلاردا بولۇپ، ئەڭ كىچىك ئىنىم قۇچاقتا ئىدى. دادام بالىلارنى، ئائىلىسىنى، يۇرتىنى سېغىنىپ، 50 ياشقا كىرمەي تۈرۈپ پىغان بىلەن كەتتى. كارۋانلاردىن، سودىگەرلەردىن ئاڭلىسام ئانام ھايات ئىكەن، ئۇ مېنىڭ تىرىك قايتىپ كېلىشىمنى بىر ئاللادىن تىلەيدىكەن.

— خۇدايىم كۆرۈشۈشنى نېسىپ قىلسۇن، — ئايسۇلتاننىڭ يولدا كەلگۇچە ئويلىغانلىرى ئۇقتاسىغا كەلگەندەك قىلاتتى، — ئىگەمقۇل ئاكا، بۇ قېتىم سىزنى قۇللۇقتىن ئازاد قىلغىلى

كەلدىم. قانداق قارايسىز؟

— ۋاھ، سىز مېنى نېمىدەپ ئازاد قىلىسىز؟ — پادىچى ئىگەمقۇل ھاڭ - تاڭ بولۇپ قالدى، — بۇ ... بۇ ... پادىشاھنىڭ پەرمانى ئەمەستۇ؟

— ياق، بۇ مېنىڭ ئىرادەم، قولىڭىزغا پۇل، ئۈستىڭىزگە كىيىم، مىنىش ئۈچۈن ئات بېرىمەن - دە، يولغا سالىمەن. ئۆزۈم سىزنىڭ ئورنىڭىزدا قۇل بولۇپ پادىچى بولىمەن.

پادىچى ئىگەمقۇل ئەقىللىق يىگىت ئىدى. ئۇ مەلىكىنىڭ بېشىغا ئېغىر كۈنلەر كەلگەنلىكىنى ئۇنىڭ سۆزلىرىدىن بىلىۋالدى. پەقەت بايلىق، ھوزۇر - ھالاۋەت، مەنسەپ - ئىمتىيازلاردىن سەسكەنگەن ئادەم ياكى ئاتا - ئانىسىدىن، ياخشى كۆرگەن كىشىسىدىن كۆڭلى قالغان ئادەملا مۇشۇنداق تەركىدۇنيالىقنى، تەنھالىق ھاياتنى خالاپ قالىدۇ. لېكىن ئىگەمقۇل «بېشىڭىزغا قانداق ئېغىر كۈنلەر كەلدى» دەپ سوراشنى خالىمىدى. سوراشنىڭ ئۆزىمۇ ئەپسىز ئىدى. شاھ مەلىكىسى بىر قۇلنىڭ دەردىگە يېتەلمىگىنىدەك، قۇلمۇ ئۇنىڭ دەردلىرىگە دەرمان بولالمايتتى. پەقەت ئىگەمقۇل:

— ئىشلىرىڭىزنىڭ خەيرلىك بولۇشىنى ياراتقان ئىگىسىدىن تىلەيمەن، — دېيەلىدى.

ئۇلار شورپا ئىچىپ، گۆشنى تويغۇدەك يېگەندىن كېيىن خۇرجۇنغا ئوزۇق، تۇلۇمغا سۇ قاچىلاپ، ئاتقا غانجۇغىلاپ ئارتتى. يېڭى كىيىملىرىنى يەڭگۈشلىۋالغان ئىگەمقۇل كۆل رەڭ ئارغىماققا مىندى.

— تەڭرى سىزنى ئانىڭىز، سىڭىللىرىڭىز، ئىنىڭىز بىلەن جەم قىلغاي. خەير - خوش، سەپىرىڭىزگە ئاق يول تىلەيمەن ...

ئىگەمقۇلنىڭ كۆزلىرىگە لۆممىدە ياش كەلدى.

— سىزنىمۇ خۇدايىم ئۆز پاناھىدا ساقلىسۇن!

ئىگەمقول يان باغىردىكى چىغىر يول بويىلاپ، پەسلىكتىكى ئېدىر قاپتاللارغا كىرىپ غايىب بولدى ...

*　　　　*　　　　*

ئەلقىسسە، ئەمدى گەپنى خەلەپ پادىشاھىدىن ئاڭلايلى:

خەلەپ پادىشاھى كېلىنىنىڭ نېمە ۋەجىدىن بالىسىنى ئۆلتۈرۈپ، قېچىپ كەتكەنلىكىنى ھېچ بىلەلمەي، ئويلىمىغان ئويلىرى قالمىدى. ئۇ راستتىنلا ئادەم سىياقىغا كىرىۋالغان ئالۋاستى ــ جىنمۇ؟ ياكى ئالۋاستى ــ جىن چېپىلغان ئادەممۇ؟ بۇ ھەر ئىككى ئېھتىماللىق ئۇنىڭ بالىسىنى ئۆلتۈرۈشكە سەۋەب بولالايدۇ. رىۋايەتلەردە، ئالەمشۇمۇل قەدىمكى داستانلاردا، ئاشىق ــ مەشۇق دىۋانلىرىدا ئالۋاستى، جىن، دۆي، يالماۋۇز، دىۋىلەرنىڭ ئادەم سىياقىغا كىرىپ، بەرنا قىز، قىران يىگىتلەرنى ئېلىپ قېچىپ، ئۇلار بىلەن جۈپتى ھەمراھ بولۇپ ئۆتكەنلىكى، تۇغۇلغان بالىلىرىنى ئۆلتۈرۈپ قېنىنى ئىچكەنلىكى ياكى يەۋەتكەنلىكى قەيت قىلىنغان. ئەمما ئايسۇلتان يەمەن پادشاھى زامانىدىن زۇھەلىنىڭ ئارزۇلۇق قىزى تۇرسا، ئۇ قانداقمۇ ئالۋاستى ــ جىن بولسۇن! توغرا، جاڭگىلى مازاندىران بىكارغا «بارسا كەلمەس» دەپ ئاتالمىغان! ئايسۇلتان ئاشۇ ئادەمسىز تىلسىم جاڭگالدا يالغۇز يۈرگەنلىرىدە جىن ــ شاياتۇن، ئالۋاستىلار ئۇنىڭغا چېپىلماي قالارما؟!

ئەمما شاھزادە ئەبۇلئەسەد بۇنداق تۇتۇرۇقسىز گەپلەرگە ھەرگىز ئىشەنمەيتتى. ئۇ ئايسۇلتانىنىڭ يوقاپ كېتىشى، ئوغلىنىڭ قەتل قىلىنىشىدا چوقۇم بىر سىر بار دەيتتى ــ يۇ،

بۇ سىرنى ئېچىشقا ناقابىل ئىدى. چۈنكى ئۇ باقاۋۇل، تۇتقاۋۇل، چابىس، ساۋچى، مىرشەپ، ئوتاچىلارنىڭ ھەممىسىنى بىردىن ـ بىردىن ئېلىپ كىرىپ ئەھۋالنى سۈرۈشتۈردى. لېكىن ئۇلارنىڭ گەپ ـ سۆزلىرى بىر قېلىپتا قۇيۇلغاندەك ئوخشاش چىقتى. ئەبۇلئەسەد كۈندىن ـ كۈنگە زەئىپلىشىپ، ئەسەبىيلىك گىردابىغا يەتتى. ئوغلىنىڭ نالە ـ پەريادىغا بەرداشلىق بېرەلمىگەن شاھ ئاتا پەرمان چۈشۈرۈپ، نەچچە مىڭلىغان لەشكەر ئايسۇلتاننى ئىزدەشكە ئاتلاندى. ئۇلار دەسلەپتە ئات ئالماشتۇرۇپ، ئادەم ئالماشتۇرماي كېچە ـ كۈندۈزلەپ يول بېسىپ يەمەن شەھىرىگە يېتىپ كەلدى. ئايسۇلتان ئاتىسى تەرىپىدىن چۆلگە تاشلانغانلىقى ئۇچۇن ئوچۇق ـ ئاشكارا سۈرۈشتۈرۈشكە بولمايتتى. شۇڭا ئايغاقچىلار ئارقىلىق ئايسۇلتاننىڭ ئوردىغا، ھەتتا يەمەنگىمۇ كەلمىگەنلىكى ئېنىق بولدى.

بۇ كۈنلەردە ئەبۇلئەسەد ئايسۇلتاننىڭ پىراقىدا كۆيۈپ، مەيدىسىنى سوغۇق يەرگە چاپلاپ، چىرايى كۈندىن ـ كۈنگە سامانىدەك سارغىيىپ، پەيدەك تورۇشقا باشلىدى. ئوغلىنىڭ ھالىدىن ئەنسىرەپ قالغان شاھ يەنە لەشكەر چىقىرىپ بارمىغان جاڭگال، ئاختۇرمىغان سەھرا ـ قۇملۇق، كىرمىگەن غار ـ ئۆڭكۈر، چىقمىغان تاغ ـ داۋانلار قالمىدى. لېكىن ھېچ يەردىن كېلىنىنىڭ دېرىكىنى ئالالمىدى. ھەتتا خەلەپ پادىشاھى يەتتە ئىقلىمغا ئادەم ئەۋەتىپ «كىمكى ئايسۇلتاننىڭ خەۋىرىنى بېرەلىسە، خەلەپ خەزىنىسىدىن نەچچە مىڭ سەر ئالتۇن، نەچچە مىڭ سەر كۈمۈش ئىنئام قىلىدىغانلىقى»نى جاكارلىدى.

بىر يىل ۋاقىت ئايسۇلتاننى ئىزدەش بىلەن ئۆتۈپ كەتتى. ئەبۇلئەسەد شاھلىقتىن ۋاز كېچىپ ئوردىغا ئانچە كىرىپ قالمايتتى. ئۇ بەزمىلەرنى تۈزۈپ، ئىشرەت نەغمىلىرىنى

چالغۇزۇپ، مەي - شاراب ئىچىپ كۈندىن - كۈنگە چۈشكۈنلەشمەكتە ئىدى ...

ئەمدى بىز سەمەندەر يايلىقىغا بېرىپ پادىچى ئايسۇلتاننى كۆرۈپ كېلەيلى. ئۇ بىر يىلدىن بۇيان نېمىلەر بولۇپ كەتتى. ئۇ شۇنچە كۆپ قوي، كالا، ئات - تۆگىلەرنىڭ ھۆددىسىدىن چىقالىدىمۇ ياكى پادىچى بولغىنىغا پۇشايمان قىلىپ، يىغلاپ - قاقشاپ يۈرەمدۇ؟

تاغ باغرىدىكى ئىگەمقۇلدىن قالغان ھېلىقى ۋەيرانە كەپە باشقىدىن ياسىلىپ، يامغۇر، بورانلارغا بەرداشلىق بېرەلىگۈدەك مەزمۇت ياغاچ ئۆي بولۇپ قالغانىدى. ماللار كۆپىنچە ئىككى ئېدىر، بىر قاپتالدا ئوتلاپ كېچىلىرى شۇ يەردە ئارام ئالغاچقا، ئايسۇلتان يايلاقنىڭ ئۇ تەرىپىدىكى تاغ باغرىغا يەنە بىر كەپە ياسىغانىدى، كەپە يىراقتىن كۆزگە ئانچە چېلىقمايتتى. ئايسۇلتان پىتىراپ كەتكەن ماللارنى ئېدىر - قاپتاللارغا يىغىپ كەلگۈچە كەچ بولۇپ كەتسە، ئاشۇ يېڭى كەپىدە تۈنەپ قالاتتى. ئۇنىڭ ئىشەنچلىك باقاۋۇلى «بارس» دەيدىغان ئالا ئىت ئىدى. ئايسۇلتان يايلاققا يېڭى كەلگەندە بىر پاقلانغا تېگىشىۋالغان بۇ كۈچۈك ھازىر بۆرىلەرگىمۇ ئېتىلالايدىغان قاۋۇل ئىتقا ئايلانغانىدى. ئۇ ئايسۇلتان ياتقان كەپىنىڭ ئەتراپىنى كېچىچە كۆزىتىپ چىقاتتى. ئۇ شۇنچىلىك ھوشيار ئىدىكى، تۆشۈكتىكى چاشقاننىڭ كىتىرلاۋاتقىنىنى سېزەلەيتتى. ئايسۇلتان ئوتلاۋاتقان ماللارنى يىغقىلى ئاتقا مىنگەن ھامان بارس ئوقتەك يۈگۈرۈپ، چېچىلىپ كەتكەن قوي - ئۆچكىلەرنى بىر يەرگە توپلايتتى. ئۇنىڭ ئاۋازىدىن بۆرىلەرمۇ قورقۇپ، يېقىن كېلەلمەيتتى.

مانا ياغاچ ئۆينىڭ ئىشىكى ئېچىلىپ قىسقا يەكتىكى ئۈستىدىن پوتا باغلىغان، بېلىغا شەمشەر ئاسقان، پۇتىدا پۈرمە

چورۇق، جۇغى چاققانغىنە، بۇرۇتلۇق بىر ئادەم چىقىپ كەلدى. ۋۇي بۇ ... بۇ ئەر كىشىغۇ، ئايسۇلتان بىر چاغلاردا بىر كەمبەغەل يىگىتكە تەگسەم دەپ يۈرەتتى. ئۇ راستىنلا پادىچىغا تېگىۋالغان ئوخشىمامدۇ؟ توۋا، دۇنيادا ئەر تېپىلمىغاندەك تازغا تېگىۋالغىنى نېمىسى! يەنە كېلىپ گەدەنلىرىگىچە كېپەك ئۆرلەپ تۇرغان كەيمە تازغۇ ... تېخى تاز بېشىغا كۆپكۆك شاپاق دوپپا كىيىۋالغىنىنى كۆرمەمدىغان!

كەيىدىن چىققان بۇ پادىچى تاز ئات باغلايدىغان موما ياغاچنىڭ قېشىغا كېلىپ، تۇخۇمدەك ئاق ھەم چىرايلىق ئېتىنىڭ چۇلۇۋۇرىنى يەشتى. ئۇ ئۆزىگە سۇۋۇنۇپ تۇرغان ئېتىنىڭ بېشىنى سىلاپ تۇرۇپ:

— بارس تەييارلان، كەچ بولۇپ قالدى، ماللارنى ئېدىرغا يىغىمىز، — دېدى - دە، ئېتىغا لىككىدە مىندى. توۋا دەپ ياقىنى تۇتماقتىن باشقا نېمە چارە؟ بۇ تازنىڭ ئاپپاق يۈزىگە قاپقارا بۇرۇتى شۇنداق يارىشىپ كەتكەنىدىكى، خۇددى ئاق خىسە ئۈستىگە تۆكۈلگەن قارا سىياھتەك يالتىرايتتى.

پادىچى ئېتىنىڭ تېقىمىغا بىر قامچا سېلىشى، بارس بىلەن بىرگە كۆزنى يۇمۇپ - ئاچقۇچە غايىب بولدى. پەقەت ئۇلارنىڭ ئاياغ ئاستىدىن كۆتۈرۈلگەن چاڭ - توزانلار تېخى تارقىلىشقا ئۈلگۈرمىگەنىدى. دەرۋەقە، بۇ پادىچى تاز ئات مىنىشكە بەكمۇ ئۇستىدەك قىلاتتى. يانباغىر، ئېگىز داۋان، ئېدىرلاردا تاراسلاپ كېتىۋاتقان ئاتنىڭ ھېلى ئوڭ، ھېلى سول تەرىپىگە چۈشۈۋالاتتى. ھەتتا قۇيۇندەك چېپىۋاتقان ئاتتىن سەكرەپ يەرگە چۈشۈپ، يەنە شۇ ھامان يايلىدىن تۇتقانچە ئېگەر ئۈستىگە قوناتتى. ئېھتىمال، پادىچىنىڭ ئەنە شۇنداق چەۋەندازلىق ماھارىتى ئايسۇلتاننى مەھلىيا قىلىۋالغاچقا، ئۇنىڭ بېشىنىڭ

تازلىقى كۆزنگە كۆرۈنمىگەندەك قىلاتتى. ئۇنىمۇ دەيمىز، بۇنىمۇ دەيمىز، بۇنداق چەكسىز يايلاق، ئادەمسىز تاغ ـ تۈزلەردا تاز بولامدۇ، بەز بولامدۇ، بىرەر سىرى ـ ئەسرا بولغۇدەك ھەمراھ بولمىسىمۇ، تۇرمۇش تېتىقسىز، لاۋزا، زېرىكەرلىك بولۇپ قالامدۇ! نېمىلا بولسا ئايسۇلتان «كەمبەغەل يىگىتكە تەگسەم» دەيدىغان ئارزۇ ـ ئارمانىغا يېتىپتۇ. مۇشۇنىڭ ئۆزى غەنىيمەت ئەمەسمۇ! بەزى چاغلاردا يالغۇزلۇقتا ئادەمنى شۇنچىلىك غېرىبلىق باسىدۇكى، بىرەر تاشقا ياكى ياغاچقا گەپ قىلغۇڭ، قانغۇچە يىغلاپ دەردلىرىڭنى تۆككۈڭ كېلىدۇ، ئۇنىڭغا قارىغاندا مەھراھ دېگەن باشقا گەپتە! ...

ئەمدى ئۆز گېپىمىزگە كېلەيلى، كەچلىك مال يىغىشقا ئاتلانغان پادىچى بىلەن بارس ئوتلاپ بەكمۇ يىراقلاپ كەتكەن ماللارنى قوغلاپ بىر يەرگە توپلىماقتا ئىدى. بارس تەرەپ ـ تەرەپكە يۈگۈرۈپ قاۋاپ، قوي ـ كاللارنى قونالغۇ ئېدىر تەرەپتىكى غارالىق قوتانغا ھەيدەيتتى. ئۇلارمۇ تەييار ئوت چېچىلغان قوتاننى سېغىنغاندەك گۇلدۇرلەپ يۈگۈرەتتى.

ماللار ئۆز توپى، خىلى بويىچە قوتانلارغا سولاندى. لېكىن بارس ئېگىز دۆڭگە چىقىۋېلىپ كىمگىدۇر قاۋايتتى. پەنجىلىرىدە يەر تىلغاپ توپا چاچاتتى. پادىچى ئۇنى قانچە ۋارقىراپمۇ پەسكە چۈشۈرەلمىدى. ئۇ يەردە چوقۇم بىر ئىشنىڭ يۈز بەرگەنلىكىنى بىلگەن پادىچى ئىتنى چاپتۇرۇپ بارغاندى. كۆپكۆك قورام تاش تۈۋىدە بىر ئادەم تۈگۈلۈپ ياتاتتى. ئۇنىڭ ئاغزىدىن ئاپپاق كۆپۈك قايناپ، كۆزلىرى ئالىيىپ، ھەر تەرەپكە ئۆزىنى تاشلايتتى. پۇتلىرى تارتىشىپ، قوللىرى كىرىشىپ كەتكەن بۇ ئادەم تۇتقاقلىق ئازابىدا ئىشتىنىغا سىيىۋەتكەندى. پادىچى ئاتتىن چۈشۈپ، ئۇنىڭ بۇرۇن ئاستىغا تىرنىقىنى

پاتۇرۇپ ئۆزۈنغىچە قويۇپ بەرمىدى. يەمەن پادىشاھى زامانىدىن زۇھەل ئوردىغا يىغىۋالغان ھۈرۈن، ساراڭلارنى تۆمۈر ئۆيگە سولاپ تۆت تەرەپتىن ئوت قويغاندا، قىچىپ چىققانلار ئىچىدە مۇشۇ تازمۇ بار ئىكەن. ئۇ شۇ چاغلاردا تۇتقاقلىقى تۇتقانلارنى مۇشۇنداق ئۇسۇلدا ئەسلىگە كەلتۈرگەنلىكىنى ئۆز كۆزى بىلەن كۆرگەنىدى.

تۇتقاقلىقى تۇتقان ئادەم بىر ھازادىن كېيىن پۇت - قوللىرىنى تاشلاپ، ئۆزىنى لاسسىدە قويۇپ بەردى. ئەمما خېلى ۋاقىتقىچە تارتىشىپ - كىرىشىپ، ئۆزىنى ھەر تەرەپكە ئۇرۇپ، بەك ئازابلانغانلىقى ئۈچۈن، تېنىدە مىسقالچە مادار قالمىغانىدى. پادىچى ئۇنى يۆلەپ، تەستە ئاتقا مىندۈردى ـ دە، كەينىگە ئېلىپ كەتتى.

شورپا ئىچىپ، گۆش يەپ خېلىلا ئەسلىگە كەلگەن بۇ ئادەم قىرىق ياشلاردىن ئاشقان بولۇپ، بويۇن، ئېگەك، يۈزلىرىگىچە قاپقارا ساقال بېسىپ كەتكەنىدى. لېكىن ئۇنىڭ نەچچە كۈنلەرگىچە تاماق يېمەي ئاجىزلاپ كەتكەنلىكى ئورۇقلاپ كەتكەن ساپسېرىق چىرايىدىن بىلىنىپ تۇراتتى. پادىچى ئۇنى بىرقانچە كۈنلەرگىچە ياخشى بېقىپ، تولۇق ئەسلىگە كەلگەن كۈنلەرنىڭ بىر كېچىسى ئۇنىڭ بىلەن مۇڭدىشىپ قالدى.

كېسەل ئادەمنىڭ ئىسمى بەگزاد ئىدى. ئۇ زامانىدىن زۇھەلنىڭ ئوردا لەشكەرلىرى ئىچىدە يۈز بېشى بولۇپ، سول قول ۋەزىر قۇلنەزەر قۇتبىنىڭ ئەڭ سادىق چاپارمەنلىرىدىن ھېسابلىناتتى. ئۇ شاراب ئىچىپ، يېقىن بۇرادەرلىرى ئىچىدە بىرنەچچە ئېغىز گەپنى ئوشۇق قىلىۋەتكەنلىكى ئۈچۈن، قۇلنەزەر قۇتبى ئۇنى كۆزدىن يوق قىلىش ئۈچۈن ئارىغا ئادەم سالغانىدى. بەگزادنىڭ يېقىن بۇرادىرى مىرزا ھېكىم بىر

كېچىسى ئۆلتۈرۈلۈپ، نۆۋەت بەگزادقا كەلگەندە، بىر لەشكەر بالا ئۇنىڭغا يوشۇرۇن خەۋەر بېرىپتۇ. بەگزاد شۇ قاچقانچە نۇرغۇن شەھەر ـ ئايماقلاردا سەرسان بولۇپ يۈردى. لېكىن ئۇنىڭ ئارقىسىغا چۈشۈۋالغان سايىلەر زادىلا ئاراملىق بەرمىدى. ئاخىر ئۇ سايىلەرنى ئېزىقتۇرۇۋېتىپ چۆللەرگە قېچىپ، ئاشلىق، ئۇسسۇزلۇق ئازابىدا نەچچە قېتىم تۇتقاقلىقى تۇتۇپ، جېنىدىن ئايرىلغىلى تاسلا قالدى. بۇ قېتىم مۇشۇ تاغ ـ تۇرالاردا بىر ھەپتە ئايلىنىپ يۈرۈپ تۇتقاقلىقى يەنە تۇتقانىدى. ئەگەر پادىچى قۇتقۇزۇپ قالمىغان بولسا ئۇ ئاللىقاچان جېنىدىن ئايرىلغان بولاتتى.

ــ گېپىڭدىن قارىغاندا، قۇلنەزەر قۇتبى ساڭا شىرەم تۇغقان كېلىدىكەن، ــ دېدى پادىچى سەل ئويلىنىپ قېلىپ، ــ سەن مەسلىكتە ئۇنى تىللاپ قويغانسەن ياكى غەيۋىتىنى قىلىپ سالغانسەن، شۇنچىلىك ئىشقىمۇ جان قېيىش كېتەمدۇ؟

ــ ھەي ... پادىچى، ئىش سەن ئويلىغاندەك ئەمەس، ــ دېدى بەگزاد ئېغىر ئۇھ تارتىپ، ۋەزىر قۇلنەزەر قۇتبىنىڭ جېنىغا تاقىشىدىغان چوڭ ئىش بولغاچقا، ھازىرغىچە پەيلىدىن يانمايۋاتىدۇ.

ــ دېمەمسەن، نېمانچىلا سىرلىقلاشتۇرۇپ ئادەم قورقۇتىسەن، ــ پادىچى ئۇنىڭغا مەدەت بەردى، ــ ئۆمرۈم مۇشۇ تاغ ـ تۇرادا مال بېقىپ ئۆتكەن پادىچىمەن! ياكى مېنى ئايغاقچى چاغلاپ قالدىڭمۇ؟ ئۇنداق خىيالدا بولساڭ ھازىرلا كەت، ئىشەنچسىز دوستتىن ئىشەنچلىك شەيتان ئەلا دېگەن گەپ بار.

بەگزادنىڭ بۇ چەكسىز يايلاق، تاغ ـ ئېدىرلاردىن ھەرگىز كەتكۈسى يوق ئىدى. چىراغ تۈۋى قاراڭغۇ دېگەندەك قۇلنەزەر قۇتبى بەگزادنىڭ بۇ يەرلەرگە يوشۇرۇنۇشىنى ئويلاپمۇ

يېتەلمەيتتى.

— ئۇكام، سەنغۇ قۇرئانىنىڭ سۈرىسىدەك پاك، دىلىڭ ئاق، كۆڭلۈڭ ياخشى بالىكەنسەن. ھەرگىز بىر كىمگە يامانلىق قىلىدىغاندەك تۇرمايسەن، بوپتۇ دەپ بېرەي.

بەگزاد پادىشاھ زامانىدىن زۇھەلنىڭ كىچىك قىزىنىڭ تويى بولۇپ، خەلەپكە كۆچۈرۈلگەننىڭ ئون بىرىنچى كېچىسى بولغان قانلىق ۋەقەنى سۆزلەپ بەردى ھەم شۇ كېچىسى غايىب بولغان ئايسۇلتاننى چۆل ئارا توققۇز كۈن قوغلاپ تۇتالمىغانلىقىنىمۇ دەپ بەردى.

— خوجا ۋاپانى ئەسلىدە سەن ئۆلتۈرۈپتىكەنسەندە؟

— خوجا ۋاپانى سەن نەدىن بىلىسەن؟

— يەمەن دىيارىدا بۇ خەۋەر تېرىقتەك تېرىلىپ كەتكەن تۇرسا، توۋا، بىر ياۋاش يىگىتنى ھېچقانداق ئەنت ـ قىساسىڭ يوق تۇرۇپ، ئۆلتۈرۈشكە قانداقمۇ قولۇڭ بارغاندۇ؟

— خوجا ۋاپانى مەن ئەمەس، مىرزا ھېكىم ئۆلتۈرگەن. مېنىڭ پەقەت چېدىر سىرتىدا قاراۋۇللۇق قىلىپ بەرگەن گۇناھىم بار.

— ئەمما قۇلنەزەر قۇتبىدىن خۇن ھەققى ئۈچۈن ئالتۇن ئالغان تۇرساڭ.

— ئەگەر ئالمىسام، ئۇ مېنى ئۆلتۈرۈۋېتەتتى.

— ئۇ دېگىنىڭغۇ توغرا. چۈنكى قۇلنەزەر قۇتبى ئىنتايىن زەھەرخەندە، قارا كۆڭۈل، تاشبېغىر، ھىيلە ـ مىكىرگە ئۇستا ئادەممىش.

— مانا سەنمۇ بىلىدىكەنسەنغۇ، — دېدى بەگزاد پادىچىنىڭ تاز بېشىغا قاراپ قويۇپ، — پاھ، پاھ، بېشىڭ ئەجەب پارقىرايدىكىنا.

— بەگزاد ئاكا، سەن بۇ يەردە تۇرساڭ خەتەرلىككەن.

— نېمىشقا، — بەگزاد چۆچۈپ قارىدى، — سەن مېنى كەتكۈزۈۋەتمەكچىما؟

— ياقەي، ئاۋۋال گېپىمنى ئاڭلا، ئوردىدىن پات - پاتلا مال ئېلىش ئۈچۈن مۇلازىم، چاكارلار كېلىدۇ. ئۇلارغۇ سېنى تونۇمايدۇ، شۇنداقتىمۇ ئېھتىيات قىلماي بولمايدۇ.

— ئەمىسە قانداق قىلىمەن؟

— يايلاقنىڭ ئۇ تەرىپىدىكى تاغ باغرىدا يەنە بىر كەپە بار. مەن ساڭا بىر ئاتنى توقۇپ تەييارلاپ بېرىمەن. ئاش - تاماقنى مەشەگە كېلىپ يەيسەن. بىللە تاماق يەيمىز، ئەمما ئۇ تەرەپتىكى ماللارغا سەن قارايسەن.

— بۇ گېپىڭ بەلەن بولدى، — بەگزادنىڭ بىردىنلا قاپاقلىرى تۈرۈلدى، — توختا ئۇكا، ئەگەر ئۆيۈڭدە ئادەم بولۇپ قېلىپ، مەن تاسادىپىي كېلىپ قالسام ...

— ئۇنى ئويلىشىپ قويدۇم، كەپىنىڭ ئارقىسىغا ئېگىز خادا تىكلەپ، ئۈچىغا ئاق لاتا باغلاپ قويىمەن، ئۇ سېنىڭ كەپەڭگە كۆرۈنۈپ تۇرىدۇ. ئەگەر ئوردىدىن بىر كىملەر كېلىپ قالسا مەن خادىنى يىقىتىۋېتىمەن. ئەمدى چۈشەنگەنسەن.

— يائاللا، ئۆزۈڭ ئورۇق، جىۋەك بولغىنىڭ بىلەن، شەيتانغا دەرس بېرىدىغان نېمىكەنسەن، — بەگزاد كۈلۈپ پادىچىنىڭ مۈرىسىگە ئۇردى، — سەن ئۆمۈر بويى مۇشۇنداق ئۆتۈپ كېتەمسەن، خوتۇن - پوتۇن ئالمامسەن؟

— بىر يىلنىڭ ئالدىدا مەشەدە ئايسۇلتان دېگەن ئەدەسسىز چىرايلىق بىر چوكان ئېرى بىلەن مال باقىدىكەن. ئۇنىڭ ئېرى تۇيۇقسىزلا ئۆلۈپ كەتكەندىن كېيىن، شەھەردىكى مەدىكار بازىرىدىن مېنى تاللاپ ئېلىپ كەلدى. ئىككىمىز بىللە ئۈچ

ئايدەك مال باققاندىن كېيىن، نىكاھ قىلىپ بىر ئۆيگە كىرىۋالدۇق.

— نېمە، — بەگزاد ئىشەنمىگەندەك پادىچىنىڭ تاز بېشىغا قارىدى، — ئۇ ... ئۇ ... ساڭا تەگدىما؟

— ئۇ چاغدا بېشىم تاز ئەمەس ئىدى. كېيىن كېزىك كېسىلىگە گىرىپتار بولۇپ بىر ئاي ئورۇن تۇتۇپ يېتىپ قالدىم. شۇ چاغدا چاچلىرىم ياستۇقىلا تۆكۈلۈپ مۇشۇنداق تاقىر باش بولۇپ ساقايدىم.

— خوتۇنۇڭچۇ؟

— مەن تاز بولۇپ قالغاندىن كېيىن، مېنى تاشلاپ قويۇپ كېتىپ قالدى.

— ۋۇي زوۋانىغا پوق يەيدىغان قانجۇق. تاز بولساڭمۇ ئەردە سەن. كونىلار: «ئەرنىڭ تېزى، بېزى، قېرىسى، مېيىپى بولمايدۇ ...» دەپ ئېيتقان تۇرسا.

يايلاقنىڭ ئۇ تەرىپىدىكى تاغ باغرىدا بەگزاد، بۇ تەرىپىدىكى تاغ يامرىلىدا پادىچى ماللارغا قاراپ، ئاش - تاماقتا بىللە بولۇپ كۈنلىرى كۆڭۈللۈك ئۆتتى. ئۇلارغا ئايدا بىر قېتىم ئوردا تەرىپىدىن ئاش - ئوزۇق يەتكۈزۈپ بېرىلەتتى. بىر كۈنى ۋەزىرى ئەزەم ئابدۇلبارى ئوردا «تابۇغچى»[1] لىرىدىن مىرزا[2]، پىشكار[3] ۋە بىرقانچە مۇلازىملارنى ئېلىپ كەلدى. ئۇلار بىر ھەپتىگىچە ئۆلگەن، يىتكەن، تۇغۇلغان، بۆرە يەۋەتكەن، تاغدىن يىقىلغان، كۆپەيگەن قاتارلىق ماللارنىڭ تۇرى بويىچە ساناپ تىزىملاپ جەدۋەل تۇرغۇزدى. نەچچە كۈندىن بېرى پادىچىغا ناھايىتى كۆپ

---

① تابۇغچى — خىزمەتچى مەنىسىنى بىلدۈرىدۇ.

② مىرزا — كاتىپ ياكى مەخسۇس ئوردا پۈتۈكچىسىنى كۆرسىتىدۇ.

③ پىشكار — ئىگىلىك باشقۇرغۇچى ئەمەلدارنى كۆرسىتىدۇ.

زەن سالغان ئابدۇلبارى قايتىدىغان چېغىدا، پادىچىنى چەتكە تارتىپ:

— مۇشۇ بىرنەچچە كۈن ئىچىدە، مېنىڭ ئوردا سىرتىدىكى ئۆيۈمگە بارغىن. مەن سېنى ساقلايمەن، ھېلىقى ھەمراھىڭغا ئوبدان تاپىلا، قوي ماللارغا ياخشى قارىسۇن.

— خوپ، ۋەزىرى ئەزەم، ئىپتىقانلىرىدەك قىلىمەن.

ئارىدىن ئىككى كۈن ئۆتكەندە پادىچى ئىپتىغا مىنىپ شەھەرگە كىردى. ئۇ ۋەزىرنىڭ تاپىلىغىنى بويىچە قاراڭغۇ چۈشكەندە ئابدۇلبارىنىڭ ھويلىسىنىڭ ئالدىغا كەلدى. ۋەزىر ئاللىقاچان ئۇنى سىرتتا ساقلاپ تۇراتتى. ئۇلار ئازراقلا كۆرۈشۈلغاندىن كېيىن ھويلىغا كىرىپ كەتتى. پادىچى شۇ كېچىسى ۋەزىرنىڭ ئۆيىدىن تۆت نىسپى بولاي دېگەندە قايتىپ چىقتى ـ دە، سەمەندەر يايلىقىغا يۈرۈپ كەتتى.

ئۆزىدىن ئەنسىرەپ تۇرغان بەگزاد ۋەزىر بىلەن نېمىلەرنى دېيىشكەنلىرىنى سوراپ تۇرۇۋالدى. پادىچى ئۇنىڭغا راست گېپىنى قىلدى:

— ئوردا ئاتباقارى كېسەللىك سەۋەبىدىن ئورۇن تۇتۇپ يېتىپ قاپتۇ. مېنى بىر مەزگىل ئات بېقىپ بەرگىن دەپ چاقىرتىپتىكەن، — دەپ ئۇنىڭ كۆڭلىنى تىندۇردى. شۇنداقتىمۇ ئۇ:

— خاتىرجەم بول، ئوردا ئاشپەزىدىن بىر، قويچىلاردىن يەنە بىر ئادەم سېنىڭ قول ئاستىڭدا خىزمىتىڭنى قىلىدۇ. ئۇلارنى ئوبدان باشقۇرۇپ ئىشلەتسەڭ بولىدۇ.

— پاھ، ئۆزۈڭ پادىچى بولغىنىڭ بىلەن، قولۇڭدىن ئىش كېلىدىكەن جۇمۇ پادىچى تاز، كونىلارنىڭ تازلارنى ئەقىللىق، چېۋەر، قولى ئىشلىق كېلىدۇ دېگىنى راستكەندە.

پادىچى ئوردىغا كەلگەندىن كېيىن، شاھ، ۋەزىر - ۋۇزرا، ئەركانلارنىڭ ئاتخانىلىرىنى تازىلاپ چىنىدەك پاكىز قىلىشتىن تاشقىرى ئاتلارنى كۈندە يۇيۇپ، تۆمۈر تارغاقتا تاراپ پارقىرىتىۋېتەتتى. كېچىلىرى بولسا ئوردا قورۇلىرىغا سۇ چېچىپ، سۈپۈرۈپ، ئەخلەتلىرىنى ئېلىپ تازىلايتتى. پادىشاھ زاماندىن زۇھەل بىرنەچچە قېتىم شەھەر ئايلانغاندا ئېتىنىڭ تەر پۇرىماي، تۈكلىرىدىن توپا توزىماي يالتىراپ تۇرغانلىقىنى كۆرۈپ قەۋەتلا خۇشال بولۇپ كەتتى. تېخى بۇ ئاتباقار ئوردىغا كەلگەندىن كېيىن ئوردا ھويلىسىنىڭ ھەر كۈنى خۇددى تىلدا يالىغاندەك پاكىز، سالقىن تۇرۇشى ئۇنى ئويلاندۇرۇپ قويدى. «ئەجەب كۆڭلى ياخشى، قولى ئىشلىق پادىچىكىنا بۇ. ئۆزىنى بىر كۆرۈپ باقايچۇ!» دەپ زوقلانغان شاھ ئاتخانا يېنىدىكى كىچىك ئۆيگە كىرىشى، بۇرنىغا گۈپلا قىلىپ تولىمۇ مەززىلىك تاماقنىڭ پۇرىقى ئۇرۇلدى. ئۇ ئىچىدە: «پاھ، ئۇزۇن زامانلار بوپتىكەن، بۇ تونۇش پۇراقنى ھىدلىمىغىلى! ...» دەپ ئويلىدى. ئۇ سۇپىدا بەدەشقاننى قۇرۇپ ياغاچ قوشۇقتا ئاش ئىچىۋاتقان يىگىتكە قارىدى. يىگىت ئاپپاق تاقىر بېشىغا كۆك شاپاق دوپپا كىيگەن بولۇپ، قاپقارا قىرقىم بۇرۇتلىرى ئاق سۇزۇك يۈزىگە خوپ ياراشقانىدى. ئاڭغۇچە پادىچى قولىدىكى ئاياق[1] نى داستىخانغا قويۇپ پەگاغا چۈشتى:

— ئەسسالامۇ ئەلەيكۇم شاھ ئالىيلىرى، غېرىبنىڭ غەمخانىسىغا كىرگەنلىكلىرىگە تەشەككۇر.

— ئەجەب ئىشچان بالىكەنسەن، سېنى بىر كۆرەي دەپ كىردىم، — شاھ ئۆيىنى ھىدلىغاندەك قىلدى، — يەۋاتقىنىڭ نېمە تائام ئۇ؟ ئەجەب مەززىلىك پۇرايدا.

[1] ئاياق — ياغاچ قاچا.

— شاھى ئەلەم، مەندەك بىر پادىچىنىڭ ئۆزلىرىنى مەھلىيا قىلغۇدەك تامىقى بولسۇنمۇ، كۈجە ئەتكەنىدىم.

— كۈجە؟

— شۇنداق، ھەرخىل دانلارنى سېلىپ ئەتتىم شۇ، — پادىچى بىر ھېجىرغا كۈجىدىن بىر چۆمۈچ ئۇستى، — قانداق، تېتىپ باقاملا؟

— ئۆيۈڭگە كىرگەندىلا، پۇرىقىدىن يېگۈم كەلگەنىدى، ئەكەل، بۇ تامىقىڭنىڭ پۇرىقى ئىشتىھايىمنى ئېچىپلىۋەتتى دېسە.

پادىچى يەكتىكىنى سۇپىغا يېيىپ سالدى ـ دە، شاھنى تەكلىپ قىلدى:

— قېنى ئولتۇرسىلا، كىگىزنىڭ قىللىرى تونلىرىغا چاپلىشىپ كەتمىسۇن.

پادىشاھ زامانىدىن زۇھەل ھېجىردىكى كۈجىنى ئىچىپ بولۇپ، قازانغا قىيا بېقىپ قاراپ قويدى. بۇنى سەزگەن پادىچى ئۇنىڭغا يەنە ئۇسۇپ بەردى.

شاھ كۈجىنى ئىچىۋېتىپ، پات ـ پات بۇرنىنى تارتىپ قوياتتى. پادىچى بىردىنلا ئۇنىڭ ھېجىرىغا ئۇششاق ياش تامچىلىرى تېمىۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ قالدى.

— شاھ ئالىيلىرى، كۈجە ئاشقۇ ئاچچىق ئەمەس ئىدى، كۆزلىرىدىن ياش تېمىۋاتىدىغۇ؟

— بۇ ئاچچىقتىن ئەمەس پادىچى يىگىت، پىراقتىن، — شاھ قۇرۇقدالغان ھېجىرنى داستىخانغا قويدى، — مېنىڭ بىر قىزىم بولىدىغان، ئۇ ساڭا ئوخشاش تائاملارغا ئۇستا ئىدى. بۇ كۈجىنى ئىچىپ ئاشۇ قىزىم بۇرنۇمغا پۇراپ كەتتى ...

— ئۇ قىزلىرى ئۆلۈپ كەتكەنمۇ؟ — پادىچىنىڭ يۈركى

ئىپتقۇسىز ئىچىشىپ كەتتى، — ئەجەب «بۇرنۇمغا پۇراپ كەتتى» دەيدىلىغۇ؟

— بۇنى دېسەم گەپ جىق، ئادەم بەزى چاغلاردا شاھلىقتىنمۇ بىزار بولۇپ قالىدىكەن! بەزى ئىشلارنى قىلماي دېسەم ھۆكۈمدارلىق ھوزۇرى. مەنمەنلىك ئىمتىيازى دەيدەيگە سىلىۋاتقان ... قىلىپ بولۇپ، ۋاقىت ئۆتكەنسېرى ۋىجدان ئازابى تارتىۋاتقان، ۋىجدان سورىقىغا قېلىۋاتقان ... ھەي ... قوي ... قوي ... قوي! ...

پادىشاھ زامانىدىن زوھەل دۇئا قىلىپ ئورنىدىن تۇردى. ئۇ «تاماق ئەتسەڭ بىرەر قاچا سۇنۇۋېتەرسەن، قىز بىمنى كۆرگەندەك بولىدىكەنمەن» دېگەچ ئۇزاپ چىقىپ كەتتى. ئۇ بوسۇغىدىن ئاتلاپ بولغۇچە باغرى يۇمشاق پادىچى ئۇن سېلىپ يىغلىۋەتتى ... ئۇنىڭ يىغىسى ئاتىلىق كۆيۈم، بالىلىق مېھىر ھەم ئازاب - ئوقۇبەت زەردابلىرى يۇرىكىنى قان قىلىۋەتكەن دەردمەنلەرنىڭ يىغىسىغا ئوخشايتتى.

پادىچى ئات بېقىپ، ئوردا قورۇلىرىنى تازىلاپ، پادىشاھقا ئارىلاپ - ئارىلاپ تاماق توشۇپ يۈرگەن كۈنلەرنىڭ بىرىدە، ۋەزىر ئەزەم ئابدۇلبارى ئۇنىڭ غەمخانىسىغا كىرىپ كەلدى.

— پادىچى يىگىت، ساڭا بىر مۇھىم خەۋەرنى يەتكۈزمەكچىمەن، — دېدى ۋەزىر ئەزەم پادىچىنىڭ كۆزىنىڭ ئىچىگە قاراپ، — شاھىمىز يەتتە ئىقلىم شاھ - ۋەزىرلىرىنى چايغا چاقىردى. بۇ زىياپەت 12 كۈن داۋام قىلىشى مۇمكىن. نەغمە - ناۋا، ئۇسسۇللارغا تويۇنغاندا ئۇلار ھېكايە، رىۋايەت، داستان، چۆچەك ئاڭلايمىز دەپ قېلىشى مۇمكىن. شۇڭا سەن كۆرگەن، بىلگەن، ئاڭلىغانلىرىڭدىن سۆزلەپ بېرەرسەن! ...

— ۋەزىرى ئەزەم، شاھلارنىڭ چىشىغا تېگىپ قويۇپ،

ىشلىتىش ئۈچۈن سەپەرگە چىقىشقا باشلاپ، شۇ ئىشلارنى ... بىكاردىن ـ بىكار ئۆزۈمنى ئۆلۈمگە تۇتۇپ بەرمەي دەيمىنا.

— خاتىرجەم بول، باغدادتىن شاھىنشاھ شەمس كېلىدۇ. ئۇ بار يەردە سېنى ھېچكىم تاك ئېتىپ چېكەلمەيدۇ.

— شەمس، خانىش، — ئاستا پىچىرلىدى پادىچى، — ئۇلارمۇ كېلىدىكەندە.

— تېخى خەلەپ پادىشاھىنىڭ شاھزادىسى بىلەن ئوڭ قول ۋەزىر كېرەمشاھ نەبىيۇللامۇ كېلىدۇ.

— نېمە، شۇنچە يىراقتىن ئۇلارمۇ كېلەمدىكەن؟

— شاھزادىنىڭ ئوغلى ئۆلۈپ، ئايالى يوقاپ كەتكەندىن كېيىن ئۇ تەركىدۇنيا بولۇپ، شاھلىققا ھېچقانداق ھەپسىلى قالماپتۇ. ئۇنىڭ ئاتىسى يەتتە ئىقلىم شاھلىقلىرىنى كۆرۈپ، ئويناپ، ساياھەت قىلسا ئوغلۇم ئەسلىگە كېلىپ قالارمىكىن دېگەن ئۈمىدتە، مەكتۇپ يازغانىكەن.

ۋەزىرى ئەزەم ئابدۇلبارى چىقىپ كېتىپ ئارىدىن بىر ھەپتىمۇ ئۆتمىدى بولغاي، تەرەپ ـ تەرەپتىن مېھمانلار كېلىشكە باشلىدى. خەلەپتىن كەلگەن شاھزادە ئەبۇلئەسەد بىلەن زامانىدىن زۇھەل قۇچاقلىشىپ كۆرۈشتى. لېكىن ئۇلار بىر ـ بىرىگە قېينىئاتا، كۈيئوغۇل بولىدىغانلىقىنى بىلىشمەيتتى. مانا مەن پېقىر پادىچىمۇ ھېكايە ئېيتىش باھانىسىدە، ھەرقايسىلىرىدەك مۆتىۋەر زاتلار بىلەن كۆرۈشۈپ ئولتۇرۇپتىمەن.

پادىچى بالا سۆزلەپ مۇشۇ يەرگە كەلگەندە، تۆردە ئولتۇرغان خەلىپە بۇزرۇك قۇتبىدىن، كىردەنشا نامىچىلار شاھىنشاھ شەمسكە تەرەپ ـ تەرەپتىن شىكايەت قىلىپ، پادىچىنى بۇ شاھانە ئولتۇرۇشتىن چىقىرىۋېتىشنى تەلەپ قىلىشتى. شاھىنشاھ غەزەپ بىلەن ئالايغانىدى، ئۇلار بىر پەس جىم بولۇشتى.

— پادىچىنىڭ بۇ ھېكايىسى سىلەرنى بۇنچىلىك سارامسىمىگە سېلىۋېتەر دەپ ئويلىماپتىكەنمەن، — شاھىنشاھ قۇتبىدىن قۇتيارغا قادالدى، — قېنى دەپ باقسىلا، سىلىنىڭ قىلمىشلىرى ھېكايىدىكى قۇلنەزەر قۇتبىنىڭ خوجا ۋاپا، مىرزا ھېكىملەرنى ئۆلتۈرۈپ، مەلىكىنى ئېلىپ قاچماقچى بولغان قانخورلۇق، بۇلاڭچىلىقلىرىغا ئوخشاپ قالامدىكەن؟

— يو، يوقسۇ ... ، — قۇتبىدىن قۇتيار جالاقلاپ تىترەپ كەتتى، — مەن ... مەن ... نەدىمۇ ئۇنداق ئىشلارنى قىلاي ...

— قېنى كىردەنشا نامىچى، — شەمىس خەلەپنىڭ ئوڭ قول ۋەزىرىگە قارىدى، — سىلى كېرەمشاھ نەبىيۇللادەك بەش ياشلىق شاھزادىنى ئۆلتۈرۈپ، مەلىكىگە يامان نىيەتتە بولغانمىدىلە؟

— يا ... ياق، خۇدا ئۆزى گۇۋاھ! ... ، — كىردەنشا نامىچى قورققىنىدىن قولىدىكى چىنىنى تاشلىۋەتتى.

— خەلىپە بۇزرۇك!

— خوش، خوش، قۇللۇق شاھىنشاھىم!

— سىلى كىچىك مەلىكىگە خىيانەت قىلماقچى بولغان ھەم ئۇنى تۆھمەت بىلەن چۆللەرگە پالىتىۋەتكەن ھاجى خەلىپىگە ئوخشاپ قالىدىغاندەك تۇرىدىلىغۇ!

— ئىللا تاۋارا، شاھىنشاھىم! شۇنداقمۇ قىلارمەنمۇ؟

— سورۇن ئەھلى، — شاھىنشاھ ھەممىگە تەكشى قارىدى، — مېنىڭچە بۇ ھېكايىنىڭ خۇلاسە كالامى تېخى يېشىلمىدى. شۇڭا پادىچى يىگىتكە مەندىن ئەمر، ئەگەر ئېيتقانلىرىڭ راست ھەم ھەقىقەت بولسا، سۆزلە، ئوچۇق ئېيت! زادى قورقما، ئىككىلەنمە، بىزنىمۇ تاقەتسىزلەندۈرمە.

خەلەپ پادىشاھىنىڭ ئوغلىمۇ ئورنىدىن چاچراپ تۇرۇپ، ئۆزىنى تۇتالمىغان ھالدا ۋارقىرىدى:

— ئېيت، ئايىماي ئېيت! مەن سەندىن ئۆتۈنۈپ قالاي، ئۇلار كىملەر؟ ئوچۇق ئېيت! قەسەم قىلايكى، ساڭا تەڭلەنگەن قىلىچ مېنىڭ بوينۇمدا بولسۇن!!!

شاھىنشاھ ۋە خەلەپ شاھزادىسىنىڭ سۆزلىرىگە ئۇلاپلا، يەتتە ئىقلىم شاھلىرى، ۋەزىرلىرى، ئەركانلىرى بىردەك قاتتىق غەزەپكە كېلىپ ۋارقىرىشىپ كېتىشتى.

— ئېيتقىن پادىچى يىگىت!

— قورقما، ساڭا بىز ئىگە! ...

— ئېيتقىن، بالا، يامانلار جازاسىنى تارتسۇن!

پادىچى بالا كۆزلىرىگە لىقمۇ لىق ياش ئالغان ھالدا، سورۇن ئەھلىگە قارىدى ـ دە، سۆزىنى باشلىدى:

— مەن قۇرئان تۇتۇپ قەسەم قىلالايمەنكى، سۆزلىگەنلىرىمـ نىڭ ھەممىسى ھەقىقىي بولغان ئىش، — پادىچى بىرىنچى بولۇپ كىردەنشا نامىچىغا تىكىلدى، — بۇ كىشى ھېكايىدە مەن ئىسمى كېرەمشاھ نەبىيۇللا دەپ زىكىر قىلغان خەلەپنىڭ ئوڭ قول ۋەـ زىرىدۇر! ئۇ خوجا ۋاپانىڭ ئۆي ـ زېمىنلىرىنى تارتىۋېلىپ، ئاتا ـ ئانىسىنى سەرسان قىلىپ، خەلەپ ئەھلىگە زۇلۇم سالغان، بەش ياشلىق شاھزادىنى قەتلى قىلىپ، مەلىكىنى ئاياغ ئاستى قىلـ ماقچى بولغان قانخور ۋە زىناخور كىردەنشا نامىچى!

— تۆھمەت! — ئەسەبىيلەرچە ۋارقىرىدى كىردەنشا، — شاھىنشاھىم، تۆھمەتخورلارنىڭ دامىغا چۈشمىگەيلا. ئەگەر راست بولىدىغان بولسا ئاشۇ مەلىكە ئۆزى كېلىپ گۇۋاھلىقتىن ئۆتكەي! ...

— ئۆزىگە ئىشەنچىسى بولغان ئادەم بېشىغا تاغ ئۆڭتۈرۈلۈپ چۈشۈشتىن ۋايىم يېمەيدۇ، — شاھىنشاھ مەسخىرىلىك كۈلدى،

— ئۆپكىلىرىنى بېسىۋالغايلا ...

پادىچى يىگىت كىردەنشا نامىچىغا نەپرەت بىلەن تىكىلگەندى. ئۇ كۆزلىرىنى قاچۇرۇپ، يەرگە قارىۋالدى. ئەمدىلىكتە پادىچىنىڭ نەزىرى قۇتبىدىن قۇتيارغا ئاغدى:

— بۇ مەلئۇن بولسا، مەلىكىنى ئېلىپ قېچىش ئۇچۇن خوجا ۋاپانى ئۆلتۈرگەن، ئىز يوقاتماقچى بولۇپ مىرزا ھېكىمنى قەتل قىلغان، ھەم بەگزادىنىمۇ ئۆلتۈرمەكچى بولغان قاتىل، قارانىيەت قۇتبىدىن قۇتيار بولىدۇ!

— ئادالەت ۋە ھىمايە، شاھىنشاھىم، زىنھار ئىشەنمىسىلە، — دېدى قۇتبىدىن قۇتيار قوللىرىنى سىلكىپ، — بۇ سەت تازىنىڭ قولىدا ھېچقانداق دەلىل - ئىسپات يوق! كۆتىگە ئۇرۇپلا گەپ تېپىۋاتىدۇ ... ئەگەر بىزنى ئىشەندۈرىمەن دېسە ئاشۇ مەلىكىنى، بەگزادىنى ئەكېلىپ گۇۋاھلىقتىن ئۆتكۈزسۇن!

— ئېيتقانلىرى بەرھەق، — شاھىنشاھ قولىنى كۆتۈردى، — ئىسپاتسىز، گۇۋاھسىز دەۋا ئۆزىگە يېنىپ قالغۇسىدۇر، بىردەم تىنچلانسىلا!

قۇتبىدىن قۇتيار يەنە نېمىدۇر دېمەكچى بولغانىدى. شاھىنشاھنىڭ تۇرۇلۇپ كەتكەن قاپىقىدىن ئەندىكىپ، ئۇنى ئىچىگە چۈشۈپ كەتتى.

— مانا بۇ بولسا، بەش خوتۇنغا قانائەت قىلماي يېزا - سەھرالاردا ئۇرغۇنلىغان قىزلارنى ئەمرىگە ئېلىپ بەختسىز قىلغان قېرى شەھۋەتخور خەلپە بۇزرۇك بولىدۇ. ئۇ كىچىك مەلىكىگە نىيىتىنى بۇزۇپ، مەقسىتىگە يېتەلمىگەندە تۆھمەت، چېقىمچىلىق قىلىپ، — پادىچى زۇھرۇللا زامانغا بۇرۇلدى، — بۇ شاھ ئارقىلىق جاڭگىللى مازاندىرانغا پالىغان.

— ئاھ شاھىنشاھىم، مەندەك قېرىنى شەھۋەتخور دېسە

كىممۇ ئىشىنەر؟ — خەلىپە بۇزرۇك يىغلامسىرىدى، — شەھۋەتخورلۇق قىلىش ئۇچۇنمۇ تەندە مادار، بەلدە قۇۋۋەت، ساپ ھەم ياش مېڭە جەۋھىرى بولماقلىقى ماھالدۇر!

— كۆڭۈللىرىنى ئەمىن تۇتسىلا. مەن بەش خوتۇنلىرىغا، يېزا ـ سەھرالارغا ئادەم ئەۋەتىپ راست ـ يالغانلىقىنى ئېنىقلاپ چىقىمەن ...

— نېمە؟! — قورقۇپ كەتكەن خەلىپىنى ھېق تۇتقىلى تۇردى.

پادىچى خەلەپنىڭ شاھزادىسىگە ئۇزاق تىكىلىپ قارىغىنىدا كۆزلىرى يەنە بىر قېتىم ياشقا تولدى. ئۇ ئۆپكىسى ئۆرۈلگەن ھالدا مۇنداق دېدى:

— بۇ شاھزادە بولسا، چۆلگە پالانغان مەلىكىنى ئۆلۈمدىن قۇتۇلدۇرۇپ، ياخشى كۈتۈپ نىكاھىغا ئالغان ئۆمۈرلۈك جۈپتى ھەمراھى بولىدۇ، — پادىچى قول قوشتۇرۇپ ئولتۇرغان مۇلايىم ئادەمگە قارىدى، — بۇ مېھرىبان كىشى مەلىكىنى نەچچە قېتىم ئۆلۈمدىن قۇتۇلدۇرۇپ، قاچۇرۇۋەتكەن، تا ھازىرغىچە بېشىنى سىلاپ كەلگەن ۋەزىرى ئەزەم ئابدۇل مۇلۇك بولىدۇ.

— ئۇنداقتا، — خەلەپ شاھزادىسى ئورنىدىن چاچراپ تۇردى، — ئاشۇ ئايسۇلتان دېگەن مەلىكە قېنى؟ ئۇ ھازىر نەدە؟! مېنىڭ ئۇنى كۆرگۈم بار!

— راست، ئۇ قېنى؟ — قۇتبىدىن قۇتيار بىلەن كىردەنشا نامىچى تەڭلا چۇقان كۆتۈردى، — بۇ تازىنىڭ يالغان ئېيتقانلىقى چىرايىدىن بىلىنىپلا تۇرمامدۇ!

— بەس، ۋارقىراشماڭلار، — شاھىنشاھ قولىنى كۆتۈردى، — ئەي پادىچى، سەن «سۆزلىگەنلىرىمنىڭ ھەممىسى ھەقىقىي بولغان ئىش» دېدىڭ. شۇنداقلا بۇ يەردىكى ۋەزىر، كاتتىلارغا جىنايەت

توقۇدۇق. ئەمما بۇلار ئىسپات تەلەپ قىلىدۇ. مەنمۇ سەندىن تەلەپ قىلىمەن. قېنى شۇ ئايسۇلتان، بەگزاد دېگىنىڭچۇ؟ سەن ئۇلارنى مۇشۇ جەرەستاندا كۆرستەلەمسەن؟

— كۆرسەتسۇن! — قوللىرىنى شىلتىدى قۇتبىدىن قۇتيار، — بولمىسا شاھ - ۋەزىرلەرنى ئالدىغانلىقى ئۈچۈن، بۇ تاز ئۆلۈمگە مەھكۇم!

— دارغا ئېسىش كېرەك، — دېدى كىردەنشا نامچى غەزەپ بىلەن، — ھەددىدىن ئاشقان بۇ تازغا ئۆلۈم ھەق!

پادىچى ۋەزىرى ئەزەم ئابدۇل مۇلۇككە قارىدى. ۋەزىرمۇ «ئەمدى پەيتى كەلدى» دېگەندەك بېشىنى لىڭشىتتى. پادىچى ئورنىدىن تۇرۇپ شاھىنشاھقا تەزىم قىلغاندىن كېيىن ئىجازەت سورىدى:

— شاھىنشاھ ئالىيلىرى، ئوردا ئاتخانىسى يېنىدىكى غەمخانەمگە كىرىپ چىقسام بولامدىكىن؟

— ئىسپاتلىرىڭ شۇ ئۆيدىمىدى؟

— شۇنداق!

— ئۇنداقتا ئىجازەت.

— شاھىنشاھ ئالىيلىرى، قېچىپ كەتمەكچى بۇ تاز، — ۋارقىرىدى قۇتبىدىن قۇتيار.

— بۇ تازنىڭ ئارقىسىغا ئادەم قويۇش كېرەك، — دېدى كىردەنشا نامچى.

شاھىنشاھ ئىككى لەشكەرنى قاتقاندىن كېيىن، پادىچى سارايدىن چىقىپ كەتتى. لېكىن ئۇ ئانچە ھايال بولمايلا، ئايالچە ياسىنىپ كىرىپ كەلدى. ئەمما ئۇنىڭ بېشى يەنىلا تاز ئىدى. ئولتۇرغانلار ھاڭ - تاڭ بولۇپ، كۆزلىرى چەكچىيىپ كەتتى.

— خوتۇن خەقنىڭ كىيىمىنى كىيىۋالسىلا ئىسپات

بولامدىكەن.

— بۇ تازىنىڭ ئەپت - بەشىرىسى ئاشكارىلاندى!

— شاھىنشاھ ئەمر قىلسىلا، بۇ تازىنى ئۆلتۈرۈش كېرەك!

قۇتبىدىن قۇتيار، كىردەنشا نامىچى، خەلىپە بۇزرۇكلەر ئىلگىر - ئاخىر ۋارقىراشتى. شاھىنشاھ قاتتىق بىر ئالايغاندى، ئۇلارنىڭ زۇۋانلىرى بېسىقتى.

— پادىچى، ئايالچە ياسىنىۋېلىپ، ئۆزۈڭنى ئايسۇلتان دېمەكچىمۇسەن؟ قېنى ئۇ بەگزاد؟

— شاھىنشاھ ئالىيلىرى، بىردەم تەخىر قىلسىلا، ھەممىنى تەق قىلىمەن. لېكىن ھازىردىن باشلاپ ئىشىك، دېرىزىلەر قاتتىق قامال قىلىنسا ...

شاھىنشاھنىڭ ئەمرى جاكارلىنىش بىلەن قىلىچ - نەيزە تۇتقان لەشكەرلەر ئىشىك، دېرىزىلەر ئالدىغا يۈگۈرۈشۈپ كېلىپ تەق تۇرۇشتى. بۇنىڭدىن قورقۇپ كەتكەن قۇتبىدىن قۇتيار، كىردەنشا نامىچى، خەلىپە بۇزرۇكلەر بىر - بىرىگە قارىشىپ بىر قىسمىلا بولۇپ قالدى. بىرى جالاقلاپ تىترىسە، يەنە بىرىنى توختىماي ھېق تۇتقىلى تۇردى. خەلىپە بۇزرۇك بولسا ئىشتىنىغا سىيىۋەتتى..

— ۋەزىرى ئەزەم ئابدۇل مۇلۇك ھەزرەتلىرى، ماڭا ياردەملەشكەن بولسىلىرى.

— بولىدۇ، پادىچى، مەن ساڭا ياردەملىشەي، — ئابدۇل مۇلۇك سورۇن ئوتتۇرىدىكى پادىچىنىڭ قېشىغا كېلىپ ۋارقىرىدى، — بەگزاد، ماڭا بىر چىنە سۇ ئەكىرىۋەت!

سىرتتىن «خوپ!» دېگەن ئاۋاز ئاڭلىنىش بىلەن تەڭ، ساراي ئىشىكى ئېچىلىپ قولىدا بىر جام سۇ كۆتۈرگەن بەگزاد كىرىپ كەلدى. ئالاقزەدە بولۇپ كەتكەن قۇتبىدىن قۇتيار ئارقىچە

دەلدۈگۈنۈپ، تامغا يۆلىنىپ قالدى ... بۇنى كۆرگەن يەتتە ئىقلىم شاھ، ۋەزىرلىرى «بەگزاد ... بەگزاد ...» دەپ پىچىرلاشتى. بۇ چاغدا قولىغا بىر جام سۇنى ئالغان ئابدۇل مۇلۇك ئاغزىدىكى سۇنى پادىچىنىڭ بېشىغا، بويۇن - گەجگىلىرىگە، پېشانە، قۇلاق تۈۋىلىرىگە پۈركىدى. سورۇن ئەھلى ھەيرانۇ - ھەسلىكتە قاراپ تۇرۇشاتتى. ئابدۇل مۇلۇك سۇ پۈركەشنى بىرقانچە قېتىم تەكرارلىغاندىن كېيىن، پادىچىنىڭ بويۇن، پېشانە، گەجگىلىرىنى تىماغداپ قانداقتۇر نېمىز بىر نىمىنى ئاستا - ئاستا سويۇپ، بېشىدىن سۇغۇرۇپ ئېلىشى، ئۇزۇن قاپقارا چاچ لەپپىدە يەسكە چۈشتى. بۇ ئەسنادا پادىچى بۇرۇتنى يۇلۇپ تاشلىدى.

— گۈلسۈمەن! ... ، — ئەكبەر ئەلى ھوشىدىن كېتىپ يىقىلدى ...

— گۈلسۈمەن قىزىم! — زۇھرۇللا زامان ۋارقىرىۋەتتى ...

— سىڭلىم گۈلسۈمەن!!! — سۇمەننىسا يىغلىغانچە ئېتىلىپ كېلىپ قۇچاقلىۋالدى ...

— گۈلسۈمەن! — ئايتۇران باغرىغا باستى ...

— گۈلسۈمەن، سىزنى دادىڭىز ھىراتقا بىلىم تەھسىل قىلغىلى كەتتى، دېگەنىدىغۇ، — دېدى شاھىنشاھ شەمس، — ئەسلىدە چۆلگە تاشلانغان سىز ئىكەنسىزدە.

— مەن ... مەن ... يوق يېگەن كالۋا، — زۇھرۇللا زامان قۇتبىدىنغا قارىدى، — مۇشۇ مۇناپىقنىڭ كەينىگە كىرىپ ...

بۇ پاتپاراقچىلىق ئىچىدە قۇتبىدىن قۇتيار بىلەن كىردەنشا نامچى ئىشىك تەرەپكە قاچتى. ئۇلارنىڭ ئارقىسىدىن خەلپە بۇزرۇك پالاقلاپ يېتىپ كەلدى. ئۇلارنى ساراي ئىشىكىدىكى قاراۋۇللار توسۇپ تۇرۇشتى، شاھىنشاھ قاتتىق ۋارقىرىدى:

— جاللات!

جاللاتلار قىلىچلىرىنى يالىڭاچلاپ ھازىر بولدى.

— خۇنغا خۇن ئېلىش ئەلمىساقتىن كېلىۋاتقان شەرئىي قانۇن! قۇتبىدىن قۇتيار، كىردەنشا نامىچىلارنىڭ كاللىسى ئېلىنسۇن! مۇنۇ قېرى بۇزۇق خەلىپىنى زىندانغا تاشلاڭلار!

جاللاتلار ئۇلارنى سۆرىگەنچە ئېلىپ چىقىپ كەتتى. بۇ يەردە قېپقالغان زۇھرۇللا زامان، گۇلسۇمەننى يۈزىنچى خوتۇنلۇققا ئالىمەن، دەپ زورلۇق - زومبۇلۇق قىلغان «تاشئات» دىيارىنىڭ شاھى زىكرىيا زاھىتلار ئۆز گۇناھلىرىغا قانداق جازا بېرىلىدىغانلىقىنى كۇتۇپ تىترىشىپ ئولتۇرۇشاتتى. ئەمما گۇلسۇمەن زىكرىيا زاھىتنىڭ ئەسكىلىكتىن قول ئۈزۈپ، كۆپ يامانلىق قىلمىغانلىقىنى ئېيتىپ گۇناھىنى تىلىگەن بولسىمۇ، شاھىنشاھ شەمس ئۇنى بوش قويۇۋەتمىدى:

— سىلى جەينەكتەك ئادەمكەنلا، نەچچە ياشقا كىردىلە؟

— 75 ياشقا قەدەم ئالدىم.

— خوش، ئۇنداقتا ئۆزلىرى 99 خوتۇننى باشقۇراملا ياكى دۆلەتلىرىنىمۇ؟

— ئەمدى ... ئەمدى ... ، — زىكرىيا زاھىت قىزاردى.

— 99 خوتۇننىڭ ئۆزى نەچچە ھاكىمىيەتكە تەڭ غەلىيانلىق بولىدۇ. ئەمدى شاھلىقنى ياش، قاۋۇل، ئەقىللىق بىرىگە ئۆتكۈزۈپ بېرىپ، ئاخىرقى ئۆمۈرلىرىنى ۋاپادار، كۆيۈمچان، ئاق كۆڭۈل بىر ئايال بىلەن ئۆتكۈزسىلە قانداق؟

— خوش، خوش ... گۆھەردەك گەپ قىلدىلا شاھىنشاھىم! مەنمۇ شۇنداق ئويغا كەلگەنىدىم. كۆپ خوتۇنلۇق شاھلارنىڭ «زىنىنتى» دېگەن گەپ ئۇسۇرۇققا تەڭكەن. سېسىق تىل - ئاھانەت، قېيىداش، باتناش، ئۇرۇش - جېدەل، قىيا - چىيالار

قورقمايدىكەن ياكى ھەممىسىنىڭ كۆڭلىنى ئېلىپ بولغىلى بولمايدىكەن ...

سورۇندىكى يەتتە ئەقلىم شاھ، ۋەزىرلىرى، ئابدۇل مۇلۇك، گۇلسۇمەن، ئەكبەر ئەلى، سۇمەننىسا، ئايتۇرانلار كۇلۇشۇپ كېتىشتى، ئاڭغۇچە سارايغا داستىخانلار سېلىنىپ شاھانە تائاملار، مەززىلىك يەل ـ يېمىشلەر تارتىلدى، ھەممىسىنىڭ قورساقلىرى خۇددى مەسلىھەتلىشىۋالغاندەك راسا ئاچقانىدى. شۇنداقتىمۇ ئارىلىقلىرىدا گەپ ـ سۆزلەر، ھەزىل ـ چاقچاقلار بولۇنۇپ تۇردى. ئەمما زۇھرۇللا زامان ئۆزى توغرۇلۇق يە ئاق، يە كۆك دېيەلمىگەچكە، بۇرۇقتۇم بولۇپ ئولتۇراتتى.

ـــ ۋەزىرى ئەزەم، ـــ دېدى شەمس ئابدۇل مۇلۇككە، ـــ مېنىڭ ئۇستازىم ھەم دانىشمەن ساخاۋەتچىم ئەسىمە كۆرۈنمەيدىغۇ؟

ـــ قىزىم بىلىم تەھسىل قىلىش ئۈچۈن ھىراتقا كەتكەن، ـــ دېدى ئابدۇل مۇلۇك ساقىلىنى سىيپاپ تۇرۇپ، ـــ ئۇ يەردە ئۈچ يىل تۇرۇپ كەلگەندىن كېيىن «تاشئات» خانلىق مەدرىسەدە مۇدەررىس بولۇپ، تالىپەلەرگە ساۋاق بېرىۋاتىدۇ.

ـــ ئۆيلۈك ـ ئوچاقلىق بولدىمۇ؟

ـــ يوقسۇ، بۇ قىزنىڭ شەرتلىرى سەل چىڭراق.

ـــ قانداق شەرتلەركەن ئۇ؟

ئەسىمە ئىككى يىلدىن بېرى، ھەر يىلى بىر قېتىم، بىر ھەپتىلىك «سوئال ـ جاۋاب» ئەنجۇمەنى ئۇيۇشتۇراتتى. ئۇ ئۆزى 41 سوئال چىقىرىپ نەق مەيداندا يىگىتلەردىن جاۋاب ئالاتتى. ئۇنىڭ شەرتى يىگىت يەڭسە ئۇنىڭ بىلەن توي قىلىش، ئەگەر يېڭىلسە، قىزنىڭ شەرتلىرىنى تولۇق ئورۇنداش بەلگىلەنگەنىدى. يېڭىلگەن يىگىت باي ياكى مەنسەپ ساھىبى بولغىنىدا شەھەر

ئەزىمگە كۆۋرۈك سېلىش، يول ياساش، مەكتەپ قۇرۇش، ۋەخپە يەرلەرگە كۆچەت تىكىپ باغ بەرپا قىلالتتى. ئەگەر يىگىت نامرات بولغىنىدا مەكتەپ، مەدرىسە، خان ئوردىسى كۇتۇپخانىلىرىدا بىر يىل ھەقسىز ئىشلەش مەجبۇرىيىتىنى ئۈستىگە ئالاتتى.

— چىن مەنىسى بىلەن ئېيتقاندا، — دېدى شاھىنشاھ شەمس، — ئەسىمە ئىلىم دېڭىزىغا شۇڭغۇغان قىزدۇر! مەن بۇ قېتىم قايتىشىمدا ئۇستاز ئەسىمەگە سالام بېرىش ئۈچۈن تاشئات دىيارىدا بىرنەچچە كۈن تۇرماقچىمەن.

— ئۇنداقتا بۇ قېتىملىق سوئال - جاۋاب ئەنجۈمەنگە ئۇلگۇرگۇدەكلا، — دېدى ئابدۇل مۇلۇك، — مەنمۇ بېرىشنىڭ تەييارلىقىنى قىلىۋاتىمەن. خۇدا خالىسا بۇ نۆۋەت ئۇنىڭ توينى قىلىۋېتەرمەن دېگەن ئۈمىدتە.

— شۇنداق قىلايلى، — شاھىنشاھ باشقىلارغا قارىدى، — مۇشۇ ئولتۇرغانلاردىن ئىختىيار قىلغانلارنىڭ ھەممىسى بارسۇن. ئەكبەر ئەلى بىلەن گۈلسۈمەنىڭ توينىمۇ قايتا قىلمىساق بولمايدۇ. ئۇ دۇنيادىكى بارلىق ئازابلارنى، خورلۇقلارنى تارتتى. بىر قىز ئۈچۈن بىرنەچچە يىل ئەرەنچە ياسىنىپ، تاز بولۇۋېلىش ئاسانمۇ؟

ھەممىسى كۈلۈشۈپ كېتىشتى. ئەكبەر ئەلىنىڭ يېنىدا ئولتۇرغان گۈلسۈمەن ھۆپپىدە قىزىرىپ ئېرىگە ناز بىلەن قارىدى.

— توۋا، زادىلا ئەقلىم يەتمەيدۇ، — شاھىنشاھ ياقىسىنى تۇتتى، — ئابدۇل مۇلۇك ھەزرەتلىرى، سىلىنىڭ بۇ ئىشلاردىن خەۋەرلىرى باردەك قىلىدۇ. گۈلسۈمەنىڭ بېشىغا كىيگۈزۈپ

قويغان زادى نېمىتى؟

— مەن خانلىق چارۋا ماللارنى ئەنگە ئېلىش ئۈچۈن سەمەندەر يايلىقىغا بېرىپ ھەپتە تۇردۇم، — ئابدۇل مۇلۇك غەلىتىلا كۆلۈپ قويدى، — شۇ چاغدىلا ئۇنىڭ گۈلسۈمەن ئىكەنلىكىنى سېزىپ قالدىم.

شاھ ئوردىسىدىن قوي - كالا، سۈت - قايماق ئېلىش ئۈچۈن سەمەندەر يايلىقىغا چاكارلار كېلىپ تۇراتتى. بىر قېتىم گۈلسۈمەن ئۇلارنى يىراقتىن كۆرۈپلا مالچى ئىگەمقۇل تاشلاپ كەتكەن كونا يەكتەك، يوغان سالۋا تەلپەكنى كىيىپ ئارانلا ئۈلگۈردى. چىقىپ قالغان چاچلىرىنى تەستە تەلپەك ئىچىگە يوشۇردى. شۇنداقتىمۇ ئۇلارغا يۈز بەرمەي ئۇيان - بۇيان قارىۋالدى. شۇڭا ئۇ بىر كۈنى، تۇغۇلۇپ ئىككى ئايلىق بولغان پاقلاننى سويۇپ، ئۇنىڭ قېرىنىنى يۇيۇپ تازىلىغاندىن كېيىن چېچىنى بېشىغا ئوراپ، ئۇنىڭ ئۈستىگە قېرىنىنى كەپلەپ كىيدى. ئۇشۇق - تۆشۈك يەرلىرىنى پىچاقتا كېسىپ، پېشانە، زاڭاق، بويۇنلىرىغا ماسلاشتۇردى. ئۇ بىر كۈنلا ئاپتاپتا باشتاق يۈرۈۋىدى، قېرىن قورۇلۇپ، تولىمۇ ئىخچام تاز باشقا ئايلاندى. ئەتىسىدىن باشلاپ قېرىنىنىڭ تۆشۈكلىرى چۈشۈپ تېخىمۇ پارقىراپ تاقىر باشنىڭ ئۆزىلا بولدى. ئۇ ئوردىدىن كەلگەنلەرگە: «كېزىك كېسىلىدە چاچلىرىم تۆكۈلۈپ كەتكەن» دەپ قوياتتى.

— مەن گۈلسۈمەننى ئۆيۈمگە ئەكەلگەندىن كېيىن، — دېدى ئابدۇل مۇلۇك، — ئۇنىڭغا ئۆزىنى ئاشكارىلاشنى ئېيتقان بولسامۇ، ئۇ: «دادام قانخور ئادەم، ئۇ قۇتبىدىن قۇتيارنىڭ گېپى بىلەن مېنى قەتل قىلىدۇ» دەپ تۇرۇۋالدى.

— مەن قۇتبىدىن قۇتيارنىڭ كەينىگە كىرىپ ئازدىم، ئازغاندىمۇ ناھايىتى ئۇزاپ كەتتىم، — زۇھرۇللا زامان مىچىلداپ يىغلىدى، — ماڭا ئۆلۈم ھەق ... شاھىنشاھ ئالىيلىرىدىن ماڭا جازا بېرىشىنى تەلەپ قىلىمەن.

سۇمەننىسا بىلەن گۇلسۇمەن سورۇن مەيدانىغا ئۇچقاندەك كېلىپ شاھىنشاھ شەمسىنىڭ ئالدىدا تىزلىنىپ يەر سۆيدى:

— شاھىنشاھ ئالىيلىرى، دادامنى ئۆلۈمگە بۇيرۇمىغان بولسىلا.

— ئۇ ھەرقانچە گۇناھكار بولۇپ كەتكەن تەقدىردىمۇ، بىزنىڭ دادىمىز! ...

بۇ ئەسنادا شاھىنشاھ شەمسىنىڭ يەتتە ياشلىق ئوغلى شەھرىزات يىغلاپ كەلگەنچە دادىسىنىڭ ئالدىدا تىزلاندى.

— شاھىنشاھ ئاتا، بوۋامغا رەھىم قىلىڭ! ئۇمۇ سىزنىڭ ئاتىڭىزغۇ! دۇنيادا «ئۆز ئاتىسىغا تىغ كۆتۈرگەن» دېگەن يامان ئاتاققا قالماڭ!

— تىنچلىنىڭلار، — شاھىنشاھ قولىنى كۆتۈردى، — بۇ ئادەمنىڭ ئاۋامغا، ئاجىزە قىزلىرىغا سالغان زۇلۇملىرىنى، خۇنخورلۇقلىرىنى دېگەندە ئون قېتىم دارغا ئاسسىمۇ گۇناھى يۇيۇلمايدۇ. ئەمما مەن بۇ ئادەمگە جازا بېرەلمەيمەن ... چۈنكى ئۇ ماڭا ئاتا يوللۇق ئاتا. ئىككىنچىدىن، ئۇ مېنى چاھار بېغىدا ئالتە ئاي بېقىپ تۇز بەرگەن! ئۇنىڭغا تۇزكورلۇق قىلسام، مۇناپىقتىن پەرقىم قالمايدۇ! شۇڭا مەشەدە ئولتۇرغان يەتتە ئىقلىم شاھ، ۋەزىرلىرى ئۆزۈڭلار بىر تەرەپ قىلىڭلار!

شاھىنشاھ شەمس خانىش سۇمەننىسا، قېينىسىڭلىسى

گۈلسۈمەن ۋە ئوغلى شەھرىزاتنى باشلاپ سىرتقا چىقىپ كەتتى. ئۇلار ئوردا بېغىنى ئايلاندى. شەمس ھۆرۈنلۈق زەنجىرلىرىدە باغلانغان شۇ يىللارنى، ئۆزىنىڭ لالىيىپ ياتقان يەرلىرىنى، ئۆزىنى شاھلىققا كۆتۈرگەن ئەقىللىق ئەسىمەنى ئەسلەپ كۆزلىرىگە ئاش ئالدى.

— ئوغلۇم شەھرىزات، — دېدى شەمس خىيالغا پاتقان ھالدا، — دۇنيادىكى ئادەملەر ئارىسىدىكى نامراتلىق، قاششاقلىق، پەسكەشلىك، خورلۇق، غۇرۇرسىزلىق ۋە نومۇسسىزلىقلارنىڭ ئاچقۇچى ھۆرۈنلۈق ئىكەنلىكىنى ھەرگىز يادىڭدىن چىقارما! ...

— خوپ، شاھىنشاھ ئاتا ... نەسىھەتلىرىڭىزنى قۇرئاننىڭ سۈرىسىدەك ئۇلۇغ بىلىپ، يۈرىكىمنىڭ قات - قاتلىرىدا ساقلايمەن.

ئۇلار ئوردا قورۇسىغا قايتىپ كەلگىنىدە، سارايدىكىلەرمۇ قايتىپ چىققانىدى. ئاتىسىنىڭ تەقدىرىدىن ئەنسىرەپ تۇرغان سۈمەننىسا بىلەن گۈلسۈمەن ئابدۇل مۇلۇك بىلەن ئەكبەر ئەلىنىڭ كۆزلىرىگە تەڭلا قاراشتى.

يەتتە ئىقلىم شاھ، ۋەزىرلىرى زۇھرۇللا زامانغا «ئۆلۈمدىن ئۆزگە چارىنى تاللا» دەپ ئىختىيار بەرگەنىدى. ئۇ: «قىزىمنىڭ تارتقان جاپالىرىنى مەنمۇ تارتىپ كۆرگۈم بار ...» دەپ يىغلىۋەتتى. شاھلار، ۋەزىرلەر ئۇنىڭغا سەمەندەر يايلىقىدا مال بېقىش جازاسىنى بەردى!

— يەنە ئۇ بارلىق يىغقان دەپنە - دۇنياسىنى ئوردا خەزىنىسىگە تاپشۇرىدىغان بولدى، — دېدى ئەكبەر ئەلى، —

شۇنداقتىمۇ ئوردا سىرتىدىكى قورۇ ـ جاي، بېغىنى ئۆزىگە قالدۇرىدىغان بولدۇق. ئۇنىڭ ئورنىغا شاھ بېكىتىپ بولغۇچە، ئابدۇل مۇلۇك ھەزرەتلىرى ئوردىدا پەرمان يۈرگۈزمەكچى.

بۇ ئەسنادا زۇھرۇللا زامان ساراي ئىچىدىن چىقىپ كەلدى. ئۇ خۇددى 10 يىل كېسەل تارتقان ئادەمدەك سارغىيىپ كەتكەن بولسىمۇ، يەلكىسىدىكى ئېغىر يۈكنى چۈشۈرۈۋەتكەن ھامالدەك يېنىكلەپ قالغانىدى. ئۇنىڭ روھىي كەيپىياتىدىن كۆڭۈللىرى ئەمىن تاپقان بىر جۈپ قىز يۈگۈرۈپ كېلىپ ئۇنى قۇچاقلىۋالدى.

— يىغلىماڭلار قىزلىرىم، مەن ئۆمرۈمدە بۈگۈنكىدەك ئازادىلىك ھېس قىلىپ باقمىغانىدىم. نېمىشقىمۇ بالدۇرراق شۇنداق قىلمىغاندىمەن.

ئەتىسى سەھەردىن باشلاپ يەتتە ئىقلىم شاھ ۋەزىرلىرى ئۆز دىيارلىرىغا قاراپ يولغا چىقىشتى. ئۇلار بۇ قېتىمقى ھېكايە ئېيتىشنىڭ ئۆزلىرىگە نۇرغۇن ساۋاقلارنى بەرگەنلىكىنى، ھەرقانداق شاھلىقتا ئەدلى ـ ئادالەت بولغاندىلا، زۇلۇمنىڭ زاۋال تاپىدىغانلىقى ھەققىدە سۆزلىشىپ مېڭىشتى.

مېھمانلارنى چىرايلىق ئۇزىتىپ قويغان شاھىنشاھ شەمس، ۋەزىرى ئەزەم ئابدۇل مۇلۇك، خەلەپ شاھزادىسى ئەكبەر ئەلى ۋە خانىش سۇمەننىسا، كىچىك خانىش گۇلسۇمەن، باغداد ئوردا غوجىدارى ئايتۇرانلار زىكرىيا زاھىتنىڭ يول باشلىشى بىلەن تاشئات پادىشاھلىقى دىيارىغا ئاتلاندى ...

... گۈلەن دەرياسى شاۋقۇنلاپ ئاقماقتا ئىدى. ھەمراھ بوۋاي ھېكايىسىنى ئاخىرلاشتۇرۇپ، رەتلىك ئولتۇرۇپ، ئۇنلىرى ئىنچىكە چۇشۇپ كەتكەن قىز ئوقۇغۇچىلارغا قاراپ كۈلۈمسىرىدى. ھېكايىنىڭ پاجىئەلىك، قورقۇنچلۇق، جىددىي ۋەقەلىكلىرى ئىنچىكە كىرىپ، ئۆزلىرىنىڭ قەيەردە ئولتۇرغانلىقلىرىنى ئەسلىرىدىن چىقىرىپ قويغان قىزلار بىر چاغدىلا ئەسلىگە كېلىپ، بىردىنلا چاۋاك چېلىپ، ئېرەن ئورمانلىقىدىكى قۇشلارنى چۆچۈتىۋەتتى ... ئۇلارنىڭ ئورۇنلىرىدىن تۇرماي جىم ئولتۇرغىنىغا قارىغاندا ھېكايىنى داۋاملىق ئاڭلىغۇسى بارلىقى چىقىپ تۇراتتى. چۈنكى ۋەزىرى ئەزەم ئابدۇل مۇلۇكنىڭ ئەقىللىق قىزى ئەسىمە ئۇلارنىڭ غۇبارسىز قەلبىگە تىنىپ قالغانىدى.

— ھەمراھ بوۋا، — دېدى يۇلتۇزئاي ئورنىدىن تۇرۇپ، — بىز ئەسىمەنىڭ سوئال - جاۋابلىق ئەنجۇمەنىنى ئاڭلىغىمىز بار ئىدى. بولۇپمۇ مەن بەكمۇ تەقەززا بولۇۋاتىمەن.

— بۇ ئەنجۇمەننىڭ مەزمۇنى، شەكلى، ئېلىپ بېرىلىش ئۇسۇللىرى چوقۇم ئۆزگىچە، — چولپانئاي رۇخسەتسىزلا سۆزلەپ كەتتى، — چۈنكى تاشئات دىياردىنلا ئەمەس، يەتتە ئىقلىمدىن ئادەملەر كېلىدىغان تۇرسا ... شۇڭا بوۋا ئارزۇيىمىزنى قاندۇرۇپ سۆزلەپ بەرگەن بولسىلا؟

— بوۋا، — قۇندۇزئاي قولىنى كۆتۈرۈپ ۋارقىرىدى، — بىز ھەممىمىز خاتىرە، قەلەملەرنى تەييارلىدۇق، ئەنجۇمەن بەيگىسىدە چۈشكەن سوئال ۋە جاۋابلارنى قالدۇرماي

يازماقچىمىز ...

— بولىدۇ قىزلىرىم، — ھەمراھ بوۋاي ساقاللىرى سىلىدى، — ئەنجۈمەندە سىلەر يېزىۋالغۇدەك، تۇمار قىلىپ ئېسىۋالغۇدەك، دەستۇر قىلىپ ئۆگەنگۈدەك ھېكمەت جەۋھەرلىرى بار.

— راستىما؟، — يۇلتۇزئاينىڭ كۆزلىرى كۈلۈپ كەتتى، — بەلكىم سوئال - جاۋاب مۇنازىرىلىرىنىڭ تۈرلىرىمۇ كۆپتۇ؟

— بەك كۆپ، بەك كۆپ، سىياسەت، شاھلىق قانۇنلىرى، ئىجتىمائىي ئەخلاق تېمىلىرى، تۇرمۇش ئادەتلىرى، كۆڭۈلگە تالىق سوئال - جاۋابلار، تېپىشماق ھەم نەزمە تېپىشماقلار، ئادالەت ۋە زۇلمەت ھەققىدىكى ھېكمەتلىك سۆزلەر، ئىلمۇ - ئىرپان توغرىسىدىكى يۈكسەك پىكىرلەر ... قىسقىسى، نۇرغۇن - نۇرغۇن سوئاللارغا ئەسمە قىز جاۋاب بېرىدۇ ھەم پاكىزاتتىن جاۋاب ئالىدۇ ...

— ئەسمە، پاكىزاتنى ئەلۋەتتە يېڭىدۇ، شۇنداقمۇ بوۋا، — توپ ئارىسىدىن بىر قىز پوسۇققىدە سورىدى، — چۈنكى ئەسمە ھۆرۈننى شاھ قىلغان ئەقىللىق قىز تۇرسا.

— ناتايىن قىزىم، — كۈلۈۋەتتى بوۋاي، — چۈنكى پاكىزاتمۇ ئەسمە بىلەن ھىراتتا بىرلىكتە بىلىم تەھسىل قىلغان بالا، ئۇنى ھەرگىز بوش چاغلىغىلى بولمايدۇ.

— ساۋاقداشلار!، — گۈلسارە مۇئەللىم ئالدىغا چىقىپ، ئوقۇغۇچىلارنى تەرتىپكە چاقىردى، — ھازىر كەچ بولۇپ قالدى. بوۋاڭلار چارچىدى، قورسىقىمۇ ئاچتى. ئۇ بۈگۈن كېچە ئوبدان ئارام ئېلىپ، ئەتە ئەتىگەن داۋامىنى سۆزلەپ بەرسە قانداق؟

ــ بولىدۇ، ــ قىزلار چۇرقىراشقان بولسىمۇ، كۆڭۈللىرى سەل خىرە بولۇشتى.

ئەتىسى ئەتىگەن سەھەردە، ۋاقتى توشماستىن بۇرۇنلا ئوقۇغۇچىلار ئېرەن ئورمانلىقى ئىچىدىن ئورۇن ئېلىپ رەتلىك تىزىلىپ ئولتۇرۇپ بولۇشتى. ئۇلارنىڭ ھەممىسىنىڭ قوللىرىدا دەپتەر، خاتىرە، قەلەملەر بار ئىدى. قىزلارنىڭ كۆزلىرى قارىغايلىق يان باغرىدىكى ئاق چېدىردا بولۇپ، نېمىلەرنىدۇر دەپ پىچىرلىشاتتى. بىر چاغدىلا ئاق چېدىردىن گۈلسارە ۋە رەشىت مۇئەللىملەرنىڭ ھەمراھلىقىدا ھەمراھ بوۋاي چىقىپ كەلدى. ئۇ سورۇنغا كىرگەن ھامان ھەممە ئوقۇغۇچىلار ئورۇنلىرىدىن تۇرۇشۇپ، ئۇنىڭغا سالام قىلىشتى. بوۋاي ئۆز جايىغا ئولتۇرۇپ بولغاندىن كېيىن ئاندىن ئوقۇغۇچىلار ئولتۇرۇشتى. باللار خۇددى بوۋاينىڭ ئاغزىغا كىرىپ كېتىدىغاندەك ئۇنىڭغا تىكىلىپلا قالغانىدى.

ــ قىزلىرىم، ــ دېدى ھەمراھ بوۋاي، ــ بىز تۈنۈگۈن شاھىنشاھ شەمس، شاھزادە ئەكبەر ئەلى، شاھ زىكرىيا زاھىت، ۋەزىر ئەزەم ئابدۇل مۇلۇك ۋە سۈمەننىسا، گۈلسۈمەن، ئايتۇرانلارنىڭ تاشئات دىيارىغا سەپەر قىلغانلىقى ھەققىدە توختالغانىدۇق. ئەمدى ئۇلار تاشئات دىيارىغا يېتىپ باردىمۇ ـ يوق، كۆرۈپ باقايلى، بولامدۇ؟

ــ بولىدۇ!، ــ بىردەك چۇرقىراشتى قىزلار.

ھېكايىلەر پىرى ئۇستازى بولغان ھەمراھ بوۋاي سالاپەت بىلەن گېلىنى قىرىپ قويۇپ ھېكايىسىنى باشلىدى ...

ئۇلار ئون بىرىنچى كۈنى تاشئات دىيارىغا كىرىپ كېلىشتى. ئالدىن خەۋەرچى ئەۋەتكەنلىكى ئۈچۈن ئوردىدا داغدۇغىلىق تەييارلىق كۆرۈلۈۋاتاتتى. ۋەزىر - ۋۇزرا، ئوردا ئەركانلىرى، غوجىدار، كېنىزەكلەر ساراي قورۇسى ئىچىدە ئىككى قاتار تىزىلىپ ئۇلارنى قارشى ئېلىشتى. مېھمانلار ئوردا ئارامگاھ بېغىدىكى شىپاڭغا باشلاندى. شىپاڭنىڭ ئەتراپىدا نەچچە تارام سۇ ئېقىپ تۇرغاچقا، بەكمۇ سالقىن ئىدى. ئېرىق بويلىرىدا ھەرخىل ئېچىلىپ كەتكەن رەڭگارەڭ گۈللەر مۇشكى - ئەنبەر ھىدلىرىنى چېچىپ تۇراتتى. ئالا - يېشىل قۇيرۇقلىرىنى گۈلچەمبىرەكتە يېيىۋالغان تۇزلار «غۇرۇق - غۇرۇق» قىلىپ دانلاپ يۈرەتتى. باغ ئىچى ھەرخىل قۇشلارنىڭ نەغمە - ناۋاسىغا تولغانىدى.

مۇلازىملار لىگەن، پەتنۇسلاردا ئارقا - ئارقىدىن شاھانە تائاملارنى ئېلىپ كېلىپ داستىخانلارنى گۈللەندۈرەتتى. بۇ ئەسنادا دانىشمەن مۇدەررىس قىز ئەسمە كېلىش بىلەن ھەممىسى ئورۇنلىرىدىن تۇرۇشۇپ كېتىشتى. قەدىناس دوستلار سۆمەننىسا، گۈلسۈمەنلەر ئۇنىڭ بىلەن قۇچاقلىشىپ كۆز يېشى قىلىشتى. ئابدۇل مۇلۇك قىزىنىڭ پېشانىسىگە سۆيۈپ، بەخت تىلىدى. شاھىنشاھ شەمس «ئۇستازىم!» دەپ چوڭقۇر ھۆرمەت بىلدۈردى.

زىياپەت ئىنتايىن كۆڭۈللۈك، شاد - خۇراملىق ئىچىدە داۋاملاشتى. ئەسمە ئۇلارنى ھەپتىدىن كېيىن مەدرىس چوڭ سارىيىدا بولىدىغان ئەنجۈمەنگە تەكلىپ قىلدى. ھەممىنىڭ كۆزى

ئۇنىڭدا ئىدى. ئەسىمە ئىنچىكە نېپىز ئاق يىپەك كۆڭلەك كىيگەن بولۇپ، ئۇنىڭ ئۇستىگە ناۋات رەڭ لىباس يېپىنغانچقا، ئۇ خۇددى هۆر - پەرىلەرگە ئوخشايتتى. نۇر تېمىپ تۇرغان سۇزۇك رۇخسارىدىن كەمتەرلىك، سەممىيلىك، ئېغىر - بېسىقلىق، شەرم - هايا چاقناپ تۇراتتى؛ ئۇنىڭ هەربىر سۆز - ئىبارىلىرى هەتتا تەلەپپۇزلىرىغىچە شۇنچە يېقىملىق بولۇپ، جانلارنى سۆيۈندۈرەتتى.

— دوستۇم ئەسىمە، — دېدى گۈلسۇمەن ئۇنىڭغا زوقلانغان هالدا، — بۇ قېتىمقى سوئال - جاۋابلىق ئەنجۇمەن كىم بىلەن بولىدۇ؟

— سورىمايلا قوي، — كۈلدى ئەسىمە، — ئۇ يىگىت مېنىڭ ئەڭ كۈچلۈك رەقىبىم بولىدۇ. رەقىبىم دېسەم خاتا چۈشىنىپ قالما، مەن ئىلىم مۇباھىسەنى كۆزدە تۇتۇۋاتىمەن.

— خان جەمەتىدىن ئوخشىمامدۇ؟

— يوقسۇ، بىر نامرات يىگىت. ئۇ ئاۋۇت مەرگەن دېگەن ئوۋچىنىڭ ئوغلى. مەن بىلەن هىراتتا بىللە ئوقۇغان.

— ئاۋۇت مەرگەن؟ — گۈلسۇمەن كىمنىدۇر ئەسكە ئالدى، — ئۇ يىگىتنىڭ ئىسمى پاكزاتمۇ؟

— توغرا، ئۇ يىگىت «پادىشاھنىڭ قىزى ئۆزىنىڭ هاياتى بەدىلىگە دادامنى قۇتقۇزۇۋاپتىكەن» دېگەنىدى. ئۇ قىز سەن ئىكەنسەندە؟

— ئۇ بەك ساددا ئادەمكەن، — گۈلسۇمەن ئاغزىنى تۇتۇپ كۈلۈۋەتتى، — ئۇ دادامنىڭ سوئالىغا: «دۇنيادا ئەڭ تاتلىق نەرسە قىرقىلمىغان ئوغلاقنىڭ گۆشىدە قىلغان نارىن» دېگەن جاۋابنى

تەييارلاپتۇ.

سورۇندىكىلەر قاقاقلاپ كۈلۈۋېتىشتى. شاھىنشاھ شەمس تېخىمۇ قاتتىق كۈلۈپ كەتتى. ئۇ:

— ئوۋچى ئۇچۇن ئەلۋەتتە نارىن يېيىشلىك ھەم تاتلىق بولىدۇ - دە، — دېدى.

— مەن ئۇنىڭغا توغرا جاۋابىنى دەپ بېرىپ، ئۆزۈمنى چۆللەردە كۆردۇم دېگىنە.

كۈلكە تېخىمۇ ئەۋجىگە كۆتۈرۈلدى.

— ئۇ جاۋابىنى بىزگىمۇ دەپ بېرەلەمسەن، — دېدى سۇمەننىسا كۆزلىرىنى ئوينىتىپ، — ياكى دېگۈڭ يوقمۇ؟

— بولدى قىلغىنە ھەدە، ئۇ چاغلاردا كىچىككەنمەن ...

سورۇندا قىيقاس - چۇقان كۆتۈرۈلدى. بۇنىڭدىن گۈلسۇمەن تېخىمۇ ئوڭايسىزلىنىپ، ئېرى ئەكبەر ئەلىنىڭ دۈمبىسىگە يۈزىنى يوشۇردى.

سورۇن كۈلكە - ھەزىللەر بىلەن راسا قىزىۋاتقاندا، «شەھىرى ئاۋات» قەلئەسىنىڭ ئاتامانى ئابدۇنەبى كېلىپ ئۇلارنى ئۆز ھۇزۇرىغا مېھماندارچىلىققا تەكلىپ قىلدى. ئۇ شاھىنشاھ شەمس ۋەزىرى ئەزەم ئابدۇل مۇلۇك، شاھزادە ئەكبەر ئەلىلەرگە يېنىش - يېنىشلاپ تەزىم قىلغاندىن كېيىن، سۇمەننىسا، ئەسمە، گۈلسۇمەن، ئايتۇرانلارغا ئىززەت - ئىكرام بىلەن سالام بەردى. ئۇنىڭ دادىسى بېلىقچى بوۋاي ئىككى يىلنىڭ ئالدىدا ئۆلۈپ كەتكەنىدى.

— شاھ ئاتا، — دېدى ئۇ زىكرىيا زاھىتنىڭ ئالدىغا كېلىپ، — ئۆزلىرى يېقىن يوللارنى بىلگەندىن كېيىن، ئۇلۇغلارنى بىللە ئېلىپ بارسىلا.

— بولىدۇ، بولىدۇ، ئابدۇنەبىجان بالام، ئەتە سەھەرلا يولغا

چىقايلى.

ئەتىسى سەھەر زىكرىيا زاھىت باشلاپ ماڭغان مېھمانلار ئاتلار يارام بولغاچقا، ئۈچ كۈنلۈك يولنى ئىككى كۈندىلا بېسىپ، «شەھىرى ئاۋات» قەلئەسىگە كەچلەپ كىرىپ كەلدى. شاھىنشاھ شەمسىنىڭمۇ بۇ شەھەرچاقنى كۆرگۈسى بار ئىدى. شۇڭا ئەتىسى ئەتىگەندىلا گۈلسۈمەن ئۆز قولى بىلەن ئۆلىنى قۇرغان بۇ قەلئەنى ئايلىنىپ كۆردى. ھازىر بۇ قەلئە رەسمىي ئاۋاتلىشىپ ئىنتايىن چىرايلىق، كۆركەم شەھەرگە ئايلانغانىدى. ھەر تەرەپكە ماڭغان كارۋانلار، ھاجىلار، سەيياھلار بۇ يەردە قونماي قالمايتتى. ئۇلاردىن كىرىدىغان كىرىممۇ ئاز ئەمەس ئىدى.

مېھمانلار كوچا، رەستە، بازارلارنى ئايلىنىپ دەريا بويىغا كېلىشتى. گۈلسۈمەن تاشپاقا ئۈستىدە، بىھۇش ئېقىپ كەلگەندە، ئابدۇنەبى قۇتقۇزۇپ ئېلىپ چىققان قومۇشلۇق قىرغاقنى كۆرۈپ يىغلىۋەتتى. بۇ ۋەقەدىن ھەممىسىنىڭ خەۋىرى بولغاچقا، ئۇلار گۈلسۈمەنگە تەسەللى بېرىپ كۆڭلىنى ياسىدى.

شەھىرى ئاۋاتتا ئىككى كۈن سەيلە ـ ساياھەت قىلغان مېھمانلار ئەتىسى تاڭ سەھەر يولغا چىقتى. چۈنكى ئەسىمەنىڭ «سوئال ـ جاۋاب» ئەنجۈمەنىگە ئۈلگۈرۈپ بارمىسا بولمايتتى. ئۇلار چۆل ئارا دەم ئالماي، جىددەللەپ يۈرۈش قىلىپ، ئىككىنچى كۈنى كەچتە تاشئات ئوردىسىغا يېتىپ كەلدى. ئىككى كۈن ئات ئۈستىدە سەپەر قىلغان مېھمانلار چارچاپ كەتكەچكىمۇ، ئوردىنىڭ مېھمانساراي، ھۇجرىلىرىدا بالدۇرلا يېتىپ قېلىشتى، چۈنكى ئەتە ئەتىگەن ئەنجۈمەن باشلىناتتى.

تاڭ يورۇپ، ئەمدىلا كۆتۈرۈلگەن قۇياش تاشئات دىيارىنىڭ

قۇببە، گۇمبەز، مەسچىت پەشتاقلىرىنى ئالتۇن نۇرىدا بېزىگەنىدى. مېھمانلار ناشتىدىن كېيىن، كىيىملىرىنى ئالماشتۇرۇپ مەدرىسىنىڭ چوڭ سارىيىغا مېڭىشتى. سېدە، مەجنۇنتاللار قاپلاپ تۇرغان گۈللۈك قورۇ ئادەم بىلەن تولغان بولۇپ، ئۇلارنىڭ ھەممىسى دېگۈدەك سوئال - جاۋاب ئەنجۇمەنىنى ئاڭلاش ئۈچۈن كەلگەنىدى. ئادەملەر ئىككى قاتار تىزىلىپ شاھ، ۋەزىرلەرنى قارشى ئالدى. شاھىنشاھ شەمس تونۇغان - تونۇمىغان مويسىپىت زاتلار بىلەن كۆرۈشۈپ، قىرى - چۆرە، ئاجىزلاردىن ئەھۋال سوراپ ماڭاتتى. ئۇنىڭدا ھەرگىز شاھىنشاھلىق كىبىرى يوق ئىدى. بۇنىڭدىن ھەيرانۇ - ھەس بولغان ئادەملەر ئاپىرىن - تەھسىن ئوقۇيتتى. ئۇنىڭغا ئۇزۇن ئۆمۈر تىلەپ، دۇئالار قىلىشاتتى. ھەرخىل مۇلاھىزىلەرنى بەس - بەستە سۆزلىشەتتى، بىرسى:

— بۇ قېتىم پاكىزات چوقۇم يېڭىپ، مۇدەررىس ئەسمە بىلەن توي قىلىدۇ، — دېسە، يەنى بىرسى:

— ئەسمە: «مېنى يەڭگەن ئادەم بىلەن توي قىلىمەن، دېگەچكە بۇگۈن قەستەن يېڭىلىپ بېرىدىكەن»، - دەيتتى. يەنە كىمدۇر بىرى:

— قەستەن يېڭىلىپ بەرمىسىمۇ، پاكىزاتتەك كىتاب خالتىسى ئۇنى يېڭەلمەسمۇ؟ — دەپ كۆزلىرىنى ئالايتسا، قايسىدۇر بىر ھەزىلكەش:

— ئەسمەنىڭمۇ ئەرگە تەگكۈسى كەلگەندۇ؟ ئوقۇش - ئوقۇش دەپ يېشى يىگىرمىدىن ئېشىپ كەتتى، — دەپ خىرقىراپ كۈلەتتى ...

بۇ ئەسنادا، گۈلسۈمەن ئادەملەر توپى ئارىسىدا بىرسىنى تونۇغاندەك قىلدى ـ دە، قولىنى كۆتۈرۈپ ۋارقىرىدى:

ــ ئاۋۇت ئاكا! ... بۇ مەن، گۈلسۈمەن!

توپ ئارىسىدىن ئېگىز بوي، تەتۈر ئۇستىخان، ساقىلىنى ئەپچىل ياسىۋالغان 45 ياشلار ئەتراپىدىكى بىر ئادەم قايرىلىپ قارىدى. ئۇ گۈلسۈمەننى تونۇدى بولغاي يوغان ـ يوغان چامداپ يېتىپ كەلدى. ئۇ بېشىغا دوپپا، ئىچىگە ئاق كۆڭلەك كىيگەن بولۇپ، كالتە پەرەنجىسى ئۇستىدىن پوتا باغلىۋالغانىدى.

ــ ئەسسالامۇئەلەيكۇم مەلىكەم، ــ ئاۋۇت مەرگەن كۆزىگە ياش ئالدى، ــ سىلى مېنى قۇتقۇزۇۋالغاندىن بېرى، مانا كۈننىڭ سېرىقىنى كۆرۈپ يۈرۈۋاتىمەن. ئەمما سىلىنى كۆپ رىيازەت چەكتى دەپ ئاڭلايمەن.

ئاڭغۇچە ئۇلارنىڭ ئەتراپىغا شاھىنشاھ شەمس، ئابدۇل مۇلۇك، زىكرىيا زاھىت، ئەكبەر ئەلى، سۈمەننىسا، گۈلسۈمەن، ئايتۇرانلار توپلاندى. چۈنكى ئۇلار بۈگۈنكى «بەيگە»گە چۈشىدىغان يىگىتنىڭ مۇشۇ ئادەمنىڭ ئوغلى ئىكەنلىكىنى ئەسمەدىن ئاڭلىغانىدى.

ــ ئاۋۇت ئاكا، سويغان ماللارنىڭ تېرىلىرىنى، قوي، ئۆچكە، تۆگىلەرنىڭ يۇڭ، تىۋىتلىرىنى سېتىپ كىتاب ئالىدىغان «كىتاب خالتىسى» ئوغۇللىرى بۈگۈن «جەڭگاھ» قا چۈشىدىغان ئوخشىمامدۇ؟

ــ چىرايلىق مەلىكەم، بۇمۇ سىلىنىڭ تاتلىق لەۋزىلىرىدىن بولدى، ــ دېدى ئاۋۇت مەرگەن كۆكرىكىگە قولىنى قويۇپ، ــ سىلى مېنى «ئوبدان ئاتىكەنلا، ، ياخشى ئاتىكەنلا، سۇباتلىق ئاتىكەنلا ... » دەپ ماختاۋەرگەندىن كېيىن «بۇ كىتاب خالتىسىنى ئوقۇتسام بولغۇدەك» دەپ ھىراتقا ئەۋەتكەنىدىم.

قاراپ تۇرغانلار كۈلۈپ كېتىشتى. بېشىدىن نۇرغۇن ئىشلار ئۆتكەن گۈلسۈمەن، بەگزادە، ئابدۇنەبى، ئاۋۇت مەرگەنگە ئوخشاش ئاددىي ئادەملەر بىلەن بىللە ياشاپ، ئۇنىڭ ئادىمىيلىك خىسلەتلىرىنىڭ ئۇلۇغلاشقانلىقىنى ھېس قىلغان شاھىنشاھ شەمس، زىكرىيا زاھىت، ئەكبەر ئەلىلەر بۇنىڭدىن كېيىن ئاۋامدىن ئايرىلماسلىق، ئۇلارنىڭ دەردى - ھالىغا يېتىش، ئۇلارنى دوست تۇتۇشنى نىيەت قىلدى.

تۇيۇقسىزلا خاتىپ ① نىڭ «كىرىشكە ئىجازەت!» دەپ ۋارقىرىغان ئاۋازىدىن ھەممە مەدرىسىنىڭ ساراي ئىشىكى تەرەپكە قاراپ سىلجىشتى. ساراي سەيناسىغا گىلەملەر سېلىنغان بولۇپ، ئالدىنقى قاتاردا شاھ، ۋەزىر، ئەركانلار ئۈچۈن تاۋار - كۆرپىلەر سېلىنىپ، مامۇق ياستۇقلار قويۇلغانىدى. ئادەملەر بوسۇغا ئەتراپىدىكى پالازلارغا ئاياغلىرىنى شېلىپ ساراي سەيناسىدىن ئورۇن ئېلىشتى. ئاڭغۇچە سارايىنىڭ ئوڭ تەرىپىدىكى ئىشىكتىن ئەسمە، سول تەرىپىدىكى ئىشىكتىن پاكزات چىقىپ سورۇنغا كىرىپ كەلدى - دە، ئادەملەرگە قاراپ چوڭقۇر تەزىم قىلىشتى. ئولتۇرغانلارمۇ گۆررىدە ئورۇنلىرىدىن تۇرۇشۇپ ئېھتىرام بىلدۈرۈشتى. ئاندىن ئەسمە بىلەن پاكزات سورۇن مەيدانىنىڭ ئىككى تەرىپىدىكى كۆرپىلەردىن ئورۇن ئېلىپ بىر - بىرىگە قارىشىپ ئولتۇرۇشتى.

— سەپراس! ②

كەكە ساقال، چاقچانغىنا سەللە ئورىغان داموللام ③ ئىككى

① خاتىپ — ناتىق، خىتاب قىلغۇچى، سۆزلىگۈچى.
② سەپراس — سەپنى رۇسلاش، رەتلىك ئولتۇرۇش.
③ داموللام — دىنىي ئىلىم بويىچە بۇخارادا ئوقۇپ كەلگەنلەرگە بېرىلىدىغان دىنىي دەرىجە نامى.

قولىقىنى تۇتۇپ قاتتىق ۋارقىرىغانىدى، ئادەملەر ئورۇنلىرىدىن تۇرۇپ رەتمۇ رەت تىزىلىپ، بەدەشقاننى قۇرۇپ ئولتۇرۇشتى.

— هازىر ئەنجۇمەن باشلىنىدۇ. ئىككى پازىل[1] غا ئىھتىرام بىلدۈرۈپ، سالام بەجا كەلتۈرەيلى ...

داموللامنىڭ سۆزىدىن كېيىن قىزغىن ئالقىش سادالىرى ياڭرىدى.

ئاپپاق يىپەك كۆڭلەك ئۈستىگە قىزغۇچ جۇببە كىيىپ، بېشىغا چۈچىلىق، ناۋات رەڭ رومال ئارتقان ئەسمە يۈزىگە تور چۈمبەل تارتىۋالغانىدى. ئۇنىڭ بۇ تۇرقى خۇددى جەننەتتىن ھېلىلا ئۇچۇپ كەلگەن ھۆر - پەرىزاتلارغا ئوخشايتتى. چىناركەبى قامەتلىك پاكىزاتمۇ سارغۇچ چۈنچەندىن تىكىلگەن كەڭ - ئازادە كىيىملەردە، بەجايىكى رىۋايەتلەردىكى پەرھات، مەجنۇن، يۈسۈپلەرنى ئەسكە سالاتتى. ئۇ بېشىغا سۈس ھاۋا رەڭ سەللە ئورىۋالغان بولۇپ، ئۇنىڭغا ئورنىتىلغان قىزىل ياقۇت نەق ماڭلىيىدا يۇلتۇزدەك چاقنايتتى ... پاكىزات ئەسمەنىڭ ئۆمۈچۈك تورىدەك نازۇك چۈمبىلىدىن گىرىمسەن كۆرۈنۈپ تۇرغان ئاجايىپ كۆز، قاشلىرىغا، ھال رەڭ كىچىك لەۋلىرىگە پات - پات كۆز تاشلايتتى.

— شاھىنشاھ، شاھلىرىمىز، ۋەزىر - ۋۇزرا، ئۆلىمالىرىمىز ... ئاۋام خەلق قېرىنداش، قاياشلىرىمىز، — دەپ باشلىدى ئەسمە يېقىملىق ئاۋازدا، — ھەممىڭلارغا ئايانكى، بۈلتۈر ئېلىپ بېرىلغان ئەنجۇمەنگە قاتناشقان بىر شاھزادە ئەھدىسى بىلەن ئۆز دىيارىدا بىر مەكتەپ سالدى. يەنە بىر

① پازىل — (1) پەزىلەتلىك، تالانتلىق، بىلىملىك. (2) مەڭگۈلۈك.

سودىگەر يىگىت ئۆز يۇرتىدا 200 نامراتنىڭ بېشىنى سىلاپ، 11 يەرگە كۆۋرۈك سېلىپ ساۋاب ئالدى. ئىنساننىڭ ئالىي خىسلىتى ۋەدىگە ۋاپا قىلماقتا بىلىنىدۇر. بىزنىڭ بۇ «سوئال ـ جاۋابلىق» ئەنجۇمەنىمىز جان قىيىدىغان جاھالەت ئەمەستۇر! بەلكى ئاۋام ئۈچۈن ساخاۋەت ۋە شاپائەت داستىخانىنى كەڭ ئاچىدىغان ھىممەتلىك سائەتتۇر. ھەممىڭلارنىڭ مەندەك بىر ئاجىزەگە مەدەت ھەم ئىلھام بېرىشىڭلارنى ئۈمىد قىلىمەن.

قاتتىق چېلىنغان چاۋاك مەدرىسىنىڭ چوڭ زالىدا خېلى ۋاقىتچە داۋام قىلدى. ئەسمە پاكىزاتقا قاراپ سوئالىنى باشلىدى:

— ئەي يىگىت، نەدىن كەلدىڭىز؟

پاكىزات تەبەسسۇم بىشىنى كۆتۈرۈپ، تەرەددۇتلاندى:

— ئاتا ـ ئانامنىڭ مېھىر ـ مۇھەببىتىدىن، قىسمەتنىڭ رەھمىتىدىن كەلگەنلىكىم ئۆزىڭىزگە ئايان!

— نەگە بارىسىز، تۇرار يېرىڭىز قەيەردە؟

— ئاشىق كىشى ئۈچۈن يۇرتنىڭ يېتى يوق. ئەل ئوغلىغا ھەممە يەر ماكان، مەن سىزنىڭ ۋىسالىڭىزغا يەتكىلى كەلدىم!

— ئىنساننىڭ ئالىي پەزىلىتى نېمىدە؟ جاۋابىڭىز مېغىزلىق ھەم قىسقا بولسۇن.

— ئۆز بېشىغا كەلگەن قىيىنچىلىقتا، بالايى ـ بەتتەرلەرگە بەرداشلىق بېرىشتە ۋە ئۆز ئېلىگە، خەلقىگە، دوستىغا خىيانەت قىلماسلىقتا ...

— پۈتۈن دۇنياغا شاھلىق قىلغانلار بولغانمۇ؟

— بولغان، دۇنيا بىنا بولغاندىن بۇيان جاھان شاھلىرىدىن: سۇلايمان، ئىسكەندەر، نەمرۇت ۋە شەددەس قاتارلىقلار ئۆتتى.

بىراق ئىلىم ـ ھېكمەت جەھەتتە ياراتقان نېمەتلىرى بولمىغاچقا، دۇنيادا ئۇلارنىڭ قۇرۇق نامىلا قالدى، خالاس.

بۇ جاۋاب شاھەنشاھ شەمسىنى ئويلاندۇرۇپ قويدى. ئۇ ئېغىزىنى سىلاپ بېشىنى چايقىدى. بۇ چاغدا، زىكرىيا زاھىت ۋە ئەكبەر ئەلىمۇ قىزىرىپ يەرگە قارىدى. ئەسىمە سوئالىنى داۋام قىلدى.

— كىشىلەر قايسى ياخشىلىقتىن قاچىدۇ، قايسى يامانلىقنى سۆيىدۇ.

— خۇددى دېھقان يامغۇرنى چىللاپ، كېسەكچى يامغۇرنى تىللاپ ئۆتكىنىدەك، بۇ زىددىيەتكە تولغان ئالەمدۇر؟ بەزى كىشىلەر قار ـ يامغۇردىن ئىبارەت تەبىئەتنىڭ ياخشىلىقىنى يامان كۆرۈپ، ئارتۇق مال ـ دۇنيا، ھارام مەئىشەت، قۇرۇق پىتنە ـ پاساتنى سۆيىدۇ. بۇ ئومۇمىي ئادەتتۇر. سىزمۇ ئاۋامنىڭ قان ـ تەر بەدىلىگە كەلگەن خەزىنىڭىزنى سۆيىسىزغۇ!

— ئادەمنى پەسلەشتۈرىدىغان سۈپەت نېمە؟

— تەكەببۇرلۇق، مەغرۇرلۇق، ئالدىراڭغۇلۇق ۋە يالغانچىلىقتۇر.

— قانداق كىشى رەھىمدىل ۋە قانداق كىشى رەھىمسىز، پىخسىق بولىدۇ؟

— يوقسۇزلۇق، ئاچلىقنىڭ تەمىنى تېتىغان ھەرقانداق كىشى رەھىمدىل كېلىدۇ. دۇنياغا تويمىغان بايلار پىخسىقلىق ۋە بېغىللىقتا مەشھۇر، بۇ ئۆزىڭىزگىمۇ ئايان!

— دۇنيادا ئەڭ كەڭ نەرسە نېمە؟

— ئالەم بوشلۇقى ... شۇنداقلا پادىشاھلارنىڭ ئادالىتى،

ئالىملارنىڭ ئىلىم ـ ھېكمەتتىدىن ئارتۇق كەڭلىك يوق! ...

سارايدا چاۋاك بىردىنلا ياڭرىدى. پاكزاتنىڭ جاۋابى ياراپ كەتكەن شاھىنشاھ شەمس ئىختىيارسىز «يارايسەن!» دەپ ۋارقىرىۋەتتى. زىكرىيا زاھىت، ئەكبەر ئەلى شاھلارمۇ ھاياجانلىنىپ «بەرھەق!» دېگىنىچە قاتتىق چاۋاك چالدى. ئەسىمە ھاياجانلىق شاۋقۇن توختىغاندىن كېيىن سوئال سوراشنى داۋام قىلدى:

— دۇنيادا سانسىز ۋە چەكسىز نەرسە نېمە؟

— جانلىق سانسىز، ئالەم چەكسىزدۇر! ...

— ھاياتلىقنىڭ ئەۋزەللىكى نېمىدە؟

— ئىلىم ـ مەرىپەت، ھالال مېھنەت ـ پاك مۇھەببەتتە!

— تويماس نەرسە ئۇچراتتىڭىزمۇ؟

— ئۇچراتتىم! كۆز قاراپ تويمايدۇ، مۇھەببەتلىك كىشىلەر بىر ـ بىرىگە، ئوت ئوتۇنغا، ئالىم ئىلىمگە، باي مالغا، ئادەم ئۆمۈرگە تويمايدۇ ...

ئەسىمەنىڭ كۆڭلىدىن «بەللى ئەزىمەت!» دېگەن ئوي لىپ قىلىپ ئۆتتى. ئۇ ھاياجان ۋە جانلانغان ھالدا سوئالىنى داۋاملاشتۇردى:

— ئادەم نېمىدىن خارلىنىدۇ؟

— ھەممىگە ئايانكى، ئىلىم ـ مەرىپەتنى، ھۈنەرنى، ھالال ئەمگەكنى خورلىغۇچىلارنىڭ ئاقىۋەتتە ئۆزلىرى خارلىققا قېلىپ، ۋەيران بولۇشى مۇقەررەردۇر ...

— نېملەر بىر ـ بىرىدىن ئايرىلمايدۇ؟

— ساقلىقتىن ـ ئاغرىق، ھاياتلىقتىن ـ ماماتلىق،

توقلۇقتىن ـ ئاچلىق، خۇشاللىقتىن ـ خاپىلىق، بەختتىن ـ بەختسىزلىك، ئامەتتىن ـ ئاپەت مەڭگۈ ئايرىلمايدۇ ...

ـــ خىزمەت قىلىشتىن يانماسلىق كىمگە مەنسۇپ؟

ـــ بالا ئاتا ـ ئانا خىزمىتىدىن، مەرد ئەل خىزمىتىدىن، ئۆي ئىگىسى مېھمان خىزمىتىدىن يانمايدۇ ...

ـــ ئادەم نېمىدىن نومۇسقا قالىدۇ؟

ـــ چاقىرمىغان يەرگە بېرىش، يالغان بوھتان قىلىش، دۈشمەندىن ياردەم، بېخىلدىن ساخاۋەت تىلەش، ئادەمنى ئۆلۈمدىن ئارتۇقراق نومۇسقا ئېلىپ بارىدىغانلىقى شەكسىزدۇر!

ـــ ئەڭ ئېغىر نەرسە نېمە؟

ـــ غېرىبلىق، جۇدالىق، موھتاجلىق!

ـــ ئۇستازى يوق ھۈنەرۋەن بارمۇ؟

ـــ بار، مۇھەببەتلىك يۈرەك ئۇستازسىز ھۈنەرۋەندۇر!

ـــ نېمىلەر بايلىق ھېسابلىنىدۇ؟

ـــ تەننىڭ سالامەت بولۇشى ۋە خەلقنىڭ ھۆرمىتىگە سازاۋەر بولۇشتىن ئارتۇق بايلىق بولمىسا كېرەك! ...

ـــ ئادەمنىڭ يامان دۈشمىنى قايسى؟

ـــ ئەجىرسىز توپلانغان مال ـ دۇنيا تېپىلماس دۈشمەندۇر.

ـــ ئەي يىگىت «تەكرار قاپىيە ئېيتىشىش»قا مەيلىڭىز بارمىكىن؟ ...

ـــ بەيگىگە تەكەللۇپ كەتمەس، قېنى ئۆزىڭىزدىن كەلسۇن ...

ـــ ئەمىسە باشلىدىم، ئېيتىڭىز ھېرىپ قالمىسۇن، ھازىر جاۋاب بولۇڭ!

ـــ ئۆزىگە ئىشەنچ قىلمىغان چەۋەنداز ئېتىنى بەيگىگە

سالماس ...

سورۇن ئىچىدە كۆلكە كۆتۈرۈلۈپ، ھەممە ئىككى پازىلنىڭ ئىپتىشىشىغا تەقەززالىق بىلەن تىكىلدى. ئەسىمە تەمكىن ھالەتتە باشلىدى:

... ئالدامچى توغرا كەلمەيدۇ.
ياخشى ئادەم ئوغرى كەلمەيدۇ.
ئەل ئوغلىدىن قۇۋلۇق كەلمەيدۇ،
مەردتىن شۇملۇق كەلمەيدۇ ...

پاكىزات كۆلۈمسىرىگىنىچە سورۇن ئەھلىگە قارىۋېتىپ جاۋابقا تەرەددۇت قىلدى.

... ياماندىن ۋاپا كەلمەيدۇ،
ياخشىدىن جاپا كەلمەيدۇ.
ناداندىن پايدا كەلمەيدۇ،
تەلۋىدىن سالام كەلمەيدۇ.

— جاۋابىڭىزغا ئاپىرىن يىگىت، ئەمىسە ئاڭلاڭ!

... خەلق يولسىز كەلمەيدۇ،
سودىگەر پۇلسىز كەلمەيدۇ.
ئۆلگەن تىرىك كەلمەيدۇ.
زەھەرگە شېرىك كەلمەيدۇ.

... — باركاللا ئەمىسە ئايقىز، مېنى ئالدىرىتىپ قويمىدىغانلىقىڭ ئۈچۈن رەھمەت. ئەمدى سۆز قىل. قويدىغاندەك تۇرىسىز، ئەمىسە قۇلاق سېلىڭ:

... چىرايلىق پىلىكسىز كەلمەيدۇ،
ھاياتلىق يۈرەكسىز كەلمەيدۇ.
ئاسمان ئايسىز كەلمەيدۇ،
ئادەم غايىسىز كەلمەيدۇ.

سورۇن ئەچىدە «پاھ، پاھ، ئىككىسىلا بىر ـ بىرىدىن قېلىشمايدىكەن» دېگەندەك گەپلەر ئاڭلاندى. ئاڭغۇچە ئەسىمە ئېيتىشىشنى داۋام قىلدى:

... بىلىم جاپاسىز كەلمەيدۇ،
نەتىجە خاتاسىز كەلمەيدۇ.
ئامەت ئەجىرسىز كەلمەيدۇ،
سەۋر ـ تاقەت دەرمانسىز كەلمەيدۇ ...

پاكىزات ئۇنىڭغا ئۇلاپلا مۇنداق دېدى:

... ئاتا ـ ئانا مېھىرسىز كەلمەيدۇ،
زېرەك پەمسىز كەلمەيدۇ.
ئىنسان غەمسىز كەلمەيدۇ،
ئەدەپ ـ ئەخلاق كىبىرلىك كەلمەيدۇ.

ئەسىمە دەرھاللا مۇنداق جاۋاب قايتۇردى:

... غەيرەتسىز تەدبىرلىك كەلمەيدۇ،
قۇرۇق سۆزدىن بەخت كەلمەيدۇ.
ھۇرۇنغا ۋاقىت كەلمەيدۇ،
پۇشايماندىن شادلىق كەلمەيدۇ.

پاكىزات مۇنداق دېدى:

... ھىممەتلىك ئادەم يامان كەلمەيدۇ،
قۇرۇق خىيالدىن دەرمان كەلمەيدۇ.
شەپقەتسىز ئىناۋەت كەلمەيدۇ،
شەرەپسىز ھۆرمەت كەلمەيدۇ.

ئەسمە:

... ئادالەت يولى تار كەلمەيدۇ،
چىراغ نۇرى قارا كەلمەيدۇ.
ھەسەل ئاچچىق كەلمەيدۇ،
نەسىھەت تاتلىق كەلمەيدۇ،
غەپلەتتىن شادلىق كەلمەيدۇ.

پاكىزات:

... مۇڭگۇزسىز كالا كەلمەيدۇ،
كۆڭۈللۈك ئىش چالا كەلمەيدۇ،
ھوشيارغا بالا كەلمەيدۇ،
مەست ئادەمگە سالا كەلمەيدۇ.

سورۇندا بىردىنلا كۈلكە كۆتۈرۈلدى، ئەسمە داۋام قىلدى:

... مۈلايىملىق ئاجىزلىقتىن كەلمەيدۇ،
ئېغىر ـ بېسىق دۆتلۈكتىن كەلمەيدۇ.
دوست كۆپ بولسا كۆپ كەلمەيدۇ،
يالغۇز دۈشمەن ئاز كەلمەيدۇ.

پاكزات ئەڭ ئاخىرقى جاۋابقا ھازىرلاندى:

... ھەممە كۈلكە ئويۇندىن كەلمەيدۇ،
شان ـ شەرەپ مال ـ دۇنيادىن كەلمەيدۇ.
غەرەزلىك دوست مەڭگۈلۈك كەلمەيدۇ،
ھۈنەر ـ ئىلىم ئەقىلسىزدىن كەلمەيدۇ ...

ئەسمە بىلەن پاكزاتنىڭ ئېيتقان ئېيتىشىشلىرى سان جەھەتتىن تەڭ، مەزمۇن تەرەپتىنمۇ چوڭقۇر مەنالارغا ئىگە ئىدى. ئۇلارنىڭ ھەر ئىككىلىسى ئورۇنلىرىدىن تۇرۇپ بىر ـ بىرىگە سالام بەجا كەلتۈردى. سورۇن ئەھلى ئۇزۇنغىچە ئالقىش ياڭراتتى.

ـــ شاھىنشاھ، شاھلىرىمىز، ۋەزىر ـ ۋۇزرا ئۆلىمالىرىمىز، ئاۋام ـ پۇقرا، قاياشلىرىمىز، ـــ دېدى داموللام سورۇن مەيدانىغا چىقىپ، ـــ ھەممىمىز ھويلا ـ ئارام، باغلىرىمىزدا بىردەم ـ يېرىمدەم ئارام ئالساق، ئاندىن ئەنجۈمەنىمىزنىڭ داۋامىنى ئاڭلىساق.

مەدرىسىنىڭ قورۇسى ئىنتايىن چوڭ، ئازادە بولۇپ، تۆۋەن

ئەتراپىدىكى دۆپدۆگىلەك سېدە، مەجنۇنتال بەجايىكى قويۇق ئورمانىنى ئەسكە سالاتتى. ئۇ يەر، بۇ يەردىكى گۈل تەكچىلىرىدە نادىر ـ ئەتىۋارلىق گۈللەر ئېچىلىپ كەتكەنىدى. ئىككىدىن، ئۈچتىن توپلىشىۋالغان تالىپلار ۋە تالىپەلەر گۈلخانىلار ئىچىدە، دەرەخ سايىلىرىدا نېمىلەرنىدۇر يادلىشاتتى، تالاش ـ تارتىش قىلىشاتتى. شاھىنشاھ شەمس، زىكرىيا زاھىت، ئەكبەر ئەلى، ئابدۇل مۆلۈك، سۈمەننىسا، گۈلسۈمەن، ئايتۇران قاتارلىق بىر توپ مېھمانلار ئالا كۆلەڭگىلەر تىترەپ تۇرغان مەجنۇنتاللار ئاستىدا ئايلىنىپ يۈرەتتى. ھويلىنىڭ ئىككى تەرىپىدىكى بىر ـ بىرىگە قارىشىپ تۇرغان تالىپ ۋە تالىپەلەرنىڭ ساۋاق بىنالىرى تولىمۇ ھەيۋەتلىك بولۇپ، ئۇنىڭ ئۈستىدىكى چوڭ ـ كىچىك گۈمبەزلەر كۈن نۇرىدا ئالتۇندەك چاقنايتتى. تىك كۆتۈرۈلگەن پەشتاقلارنىڭ ئىككى تەرىپىگە تىزىلغان تەشتەكلەردىكى گۈللەردىن مۇشك ـ ئەنبەر ھىدلىرى گۈپۈلدەپ پۇراپ تۇراتتى. مېھمانلار ئايلىنىپ ئاپپاق رىشاتكا بىلەن قورشالغان مەدرىس بېغى ئالدىغا كېلىپ قالدى. ئۇنىڭ ئوچۇق تۇرغان يېشىل دەرۋازىسىدىن راسا بۇلاقتا يەتكەن ھەرخىل مېۋىلىك كۆچەتلەر كۆرۈنۈپ تۇراتتى. يوپۇرماقلار ئارىسىدا خۇددى تارتىنچاق قىزلاردەك مارىشىپ تۇرغان ئالما، ئانار، نەشپۈت، بېھى، ئامۇتلار خۇددى مەرۋايىت، كەھرىۋالاردەك يالتىراپ، كۆزنىڭ يېغىنى يەيتتى.

ئەسىمە بىلەن پاكزاتنىڭ ئۆگەنگەن ئىلىملىرىنىڭ كەڭ ھەم مۇپەسسەل بولغانلىقى، پىششىق مەلۇماتلىق پازىللاردىن بولۇپ يېتىلگەنلىكى ھەققىدە پاراڭلىشىپ كېلىۋاتقان مېھمانلار يېشىل

دەرۋازا ئالدىغا كېلىپ قالدى. ئۇلار باغقا كىرمەكچى بولغانىدى. لېكىن خاتىپنىڭ: «ئەنجۇمەن باشلانماقچى» دەپ بەرگەن خەۋىرىدىن كەينىگە ياندى.

— ئەسمە قىز بىلەن پاكزاتنىڭ بىر - بىرىنى يېڭىشكە زادىلا كۆزۈم يەتمىدى، — دېدى زىكرىيا زاھىت شەمىسكە قاراپ، — سوئال - جاۋاب ئەنجۇمەنى مۇشۇنداق داۋام قىلسا، نەچچە كۈن، نەچچە ئايلاردا تۈگىشىنى مۆلچەرلىمەك تەس ...

— بۇ ئەنجۇمەندە يېڭىش - يېڭىلىش ئىشى مەۋجۇت ئەمەس، — دېدى شاھىنشاھ شەمىس، — ئۇلار ھىراتتا تەمسىل قىلغان ئىلىمنى نامايان قىلدى. مۇشۇنىڭ ئۆزى ئەۋلادلار ئۈچۈن غەنىيمەتتۇر!

— ئۇنداقتا «ئەسمە بۇ قېتىم قەستەن يېڭىلىپ بېرىپ، پاكزات بىلەن توي قىلماقچىكەن» دېگەن گەپلەرچۇ؟

— ئېھتىمال شۇنداقتۇ، — شاھىنشاھ ئويلاندى، — ئەمما ھەر ئىككىسىنىڭ بىرسى يېڭىلسۇن - يېڭىلمىسۇن، مەن بۇ قېتىم ئۇلارنىڭ توينىنى مۇشۇ تاشئات دىيارىدا قىلىۋېتىمەن. قانداق زىكرىيا زاھىت شاھىم، ئاۋامغا توي بەرگۈدەك كۈچ - مادارلىرى بارمۇ؟

— باش ئۈستىگە شاھىنشاھ ئالىيلىرى، غەزىنەم قۇرۇپ كەتسىمۇ، سىلىنىڭ ئارزۇلىرى يولىدا جېنىم تەسەددۇق:

— تاشئات دىيارىدىكى ئاۋامغا 40 كۈن توي بېرىپ، راسا يايرىتىمىز، — دېدى شاھىنشاھ كۈلۈپ تۇرۇپ، — لېكىن كۆڭۈللىرى ئەمىن بولسۇنكى، قىلغان چىقىملىرىنى باغدادتىن ئۈن ھەسسە ئارتۇق ئەۋەتىپ بېرىمەن ...

— ئاللا سىلىگە قوياشتەك ئۆمۈر ئاتا قىلغاي، ھىممەت ئاسمانلىرىنى ھەرگىز بۇلۇت قاپلىمىغاي!

ھەممە مەدرىس چوڭ سارىيىغا كىرىپ، ئورۇنلىرىغا بېرىپ ئولتۇرۇشتى. ئەسىمە بىلەن پاكزات بايىقىدەكلا بىر - بىرىگە قاراپ ئولتۇرۇشاتتى. ئۇلارنىڭ ئالدىدىكى تالىما داستىخاندا، كۆمۈش پەتنۇس، چەينەك - پىيالە بولۇپ، تاتلىق - تۈرۈملار تىزىلغانىدى. ھەممىنىڭ تولۇق كېلىپ بولغانلىقىغا ئىشەنگەن خاتىپ سورۇن ئوتتۇرىدا سۆزىنى باشلىدى:

— ھۆرمەت ۋە ئىززەت ساھىبلىرى بولغان ئۇلۇغلار ۋە مۆتىۋەرلەر، — دېدى خاتىپ ئوڭ قولىنى كۆكسىگە قويغان ھالدا، — ھازىر دانا پازىل پاكزات تەقسىر، دانىشمەن قىز ئەسىمە ئايىمغا سوئال تاشلاش بىلەن ئەنجۈمەننى باشلايدۇ ...

خاتىپ سورۇندىن چىقىپ كەتكەندىن كېيىن پاكزات ئورنىدىن تۇرۇپ ئولتۇرغانلارغا، ئاندىن ئەڭ ئالدىدىكى شاھىنشاھ، شاھ ۋە ۋەزىر، ئۆلىمالارغا چوڭقۇر تەزىم قىلىپ سالام بەجا كەلتۈرگەندىن كېيىن، جايىغا بېرىپ ئولتۇردى. ئۇ ئەسىمەگە «ئەپۇ قىلغايسىز» دېگەندەك بېشىنى سۇس ئېگىپ قويۇپ، تەبەسسۇم قىلغىنىچە سوئالىنى باشلىدى.

— ھۆرمەت ۋە ئىپتىخار ساھىبى ئەسىمە خېنىم، پادىشاھلار نېمە بىلەن ئۇلۇغلىنىدۇ؟

— ئادالىتى، ئاۋامغا بولغان ساخاۋىتى ھەم ھەقىقەت يولىنى تۇتۇش بىلەن.

— پادىشاھ قانداق ئىشتا زاۋال تاپىدۇ؟

— نەپسانىيەتچىلىك ھەم زۇلۇم سېلىش بىلەن ...

— قانداق كىشى ئەڭ كۈچلۈك بولىدۇ؟
— ئەھلى بىلىملىك كىشى.
— قايسى ئىش پۇقرالىرىنى پادىشاھتىن يۈز ئۆرۈتىدۇ؟
— تەسلىمچىلىك، ئۆزىنى خورلىغان دۈشمىنى بىلەن مۇرەسسە - مادارا قىلىش.
— قانداق كىشى جېنى چىقماي تۇرۇپ ئۆلىدۇ؟
— يالغانچى ھەم خەلق تۈكۈرۈپ تاشلىغان ئاسىي، خائىن، چېقىمچىلاردۇر!
— قانداق ئادەم ئاسان قېرىيدۇ؟
— خوتۇنى ئۇرۇشقاق ئەر، ئېرى يالغانچى خوتۇن!

سورۇندا بىردىنلا كۈلكە كۆتۈرۈلۈپ، ئادەملەر ئۆزئارا نېمىلەرنىدۇر دېيىشىپ كەتتى. خاتىپ ئۇلارنى تەرتىپكە چاقىرغاندىن كېيىنلا سورۇن جىمىدى. پاكزات سوراشنى داۋاملاشتۇردى:
— نېمىنىڭ كۆزى گۆر توپىسىدىن باشقا نەرسىدە تولمايدۇ؟
— ھەسەتخورنىڭ!، — جاۋاب بەردى ئەسىمە.
— جاۋابىڭىز تولىمۇ دەل بولدى، — دېدى پاكزات مەجنۇن بولغان ھالدا، — شۇڭا دانالىرىمىز:

ھەسەت ھەممە ئىللەت، نۇقساندىن يامان،
ھەسەت ئەھلى بارچە ياماندىن يامان ...

دەپ شەرھلىگەن. ھەسەتخورنىڭ قورالى پىتنە بىلەن تۆھمەت ئىكەنلىكى شۈبھىسىزدۇر! شۇنداق ئىكەن، بۇ مەرەزنى تىللاپمۇ، قاغاپمۇ ھېچ ئامال قىلالمىدۇق. قانداقمۇ قىلارمىز؟
— سىزنىڭ بۇ سوئالىڭىزغا دانالارنىڭ مۇنۇ ھېكمەت

جەۋھەرلىرى جاۋاب بولارمىكىن دەيمەن:

ھەسەتخورغا ھاجەتسىز تىلىمەك بالا،
چۈنكى بۇ شۇم تەلەي، ئۇنىڭ ئىلكىدە.
شەرت ئەمەس ئاداۋەت تۇتماقلىق ئاڭا،
ھەسەت ئۆز رەقىبى يۈرگەن كەينىدە ...

مەيداندا بىردىنلا گۈلدۈراس ئالقىشلار ياڭرىدى. ئەسىمە بېيىتنىڭ مەنتىق يەكۈنىنى يەشتى:

— خۇلاسە كالام شۇكى، ھەسەت «ھەسەتخورنىڭ ئىچىنى قۇرتتەك يەپ، ئەجىلىنى ئۆزى چىللاپ كەلگۈسىدۇر! ...»

— ئادەملەردىكى ئەڭ يامان دەپ قارىغان ئىشلىرىڭىز قايسى؟

— ئەۋلىيا، ماشايىقلىرىمىز: «ئىككى يۈزلىمە ئادەمنى مۇناپىق» دەپ ئېيتقان. شۇڭا ئۇلار «مۇنداق ئادەمگە يېقىن كەلمە. يەتتە باشلىق ئەجدىھادىن قورقما. ئەمما سۆز توشۇغۇچى مۇناپىقتىن قورق، چۈنكى ئىككى يۈزلۈك مۇناپىقنىڭ بىر نەپەستە تۇغدۇرغان پىتنىسىنى بىر يىلدا ھەتتا بىر ئۆمۈر تۈگىتىشكە، تىنچىتىشقا بولمايدۇ ... » دەپ نەسىھەت قىلغان. شۇڭا ئىنساندىكى ئەڭ يامان جىنايەتكار ئىللەت ئىككى يۈزلىمىلىكتۇر!

— دۇنيادا ھەممە نەرسە ئۇنتۇلىدۇ. ئەمما ئۇنتۇلمايدىغان نەرسىلەرمۇ بارمۇ؟

— دۇنيادا ئاقىلانە سۆز ۋە ياخشى نامدىن باشقا ھەممىسى ئۇنتۇلىدۇ.

— قانداق زەربىنىڭ جاراھىتى بولماس؟ — سورىدى پاكزات.

— ھەقىقەت ئۈچۈن يېگەن تاياقنىڭ يارىسى بولماس!

— شۆھرەتپەرەسلىك ساختىلىقنىڭ مەھسۇلىدۇر، دېيىلىدىكەن. بۇنى يېشىپ بېرەلەمسىز؟

— بىر كىشىنىڭ شۆھرەتپەرەسلىكى ئۇنىڭ دۆتلۈك دەرىجىسى بىلەن تەڭ بولىدۇ! ...

سورۇندا بىر قىسىم كىشىلەر پاراققىدە كۈلۈشتى. لېكىن بەزى شاھ، ۋەزىرلەر ھەم پوچى، مەمەدان، پوپاڭلار قىزىرىپ يەرگە قاراشتى. پاكزات ئۆزىمۇ كۈلۈۋېتىپ سوئالىنى داۋام قىلدى:

— ئادەمنىڭ ئۆمرىنى ئۇزارتقىلى بولامدۇ؟

— ئادەمنىڭ ئۆمرى قىسقا بولىدۇ. ئەمما بۇ قىسقا ئۆمرىنى پەسكەشلىك بىلەن ئۆتكۈزسە بەك ئۇزۇن تۇيۇلىدۇ ...

— گاس ھەم گاچىلار راۋان ئاڭلىيالايدىغان سۆزمۇ بارمىدۇ؟

— بار، «مېھرىبان» لىق گاس ئاڭلىيالايدىغان، گاچا چۈشىنەلەيدىغان سۆزدۇر! — دېدى ئەسمە سالماق بىلەن.

— قانداق كىشىلەر ئۆزىدىن قانائەت تاپماي ئۆتۈپ كېتىدۇ؟

— ئۆزىدىن قانائەتلەنمەسلىك ھەقىقىي ئەھلى - ئىلىم تالانتلىرىنىڭ تۇپ ئالاھىدىلىكىدۇر!

— قانداق قىلغاندا ئاۋامنىڭ قەلبىدىن ئورۇن ئالغىلى بولىدۇ؟

— شاھ، ۋەزىر، ئۆلىما، دانالىرىمىز كەمتەر بولمىقى جايىزدۇر. بىزنىڭ ھەسسىلەپ كەمتەر بولغان چېغىمىز

ئۇلۇغلۇقـقا ئەڭ يـېقىنلاشـقان چېغـىمىزدۇر. ئـاۋامىۇ ئـۇنـداق كىشىلـەرنى بېشىغا ئېلىپ كـۆتۈرىدۇ، ئەۋلادتـىن ـ ئەۋلاتقا تىللاردا داستان قىلىدۇ ...

ـــ قوشكېزەك قېرىنداشلاردىن ئـۆزگە، يەنە قـانداق غەيرىـي قوشكېزەكلەرنى بىلىسىز؟ ـــ سورىدى پاكزات.

ـــ كۈلكە بىلەن يىغا، خۇشاللىق بىلەن غەم ـ قـايغۇ، پايـدا بىلەن زىيـان بىر قورسـاقتـىن چـۈشكەن قـوشـكېزەك ئـاكـا ـ ئۇكىلاردۇر!

ـــ تىرىك گۆرگە كىرگەنلەرنى ئۇچراتتىڭىزمۇ؟

ـــ ئۇچراتتىم ... مەرىپەت قوينىدا تۇرۇپ بىلىمسىز قېلىش تىرىك تۇرۇپ گۆرىدە ياتقان بىلەن باراۋەردۇر!

ـــ دۇنيادا قايتۇرۇپ ئالغىلى بولمايدىغان ئىشلارمۇ بارمۇ؟

ـــ تۆت نەرسـىنى قايـتۇرۇپ بولمـايدۇ: دېيىلـگەن سـۆزنـى، ئۆتكەن ئىشنى، ئېتىلغان ئوقنى، بېسىپ ئۆتكەن ئۆمۈرنى ...

ـــ كىشىنىڭ ھۆرمەت ـ ئېتىبارىنى يۇقىرى كـۆتۈرىدىغـان ئىشلار قايسىدۇر؟، ـــ دېدى پاكزات جىددىي تەلەپپۇزدا.

ـــ تـۆت نەرسە كىـشىگە سـائادەت كەلتـۈرىدۇ: توغـرا سـۆز، كەمتەرلىك، ھالال كەسىپ، ھۈنـەر ئۈچۈن قىـلىنغـان مېھنـەت، سىر ساقلاش.

ـــ ئەخمەقلىقنىڭ ئەندازىسى بارمىدۇ؟

ـــ تۆت نەرسە ئەخمەقـلىقنـىڭ دەلىلـىدۇر: ئۆزىگـە تەمەننـا قويۇش ۋە تەكەببۇرلۇق، باشقىلارنىڭ ئەيىبىنى كـولاش، بېخىـل ۋە مۇناپىق ئادەملەردىن ئۈمىدۋار بولۇش ...

— قانداق ئىش ھۆكۈمرانلارنىڭ، بايلارنىڭ ئابرۇيىنى ئۆستۈرىدۇ؟

— نامرات ۋە ئاجىزلارنىڭ بېشىنى سىلاش، ئۇلارغا ئاسايىشلىق يارىتىپ بېرىش قاتارلىق ئىشلار، — تېزلا جاۋاب بەردى ئەسمە.

— قايسى ئىش ئادەملەرنى كىشىلەردىن يىراقلاشتۇرىدۇ؟

— غەممازلىق! ①

— قانداق قىلغاندا سودىگەر روناق تاپىدۇ؟

— باھادا ئادىل بولغاندا.

— قانداق ئىش سودىنىڭ بەرىكىتىنى قاچۇرىدۇ؟

— ھارام سودا.

— قانداق ئادەم ھەقىقىي بولىدۇ؟

— ئۆز ئىلىگە سادىق ئادەم!

— قانداق كىشى دوستلۇققا يارىمايدۇ؟

— دوستىنىڭ سىرىنى ئاشكارىلايدىغان كىشى.

— ئىنساننىڭ پەزىلىتى نېمە بىلەن ئۆلچىنىدۇ؟

— ئەخلاق بىلەن.

— قايسى ئىشنىڭ چېكى يوق؟، — پاكىزاتىنىڭ سوئالى تېزلەشمەكتە ئىدى.

— ئەل ئۈچۈن خىزمەت قىلىشنىڭ ...

— دۇنيانى نېمە قېرىتىدۇ؟

— پىتنە ـ ئىغۋا.

— ئادەم ئۈچۈن ئەڭ قايغۇلۇق كۈن قايسى؟

— ئۆزى ياخشى كۆرگەن نەرسىسىدىن ئايرىلغان كۈن!

---

① غەمماز — چېقىمچى، ئوتقۇيرۇق.

— قانداق ئىش ئادەمنىڭ يۈزىنى چۈشۈرىدۇ؟
— ئاچكۆزلۈك، يۈزى قېلىنلىق!
— قانداق تاماق ئەڭ لەززەتلىك؟
— ئۆزى ئەجىر سىڭدۈرۈپ يېگەن تاماق.
— ئادەم نېمە بىلەن ئۇلۇغلىنىدۇ؟
— يېڭىلىق يارىتىش بىلەن.
— ئادەمنى نېمە زەئىپلەشتۈرىدۇ؟
— خۇراپىيلىق، — ئەسمەنىڭ ھازىر جاۋابلىقى ھەممىنى تاڭ قالدۇرماقتا ئىدى!
— قانداق كىشى ئەڭ ئېسىل كىشىلەردۇر؟
— ۋەدىسىگە ۋاپا قىلغان كىشىلەر! ...

... پاكزات ئورنىدىن تۇرۇپ: «ۋاقىتلىق ماڭا ئارام، ئەمدى نۆۋەت سىزنىڭكى» دېگەن بېشارەت بېرىپ تەزىم بەجا كەلتۈردى ـ دە، ئورنىدا ئولتۇردى. سورۇندا چېلىنغان چاۋاك ئۇزۇنغىچە توختىمىدى. كىشىلەر: «ياپىرىم ... »، «يا ھەزرەت»، «ئەلھەزەر» دېيىشىپ كۇسۇرلاشتى. ئەسمە: «توۋا، پاكزات تىغىدەك ئېتىكلىشىپ كېتىپتا. ھېراتتا ئۇنىڭ بۇنچىلىك ئىستېداتىنى ئەجەب سەزمەپتىمەنكەن. مېنىمۇ تەمتىرىتىپ قويغىلى تاسلا قالدى ... » دېگەنلەرنى كۆڭلىدىن ئۆتكۈزدى. بۇ ئەسنادا خاتىپ سۆز باشلىدى:

— ئەمدى ھەر ئىككى تەرەپ قىسقا، ئىخچام ۋە مەزمۇنلۇق سوئاللار ئارقىلىق ئەنجۇمەن بەيگىسىگە چۈشىدۇ، — خاتىپ ئەسمەگە قايرىلدى، — ئەمىسە ئەسمە ئاي خېنىم ئۆزلىرىدىن كەلسۇن!

— پاكىزات تەقسىر، — دېدى ئەسمە سەل ئېگىلىپ، — سىزدىن كۆڭۈلگە تالىق بىرقانچە سوئال سورىسام ئىجازەتمىكىن؟

— سوراڭ، بۇ ياخشىلىقتىن بېشارەت ...

سورۇندىكىلەر پاكىزاتنىڭ چوڭقۇر مەنىلىك سۆزىدىن كۆلۈشتى. ئەسمە «ھۇجۇم»نى باشلىدى:

— ئادەمنىڭ ياشىشى نېمە بىلەن مەنالىق ھەم شېرىن بولار؟

— مۇھەببەت بىلەن.

— مۇھەببەت دېگەن نېمە؟

— ئىككى يۈرەك چىن دىلىدىن بىر - بىرىگە تەلپۈنمەك!

— مۇھەببەتنىڭ ئاچقۇچى نېمە؟

— ۋاپا قىلماق، ۋاپا ۋە مۇھەببەت ئۇلۇغ روھىي قۇدرەتتۇر.

— قانداق مۇھەببەت ئەڭ ساپ بولىدۇ؟

— ھەر ئىككى تەرەپ بىر - بىرىنى ياخشى كۆرگەن مۇھەببەت!

— قىز - يىگىتلەرنىڭ مۇھەببىتىنى نېمە ئاجىزلاشتۇرىدۇ؟

— ئېغىر تويلۇق، بىر - بىرىگە ئىشەنمەسلىك.

— ئائىلە قانداق بولغاندا روناق تاپىدۇ؟

— ئەر - ئايال ئىناق بولغاندا.

— ئايالالار ئۈچۈن ئەڭ مۇقەددەس ئىش قايسى؟

— ئىپپەت - نومۇسىنى ساقلاش.

— ئايالالارنى نېمە چاكىنىلاشتۇرىدۇ؟

— ھەددىدىن ئارتۇق شاللاقلىق، ئورۇنسىز كۈلكىسى كۆپ بولۇش.

— پاكزات تەقسىر، ئەمدى سىزدىن كەلسۇن؟

— ئىلتىپاتىڭىزغا تەشەككۇر، ئەمىسە باشلىدىم، — پاكزات تەمكىن ھالدا سوئالىنى باشلىدى، — مەملىكەتنى نېمە خارابلاشتۇرىدۇ؟

— بىھۇدە ئۇرۇش قىلىش.

— قانداق ئۇرۇش ئاسان مەغلۇپ بولىدۇ؟

— ناھەق قان تۆكىدىغان ئۇرۇش.

— قانداق نەرسە ئادەمنى ئاسان خورىتىدۇ؟

— ئادەمنى ئاسان خورىتىدىغان تۆت نەرسە بار: بىرىنچىسى قىمار، ئىككىنچىسى شاراپ، ئۈچىنچىسى ئوغرىلىق، تۆتىنچىسى يالغانچىلىق.

— پادىشاھلار قانداق قىلغاندا ئادىل پادىشاھ بولالايدۇ؟

— پادىشاھنىڭ قازىسى ئادىل بولغاندا.

— دۇنيانىڭ تۈۋرۈكى نېمە؟

— ھەقىقەت!

سورۇندا كۆتۈرۈلگەن ئالقىش سادالىرى ئۇزۇنغىچە داۋاملاشتى. ئەسىمە ئورنىدىن تۇرۇپ مېھمانلارنىڭ ئالقىشىغا جاۋابەن چوڭقۇر تەزىم قىلغاندىن كېيىن سۆزىنى باشلىدى:

— پاكزات تەقسىر، بۇ چاققىچە سەككىز تۈرلۈك ئىش ھەققىدە كۆپ ئىزدەنگەن بولسامۇ، كۆڭلۈمدە يەنىلا غۇۋالىق ھېس قىلىمەن. ئېنىقراق ئىزاھ بېرىپ ئۆتسىڭىز؟

— سىزگە مەۋھۇم بولغان ھايات ھادىسىلىرى، سىز بىلمەيدىغان تاسادىپىيلىقلار تولىمۇ ئاز بولسا كېرەك ... ، —

پاكزات لەپپىدە قارىدى، — ئۆزۈمگە ئايانكى، سىز مېنىڭ بېشىمنى سىلاپ تۇرۇپ، بىلىكىمنى جەھلىڭىز بىلەن چىمداۋاتىسىز ...

ئولتۇرغانلار بىردىنلا گۈررىدە كۈلكە كۆتۈرۈۋەتتى. ئەسىمەمۇ ئىختىيارسىز ئاغزىنى تۇتۇپ كۈلۈۋەتتى. سورۇن قىزغىن كەيپىياتتا جانلاندى.

— قېنى باشلاڭ، ئەسىمە خېنىم، — پاكزاتمۇ كۈلۈۋەتتى، — بىر كەلىمە ھەزىل قىلدىم، كۆڭلىڭىزگە ئالماسسىز؟

— ئەلھەزەر [1]، سىزدىن ھېچنېمە قېچىپ قۇتۇلمىغۇدەك، ئەمىسە باشلىدىم، — ئەسىمە بىردەم تىنىۋالدى، — ئادەم ئارزۇنىڭ قۇلى دېيىلىدىكەن. سىز قانداق قارايسىز؟

— ئارزۇلار ئۇلۇغدۇر، ئەمما ئىنسان بالىسى چاپسان ئۆتۈپ كېتىدىغان پەس ئارزۇ - ھەۋەسلەرگە ئويۇنچۇق بولماسلىقى كېرەك ... بۇ ئۇنى بىر ئۆمۈر داغدا قويىدۇ.

— يامانغا يانتاياق بولۇشنىڭ ئاقىۋىتى نېمە بولۇر؟

— كىمكى زالىمغا مەدەت بەرسە، تەڭرى ئۇنى شۇ زالىمنىڭ قولى بىلەن ھالاك قىلىدۇ ...

— ھاياتلىقتا نېمىدىن بىزارسىز؟

— نە سۆزلىرىدە مەنە يوق، نە ئىشلىرىدا ھايا يوق كىشىلەردىن ...

— بەختكە تەبىرىڭىز بارمۇ؟

— ھاياتلىقتا بەخت دېگەن نەرسە باشقىلارنىڭ خۇشاللىقىنى كۆرۈش بولسا، مانا شۇنداق بەختنىڭ قۇلىمەن.

— «سەۋەنلىك ئادەمنىڭ يۈزىنى سۆرۈن قىلار» دېيىشىدىكەن، سىز چىچۇ؟

[1] ئەلھەزەر — خۇدا ساقلىسۇن.

— ئەيىب قىلىشتىن كۆرە، ئەيىبىنى ئىقرار قىلماسلىق يامان. ھەممىمىزدىمۇ نۇقسان بار. ئۇنداق بولمىغان بولسا، بىزلەر پەرىشتە، ئالەم جەننەت بولار ئىدى!

— ئاۋام ئارىسىدىكى غەليان، غەۋغا، توپىلاڭلارنىڭ مەنبەئى نېمىدۇر؟

— تەئەسسۇپكى، شاھنىڭ ئويلانماي چىقارغان پەرمانى ۋە ئەل ئارىسىغا سالغان تەپرىقچىلىك، نىزالىرىدۇر. ئاۋام ئادالەت ۋە پەزىلەتكە موھتاجدۇر!

— ئاتا پەرزەنتىنى ئالىقىنىدا چىڭ سىقىپ قاتتىق باشقۇرۇشى كېرەكمۇ ياكى ئازادە قويۇۋېتىپمۇ؟

— تولىمۇ قاتتىق قوللۇق بىلەن باشقۇرۇلغان بالا قورقۇنچاق ھەم پىكىرسىز كېلۇر. بەك يايراپ چوڭ بولغىنى لايغەزەل، نانقېپى، ناباب بولۇر، شۇڭا ئاتا پەرزەنتىگە بالىلىقىدىن باشلاپ ياخشى تەربىيە بېرىپ، ھۆسن - ئەخلاقلىق، ئىلىم مەستانىسى قىلىپ ئۆستۈرۈشى كېرەككى، شۇندىمۇ پەرزەنتىنىڭ قىزىقىش - ھەۋەسلىرىگە سەل قارىماسلىقى لازىمدۇر. غۇبارسىز ۋاقتىدىكى ئىنتىلىش، ئىشتىياق كىم بىلىدۇ، تەڭرى ئۇنىڭ كۆڭۈل بوستانلىرىغا تاشلىغان ئۇلۇغلۇق ئۇرۇقىمۇ!؟ ...

— ئاخىرقى ئىلتىجا قىلماقچى بولغىنىم، — ئەسىمەنىڭ تەلەپپۇزى جىددىي تۈس ئالدى، — خانىشلارنىڭ سەلتەنەت ئىشلىرىغا ئارىلاشمىقى نېمىدىن دېرەك بېرىدۇ؟

— ئايالالار ھىيلە - مىكىرلىك كىلىدۇ. بولۇپمۇ شەرەنداز ئايالالار ... ئۇلار چەكسىز ھۆرمەتكە، يۇقىرى مەدھىيەلەرگە سازاۋەر بولغانسېرى، زىبۇزىننەت، جاۋاھىرلارغا كۆمۈلگەنسېرى،

ئەقىلنىڭ چولتىلىقىدىن خۇدىنى يوقىتىپ، مەنمەنلىكى كۆنسېرى ئاشىدۇ. تېخىمۇ ئالەمشۇمۇل ئۇلۇغلۇققا نائىل بولۇش ئۈچۈن ئەقىلگە سىغماس ئەخمەقلىق، نادانلىقلارنى قىلىپ قويىدۇ. ئوردا ئەركانلىرى ھەتتا شاھلىق دىياردا كىمنا ـ قۇدرەت، نىزالارغا ئۇرۇق سېلىپ، سەلتەنەتنى گۇمراھلىققا ئېلىپ بارىدۇ، قارا نىيەتلەر ئۇلاردىن ئاسانلا پايدىلىنىپ كېتىدۇ. شۇڭا، ئايال مىكرىنىڭ بىر ئۇچقۇنى سىياسەتتە چوڭ يانغىن پەيدا قىلىشى مۇمكىن. ئۇلارنىڭ سەلتەنەت ئىشلىرىغا ئارىلىشىپ قېلىشى بەكمۇ خەتەرلىك، بەكمۇ خەتەرلىك!! ...

قاراسلاپ چېلىنغان چاۋاكلار ئۇزۇنغىچە توختىمىدى. پاكزات ئورنىدىن تۇرۇپ قايتا ـ قايتا سالام بېرىپ، ئۇلارنىڭ ھۆرمىتىگە ئېھتىرام بىلدۈردى. خانىش سۇمەنىنسا شاھىنشاھ شەمسىنىڭ قۇلىقىغا نېمىنىدۇر پىچىرلىغانىدى، شەمسىمۇ «توغرا، توغرا ... » دېگەندەك بېشىنى لىڭشىتتى. بۇ چاغدا شاھ زىكرىيا زاھىت بىلەن ئەكبەر ئەلىمۇ ئېڭەكلىرىنى قامالىلاپ چوڭقۇر ئويغا پاتتى ... ئۇلارنىڭ ئوي ـ خىياللىرىنى، قۇلاق ياقتى گەپلىرىنى پاكزاتنىڭ ئاۋازى بۆلۈپ تاشلىدى:

ـــ ئەسمە ئاي خېنىم، ـــ پاكزات پىسسىڭگىدە كۈلۈپ قويدى، ـــ مېنىڭمۇ تۈگۈچىنى يېشەلمەي كېلىۋاتقان بىرنەچچە خىياللىرىم بار ئىدى. شۇنى يېشىپ بەرگەن بولسىڭىز «جان» دەپ مەمنۇن بولار ئىدىم ...

پاكزاتنىڭ جايىدا كەلتۈرۈۋالغان «ئىنتىقامى» دىن سورۇندىكىلەر كۈلۈشۈپ كېتىشتى. لېكىن ئەسمەمۇ بوش كەلمىدى:

— قورساق كۆپۈككىنىز تېخى بوشىماپتۇ ـ دە، راسا چىدىماسكەنسىز جۇمۇ. مېنىڭمۇ ئېڭىكىمنى سىلاپ تۇرۇپ كاچىتىمغا بىرنى سالدىڭىز ... ئەمدى بىرگە بىر بولدى. ئىنامىڭىزغا پاتقانسىز؟ قېنى چىشلىرىڭىز بىلەنمۇ يېشەلمىگەن تۈگۈشلىرىڭىزنى ماڭا بېرىڭ، مەن بىر ئامالىنى قىلىپ باقاي ...

كۈلكە تېخىمۇ ئەۋجىگە كۆتۈرۈلۈپ، ھەممە جۇشقۇن كەيپىياتقا تولدى. پاكىزات «تۈگۈش»نى دەرھاللا مەيدانغا تاشلىدى:

— ئۆزىڭىز ئىزھارلاپ بېرەلمىگۈدەك ھاياتلىق ھېسسىياتلىرىڭىز بولغانمۇ؟

— مەرىپەت دەريالىرىدىن بەھرە ئېلىشقا ئوخشاش سائادەتنى تىل بىلەن ئىزاھات قىلىشىم مۇمكىن ئەمەستۇر.

— ھەق يولىنى نېمە بىلەن تېپىشقا بولار؟

— ئىنسانلار ھەمىشە ھەق يولىنى ئەقلىنىڭ كۆزى بىلەن تاپقان. ھەر تۈرلۈك مۈشكۈلاتلارنىمۇ ئەقىل نۇرى بىلەن ھەل ئەتكەن!

— زالىم ھۆكۈمرانلارنىڭ مەڭگۈ تەنتەنە قىلىشىغا ئىشىنەمسىز؟

— تەڭرى ئۇلارغا زامان بەرسىمۇ، ئاقىۋەت ئامانلىق بەرمەيدۇ ... ھەق ھەرقاچان ئورنىنى تاپىدۇ ...

— دۇنيادا مەڭگۈ ئۆلمەيدىغانلار بولۇرمۇ؟

— ئەل ئۈچۈن خالىسانىلا خىزمەت قىلغانلار، يۇرت ئۈچۈن ئاۋام ئۈچۈن ئەقلىنىڭ مۇقەددەس ئوتىنى يۈۋلىگەنلەر مەڭگۈ ئۆلمەيدۇ ... ئەۋلادىن ـ ئەۋلادقا يادلىنىدۇ. ياخشىلىق بىلەن نام

قالدۇرۇشىنىڭ ئۆزى ئۇلۇغ مۇكاپاتتۇر!

— ئادەملەرنى چۈشىنىشنىڭ ئەڭ ئەپلىك چارىسى قايسىدۇر؟

— ئادەملەر ئۆزىنىڭ تىلىنىڭ ئاستىغا يوشۇرۇنغان بولىدۇ ... بىر نەچچە قېتىملىق سۆھبەتتە، ئەڭ ياخشى ئامال ئۇ كەيپ بولغىنىدا تىلى ئۇنى ئاشكارلاپ بېرىدۇ ...

— بىر ئۆمۈر خۇشال، ئەمىن ئۆتكەن ئادەملەر بولغانمۇ؟

— ھەرقاچان كۆڭلىڭىز ئەل مۇھەببىتى بىلەن تولغان بولسۇن، ھەر ئىشقا بەل باغلىماق بولسىڭىز ئەلنىڭ مەنپەئەت ۋە زۆرۈرىيىتىنى ئۆزىڭىز ئۈچۈن مىزان دەپ بىلىڭ! شۇندىلا ئىنسان بالىسىنىڭ ئۆمرى خۇشال ۋە ئەمىن ئۆتكۈسىدۇر! ...

پاكزات ھەم ئەسمە تەڭلا ئورنىدىن تۇرۇپ تاماشىبىنلارغا سالام قىلىپ ئورۇنلىرىدا ئولتۇرۇشتى. چاۋاك ئۇزۇنغىچە داۋام قىلدى. خاتىپ ئالدىغا چىقىپ مۇنداق دېدى:

— سوئال ـ جاۋابلىق ئەنجۇمەنىمىز ئىنتايىن قىزغىن كەيپىياتتا داۋام قىلدى. بەيگىگە چۈشكەن «چەۋەنداز»لىرىمۇ ئۆزئارا زوق بىلەن ئاڭلاپ، چېچەنلىك بىلەن جاۋاب بېرىشتى. چۈشكەن سوئال، بېرىلگەن جاۋابلارنىڭ دائىرىسى كەڭ، مەزمۇنى تېرەن، شەكلى ئۆزگىچە بولۇپ، رەڭگارەڭ بىلىم جەۋھەرلىرىدىن بەھرىمەن بولدۇق! ئەمدى ئەنجۇمەنىمىزنىڭ ئاخىرقى پەللىسىدە، ئەسمە ئاي خېنىم بىلەن پازىل تالىپ پاكزات نەزمە تېپىشماقلار ئارقىلىق بەيگىگە چۈشىدۇ ... ھەممىمىز قىزغىن ئالقىشلىساق؟

قاراسلاپ چېلىنغان چاۋاكلاردىن مەدرىس چوڭ سارىيىنىڭ

دېرىزلىرى دىرىلدەپ، يىپەك پەردىلەر لەپىلدەپ كەتتى. بۇ ھاياجانلىق دەقىقىلەردىن تېنى ئوت ئالغان ئەسمە روھلانغان ھالدا سۆزىنى ياپتا ھەزىل بىلەن باشلىدى:

— ئەي يىگىت، مۆشۆك ئەزمىسىنى ئەزسە، ئۆلجىسىدىن قۇرۇق قالار، دېگەن گەپ بار، ئۆزىڭىزگە ئاگاھ بولۇڭ!

ئۆزىنى چاققان، سەگەك بولۇشقا بېشارەت بېرىۋاتقانلىقىنى سەزگەن پاكزاتمۇ:

— مەن قىلنى قىرىق يارىدىغان يىگىتلەردىن، بولمىسا جاھان ماڭا تارلىق قىلىدۇ، — دېدى كۈلۈپ.

— ئەي يىگىت، — دېدى ئەسمە ياندۇرۇپلا، — ئاتقان ئوق قايتىلانماس، ھوشيار بولۇپ، دەل جاۋاب بېرىڭ.

— يىگىت سۆزىدىن يانماس، — جاۋاب بەردى پاكزات، — قېنى جاھان رەناسى نەزمىڭىزگە تەشنامەن!

ئەسمە، قەددىنى رۇسلاپ نەزمىنى باشلىدى:

... جاھاندا ئەجەب بىر نەرسە بار،
باغلاق تۇرۇپ سەمىرەر.
ئۇزۇلسە ئۇنىڭ شوينىسى،
كۆرۈنمەيدۇ سايىسى.
ئەي يىگىت بۇ نېم نەسلى،
بار جاھاندا قانچىسى؟

پاكزات نەزمىلىك تېپىشماقنىڭ دەرھاللا تېگىگە يېتىپ مۇنداق جاۋاب بەردى:

ئەتىيازدا ئېتىزغا،
تارتقانىدىم چۆنەك.
سالا ـ سالا پەلەككە،
چۈشكەنتى خەمەك.
خەمەكنىڭ شوينىسى ئۈزۈلدى بىر كۈن،
ئېلىپ كەتتىم قوغۈننى
مەقسىتىم يېمەك.

— ئەي جانان قىز، — دېدى پاكىزات كۈلۈپ تۇرۇپ، — تەرخەمەك، تاۋۇز، چىلگىلەرمۇ باغلاقلىق تۇرۇپ سەمرىيدۇ ئەمەسمۇ ...

سورۇن ئەھلى شاۋ ـ شۇۋ قىلىپ، ھەيران بولۇشتى.

يىگىتنىڭ جاۋابىغا قايىل بولغان ئەسىمە ئىككىنچى تېپىشمىقىنى باشلىدى:

جاھاننى سۇ باسسا،
ئۆردەكنىڭ قاپتىلىغا كەلمەس.
سۇدا ئويناپ، سۇ ئاستىدا،
قانداق تاش يوقلۇقىنى بىلمەس.

پاكىزات دەرھاللا جاۋاب قايتۇردى:

توق قورساق بەگزادىلەر،
ئاچنىڭ دەردىنى بىلمەس.
ئۆردەك سۇدا يۈرۈپ،
سۇ ئاستىدا،
قۇرۇق تاش يوقلۇقىنى بىلمەس.

بۇ جاۋابقىمۇ قايىل بولغان قىز ئۈچىنچى تېپىشمىقىنى باشلىدى:

ئېغىزىدا چىشى يوق،
پاكىرى كونارە.
خىنانىنىڭ چېچىكى،
كونارە ئىچىدە.
ھۆل - قۇرۇق كارى يوق،
ھەممىنى سۈمۈرىدۇ.
ئېگىزى مۇنارە،
يۇلغۇنىنىڭ پۆپۈكى،
مۇنارە ئىچىدە.
تۇتقۇچە بىلى يوق،
ئاسماننى كۆتۈرەر.

پاكزات بۇ قىيىن تېپىشماقنى ئاڭلاپ قوشۇمىسىنى تۈرۈپ، بىردەم تۇرۇپ قالدى. سورۇن ئەھلىمۇ ئۈمرىدە ئاڭلاپ باقمىغان بۇ تېپىشماقتىن ھەيران بولۇشۇپ، بىر - بىرىگە قاراشتى. ھەممىسىلا «بىلمەيدىكەنمىز» دېگەندەك باشلىرىنى ئېغىتىپ چوڭقۇر ئويغا چۆكتى. بولۇپمۇ «بېلى يوق» نەرسىنىڭ ئاسماننى كۆتۈرۈشى ئۇلارنى گاڭگىرىتىپ قويۇشتى. بۇ چاغدا ئەسمە «جاۋاب تاپالارمۇ؟» دېگەن ئويدا پاكزاتقا قاراپ تۇراتتى. بىردىنلا پاكزاتنىڭ مەنىلىك كۈلۈمسىرەپ ئاغزىنى ئۆمەللىشى قىزنى خۇشال قىلىۋەتتى. يىگىت جاۋابنى مۇنداق باشلىدى:

هاجەتمۇ ئارتۇق گەپ،
موللام ئالدىدا.
ھاسىلىدۇر جاۋابى،
مۇراد تاپقاندا.
ئىككىمىز جەم بولۇپ،
بەخت تاپقاندا ...

ئەسمە پاكزاتنىڭ مەقسىتىنى چۈشەنگەن بولسىمۇ، ئەتەي خۇپسەنلىك قىلىپ، بىلمەسلىككە سالدى. چۈنكى ئۇ يىگىتنىڭ يۈرىكىگە قول سېلىپ باقماقچى ئىدى.

— ئەي يىگىت، — دېدى ئەسمە كۈلۈمسىرىگىنىچە، — گەپ يۈزدە، ئۇسسۇل تۈزدە ياخشى، گەپلىرىڭىز روشەنرەك بولسۇن. بۇ ئولتۇرغانلارمۇ چۈشەنسۇن ـ دە ئاخىر ...

— بولىدۇ، ئەمىسە تۇزۇت قىلمىدىم. مەندىن رەنجىمەڭ، بۇ كېچىككە ئۆزىڭىز كىرگۈزدىڭىز، — پاكزات تەرەددۇتلاندى، — پاكىرى كوناره — ئوچاق، ئېگىزى مۇناره — تۈرخۇن، خىنانىڭ چېچىكى — ئوت، يۇلغۇننىڭ پۆپۈكى — ئىس، ئىسنى تۇتقىلى بولمايدۇ. ئەمما تۈۋرۈكتەك ئاسمانغا تىك ئۆرلەيدۇ. سىز ماڭا، ئۆيلۈك ئوچاقلىق بولۇش بېشارىتىنى بەرگەن تۇرسىڭىز، مەن بۇنى بىلمىسەم قانداق بولىدۇ؟! ...

— ۋاي توۋا، بۇ نېمە ئۇيات، — ئەسمە يۈزىنى قاماللاپ، بېشى چىرايلىق كۆكسىگە ئېگىلدى، — ئويلىماپتىمەن، زىنھار ئويلىماپتىمەن ... سىز ھەقىقىي دانا، پازىل ئىكەنسىز ... مەن قايىل ...

مەن سىزگە قايىل ... سورۇندا بىردىنلا چاۋاكلار ياڭراپ، شاۋ - شۇۋلار ئاڭلاندى. ئاڭغۇچە پاكىزات كۆڭلىنى ئوچۇق - ئاشكارە ئىزھار قىلدى:

... ئاڭلىغىلى نامىڭنى،
يىللار بولدى ئەي جانان.
تۈنلەر ئۆتتى ئۇيقۇسىز،
ۋىسال تاپاي مەن قاچان؟ ...

نومۇس ۋە ھايا ۋەجىدىن ئەسىمە بىر ھازا جىمىپ كەتتى ... مەدرىسىنىڭ چوڭ سارىيىمۇ شۇنچىلىك تىمتاسلىققا چۆمدىكى، گويا يۈرەكلەرنىڭ ئۇرۇشلىرى ئاڭلانغاندەك بولدى. ھەممە ئەسىمەنىڭ جاۋابىنى كۈتۈپ سۈكۈتكە چۆمگەندى. شۇنچە كۆپ ئۇلۇغلارنىڭ ئۆزىگە ساقلاپ تۇرغانلىقىدىن خىجالەت بولغان پەرىشتە سۈپەت جانان بىر چاغدىلا ئاستا بېشىنى كۆتۈرۈپ، جاۋابەن مۇنۇ بېيىتنى ئوقۇدى:

... ئەي يىگىتلەر بەرناسى،
سەن قەلبىمنىڭ داناسى.
كۆڭۈل بېرەي مەن ساڭا،
تاپقىن ۋىسال دوراسى.
مەن پاكىزاتنىڭ رەناسى!! ...

چوڭ ساراي ئىچىدە بىردىنلا چۇقان كۆتۈرۈلۈپ، ھەممە ئورۇنلىرىدىن تۇرۇپ كېتىشتى. «مۇبارەك بولسۇن!»، «بەختىڭلار

يار بولسۇن!»، «ئۆمرۈڭلار ئۇزۇن، دۆلىتىڭلار زىيادە بولسۇن!» دېگەندەك تەبرىكلەشلەر، تىلەك تىلەشلەر، دۇئا قىلىشلار بىر هازا داۋام قىلدى. شاھىنشاھ شەمس ئەسمەنىڭ ئالدىغا كېلىپ تەزىم قىلىشى، ھەممەيلەن ئۇنىڭ ئەتراپىدا سالام بەجا كەلتۈردى:

— ئۇستازىم، — دېدى شەمس ھاياجان بىلەن، — مەن بۇ چاقىچە سىزگە رەھمىتىمنى بىلدۈرەلمەي يۈرەتتىم. مانا ئەمدى ماڭا پۇرسەت ياراتتىڭىز. پۈتۈن «تاشئات»، «يەمەن» دىيارلىرى ھاڭ ـ تاڭ قالغۇدەك قۇتلۇق كۈنىڭىز مېنىڭ زىممەمدە! ...

ئابدۇل مۆلۈك ياشلىرىنى تۆككىنىچە قىزىنىڭ پېشانىسىگە سۆيدى. ئۇ تولىمۇ خۇشال ئىدى. مانا ئەمدى ئاتىلىق قەرز ۋە پەرزىنى ئادا قىلىپ، قىزىنى ئۇزىتىدىغان بولدى. شاھلاردىن زىكرىيا زاھىت، ئەكبەر ئەلى، شەھىرى ئاۋات قەلئەسىنىڭ ئاتامانى ئابدۇنەبىلەرمۇ تويغا ئاتىماقچى بولغان مال ـ دۇنيالىرىنى ئىلان قىلدى. ئەسمە دوستلىرى سۈمەننىسا خانىش، گۈلسۈمەن، ئايتۇرانلار بىلەن قۇچاقلىشىپ شادلىق ياشلىرىنى تۆكۈشتى ...

تاشئات دىيارىدا 40 كۈن توي تەنتەنىسى ئۆتكۈزۈلدى. شاھانە ـ زىياپەتلەر، نەغمە ـ ناۋالار، ئويۇن ـ تاماشالار تاشئات ئاۋاملىرىنى ئەھلى جامائەتنى ئېيتقۇسىز خۇشال قىلىۋەتتى. يەتتە ئىقلىم شاھ، ۋەزىر، ئەركانلىرى تۆگە، ئاتلارنى ئېلىپ كەلگەن قىممەت باھالىق مال ـ دۇنيا، ئالتۇن، جاۋاھىراتلارنى سوۋغا قىلىشتى. ئۇلارمۇ قايتىشىدا قۇرۇق قايتمىدى، شاھانە سەرپايلار كىيگۈزۈپ، خانىشلىرىغا زىبۇزىننەتلەر تاقالدى.

تويدىن كېيىن يەمەن دىيارىدا «توي چېيى» ئۆتكۈزۈش قارار

قىلىندى. ئۇلار قايتىدىغان ھارپا كۈنى شاھىنشاھ شەمس زىكرىيا زاھىت بىلەن ئايرىم پاراڭلاشتى:

— ئۆزلىرى، — دېدى شەمس كەمتەرلىك بىلەن، — مېنىڭ ئاتا يولۇق ئاتامكەنلا ...

زىكرىيا زاھىت شۇ ھامان يۈزىنى يەرگە ياقتى:

— يوقسۇ ... يوقسۇ، شاھىنشاھىم لايىق ئەمەسمەن، ھەرگىز لايىق ئەمەسمەن ...

— ئورۇنلىرىدىن تۇرسىلا، مەن بۇنداق قىلىقلارنى ياقتۇرمايمەن، — شەمس ئۇنىڭ قولتۇقىدىن يۆلەپ تۇرغۇزدى، — ئەسلىدە باشلىرىدىكى شاھلىق تاجلىرىنى باشقا بىراۋغا كىيگۈزمەكچى ئىدىم. بىراق، سىنالمىغان ئادەمدىن سىنالغان شەيتان ئەلا دېگەن گەپ بار. شۇڭا سەلتەنەتنى ئۆز قوللىرىدا تۇتقانلىرى تۈزۈككەن. ئەمما مېنىڭ بىر شەرتىمنى چوقۇم ئورۇنلايلا.

— ئېيتسىلا شاھىنشاھىم، بىر ئەمەس، مىڭ شەرت بولسىمۇ قولۇم كۆكسۈمدە.

— ئاڭلىسام ۋەلى ئەھدى بولغۇدەك ئوغۇللىرى يوقكەن، شەھىرى ئاۋات قەلئەسىنىڭ ئاتامانى خېلى تۈزۈك يىگىتتەك قىلىدۇ. ئۇنى يانلىرىغا تارتىپ ئوڭ قول ۋەزىر قىلىپ، ئۆزلىرىگە ئاتاق ئوغۇل قىلىۋالسىلا، ئۇ سىلىنى «ئاتام»، «شاھ ئاتام» دەپ ئاتايدىكەنغۇ؟

— شۇنداق، شۇنداق ... دەسلەپتە ئارىمىزدا بەزى سەتچىلىكلەرمۇ ئۆتتى. كېيىن ئۇنىڭ ئاتىسى ئۆلگەندە، ئۆز قولۇم بىلەن ئۇزاتتىم. شۇنىڭدىن بېرى ئۇ مېنى «ئاتا» دەپ كېلىۋاتىدۇ.

— ھەببەللى، مانا ئۆز ئوغۇللىرىدەك بولۇپ قاپتۇ ئەمەسمۇ! كېيىنكى شاھ ۋارىسى شۇ بولغىنىدەك ئۆزلىرىمۇ خاتىرجەم بولىدىلا، شۇنداققۇ؟

— دانا كەنلا شاھەنشاھىم، مېنىڭ كۆڭلۈمدىكىنى تاپتىلا ...

— ئۇ سىلىگە ھەقىقىي ۋاپادار ئوغۇل بولالايدۇ.

— بەرھەق، بەرھەق، ئابدۇنەبى بەك ئاق كۆڭۈل، خالىس نىيەت، رايىش بالا. ئۇ ھەر قېتىم «شاھ ئاتا» دېگىنىدە جانلىرىم سۆيۈنۈپ كېتىدۇ. مۇشۇ بىر ئېغىز گېپىنى ئاڭلاش ئۈچۈن بولسىمۇ، ئۇنىڭ قەلئەسىگە پات - پات بېرىپ تۇرىمەن.

— مانا، مانا، ئاتا - بالىدەك بولۇپ كېتىپسىلەر ئەمەسمۇ،

— شەمس زىكرىيا زاھىتنىڭ دولىسىغا قولىنى قويىدى، — 40 كۈنلۈك تويدا كۆپ چىقىمدار بولدىلا. 4 - 5 ئاي ئىچىدە تۆگە كارۋانلىرى باغدادتىن زىيانلىرىنى ئون ھەسسە ئارتۇق ئېلىپ كېلىدۇ. ھەممىنى پۈتۈن خەزىنىگە تاپشۇرسىلا.

— شاھەنشاھىم، بۇ ... بۇ ... بۇ ... بەك سەت بولدى.

— ھەرگىز ئۇنداق دېمىسىلە، شاھلىق سەلتەنەتنىڭ بايلىقىنى ھەرگىز بۇزۇپ چېچىشقا بولمايدۇ. ئەمما ئاۋامدىن ئالىدىغان باج - سېلىقنى ئازايتىپ، ئۇلارنىڭ دەردىگە دەرمان بولسىلا! ...

ئەتىسى سەھەردە، زىكرىيا زاھىت، ئابدۇنەبى ۋە ۋەزىر - ئۆلىمالار يەمەنلىك مېھمانلارنى يىغا - زار بىلەن ئۇزىتىپ قويۇشتى ...

... ... ... ... ... ... ... ...

چەكسىز چۆل - جەزىرىدە بىر توپ ئاتلىقلار ۋە سوۋغات

ئارتىلغان تۆگىلەر خۇددى ھاشار چۇمۇلىلىرىدەك كېتىۋاتاتتى. ئەڭ ئالدىدا شاھىنشاھ شەمس بىلەن ۋەزىرى ئەزەم ئابدۇل مۇلۇك بىللە ماڭغان بولۇپ، ئۇلارنىڭ ئارقىسىدىن سۇمەننىسا، ئايتۇران، گۈلسۈمەن بىلەن ئەسىمە ھەم پاكىزات ئاتىسى ئاۋۇت مەرگەن بىلەن بىللە پاراڭلىشىپ كېلىۋاتاتتى.

يولغا چىققاندىن بېرى گۈلسۈمەن بىلەن ئەسىمەنىڭ گەپلىرى زادىلا تۈگىمىدى. بېشىدىن ئۆرغۈن ئىشلار ئۆتكەن گۈلسۈمەن ئازاب ـ ئوقۇبەتلىرىنى سۆزلىگەنسېرى كۆزلىرىدىن ياش تۆكۈلەتتى. ھەتتا ئۇ ئېسەدەپ ـ بوغۇلۇپمۇ قالاتتى. تارمان پادىشاھىنىڭ شاھزادىسى زىيادنىڭ قايغۇلۇق پاجىئەسى، توي قىلىپ مۇرادى ھاسىل بولماي تۇرۇپ بوغۇزلانغان خوجاۋاپا ... قارا نىيەت قۇتبىدىن قۇتيارنىڭ چۆللەردە نەچچە كۈنلەپ قوغلىغان ئادەملىرى ... ئابدۇنەبى بىلەن تەقدىر قوشمىغان توي ... خەلەپتىكى سەرسانلىق كۈنلەر ... بىپايان دەشتى ـ قۇملۇقلار ئارا ئەجەل قويىنىدا ياتقان دەقىقىلەر ... خەلىپە بۇزرۇكنىڭ خورلۇقلىرى ... دادىسى زۇھرۇللا زامان تەرىپىدىن چۆللەرگە تاشلانغانلىقى ... جاڭگىلى مازاندىراندىكى گىياھ يىلتىزلىرىنى يەپ، شەبنەم سۇلىرىنى يالاپ ئۆتكۈزگەن ئازابلىق كۈنلەر ... كىردەنشا نامىچى تەرىپىدىن ۋەھشىيلەرچە ئۆلتۈرۈلگەن نارەسىدە ئوغلى ... نەچچە يىللاپ «پادىچى تاز» بولغانلىقى قاتارلىق دەرد ـ ھەسرەت، ئازاب ـ جاپالارنىڭ ھەممىسى گۈلسۈمەن قىزنىڭ پېشانىسىگە پۈتۈلگەن تەقدىر ـ قىسمەتلەر ئىدى. كىچىككىنە بىر ئاجىزەنىڭ بېشىغا كەلگەن شۇنچىۋالا

بالايى - بەتتەرلەرگە ئادەمنىڭ ئەقلى لال بولاتتى.

— بولدى، سۆزلىمەيلا قوي، — ئەسمەمۇ يىغلىغانىدى، — دادام ئىككىمىز سىنى ساندۇققا سولاپ دەرياغا قويۇۋەتكەندە، يۈرىكىم گويا بىغىشىدىن ئۈزۈلۈپ سەن بىلەن بىللە كەتكەندەك بولغانىدى ...

— جىنىم دوستۇم ئەسمە، مەن بۇ گەپلەرنى ساڭا نىمە ئۈچۈن دەۋاتىمەن؟، — گۈلسۈمەن ئۈمىدكە تولغان ياشلىق كۆزلىرى بىلەن دوستىغا قارىدى، — ئىسىڭدىمۇ، دەريا بويىدا مەن: «بىر نامرات يىگىتكە تېگىپ، ئۇنى دادامنىڭ ئورنىغا شاھ قىلىمەن ... » دېگەنىدىم.

— ئىسىمدە، دادام «خۇدايىم تىلەكلىرىڭىزگە يەتكۈزگەي قىزىم» دېگەنىدى.

— تەقدىر مېنى بۇ ئارزۇيۇمغا يەتكۈزمىدى. ھازىر مېنىڭ ئۈمىدىم سەندىلا قالدى ...

— نېمە دېمەكچىسەن؟

— پاكزات بىر نامرات ئوۋچىنىڭ بالىسى بولغىنى بىلەن ئەھلى ئىلىملىك ھەم ئىستىبداتلىق بالا. ئۇنى دادامنىڭ ئورنىغا يەمەنگە شاھ بولسا دەيمەن، شۇندىلا ئارزۇيۇمغا يەتكەن بولاتتىم! ...

— ۋاي خۇدايىم، — ئەسمەنىڭ كۆزلىرى چوڭ ئېچىلدى، — شەمس ئاكام دادامنى «شاھ» دەپ پەرمان چۈشۈرگەن تۇرسا ...

— ۋەزىرى ئەزەم ئۆزى ماڭا: «مەن قېرىپ، ماغدۇرۇمدىن كەتتىم. شاھلىق يۈكىنى كۆتۈرەلمەيمەن ... » دېگەن تۇرسا ...

— راست شۇنداق دېدىما؟

— تېخى ئۇ «يەمەنگە بېرىپلا، شاھىنشاھقا دەپ، شاھلىقنى بىر كىمگە ئۆتكۈزۈپ بېرىمەن» دەپ ئوچۇق ئېيتتى.

— بۇ گەپلەرنى يەنە كىملەرگە دېدىڭ؟

— شەمسى ئاكام بىلەن سۇمەننىسا ھەدەمگە دېگەنىدىم.

ئۇلار: «بۇ ھەقتە ۋەزىرى ئەزەم ئۆزى گەپ ئاچقىنى تۈزۈك ... » دېيىشتى.

— بەك ئورۇنلۇق گەپ قىپتۇ.

ئۇلار ئەنە شۇنداق پىچىرلىشىپ، كۆڭۈل سۆزلىرىنى تۆكۈۋاتقاندا، ئەڭ ئالدىدا كېتىۋاتقان شاھىنشاھ شەمسى گۇلسۇمەننىڭ بۇ ئارزۇسىنى كۆڭلىدە دەڭسەپ، قانداق قىلىشنى بىلمەي گاڭگىراپ قالغانىدى. بۇ ئەقىللىق قىزنىڭ دېگەنلىرى بەرھەق ئىدى. شاھلىق، سەلتەنەت شەرئىي قانۇن، ھۆكۈمرانلىق مىزانلىرى ھەققىدە شۇنچە كۆپ سوئاللارغا جاۋاب بېرىپ، جاۋاب ئالغان پەيلاسوپتەك ئىستېداتقا ئىگە پاكزات شاھ بولۇشقا ئەڭ مۇناسىپ ئىدى. بىراق ۋەزىرى ئەزەمگە بۇ ھەقتە قانداقمۇ چىش يېرىپ بىر نېمە دېگىلى بولسۇن؟! ياشانغان ئابدۇل مۇلۇكنىڭ ئاۋام نەزىرىدىكى ھۆرمەت، شان ـ شۆھرىتى بۇياقتا تۇرسۇن، ھېلىقى بىر يىللىرى ئۇ ھۇرۇن شەمسىنى ئادىمىلىك يولىغا باشلاش ئۈچۈن ئەسىمە بىلەن ئىككىسىنى بىر ھۇجرىغا كىرگۈزۈپ قويمىغانمىدى. گەرچە ئۇلار بىر ياستۇققا باش قويمىغىنى بىلەن نىكاھ قىلىنغانىكەن. ئابدۇل مۇلۇك ھەزرەتلىرى شەمسىكە ئاتا يوللۇق ـ ئاتىدە! ئەمدىلىكتە تونۇگۇن پەرمان چۈشۈرۈپ بوگۇن «شاھلىقنى پالانىغا ئۆتكۈزۈپ

بىرەمسەن؟» دېگىلى ھەرقانچە داپ يۇز ئادەممۇ بىر نېمە دېيەلمەس!

شەمس ئەنە شۇنداق ئىككى تاش ئارىلىقىدا قىينىلىنىۋاتقان پەيتتە، ۋەزىرى ئەزەم ئۆزى گەپ ئېچىپ قالدى.

— شاھىنشاھ ئالىيلىرى!؟

— ۋەزىرى ئەزەم، «ئوغلۇم» دەۋەرسىلىچۇ ئادەمنى تولا قىزارتماي، — شەمس ئېتىنىڭ تىزگىنىنى سىرىدى، — بىر يىللاردا مەن سىلىگە ئوغۇل بولغان ئەمەسمىدىم. بۇنداق ئۇلۇغلاش ئىبارىلىرى ئورا ئىچىدە دېيىلگىنىمۇ يېتىپ ئاشار!

— بىر ئاز ئەپسىز تۇرىدىكەن.

— ھەرگىز خىجىل بولمىسىلا، بۇنداق ئاسمىنى كەڭ يەردە ئادەملەردەك سۆزلىشەيلىلا.

— ئوبدان، ئوبدان، — ئابدۇل مۇلۇك ۋەزىرنىڭ پېشانىسىدىكى قورۇقلار يېشىلىپ لەۋلىرىگە كۈلكە يۈگۈردى، — مەن ... مەن ئۆزلىرىنىڭ بارىدا شاھلىقىمنى بىرەر كىمگە تاپشۇرايمىكىن، دېگەن ئارزۇدىمەن. بۇ مېنىڭ يېنىكلىك بىلەن چىقارغان يەكۈنۈم ئەمەس ...

— نېمىشقا ئەمدى؟ — شەمس ئىچىدە «ئىش ئوڭغا تارتسا، ئىشتان قوڭغا تارتار» دېگەن شۇ دەپ ئويلىدى، — قانداق، بىرەر ئەندىشىلىرى بارمۇ ئاتا؟

— يوقسۇ، يوقسۇ، «ئوردا مەسلىھەتچىسى»، «خەزىنىدار»، «ۋەزىر» دېگەندەك يۈكلەرنى 40 يىل كۆتۈرۈپتىمەن. پۇتلاردىن ماغدۇر، بەللەردىن قۇۋۋەت كېتىپ، كۆز گۆھەرلىرىم تۆكۈلدى. ئەمدى ئاپتاپتا قورۇلغان مونەكتەك بولۇپ تۇتقۇدەك ساپىقىم

قالمىغاندا، ئېگىز ئوقۇرغا ئېسىلىپ قالماي دەيمىنا.

— ئەسلىدە ئۆزلىرى سەلتەنەت يۈرگۈزگەن بولسىلىرى بەك ئوبدان بولاتتى. خەير، بوپتۇ، دېگەنلىرىنىڭمۇ ۋەزنى بار گەپلەر، — شەمسى ۋەزىرنى چېكىپ كۆرمەكچى بولدى، — قانداق، كۆڭۈللىرىگە بىرەرسىنى پۈككەنمىدىلە؟

— يوقسۇ، ئۇنداق ئويلاپ باقمىدىم.

— ئەسىمەچۇ؟

— توۋا دېسىلە ئوغلۇم، — ۋەزىر كۈلدى، — ئەلمىساقتىن تارتىپ مەزلۇم خەقنى تەختكە ئولتۇرغۇزۇپ باققىنىمىزنى بىلمەيمەن ... مېنىڭچە كۈيۈئوغۇلمۇ يېرىم ئوغۇل دېيىلىدۇ. شۇڭا ...

— پاكزاتنى دېمەكچىمۇ سىلى؟

— خوش.

— پاكزاتنى ھەرگىز «يېرىم ئوغۇل» قاتارىدا كۆرمىسىلە، — شەمس ئېتىنى يانداپ يېقىن كەلدى، — ئۇ سىلىگە باشتىن - ئاياغ چىن كۆڭۈل، چىن نىيەتتىن ئوغۇل بولۇپ كەتتى ... بۇنى سەزمىدىلىمۇ؟ ئاۋۇت مەرگەنمۇ ئوغلىنى: «بۇ كىتاب خالتىسى ئەمدى ھەقىقىي ئائىلىسىنى تاپتى» دەۋاتسا ...

— نە ئۈزۈمبىللا، ئېيتقىنى كەلسۇن ... ئىنشائاللا شۇنداق بولۇشنى نېسىپ قىلسۇن!

— ئەمىسە ئاتا شۇنداق كېلىشتۇق.

ئۇلار ئاتلىرىغا قامچا ئۇرۇپ، تېز يۈرۈپ كېتىشتى. نەچچە كۈن، نەچچە كېچىلەر سەپەر ئازابىنى تارتتى. بۇ بىزگە نامەلۇم،

ئەتراپنى گۈگۈم پەردىسى ئوراپ، ئۆي ـ ئىمارەت، دەل ـ دەرەخ، مىچىتلارنىڭ ئىزنالىرى قاراڭغۇلۇقتا بارا ـ بارا ئېرىپ كېتىۋاتقان زۇۋال ۋاقتى بىلەن، ھېرىپ ھالىدىن كەتكەن ئات ـ تۆگىلەر يەمەن شەھىرىگە كىرىپ كەلدى.

ئۇلار ئەتىسىدىن باشلاپ تەرەپ ـ تەرەپكە چاپارمەن ئەۋەتىپ، تويدىن خەۋەر بېرىشتى. بىر نەچچە كۈنلۈك جىددىي تەييارلىقتىن كېيىن توي تەنتەنىسى باشلاندى. ئوردا سارايلىرى، باغ، ئارامگاھلار، شىپاڭ، ھويلىلار مېھمانلار بىلەن تولدى. تەرەپ ـ تەرەپتىن تەكلىپ قىلىنغان نەغمىچى، ئۇسسۇلچى، دارۋاز، سېرىكچى، ھەزىلكەشلەر بار ھۈنەرلىرىنى چىقىرىپ، ئويۇن ـ تاماشانى ھەق ـ دادىغا يەتكۈزدى. سارايىنىڭ تۆرىدىن ئورۇن ئالغان خەلەپ شاھزادىسى ئەكبەر ئەلى، خانىش گۈلسۈمەن قىزنىچىلارنىڭ ھەزىللىرىنى ئاڭلاپ كۈلۈپ تېلىقىپ قېلىشتى. شۇ پەيتتە ساراي خاتىپى پەتنۇسقا سېلىنغان مەكتۇپنى ئەكبەر ئەلىگە تەزىم بىلەن سۇندى. ئۇ خانىش گۈلسۈمەن بىلەن سورۇندىن ئاستىلا سۇغۇرۇلۇپ، ئارقىدىكى باغقا چىقتى. ئۇلار كىچىك راۋاققا كېلىپ ئولتۇرۇشتى. بۇ مەكتۇپ خەلەپ پادىشاھى ئاباس تۇراندىن كەلگەن بولۇپ، ئۇنىڭدا مۇنداق سەھىپىلەر يېزىلغانىدى:

«دۇئايى سالامدىن سۇڭرە، يېتىپ مەلۇم بولسۇنكى، بىزكى خەلەپ دىيارىدا تۇرۇشلۇق ئاتاڭ ئاباس تۇران، خانىش ئاناڭ شەمسىبانۇلاردىن! ئوغلۇم ئەكبەر ئەلى، ئەقىللىق، دانا، جاپالار ساھىبى كېلىنىم گۈلسۈمەن، ئوبدان تۇردۇڭلارمۇ؟ سىلەرنىڭ

مەكتۇپىڭلارنى تاپشۇرۇپ ئالغاندىن كېيىن، بولۇپ ئۆتكەن ئىشلاردىن خەۋەر تاپتۇق ھەم ئاللا رەھمەت قىلغۇر. شاھىنشاھ شەمسكە ئاتاپ كۆپ دۇئالارنى قىلدۇق. ئۇ بىزنىڭ تەخت مېھرابىز ئاستىغا يوشۇرۇنغان چايان كىردەنشا نامچىنى قەتل قىلىپ، بىزنى ئاجايىپ خەتەرلىك، ۋەھشىي دۈشمەندىن خالاس ئەتتى. بۇ خەۋەر ئايغاقچىلار ئارقىلىق خەلەپكە يېتىپ كېلىش بىلەن كىردەنشاھنىڭ قانخور ئاسىيلىرىدىن ساۋچى، مىرشاپلار بىر كېچىدىلا قېچىپ كەتتى. ئەمما باقاۋۇل، تۇتقاۋۇل، چابىسلار دارغا ئېسىلدى. كىردەنشا نامچىنىڭ بارلىق مول - مۈلكى، روزغارلىرى مۇسادىرە قىلىنىپ ئۇنىڭ تەرىپىدىن ئازاب چەككەن، بۇلانغان، تالانغان يوقسۇللارغا بۆلۈپ بېرىلىپ، رازىمەندە قىلدۇق. مەكتۇپىڭىزنى قىزىم گۈلسۈمەنىڭ ئىلتىجاسىغا ئاساسەن خوجاۋاپانىڭ سەرسان بولغان ئاتا - ئانا، تۇغقانلىرىنى تېپىپ كىردەنشا نامچى يازلىق ئارامگاھ قىلىۋالغان ھال رەڭ بىنا، باغ، ھويلا - ئاراملار ئۇلارغا قايتۇرۇلدى ھەم بوۋاي، مومايلار ئۇردا تەمىناتىغا كىرگۈزۈلدى.

بالىلىرىم، سىلەر بىزنىڭ كۆڭلىمىزنىڭ پاراكەندە بولۇشىنى خالىمىدىڭلارمۇ، بىلمىدۇق. نەۋرەم شەھرىزاتنىڭ قەتل قىلىنىش جەريانلىرىنى يازمىغانىكەنسىلەر. ئوردىمىزدىكى ئوتاچى (ئەمچى) ئۆز گۇناھىنى تونۇپ ھەممە ئەھۋالنى سۆزلەپ بەردى. خانىش ئاناڭ ئىككىمىز نەۋرىمىزنىڭ نەزىر - چىرىغىنى ناھايىتى چوڭ ئۆتكۈزدۇق. يەنە بىر خوشخەۋەر، ئوغلۇم، سېنىڭ بۇ قېتىمقى سەپىرىڭنىڭ خەيرلىك ساخاۋىتىمۇ، ئىش قىلىپ مەن ھازىر قولتۇق تاياق بىلەن ماڭالايدىغان، ئوردىغا چىقىپ ئىش

بىجىرەلەيدىغان بولدۇم. سىلەرنى كۆپ سېغىندۇق. قايتىپ كېلىشىڭلارغا تەقەززا بولۇپ، ئاتاڭ ئاباس تۇران، خانىش ئاناڭ شەمسىبانۇدىن ... »

خۇشاللىقى تېنىگە سىغمىغان ئەكبەر ئەلى بىلەن گۇلسۇمەن راۋاقتىلا قۇچاقلىشىپ كۆز يېشى قىلىشتى.

توي ئاخىرلىشىش بىلەن شاھىنشاھ شەمس، پاكزاتىنىڭ يەمەنگە شاھ بولۇپ، سەلتەنەت يۈرگۈزىدىغانلىقىنى پەرمان بىلەن جاكارلىدى. پۈتۈن يەمەن ئەھلى ياش شاھ پاكزاتنى تەبرىكلەپ كاناي ـ سۇناي، ناغرا ـ دۇمباقلارنى چېلىشتى. كوچا ـ كويلاردا ئۇسسۇل ئويناپ، غەزەللەر ئېيتىشتى. گەرچە گۇلسۇمەننىڭ «بىر نامرات بالىنى دادامنىڭ ئورنىغا شاھ قىلىمەن» دېگەن ئارزۇسى ئەمەلگە ئاشقان بولسىمۇ، يەنە نېمە ئۈچۈندۇر دادىسىغا ئىچى ئاغرىپ قالدى. ئەكبەر ئەلى، شاھىنشاھ شەمس، ئايتۇرانلار ئادەملىرى بىلەن ئۆز دىيارىغا قايتىش تەرەددۇتىغا چۈشۈپ جىددىي سەپەر تەييارلىقىنى قىلىۋاتقاندا، گۇلسۇمەن بىلەن سۇمەننىسا شاھىنشاھنىڭ قېشىغا كىرىپ كەلدى. ئۇلارنىڭ كۆزلىرىدىكى ياشنى كۆرگەن شەمس بۇ ئاچا ـ سىڭىللارنىڭ نېمە ۋەجىدىن كىرگەنلىكىنى بىلىپ بولدى.

— سىلەر ئاتاڭلار زۇھرۇللا زامان بىلەن كۆرۈشۈش ئىجازىتى ئېلىش ئۈچۈن كىردىڭلارغۇ دەيمەن، — دېدى شەمس كۈلۈپ تۇرۇپ.

ئىككى ئاچا ـ سىڭىل ھەيران بولغىنىدىن ئاغزى ئۇچۇقلا قالدى.

— سىز ... سىز نەدىن بىلىسىز؟ — سورىدى سۇمەننىسا خانىش.

— راست، — دېدى گۇلسۇمەن، — پال سالغاندەكلا گەپ قىلىسىزغۇ؟

— مېنىڭ دانىشمەن ئەسمەنىڭ قولىدا تەلىم ئالغىنىمنى ئۇنتۇپ قالماڭلار، — شەمسى پەخىرلەنگەندەك بولدى، — ئاتىسىنى كۆرۈش ئىجازىتى ئۇچۇنمۇ يىغلىغان بارمۇ؟ ئۇ ھەمممىزنىڭ ئاتىسى تۇرسا ... بولۇپمۇ قېرىنداشلىق، قانداشلىق مېھرى دۇنيادا ئەڭ ئۇلۇغ روھىي قۇدرەت ۋە چوڭقۇر مۇھەببەتتۇر! ئاتا ھەرقانچە چوڭ گۇناھكار بولغاندىمۇ يەنىلا ئاتىلىق ئۇلۇغلۇقى يوقالمايدۇ. چۇنكى ئۇ سىلەرنى يىراقتىن ئاپىرىدە قىلغان بىر كارامەت ئىگىسىدۇر!

شەمسىنىڭ سۆزلىرىدىن ئۆزىنى تۇتۇپ ئالالمىغان ئاچا ـ سىڭىللار قىياندەك تۆكۈلگەن كۆز ياشلىرىنى سەزمەي قېلىشتى.

— ئەمما، — گۇلسۇمەن شەمسىنىڭ ئالدىدا تىزلاندى، — سەمەندەر يايلىقى ئىككى كۇنلۇك سەپەر تۇرسا، سىلەرنى ساقلىتىپ قويارمىزمۇ؟

— ئۇنداق بولمايدۇ، سەل ئايلىنىپ قالساقمۇ شۇ تەرەپ بىلەن ماڭىمىز.

... ئوردا ئالدىغا ئىككى قاتار ئات ـ تۆگىلەر كارۋىنى تىزىلغانىدى. شاھ پاكزات، خانىش ئەسمە، ۋەزىرى ئەزەم ئابدۇل مۇلۇك ۋە باشقا ئوردا ئەركانلىرى توپلاشقان بولۇپ، مېھمانلارنى ئۇزىتىش ئۇچۇن كەلگەن يەمەن ئاھالىلىرىمۇ پاكىزە كىيىملىرىنى كىيگەن ھالدا ئىككى قاتار تىزىلىپ تۇراتتى.

پاكىزات شاھىنشاھ شەمس شاھزادە ئەكبەر ئەلىلەر بىلەن قوچاقلىشىپ خوشلاشقاندىن كېيىن، ئەسمە خانىش، سومەننىسا، گۇلسومەن قاتارلىق خانىشلار ۋە ئايتونرانلارنىڭ يۈزلىرىگە يۈزلىرىنى يېقىپ، سۆيۈشۈپ ئايرىلىشتى. كۆزلىرى ياش يۇقى ئابدۇل مولۇك ھەممىنى بىر ـ بىردىن قۇچاقلاپ «ئاق يول بولۇڭلار» دەپ تىلەك تىلىدى. ئاۋۇت مەرگەنمۇ مېھمانلار بىلەن ئۆز يولىدا خەيرلەشتى.

بىردىنلا كۆتۈرۈلگەن يىغا ـ زار، ۋارقىراپ خوشلىشىشلار ئىچىدە ئىككى قاتار كارۋان يولغا چىقتى. كارۋانبېشى شاھىنشاھنىڭ ئەمرى بىلەن ئات ـ تۆگىلەرنى جېدەللەپ ھەيدەپ ئەتىسى سەھەردىلا سەمەندەر يايلىقىنىڭ قارىسىنى ئالدى. يول پەس تۈزلەڭلىكتىكى ئېدىرلىقتا بولۇپ، ياپيېشىل يايلاق بارغانسېرى ئېگىزلەپ باراتتى. يىراقتىن يانباغىردىكى كەپە ھەم ئىككى ئادەمنىڭ قارىسى كۆرۈنۈپ تۇراتتى. سومەننىسا بىلەن گۇلسومەن ئاتلىرىدىن چۈشتى. ئۇلار شاھىنشاھقا ئۈمىد بىلەن قارىغاندى، ئۇ:

ــــ مەن بارماي، مېنىڭ باغرىم يۇمشاق ئادەم، ئاتىمىزنىڭ بىچارە ھالىتىنى كۆرۈپ، ئاغزىمدىن پەرمان چىقىپ كەتسە، شاھلىق قانۇننى، يەتتە ئىقلىم شاھلىرىنىڭ قارارىنى بۇزغان بولىمەن، ھەم ئۇلارغا يۈز كېلەلمەيمەن ... مەن پەرمانىمنىڭ مۇقەددەس ئىكەنلىكىنى ساقلىشىم كېرەك ... ، ــــ دەپ گەپنى ئۈزۈۋەتتى. شەمسنىڭ سۆزلىرىنىڭ ئۇرانىغا يەتكەندە سومەننىسا بىلەن گۇلسومەن يايلاق ئېگىزلىكىگە قاراپ يۈگرەپ كېتىپ قالدى.

ئۆلار كەپىگە يېقىنلىشىپ قالغاندا، ئوتتۇرا ياشلىق بىر ئادەمنىڭ مۇڭ بىلەن نەي چېلىۋاتقانلىقىنى، ياشانغان ئادەمنىڭ ناخشا ئېيتىۋاتقانلىقىنى ئاڭلاپ بىر پەس توختىدى ـ دە، قۇلاق سالدى. بوغۇق ۋە خىرقىراق ئاۋازدا ناخشا ئېيتىۋاتقىنى زۇھرۇللا زاماندەك قىلاتتى:

... قىسمەتكە تولغان بۇ دۇنيانىڭ مەنزىلى،
ھۇرۇن، گاداھ شاھ بولار، شاھلار دىۋانە.
ئالىمشىدۇ بىر كۈنى شاھى تونلارغا،
جەندە ـ كۆلا كىيەرسەن ئۆزۈڭ سەرسانە ...

— دادا! ...

بوراندەك ياش تۆكۈپ ئىككى قىز يۈگۈرۈپ كەلمەكتە ئىدى. مالچى بەگزاد بىلەن زۇھرۇللا زامان ئولتۇرغان پالازدىن تۇرۇپ كەتتى. بارىسمۇ كونا ئىگىسىنى تونۇغاندەك ئۆلارنىڭ ئالدىغا يۈگۈردى. ئۇ گۈلسۈمەننىڭ ھىدلىرىنى پۇراپ، پۇتلىرىنى يالاپ، سۇۋۇنۇپ ئەركىلىمەكتە ئىدى. ئاتا ـ بالىلارنى يالغۇز قالدۇرۇشنى ئويلىغان بەگزاد ئېتىنى ئەگەشتۇرۇپ، پەسلەپ چۈشۈپ كەتتى. ئاڭغىچە قىزلارمۇ ھاسىراپ يېتىپ كېلىشتى.

— دادا! ... ، — ئىككى قىز تەڭلا دادىسىغا تاشلاندى ... زۇھرۇللا زاماننىڭ چارلىشىپ ئاقارغان ساقاللىرىدىن ياشلار ۋە جان جىگەر قىزلىرىنىڭ ياشلىرى تۆكۈلمەكتە ئىدى. تۇۋا، خۇدۇكسىنىپ تۇرغان ئاتا قانچە تىرىشىپ باققان بولسىمۇ، بەڭباش ياشلار توختىمايدا! بۇ ئاچچىق زەردابلارنى كۆرگەن

ئاجىزەلەرنىڭ يۈرىكى ئەلەمزىدە بولمامدۇ؟ ئەي خۇدا! قىزلارنىڭ مېھرى، ئوتىنى ئاتىغا نېمانچە سالغانسەن؟ ئۇلارنى ناتىۋان كۆرۈپمۇ؟ راست ... راست، ئۇلار ئاجىز ... شۇڭا ئاتىنىڭ باغرىنى باغ، يۈرىكىنى تاغ دەپ بىلىدۇ! ...

ئەي چەرخىي پەلەك! مۇشۇنداق ئۇلۇغ، ئاتەشتەك ھارارەتلىك ھېس ـ تۇيغۇلار، مېھىر ـ شەپقەتلەر ... مۇھەببەتلىك كۆز ياشلار بۇرۇن زۇھرۇللا زاماندا بولۇپ باققانمىدى؟ ... زىنھار، زىنھار! ... نېمىشقا ئەمدى؟ ... چۈنكى ئۇ شاھتە! ... ئۆلىمالار: «ھۆكۈمدار بولۇش ئۈچۈن، ئادەملىكنى ئۇنۇت!» دەپ بىكار ئېيتماپتىكەن! ھازىر زۇھرۇللا زامان شاھ ئەمەس، ئادەتتىكى ئادەم، ئەرزىمەس پادىچى ... ئەنە شۇنداق ئۇلۇغ ھېسسىيات، بۈيۈك تۇيغۇلار دەردمەنلەردە، جاپاكەشلەردە، بېشىدىن ئالەمچە ئىسسىق ـ سوغۇق ئۆتكەنلەردە، ئاددىي ئاۋامدا بولىدۇ!! ...

— قىزلىرىم، ئورنۇڭلاردىن تۇرۇڭلار، — زۇھرۇللا زامانىنىڭ ئاۋازى غاراڭ ـ غۇرۇڭ ئىدى، — كىيىملىرىڭلار كونا پالازدا بۇلغىنىپ كېتىدۇ. تىزلىرىڭلار قانايدۇ ...

— جېنىم دادا!، — ئىككى قىز دادىسىنىڭ بەللىرىدىن چىڭ قۇچاقلاپ قويۇپ بەرمىدى، — سىز شۇنداق ئادەممىتىڭىز؟ بۇ ... بۇ ... كىيىملىرىڭىز ...، — ئىككى قىز زۇھرۇللا زامانىنىڭ گۈلخان ئوتلىرىدا كۆيۈپ توخۇ كۆزىدەك ئۆتمە ـ تۆشۈك بولۇپ كەتكەن كونا چەكمەن چاپىنىغا، يىرتىلىپ پايتىملىرى كۆرۈنۈپ قالغان پۈرۈم چورۇقىغا، بىلىدىكى چۇچىلىرى قالمىغان پوتىسىغا، ئۆسۈپ كەتكەن ئاپپاق ساقاللىرىغا، يايلاقنىڭ

شامالللىرىدا، قاقرام ئاپتاپلىرىدا قارايغان چىرايىغا، بېشىدىكى تۇكلىرى چۇشۇپ، ياغاقلىشىپ قالغان تۇمىقىغا قاراپ، باشقىدىنلا ھۆ تارتىپ يىغلىۋەتتى.

— جېنىم دادا، سىزگە نېمە بولدى؟ — زار - زار يىغلايتتى سۇمەننىسا، — سىزنى كۆرۈپ ئىچىم سىيرىلىپ كەتتىغۇ، جېنىم دادا ...

— دادا، — گۇلسۇمەن دادىسىنىڭ يۈزىگە قارىيالمىدى، — نېمانچىلا ئۆزىڭىزنى تاشلىۋەتكەنسىز؟

— قىزلىرىم، ماڭا ھېچنېمە بولمىدى. مانا بىر ئوبدان تۇرۇپتىمەنغۇ، — زۇھرۇللا زامان ئەتەي كۈلدى، — مەن ھازىر ئادەم ... ئادەم بولغاندىمۇ ھەقىقىي، بېجىرىم ئادەم ... كۈلەلەيمەن ... ئويلىيالايمەن ... دەرد - ھەسرەتلىرىمنى، ئۆتكۈزگەن گۇناھلىرىمنى ھېس قىلالايمەن ... بۇ كونا چاپاننىڭ ئىچىدە ئادىمىيلىك بىر يۈرەكنىڭ بارلىقىنى ئۇنتۇپ قالماڭلار؟

— دادا، مەن سىزنى، — سۇمەننىسانىڭ يېشى توختايدىغاندەك ئەمەس ئىدى، — باغدادقا ئېلىپ كېتەي ... بولمىسا ... بولمىسا خانىشلىقتىن كېچىمەن. سىز بىلەن پادىچى بولاي.

— دادا، — گۇلسۇمەن دادىسىغا ئەيمىنىپكىرەك قارىدى، — مەن بىلەن خەلەپكە كېتىڭ، ئەكبەر ئەلى سىزنىڭ ئوغلىڭىز ئەمەسمۇ؟!

— قىزلىرىم، مەن ھېچ يەرگە كەتمەيمەن ... تۇپراقلىرىم، كىندىك قېنىم تۆكۈلگەن مۇشۇ كەڭ يايلاقلارغا قوشۇلۇپ

كېتىدۇ. قاراڭلار! ــ زۇھرۇللا زامان ئۆزىگە - ئۆزى دەۋاتقاندەك يىراق تامانلارغا باقىنچە ئاستا سۆزلەشكە باشلىدى، ــ چەكسىز يايلاق، كۆپكۆك ئاسمان، قەدىناس قۇياش، گۈل - گىياھلار ياشارغان. بۇغا - مارال، قوي - قوزىلار ئوتلىغان، كاككۇكنىڭ مۇڭلۇق نالىسى، كۆكتە پەرۋاز قىلغان شۇڭقار، ئەدىناسى ئوتلاقلار ئارا ئۆمىلەپ يۈرگەن قۇرت - قوڭغۇزلارغىچە كۆڭۈلگە شۇنچە يېقىن، شۇنچە تونۇش بولۇپ قالدى. ئاھ! دەيسەن، ئىچىڭدىن ئۆرتىنىپ چىققان پىغانلىقىدا، ئىنساننىڭ ھايات مەنزىللىرىنى، قانداش - قاياشلىرىڭنى، دوست - يارەنلىرىڭنى كۆز ئالدىڭدا ئايان قىلىدۇ ... ماتانەتلىك بۇ دۇنيادىن، قۇياشلىق ئاسماندىن ... يېشىل ھاياتتىن كۆز قىيالمايسەن ... كېلىدىكەن، كېتىدىكەن، كەتكەنلەرنىڭ ھېچ خەۋىرى بولمايدىكەن ... ئەمما بۇ ئالەم شۇ پېتى قېلىۋېرىدىكەن! ...

ــ دادا، دادا! ... نېمىلەرنى دەپ كەتتىڭىز، ــ ئىككى قىز تەڭلا دادىسىغا يېپىشتى، ــ بىزنى قورقۇتماڭ.

ــ قىزلىرىم، بۇ يەردىكى كۈنلىرىمنىڭ بۇنچىۋالا كۆڭۈللۈك، خاتىرجەم بولۇشىنى بىلگەن بولسام بۇرۇنراق پادىچى بولۇپ كېتەركەنمەن، ــ دېدى زۇھرۇللا زامان ئېغىر ئۇھسىنىپ، ــ پىتنە - پاسات، ئورا كولاش، كۆرەلمەسلىك، قەستلەش، غەيۋەت - شىكايەت، سۇيىقەست، ھىيلە - مىكىرلەر، قۇرۇق ماختاش، ئادەمنى بىزار قىلىدىغان دەبدەبىلىك ياسالما مەدھىيەلەر، خۇشامەت، چېقىمچىلىقلار بۇ يەردە يوق ... پەقەت چېكەتكىلەرنىڭ چىرىلداشلىرى، تورغايلارنىڭ سايراشلىرى،

قوزىلارنىڭ مەرەشلىرى، بوتىلاقلارنىڭ بوزلاشلىرى ئادەمنى ئەللەيلەپ، غۇبارسىز باللىق چاغلارغا ئېلىپ كېتىدۇ. قايتىڭلار باللىرىم، — زۇھرۇللا زامان پەس جىلغىغا قارىدى، — قاراڭلار، ئۇلار قوللىرىنى پۇلاڭلىتىپ سىلەرنى چاقىرىۋاتىدۇ.

قىزلار كۆزى قىيمىغان ھالدا ئورۇنلىرىدىن تۇرۇشتى ھەم دادىسىنى قۇچاقلاپ، ئاتىلىق ھىدلىرىنى قايتا پۇرىۋالغاندىن كېيىن، چىغىر يولغا چۈشتى. شۇنداقتىمۇ ئارقىغا قاراپ - قاراپ كېتىۋېتىپ، يىغلىغانچە: «دادا، سەۋر قىلىڭ، بىز سىزنى ئېلىپ كېتىمىز» دەپ ۋارقىراشتى.

— تېز مېڭىڭلار قىزلىرىم، كارۋان يولدىن قالمىسۇن، — قولىنى پۇلاڭلاتتى زۇھرۇللا زامان، — تەڭرى يەنە دىدارلىشىشنى نېسىپ قىلسۇن!

ئادىمىلىك خىسلىتىگە يانغان زۇھرۇللا زامان يانباغىر دۆڭلۈكتىن پەس ئېدىرلىقتىكى يولغا قاراپ تۇراتتى. ئۇلار بىردەم قۇچاقلىشىپ نېمىلەرنىدۇر دېيىشكەندىن كېيىن، ئات - تۆگىلەرگە مىنىشتى. بىر توپ كارۋان سول تەرەپتىكى ئاچا يولغا قايرىلدى. يەنە بىر توپ ئات - تۆگىلەر ئۇدۇلدىكى يولغا راۋان بولدى.

— گۈلسۈمەن خەلەپكە، سۈمەننىسا باغدادقا ماڭدى، — دەپ پىچىرلىدى ئاتا، — قىزلىرىم ... قىزلىرىم ... يۈرىكىمنى ئېلىپ كەتتىڭلار ... سىلەرنىڭ شېرىن - سۈخەن سۆزلىرىڭلارنى ئاڭلاشقا، ئوماق چېھرىڭلارنى كۆرۈشكە نېسىپ بولامدۇ - بولمامدۇ، بىلمەيمەن ... قېرىغىنىمدا باللىرىدىن بولۇپمۇ كۆيۈمچان قىزلىرىدىن ئايرىلىپ قېلىشتەك

بەختسىزلىك مېنى تىرىك ئۆلتۈردى! ...

دىمىقى زىڭڭىدە ئېچىشىپ، ئۆپكىسى ئۆرۈلگەن زۇھرۇللا زامان پەستىكى يوللارغا يېنىشلاپ قارىغىنىدا، ئىككى يولدا كېتىۋاتقان كارۋانلار تولىمۇ غۇۋا كۆرۈندى. چۈنكى ئۇنىڭ كۆزلىرىنى سۇۋارى ياش قاپلىۋالغانىدى ...

# خاتىمە

... گۈلەن دەريا بويىدىكى ئېرەنلىك ئورمانلىقى، ھەمراھ بوۋاينىڭ ھېكايىسى ئاياغلىشىشى بىلەن بىرقانچە دەقىقىلەر جىمجىت سۈكۈتكە چۆمدى - دە، بىردىنلا قاراسلاپ ئۆرۈلگان چاۋاكلار بىلەن چۇقان - سۈرەنلەر كۆتۈرۈلدى. خۇددى ئۇۋىسى چۇۋۇلغان ھەسەل ھەرىلىرىدەك يۈگۈرۈشۈپ كېلىشكەن قىزلار ھەمراھ بوۋاينى ئوتتۇرىغا ئېلىۋالدى. بەزىلەر ئۇنىڭ بوينىغا گۈلچەمبىرەك كىيگۈزسە، بەزىلەر مەيدىلىرىگە گۈل تاقايتتى. يۇلتۇزئاي، چولپانئاي، قۇندۇزئايلار ئۆزلىرى تەييارلىغان قولياغلىقلىرىنى سوۋغا قىلىشتى. قىزلار ئوتتۇرا مەكتىپىدىن ھەمراھ بوۋايغا تەييارلىغان تون ۋە دوپپا كىيگۈزۈلگەن مەيداندا قايتىدىنلا چاۋاكلار ياڭرىدى.

بوۋاي ئۈچۈن تەييارلىغان كەچلىك زىياپەت تېخىمۇ كۆڭۈللۈك بولدى. ھېكايىلەردىن چوڭقۇر تەسىراتقا ئىگە بولغان قىزلار ھەرخىل سوئاللارنى ياغدۇرۇۋەتتى. يۇلتۇزئاي ئەسىمە توغرۇلۇق تەسىراتلىرىنى سۆزلەپ ھەممىنى ھاياجانغا سالدى. چولپانئاي نۇرغۇن ئازاب - ئوقۇبەتلەرنى بېشىدىن كەچۈرگەن گۈلسۈمەن ھەققىدە نەسر ئوقۇپ، قىزغىن ئالقىشلارغا ئېرىشتى. قۇندۇزئايمۇ ئاتىسىنىڭ كېسىلى ئۈچۈن ئەرەپ ئېلىگە زەمزەم ئۈچۈن بارغان گۈلسۈم قىزنى مەدھىيىلەپ شېئىر ئوقۇدى. باشقا قىزلارمۇ بىر - بىرلەپ مەيدانغا چىقىپ شەمس، پاكزات،

گۈلسۈمەن، سۈمەننسا، ئەسمەلەر ھەققىدە تەسىراتلىرنى سۆزلەپ، قۇتبىدىن قۇتيار، كىردەنشا نامىچى، خەلىپە بۇزرۇكلەرگە نەپرەت ياغدۇرۇشتى. ھەمراھ بوۋايمۇ قىزلارنى ئەسمەدەك دانىشمەن، ئەقىللىق بولۇش، گۈلسۈمەندەك جاپا ـ مۇشەققەت، ئازاب ـ ئوقۇبەت، قىيىنچىلىقلار ئىچىدىمۇ يول تېپىپ ماڭالايدىغان قەھرىمان، جەسۇر، تۇرگۈن، شىجائەتلىك خىسلەتنى يېتىلدۈرۈش، ئايتۇراندەك ئاتا ـ ئانىغا مېھرىبان، كۆيۈمچان قىزلاردىن بولۇش ھەققىدە بىرنەچچە كەلىمە نەسىھەت ۋە تەربىيە بەردى.

كەچ بولۇپ گۈگۈم چۈشۈپ قالغانىدى. بىر كۈن ھېكايە سۆزلىگەن ھەمراھ بوۋاي يۇلتۇزئاي، چولپانئاي، قۇندۇزئايلارنى ئېلىپ كەلگەن ئاتلارنىڭ بىرسىگە مىندى ـ دە، بىرسىنى چۇلۋۇرىدىن يېتىلەپ يولغا چىقتى. ئوقۇغۇچى قىزلار ۋە ئۇستازلار ئۇنى دەريا بويىغىچە ئۇزىتىپ كەلدى. يۇلتۇزئاي، چولپانئاي، قۇندۇزئايلار بوۋاينىڭ ئارقىسىدىن قوللىرىنى كۆتۈرۈپ ۋارقىرىدى:

— بوۋا، بىز سىلىنى چوقۇم يوقلاپ بارىمىز!

بوۋاي دەريانىڭ تۆۋەن ئېقىمى تەرىپىگە يۈرۈپ كەتتى.

«تۇگىدى»

2010 ـ يىلى 6 ـ ئاينىڭ 28 ـ كۈنى

مۇقاۋىسىنى لايىھەلىگۈچى:




ISBN 978-7-5466-0951-5

9 787546 609515 >

定价:40.00 元